

مۇھەممەد قۇتۇب

# ئىسلامىي ئۆيغىنىش ھەرىكىتى

قۇتادغۇبىلىك كىتابخانىسى

مۇھەممەد قۇتۇب
ئىسلامىي ئۆيغىنىش ھەرىكىتى
قۇتادغۇبىلىك كىتابخانىسى

www.uyghurkitap.com



# الصحوة الإسلامية

# مۇندەرىجە

1. ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى ........................... (1)
2. كىرىش سۆز .................................. (1)
3. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ...................... (1)
4. كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسى ......... (128)
5. ھەرىكەت ئۇسۇلى ............................... (157)
6. رەھبەرنىڭ يوليورۇقىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش
..................................................... (237)
7. لاياقەتلىك رەھبەرلىك ......................... (243)
8. جاھىلىيەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇشقا بولامدۇ؟ .....(248)
9. بىز «جاھىلىيەت جەمىيىتى»دە قانداق ۋەزىپىلەرنى
ئۆتەيمىز؟ ........................................ (254)
10. بىز ئىسلامنىڭ ئىلغارلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەپ،
كىشىلەرنى ئىسلامغا قىزىقتۇرامدۇق؟ .................. (261)
11. تەرەپبازلىق ...................................... (280)
12. كەلگۈسىگە نەزەر.................................. (291)
13. ئىزاھاتلار ...................................... (338)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى

## 1 . مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ دەسلەپكى ھاياتى

مۇھەممەد قۇتۇب 1919-يىلى ئاپرىلدا ھاج قۇتۇب ئىبراھىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى . ئۇلار بەش قېرىنداش بولۇپ ، ئەڭ چوڭى نەفىسە قۇتۇب (1903-يىل ) ئۇنىڭ كىچىكى سەيىد قۇتۇپ ئۇنىڭ كىچىكى ئەمىنە قۇتۇب ئۇنىڭ كىچىكى مۇھەممەد قۇتۇب ، ئۇنىڭ كىچىكى ھەمىدە قۇتۇب ئىدى .*

مۇھەممەد قۇتۇب تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەدەبىيات پاكولتېتىغا كىرىپ ، ئەرەپ تىلى ۋە ئەرەپ ئەدەبىياتى ئۆگىنىشكە قىزىققان بولسىمۇ ، بىراق ئاكىسى سەيىد قۇتۇبنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىنگىلىز تىلى پاكولتېتىغا كىردى . ھەمدە قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ ، مائارىپ ۋە پىسخولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى ئېلىش بىلەن بىرگە «باكلاۋېرلىق» ئۇنۋانىغا ئېرىشتى . مۇھەممەد قۇتۇب مائارىپ مىنىستىرلىكىدە ۋەزىپە ئۆتىدى .

## 2 . مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ تۇرمىدىكى ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى .

مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ بېشىغا ئېغىر جاپا ۋە سىناقلار كەلدى .

---

* «20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت»تە ئۈچ قىز قېرىنداشنىڭ ئىسمى خاتا ھالدا ئامىنە ، پاتىمە ۋە ئائىشە دەپ يېزىلغان . ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقىت بولىشىنى سورايمىز .

ئۇ ئىككى قېتىم «تاغۇت»لار * تەرىپىدىن تۇرمىگە قامالدى .

بىرىنچى قېتىم : ئۇ 1954-يىلى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» نىڭ مىڭلىغان ئەزالىرى قاتارىدا قاماققا ئېلىندى . بىراق ئۇنىڭغا ھۆكۈم كېسىلمەي بىر نەچچە يىل قامالغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى .

ئىككىنچى قېتىم : ئۇ 1965- يىلى قاماققا ئېلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئازاپ-ئوقۇبەت ۋە جاپا-مۇشەققەتلىرى ئالدىنقى قېتىمقىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولدى . چۈنكى ئۇ ئاشۇ ھادىسىدە قاماققا ئېلىنغان تۇنجى ئادەم بولۇپ ، ئۇنىڭ قامالغان ۋاقتى 1965-يىلى 8-ئاينىڭ 2-كۈنى ئىدى . سەيىد قۇتۇب ئىنىسى مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ تۇرمىگە قامالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قەيەردىلىگىنى ئائىلىسىگە ئۇقتۇرمىغانلىقىغا قارىتا نارازىلىق «خېتى» سۇنۇپ ، مىسىر باش تەپتىشنىڭ -خۇسۇسەن ساقچى باشلىقى ئەھمەد راسخىنىڭ تەكشۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى . ھەمدە ئۇلارغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى : «ئەنگلىيە ساقچىلىرى ئىنگلىز مۇتەپەككۇرى «بىرتىراند رۇسىل»نى قاماققا ئالغان چاغدا ئۇنىڭ قەيەردىلىگىنى ئائىلىسىگە خەۋەر قىلغان . «رۇسىل»مۇتەپەككۇر بولسا ، «مۇھەممەد»مۇ مۇتەپەككۇر ، ئۇنداقتا نىمىشقا ئۇنى ئائىلىسىگە خەۋەر قىلمايسىلەر ؟» . . . يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇلار سەيىد قۇتۇبنىڭ خېتىگە قارىتا ، ئۇنى قاماققا ئالغانلىقى توغرىلىق جاۋاب بەردى .

مۇھەممەد قۇتۇب تۇرمىدە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئازاپلارنى بېشىدىن كەچۈردى . . . ھەتتا مۇھەممەد سوراق جەريانىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ دىگەن خەۋەرلەر كەڭ تارقىلىپ كەتتى . كىشىلەر ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ ، مۇھەممەدنىڭ تۇرمىدە تىرىك ئىكەنلىكىنى

* «تاغۇت»لار اللەنىڭ شەرئىتىگە قارشى تۇرغۇچىلار .

بىلگەندىن كېيىن ئۇنى «تىرىك شەھىد» دەپ ئاتىدى.

گەرچە مۇھەممەد قۇتۇپ سوتلانمىغان ۋە قاماقتا ئېلىش توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەتتە يىل ئەتراپىدا تۈرمىدە يېتىپ، 70- يىللارنىڭ بېشىدا تۈرمىدىن چىقتى.

## 3. مۇھەممەد قۇتۇپ سەئۇدى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى.

مۇھەممەد قۇتۇپ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، مەككە-مۇكەررىمگە جايلاشقان پادىشاھ ئابدۇل ئەزىز ئۇنىۋېرسىتېتى - ھازىرقى «ئۇممۇل قورا» ئۇنىۋېرسىتېتى - بىلەن شۇ جايدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ بېرىش توغرۇلۇق توختام ئىمزالىدى. مۇھەممەد قۇتۇپ 1972-يىلدىن بۇيان تا ھازىرغىچە ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مۇھەممەد قۇتۇپ تۈرمىدىن چىقىپ توي قىلدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشى ئەللىكتىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بىر قانچە بالىسى بولۇپ، ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى «ئۇسامە»

## 4. مۇھەممەد قۇتۇپ ئاكىسى سەيد قۇتۇبنىڭ «ئوقۇغۇچىسى».

سەئىد قۇتۇبنىڭ ئەدەبىيات پەنلىرى ساھەسىدىكى ئۇستازى «ئابباس مەھمۇد ئۇقاد» بولۇپ، مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئۇستازى ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە تالانتلىق يازغۇچى «ئىبراھىم ئابدۇلقادىرمازىنى» ئىدى. چۈنكى مۇھەممەد قۇتۇپ «ئىبراھىم» نى ھازىرقى زامان ئەدىپلىرى ئىچىدىكى ئەڭ تالانتلىق كىشى دەپ

قارايتتى .

شۇنداقتىمۇ مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ھەقىقى ئۇستازى يەنىلا ئۇنىڭ ئاكىسى سەيىد قۇتۇب ئىدى . چۈنكى ئاكىسىنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتاتتى .

مۇھەممەد قۇتۇب تۇنجى ئەسىرى- «كىچىك پىلىيەتۇنلار» ناملىق كىتاۋىنى ئاكىسىغا تەقدىم قىلدى . ئۇ كىتاۋىنىڭ كىرىش سۆزىدە ئاكىسىغا ئاتاپ يازغان بېغىشلىمىسىدا مۇنداق دەيدۇ : «ماڭا ئۇقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەتكەن ، ئۆسمۇرلۈك چاغلىرىمدىن باشلاپ ماڭا چوڭقۇر مېھرى بىلەن كۆڭۈل بۆلگەن ؛ ماڭا دادا ، قېرىنداش ھەم دوست بولغان ئاكامنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن بۇ كىتابنى ئاكامغا تەقدىم قىلىمەن»

## 5 . مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئىلمى نەتىجىلىرى

مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئەدەبىي نەتىجىلىرى خىلــــى بۇرۇنلا جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن . ئۇ ئەدەبىياتقا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ ماقالە يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرى «رىسالە»ۋە «مەدەنىيەت»قاتارلىق داڭلىــــق ئەدەبىي ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان .

شۇنداقلا ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا شېئىرىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن قەسىدىلىرى «رىسالە» ۋە «مەدەنىيەت» تە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قول ئۈزگەن .

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد قۇتۇب ئىسلامى ئىدىيە تەرەپكە يۈزلەنگەن بولۇپ ، ئىسلامى كىتاپلارنى يېزىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى . ھەمدە ئۇ نىشانى ئېنىق ، سالمىقى زور ئىـــسلام

كىتابلىرىدىن نەچچە ئون پارچە كىتاب يازدى .

**تۆۋەندىكىلىرى ئۇنىڭ بىر قىسىم كىتاپلىرىنىڭ تىزىملىكى :**

1 . ماتىرىيالىزىمچىلار بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان

بۇ ئاپتورنىڭ ئىسلام ھەققىدە يازغان تۇنجى كىتابى بولۇپ ، 1951-يىلى نەشىر قىلىنغان ، ئاپتور بۇ كىتابنى شۇنىڭدىن كېيىن يازغان باشقا كىتاپلىرىنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ .

2 . خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ئىسلام .

3 . رۇھىيەت ۋە جەمىيەت .

4 . پەيغەمبەردىن چاقنىغان نۇرلار .

5 . ئەنئەنە كۆرشى .

6 . ئىسلامنىڭ تەربىيە يولى (1-قىسىم) .

7 . ئىسلام سەنئىتىنىڭ پىرىنسىپلىرى .

8 . ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى تەرەققىيات ۋە تۇرغۇنلۇق .

9 . ئىنسانىيەت روھىيىتى ھەققىدە تەتقىقاتلار .

10 . 20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت .

11 . بىز مۇسۇلمانمۇ ؟

مۇھەممەد قۇتۇب تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتا تۈرۈش جەريانىدا يەنە بىر قانچە پارچە كىتابلارنى يازدى . بۇ كىتاپلار ئاپتورنىڭ قەلىمى تازا پىشقان مەزگىللەردە يېزىلدى .

1 . قۇرئان ھەققىدە تەتقىقاتلار .

2 . ئىسلامنىڭ تەربىيە يولى (2-قىسىم)

3 . بىزنىڭ ھازىرقى رىئاللىقىمىز («ئىسلام ئويغىنىش



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەركىتى »نىڭ ئالدىنقى قىسمى )
4 . تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر .
5 . ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار .
يۇقارقىلاردىن باشقا ئاپتور يەنە «شەرقشۇناسلار ۋە ئىسلام» «ئىسلام تارىخىنى قانداق يازىمىز» دىگەن ئىككى پارچە كىتاۋىنى نەشرگە تاپشۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى .
ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ھازىر ئىسلام دەۋەتچىلىرى ۋە پائالىيەتچان مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى (بېشى) ھېساپلىنىدۇ . ئۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپلىگەن ئىسلام قۇرۇلتايلىرىغا قاتنىشىپ ، كۆپلىگەن ئىسلام تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەقدىم قىلدى ، ھەمدە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئىسلام لىكسىيىلىرىنى سۆزلىدى .

## 6 . سەيىد قۇتۇبنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد قۇتۇبقا بەرگەن باھاسى :

سەيىد قۇتۇب ئىنىسىنى ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىز باسارى دەپ ھېساپلىغاچقا ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە نەزىرى بىلەن قارايتتى . ئۇ «نامەلۇم ساھىل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان چاغدا ، ئۇنى ئىنىسى مۇھەممەد قۇتۇبقا تەقدىم قىلدى . ئۇ ئىنىسىغا ئاتاپ يازغان بېغىشلىمىسىدا مۇنداق دەيدۇ :

«ئىنىم سەن سۆز كەبى ھەرىپلەر ئارا ،
ھىسلاردىن چاقنايدۇ سىرلىق مۇئەمما .

مۇزىكا تىمسالدۇر ئاۋازى ئۇنىڭ ،
چاڭقاق دىل قانىدۇ مۇڭلۇق كويى بار .

شۇ ئۇلۇغ ئارزۇ ھەم ئارمانلىرىمنىڭ ،
سۈرىتى سەن ئىدىڭ قەلبىم قېتىدا .

سەپىرىم بەك ئۇزاق داۋانلىرى كۆپ ،
غېمىم يوق چۈنكى سەن غايەم يېنىمدا .

ھاياتىم قىسقا دەپ ئۈزمىدىم ئۈمىد ،
چۈنكى سەن كېلىسەن مىڭىپ ئىزىمدا .

ئوغلۇم سەن دوستۇم سەن ئۈزۈلمەس رىشتە ،
ياشىسام قەلبىڭدە مېھرىڭ بېتىدا . . . »

دىمەك ، سەيىد قۇتۇبنىڭ ئارزۇسى مۇھەممەد قۇتۇب ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى . اللە ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلدى . ئاكىسىغا ئىز-باسار بولۇپ ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىش-ئىزلىرىنى داۋاملاشتۇردى . ئىدىيە ۋە پىكىردە ئاكىسىغا ۋارىسلىق قىلدى .

ئاپتورنىڭ ئەمگىكى ئۈچۈن ، اللەدىن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىشىنى سورايمىز . ئامىن !

- تەرجىماندىن .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# كىرىش سۆز

ئىسلام دۇنياسىغا پارلاق نۇر چاچقان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئەڭ زور ئىنسانى ھادىسە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. . . پاك ئىسلام بۇلىقىنى مەنبە قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى قۇرئان، ھەدىس ۋە «سەلەف ئۈممىتى»* نىڭ تۇتۇپ ماڭغان «يول»لىرىنى ئالاھىدە پراگراما ۋە يۈكسەك نىشان قىلدى. . . بۇ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى يەرشارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، مۆئمىنلەر توپىغا قوشۇلۇۋاتقان پىداكار ئوغۇل-قىز ياشلار جانلاندۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار اللەنىڭ كىتابىغا قايتىش ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشقا چاقىرىۋاتىدۇ. ئۇلار جانلىرىنى، ماللىرىنى، پۈتكۈل ۋاقتىنى، ياشلىق باھارىنى ۋە بارلىق ھاياتىنى اللەنىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىغا تەقدىم قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار اللەنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ھالدا ئازاپ-ئوقۇبەت، سۈرگۈنلۈك ۋە ھەرخىل جازالارغا بەرداشلىق بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار شەھىدلەر، ئەسىرلەر ۋە ئازاپلىنىۋاتقانلارنىڭ غەلىبە يولىدىكى «بەلگە»لەر ئىكەنلىكىگە كەسكىن ئىشىنىدۇ. ئۇلار يەنە شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، «يول» شوخا-تىكەنلەر بىلەن تولغان، ھەرگىزمۇ قىزىل گۈللەر بىلەن پۈركەنلگەن ئەمەس!

ئىسلام ئىدىيىسى ھىدايەت، نۇر ۋە توغرا تەسەۋۋۇر بۇلاقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان تۇنجى يېڭى ئىدىيىۋى يۈزلىنىش بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان ياۋرۇپا مەدەنىيىتى ئۇنىڭدىن قېنىپ ئىچىۋاتقان ۋە ئاخىرقى ھېساپتا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئىدىيىسىگە

* ھىجىرىيە بىرىنچى ئەسىردىن ئۈچىنچى ئەسىرگىچە ياشىغان مۇسۇلمانلار-ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە 2- ئەۋلات تابىئىنلار-نى كۆرسىتىدۇ.

ھۆكۇمرانلىق قىلىشنى جاكالىغان ( غەرپىنىڭ) ئىدىيە ۋە تەسەۋۋۇر بۇلاقلىرىدىن كەسكىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. نۆۋەتتە بىر قىسىم زاۋال تاپقان مەدەنىيەت ئىگىلىرى (غەرىپ ئالدىدا) ئۆزىنىڭ ئىنتائەتمەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. بەلكى ئاشۇ يېڭى مەدەنىيەت ھامىلىرى بىلەن قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورنۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىدىيە بۇلاقلىرىغان ئۆزىنى ئاتماقتا! . . . . ئەپسۇسكى ئاشۇ مەدەنىيەت ئىگىلىرى ئىچىدىن «يېڭى گۈللىنىش» نىقاۋى ئاستىدىكى ( ئاتالمىش) ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ.

ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى، ئەبۇل ھەسەن نەدىۋى، سەيىدقۇتۇپ، مۇھەممەد قۇتۇپ ۋەئۇلاردىن باشقا ئۇلۇغ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ ئەسەرلىرى يېڭى (ئىسلام) مەدەنىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى بىر ئەۋلات كىشلەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى جاكالىدى. بۇ يېڭى مەدەنىيەت (ئىسلام مەدەنىيىتى) ھازىرقى زامان ياۋرۇپا مەدەنىيىتىگە قارىتا قوغدىنىش پوزىتسىيىسى تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قارىتا توغرا ھۇجۇم ۋە ھەققانى تەنقىد مەيدانىدا تۇرىدۇ. بۇ چاغدا ھۆكۈمران (غەرپ) مەدەنىيىتى ئالدىدىكى روھى مەغلۇبىيەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك قۇتۇلغان ئىسلام مەدەنىيىتى بىناسىنىڭ تۈۋرۈكلىرى مۇستەھكەم بولىدۇ.

مۇشۇ يولىيورۇقلارغا ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى شارائىتلارنى ئىسلاھ قىلىشتا بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەتنىڭ ئۆزگىچە «غەم»لىرىنىڭ بولىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس! . . . شۇ سەۋەپتىن بۇ زور ئىسلامى جانلىنىش ھەرىكىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنىڭ چۆل-باياۋانلاردا گاڭگىراپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى تۇغۇلدى.

مۇھەممەد قۇتۇب ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىلى ۋە بايراقدارلىرىدىن بىرى. ئۇ كۇتۇپخانىلارنىڭ كەيندىن، قۇرۇلتاي زاللىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسلام جەڭگاھىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي مەيدانىدىن كەلگەن ئۇلۇغ ئىسلام مۇتەپەككۇرى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىسلام ياشلىرىنىڭ كۆچلۈك ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە ھەمدە ئۇنىڭ «بۇ خىل روھى ئالاھىدىلىكى» كىتاپخانىلارنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاسان چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقتا.

بۇ كىتاپتا مۇھەممەد قۇتۇب ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ئوتتۇرغا قويدۇ ھەمدە ئىسلام ھەرىكىتى ئالدىدا توساق پەيدا قىلىۋاتقان بىر تۈركۈم مەسىلىلەر، ئىدىيىۋى ۋە ھەركەت قىيىنچىلىقلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ بەزىسى ئىسلام خىزمىتىنىڭ كەلگۈسىگە تەھدىت پەيدا قىلىۋاتقان «تۆت كوچا ئېغىزى» نى شەكىللەندۈرىۋاتىدۇ. ئويلىشىمچە بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىمىز بۇ مۇرەككەپ قىيىنچىلىقلارنى تەھلىل قىلىشتا مۇۋەپپىقىيەت قازاندى. ھەمدە قاراملىق ياكى يەڭگىلتەكلىكتىن خالى ھالدا ئۇنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەن ئاخىرىدا كىتاپخانىنىڭ ئاپتۇر كىتاۋىنىڭ ئاخىرىدا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ يازغان كەلگۈسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى - «كەلگۈسىگە نەزەر» دىگەن بۆلۈمىنى - چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيمەن.

الله مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرگۈچىدۇر.

× × × -

- نەشرىياتتىن

# ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ① اللە تەرەپتىن بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كەلدى . . . بىراق بۇ كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن زور تاسادىپىلىق بولۇپ تۇيۇلدى !

لېكىن ئۇ راستىنلا تاسادىپىلىقمۇ ؟

ئىسلامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بۇنىڭدىن تاسادىپىلىق ھېس قىلغان كىشىلەر ئاخىرقى ھېساپتا ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق يۈزلىنىشىنى ئىسلامدىن غەرىپ مەدەنىيىتىگە ئۆزگەرتكەن ۋە ئىسلام كەلمەسكە كەتتى دەپ قاراپ ، بىردىنلا ئىسلامغا ئارقىسىنى قىلغان كىشىلەردۇر . ئۇلار كەلگۈسى ئەۋلاتلارنىڭ يېتەكچىلىرى-ئاتالمىش «زىيالىيلىرى»- بولۇپ ، بۇ ئەۋلاتلار ئاخىرقى ھېساپتا ئۆتمۈشنىڭ بارلىق بويۇنتۇرۇقلىرىدىن ئازات * بولۇپ ، ئاخىرقى تىنىققىچە ئازاتلىق يولىدا ماڭىدۇ .

ئەمما ئىسلامنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ، بۇنىڭدىن تاسادىپىلىق ھېس قىلغان كىشىلەر ئىسلام ئۈممىتىنى بارلىق ۋاستىلار بىلەن ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، بىر نەچچە ئەسىردىن بېرى شەيتانلارنىڭ رولىنى ئالغان كىشىلەر بولۇپ ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئەۋلاتلارنىڭ تەدرىجى ھالدا ئىسلامدىن يىراقلاۋاتقانلىقىنى ، ھەر بىر ئەۋلاتنىڭ ئەسلى يۆلىنىشىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار - ئادىمىيلىك تەسەۋۋۇرى بويىچە - ئىسلام ئۈممىتى ئىسلامدىن بىر پۈتۈن چىقىپ كەتتى . . . ئۇلار مەڭگۈ ئىسلامغا قايتىپ كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالدى .

بىراق ئىسلامنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۇ ئادەملەر نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور بىر ھەقىقەتتىن خەۋەرسىز

* ئىسلامنىڭ ھەر تۈرلۈك كۆرسەتمە ۋە يوليورۇقلىرىدىن-دېمەكچى



www.uyghurkitap.com

قالدى . بۇ ھەقىقەت ئۇلارنىڭ پەرەزلىرىگە بويسۇنمايدۇ . ئۇلارنىڭ ئوي-خىيالى بۇ ھەقىقەتنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ . چۈنكى اللە ئۇلارنىڭ قەلبىنى بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشتىن مەھرۇم قىلدى . ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى گاس قىلىۋەتتى .

ئۇلار دەسلەپتە مۇشۇ كەڭرى كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىۋاتقان كۈچنىڭ ئۇلار ياكى ئۇلاردىن باشقا ئىنسانلار ئەمەس بەلكى اللە ئىكەنلىكىنى قەتئىي بىلەلمىدى .

«اللە خالىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر . لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى ئۇقمايدۇ» (21 :12 )

«پەرۋەردىگارىڭ خالىغان (مەخلۇقاتنى) يارىتىدۇ . خالىغان ئادەمنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ . تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس» (68 :28 )

«اللە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر . بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ-دە ، ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» (117 :2 )

بارلىق دۈشمەنلەر سۈيىقەست قىلغان تەقدىردىمۇ ، اللە بۇ دىنىنىڭ -ئىسلامنىڭ - قىيامەتكىچە يەر شارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى .

«ئۇلار اللەنىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۋەتمەكچى بولىدۇ . كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ، اللە ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر . مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ اللە ھەق دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىپ قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى» (8-9 :61 )

ئۇلار ئىككىنچى قېتىمدا شۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويدىكى ، ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ دىنىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ، دىن دۈشمەنلىرى زەھەرلىك قوللىرىنى سۇنۇشتىن ئىلگىرى ئىسلام رايونلىرىدىكى كىشىلەر تولۇق ئون ئىككى ئەسىر مۇشۇ دىن بىلەن بىرگە ياشىدى ھەمدە دىن ئۇلارنىڭ ھېس-تۇيغۇسىغا ئارلىشىپ كەتتى . نەتىجىدە دىن ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسىگە ياشاش ۋە ئۆلۈش نىشانىغا

ئايلاندى بەلكى ئۇلارنىڭ تەبىي يۇرەك سوقۇشىغا ئايلىنىپ كەتتى . گەرچە ئۇلار بىر مەزگىل بۇ دىندىن بىخەۋەر قالغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇلارنىڭ دىنىغا قايتىپ كېلىشى ھەرگىز ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ، بەلكى ئەجەپلىنەرلىك بولغىنى ئۇلارنىڭ كۇنسىرى دىندىن يىراقلىشىپ ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى ! . . . بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ يىراقلىشىش ئۇستىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ تەبى يۇرەك سوقۇشىغا قايتىپ كىلەلمەسلىگى تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ! . . .

ئۇلار-غەپلەت ئىچىدە -بۇ دىنىنىڭ «ھەق دىن» ئىكەنلىگىدىن بىخەۋەر قالدى . . . ئۇلارنىڭ «دىن كەلمەسكە كەتتى . ئۇ ئىلىم بىلەن سېھرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلىق رول ئوينايدۇ ، ئاخىرقى ھېساپتا دىن ئىلمىي ، مەدەنىي ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئورۇن بوشاتتى » . . . دەيدىغان سەپسەتىلىرى بۇ دىنغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . بۇ يالغان سەپسەتلەر -چىركاۋلار خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ، سەتلەشتۇرۇۋەتكەن ياۋرۇپا جاھىلىيىتىنىڭ دىنىغا ئۇيغۇن كەلسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ توپ يىلتىزىنى الله ئۆزى قوغداۋاتقان بۇ ھەق دىنغا قەتئىي ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . چۇنكى بۇ دىن ئۆزگەرتىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى قوبۇل قىلمايدۇ . ئىنسانلار گەرچە «يول» ئازلىقلىرىدا قىسمەن ئېغىپ كېتىشكە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇلار ھەر بىر مىنۇتتا ئۆزلىرىنىڭ الله تەرەپتىن قوغدىلىۋاتقان توغرا ئاساسىغا -دىنغا - قايتىپ ، ھايات مۇساپىسىنى توغرىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ . . . دىن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ دىنى بولۇپ ، الله بۇ دىننى ساغلام تەبىئەت بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ ياراتقان ، چۇنكى بۇ دىن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ خاراكتىرىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ . ئىنسان تەبىئىتى بۇزۇلغان چاغدا ، ئۇنىڭ ئېغىپ كېتىشلىرىنى تۈزلەپ قويالايدۇ .

گەرچە بىر تۈركۈم ئىنسانلار كاپىر ۋە ئاتىزىمچى بولۇپ ، قانداقتۇ بىر سەۋەپ تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرىقىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىراق بۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ مەلۇم

مەزگىللەردە ئۇنىڭغا يۈزلىنىشى ۋە ئاشۇ يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇشى ئىنسان تەبىئىتىدىكى مەسىلە ئەمەس . شۇنداقلا مۇسۇلمانلار- ھەق دىن ئىگىلىرى- گەرچە مەلۇم مەزگىل دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن ئېغىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىراق ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىل ئېغىشقا كىرىپتار بولىشى ھەرگىزمۇ مۇقەررەرلىك ئەمەس ! دىمەك ، ئاتىزىمچىلىق چىركاۋلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دۇنيادا پەيدا بولدى . ئۇنىڭ پەيدا بولىشى قانداقتۇ دىنىنىڭ تەبىئىتىدىن ياكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدىن ۋە ياكى دىنىنىڭ تارىخى رولىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى سەۋەبىدىن بولماستىن ، بەلكى چىركاۋلار ئىنسانلارغا اللەنىڭ دىنىنىڭ ئورنىدا ھاياتقا يارىمايدىغان ، ھاياتلىقنىڭ ھەرىكەت ، تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلىشىشىگە يول قويمايدىغان ھەمدە ئىلمىي ھەرىكەتنىڭ مۇكەممەل تەرەققىي قىلىشى توگول ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلمايدىغان باشقا بىر دىننى تەقدىم قىلغىنى ئۈچۈندۇر . . . ۋاھالەنكى ئىلىم ئىنسانلار مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈن مۇھىم بولغاندىن باشقا ، اللە ئىنساننى مەقسەت قىلىپ ياراتقان خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە زىمىننى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ زۆرۈر ئېھتىياجىدۇر .

قانداق بولۇشتىن قەتئىنەزەر ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى اللە تەرەپتىن بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كەلدى . . . . گەرچە ھەرقايسى جايلاردا ، كىشلەر بۇنىڭدىن تاسادىپىلىق ھېس قىلىۋاتقان بولسىمۇ ! . . . ②

× × ×

ئىنسانلار-ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىدىن ئىلگىرى - ئومومىيۈزلۈك ھالدا مۇنداق ئىككى گورۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇلار بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي يىراق ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق ئىدى . گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناملار ئوخشاپ قالسىمۇ ، بىراق ئۇلار گويا بىر-بىرىدىن ئايرىلغان ئىككى مىللەت ئىدى .

(1) ئەنئەنىۋى «دىندارلار» گورۇھى: ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن مۇسۇلمان زىيالىيلار بولۇپ، ئۇلار يەنە «توپان» * غا قارىشى ئۆزلىرىنىڭ «ئىسلامى ئەنئەنىسى»نى ساقلاپ قالغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ پىشقەدەملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشۇ توپاندىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەمئىيەتتىن چەتنەپ تۇرغان بولسىمۇ ! . . . شۇنداقلا ئۇلار تېخى ۋەيران قىلغۇچى دولقۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغان يېزا ئاھالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يېزا ئاھالىسى بىر نەچچە ئەسىردىن بېرى قىلچە ئۆزگەرمىگەن ھالدا ئۆز ئەنئەنىسىنى قاتتىق ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ھەر قانداق يۈزلىنىشكە قارىتا ئۇلارنىڭ ئېڭى تولىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى «دىن» مازايى-ماشايىخلار، كارامەت ۋە ئەۋلىيالار . . . «ئەنئەنىلەر» بولۇشتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

(2) غەرىپ مەدەنىيىتىگە «چوقۇنغۇچىلار»: ئۇلار غەرىپ مەدەنىيىتى ئىسلام دۇنياسىنى بارلىق كېسەللەردىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاساسلىق «كېسىلى» ساقايماس كېسەل ۋە چارىسىز قىينىچىلىق دەپ قارالغان مەدەنىي قالاقلىق، بۇ كېسەل دەرھال داۋالاشقا مۇھتاج. ياخشى، يامان دەپ تۇرماستىن- گەرچە زىيانلىق بولسىمۇ- غەرپ مەدەنىيىتىنى تەلتۆكۈس قوبۇل قىلىش كېرەك.

تاھا ھۈسەيىن** ئېيتقاندەك بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق دەپ قارىدى. بۇ گورۇھ «دىن»غا قارىتا ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر ياۋرۇپا تاشلىۋەتكەندەك

---

* غەرىپ مەدەنىيىتى دېمەكچى.
** مىسىرلىق غەرىپپەرەس يازغۇچى ۋە ئەدىب

دىننى بىر پۈتۈن چۆرۈپ تاشلاش كېرەك . چۈنكى دىن قالاقلىق ۋە بارلىق كېسەللەرنىڭ سەۋەبى دەپ قارايدۇ . ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر دىن «ئۆز ئورنىدا» ساقلىنىپ قالسا بولىدۇ . ئۇ بۇنىڭدىن هالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك ! دىن بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدىكى خۇسۇسىي ئالاقە . ئۇنىڭ ئورنى قەلب بولۇپ ، رېئال تۇرمۇش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق . . . . شۇڭلاشقا «دىن» ئاللاھ ۋە ئاخىرەت ھەققىدىكى ئېتىقاد بولۇشى كېرەك . ئىبادەت شۇئارلىرى بولۇشى كېرەك . بىراق ئۇ بۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشمەسلىكى ، ھاياتنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىدىن ھېچبىرىگە ئارلاشماسلىقى كېرەك . شۇنداقلا ئۇنىڭ «تەرەققىي قىلىۋاتقان» ئىشلار بولۇپمۇ ئاياللار مەسىلىسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بۇلارنىڭ ھەممىسىنى غەرب مەدەنىيىتىدىن قوبۇل قىلىشى ۋە شۇلاردىن ئىمپورت قىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ .

بىرىنچى گورۇھ : ئەنئەنىۋى دىندارلار ئون ئۈچ ئەسىردىن بۇيان دىنىي مىراسلارنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىپ ۋە ئۇنى قوغداپ كەلدى . لېكىن ئۇلار بۇ مىراسلاردىن قايسىسىنىڭ مۇشۇ دىنىنىڭ ماھىيىتى ئىكەنلىكىنى ؛ قايسىسىنىڭ سىرتتىن قوشۇلۇپ قالغان ياكى توغرا يولدىن ئېغىپ كەتكەن چىرىندە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيدۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇلار غەرب دولقۇنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ھاياتىغا بولغان تەھدىتىنى ھېس قىلغانسېرى ئۇلارنىڭ بۇ مىراسلاردىن پەخىرلىنىشى ، ئۇنى قوغدىشى ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇشى شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ . ھەممە بۇ دولقۇنلارنىڭ دىن ، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىگە قارشى ئىكەنلىكىنى تەبىئىلا ھېس قىلىپ ، ئۇنى بىر پۈتۈن رەت قىلىدۇ . ئۇنىڭغا دىققەت ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئۇنىڭ كىر

قاسماقلىرىنىڭ ئېگىپ (يۇقۇپ) قىلىنىشىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ساقلىنىشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئىككىنچى گورۇھ: غەربتىن مەدەنىيىتىگە «چوقۇنغۇچىلار»، دىندىن بىر پۈتۈن نەپرەتلىنىدىغان ياكى دىنىي كۆڭۈل ۋە ئىبادەت دائىرىسىدە چەكلەپ، ئۇنى ھاياتنىڭ باشقا ساھەلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش كېرەك دەپ قارايدىغان ئىككى خىل قاراشتىكىلەر، ئۇلار «زىيالىيلار»نىڭ روھى دۇنياسىدا ئىدىيىۋى ھۇجۇم قوزغىغان زەھەرنى سۈمۈرىۋاتقان گورۇھلار بولۇپ، ئۇلار بۇ زەھەرنى يۇتقانسېرى شۇنچە زەھەرلىنىپ، زەھەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىغانسېرى، شۇنچە «بىخۇدلاشماقتا»!

ئىچكى جەھەتتە ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ قول-چوماقچىلىرى، تاشقى جەھەتتە ئۇنى پىلانلىغۇچىلار مۇشۇ گورۇھلارنىڭ ئىسلامدىن كۈنسېرى يىراقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا مەدەت بېرىۋاتىدۇ ۋە ئاشۇ يولدا بارلىق چارە-ئۇسۇللارنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. ھەمدە ئەنئەنىۋى دىندارلارنىڭ مەيدانىنى كىشىلەرنى دىندىن نەپرەتلەندۈرۈش ۋە دىنىنىڭ سۈرىتىنى كىشىلەرنىڭ روھىدا سەتلەشتۈرۈشنىڭ دەستىكى قىلىۋېلىپ بارىدۇ.

سىلەر دىن دەۋاتامسىلەر؟! بۇ شەيخلەرگە قاراڭلار! ئۇلارنىڭ تەرەپبازلىقى ۋە مۇتەئەسسىپلىكىگە؛ نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقىغا، ئاڭ-سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىگە ۋە ئەتراپىدىكى دۇنيادا بولىۋاتقان ئىشلارغا قارىتا تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىگە قاراڭلار!.

.. ئۇلار ھېلىھەم «ئوتتۇرا ئەسىر» ئەقلىي بىلەن ياشاۋاتىدۇ. «تەرەققىي قىلىۋاتقان» بۈگۈنگە ئاشۇ قالاق ئەقلىي بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولىدۇ... تەرەققىيات چاقىنى ئاشۇلارنى دەپ توختاپ تۇرامدۇ؟ ياق!... بەلكى ئالدىغا قاراپ كېتىۋېرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى كەينىدە قويۇپ مېڭىۋېرىدۇ ! . . .
بۇ گورۇھلار (دىندارلار)نىڭ مەيدانىدا ئۇلارنىڭ پاكلىقى ۋە ئىخلاسمەنلىكى بىلەن تۇرۇپ، ئەيىپلەشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەقىقەتەن مەۋجۇت. چۈنكى يەنە بىر گورۇھ (غەرپپەرەسلەر)نىڭ شەيتانلىرى كىشلەرنى دىندىن نەپرەتلەندۈرۈش ئۈچۈن دەل ئاشۇ مەسىلىلەردىن ئىنتايىن ياخشى پايدىلاندى.
ئاياللارنى كەمستىش ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى رولىغا سەل قاراش؛ ئۇلارنىڭ بىلىملىك ۋە مەدەنىيەتلىك بولىشىنى رەت قىلىش ھەرگىزمۇ ئىسلام بۇيرىغان ياكى ئىسلام قوللايدىغان ئىشلار بولماستىن، ئەكسىچە ئىسلام ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئىلىمنى پەرىز قىلدى. ھەمدە بارلىق كىشلەرگە ئەتراپىدىكى كائىنات ئىشلىرى ھەققىدە ئويلىنىشنى ۋە ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە قارىتا ئاڭلىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى.
ئىلىم، ماددى تەرەققىيات، ئىنسان ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك جاپا-مۇشەققەتنى مىخانىكا ئارقىلىق ئورۇنداش، ھاياتنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش ۋە رەتلەش، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشنىڭ چارە-ئۇسۇللىرىنى ئەمەلىي تەتقىق قىلىش . . . قاتارلىق غەرب مەدەنىيىتىدىكى پايدىلىق ئامىللارنى رەت قىلىش ھەقىقىي ئىسلام روھى بىلەن قەتئىي چىقىشالمايدۇ. شۇنداقلا مۇشۇ دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ئەڭ بەلەن بىلدىغان ئىسلامدىكى تۇنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلارنىڭ «يولى» بىلەن ھەرگىزمۇ ماس قەدەمدە بىللە ماڭالمايدۇ.
ھىجرىيە بەشىنچى ئەسىردىن* كېيىن گويا ئەسىرلەر ئۆتمىگەندەك، ئىنسانلار ھاياتىدا ھېچبىر ئۆزگىرىش يۈز

* مىلادى 11-ئەسىر

www.uyghurkitap.com

بەرمىگەندەك ئاشۇ ۋاقىتتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىش (ئاشۇ دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىك ) ئىنسانلار ھاياتىدا پەيدا بولغان، ساغلام تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجى بىلەن زىتلىشىپ قالمايدىغان، يېڭى مەسىلىلەرنى تولۇق ھەل قىلىدىغان ئۇزلۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگۈچى ئىسلام روھى بىلەن قەتئىي چىقىشالمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ماددىي كائىناتقا بولغان بىلىمىنىڭ ئېشىشى ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇ بىلىمنى ئىشلىتىشكە بولغان ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ئىسلام قارىشى تۇرمايدىغان ئىشلاردۇر . چۈنكى ئۇ ئىشلار ئىلاھى پرىنسىپنىڭ تەلىۋى بويىچە الله ئىنساننى زېمىننى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىدە ياراتقان مۇھىم ۋەزىپىنىڭ دائىرىسىگە تەۋە بولىدۇ . بەلكى ئىسلام ئۇنىڭغا كەسكىن بۇيرۇيدۇ ۋە كۈچلۈك يوليورۇق بېرىدۇ .

«الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى . زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار . اللەنىڭ بەرگەن رىزقىدىن يەڭلار . سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر » (14 : 67 )

«الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى كامال پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى » (13 :54 )

«الله سىلەرنى زېمىندىن (تۇپراقتىن ) ياراتتى ۋە سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى » (61 :11 )

دۇنيانىڭ چاقماقتەك ھەرىكىتىدىن چەتتە تۇرۇش ۋە تەپەككۇر يوللىرىنى ئۆتمۈشتىن قالغان قېلىپلاردا قويۇش-تەپەككۇرنىڭ ئۆزىلا ئاشۇ ئۆتمۈشتىن قالغان مەسىلە بولغاندىن باشقا- ئىسلام بۇيرىغان ياكى ئىسلام قوللايدىغان ئىشلار ئەمەس ئىدى . . . توغرا ، ئىسلامنىڭ قارىشىچە دۇنيانىڭ تېز سۈرئەتلىك ھەرىكىتىدە نۇرغۇن

خاتالىقلار بولۇپ ، بۇ خاتالىقلار ئىسلام دۇنياسىغا توپان كەبى دەھشەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە ئېقىپ كىرگەن . . . بىراق ئۇنىڭغا قارىتا توغرا مەيداندا تۇرۇش سۈدىن ساقلاپ قالالمايدىغان تاغ چوققىسىغا چىقمۇئلىپ بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش ئەمەس ، بەلكى بىر ياخشى كېمە ياساپ ، كېمە بىلەن توپاننى كېسىپ ئۆتۈپ ، تېنىچلىق ئارىلىغا (قۇرۇقلۇققا ) يېتىپ بېرىشتىن ئىبارەت .

غەربلىكلەرنىڭ ھاياتىدا دولقۇنلاۋاتقان ۋە ئۇنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرى ئىسلام دۇنياسىغا ئېقىپ كىرىۋاتقان چەكتىن ئاشقان توپان توغرا ، چوڭقۇر ئىسلامى قاراشقا مۇھتاج ، بۇ خىل قاراش كېسەلگە توغرا دىئاگىنوز قويۇپ ، ئۇنىڭغا «دورا» تەقدىم قىلىدۇ . گاڭگىرىغانلارنى يېتەكلەپ ، ئۇلارنى توغرا ئېقىمغا باشلايدۇ . . . ئەمما ئۆتمۇشكە ئېسىلىۋېلىپ ، بۇگۈندىن قول ئۈزۈش توپانغا غەرىق بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ .

. . بىز بۇ دىندارلار گۇروھىنىڭ ئىخلاسمەنلىكىدىن گۇمانلانمايمىز . . . لېكىن يالغۇز ئىخلاسمەن بولۇشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پاراسەت بولۇشى كېرەك .

«ئېيتقىنكى بۇ مېنىڭ يولۇم ، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر (كىشلەرنى ) الله تەرەپكە پاراسەت بىلەن دەۋەت قىلىمىز . اللەنى پاك دەپ مەدھىيلەيمىز . مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن » (12: 108)

دىندارلار ئىسلام مىراسلىرىنى ساقلاپ كەلدى . گەرچە ئۇ مىراسلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئېغىپ كېتىشلىرى قېتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ ئىسلامى مىراس بولغانلىقىدىن پەخىرلەندى . ئۇلار ۋەيران قىلغۇچى غەربلەشتۇرۇش دولقۇنىنىڭ مۇشۇ مىراسلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى .

شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا قارىتىلغان ھۇجۇمدىن ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنى چىن قەلبىدىن ئۇلۇغلىدى. لېكىن ئۇلار ھازىرقى ھالىتى بىلەن بۇ مىراسلارنى تۈزىتىش، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قالغان خاتالىق ۋە ئازغۇنلۇقلاردىن ئۇنى پاكلاشقا قۇربى يەتمىدى.. شۇڭا بۇ مىراسلار ھاياتتا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دىندارلار گورۇھى تارىخ سەھنىسىدىن غۇلاپ چۈشتى... بەلكى بىر چەتتە تۇرۇش ياكى ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبىدىن ئىزچىل تۈردە يوقۇلۇپ كەتتى ۋە ۋەيران قىلغۇچى غەربلەشتۈرۈش دولقۇنىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا يولنى بوشاتتى.

ناھايىتى ئېنىقكى، سۈيقەست قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن چەكسىز خوشاللىنىقا چۆمدى.

بۇ گورۇھلار ئاستا-ئاستا يوقالغان چاغدا دولقۇن توسقۇنسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى. بارلىق توسۇقلار (دىنى پرىنسىپلار) غەربلەشتۈرۈش يولىدا ۋەيران بولدى. يېزىدىكى دىندارلار مەسىلىسى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر قىيىنچىلىق بولۇپ قالدى.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش- چارىسى ئامرىكىلىق يەھۇدى يازغۇچى مىروبىرگىر «Morroe Berger» ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى ئەرەب دۇنياسى «The Arab world Today» ناملىق كىتاۋىدا تەلەپ قىلغاندەك-شەھەرلەر يېزىلاردىكى غەربلەشمىگەن مۇسۇلمانلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن سىرىق كىنو ياكى بۇزۇق رادىئو پىروگراممىلىرى ۋە ياكى شەھۋانى گېزىتلەر... قاتارلىق «مەدەنىيەت» مەھسۇلاتلىرىنى يېزىلاردا ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. (ئاشۇ ئىشلار شەھۋانى تېلېۋىزور پروگراممىلىرى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىدى)

سەھرادا ئۆسكەن بىر تۇركۇم ئىرادىلىك دىندارلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ قالماسلىقى ھەمدە يەرشارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلام ئۈچۈن ھېچقانداق «ئورۇن» قالدۇرماسلىق ئۈچۈن يېزىلارنى پۈتۈنلەي بۇزۇش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق يېزىلار ئۆزىنىڭ خاراكتېرى بىلەن «قالاق» بولغانلىقى ئۈچۈن جىددى خەتەر شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبدىن يېزىلار «يۇقۇملىنىش»نىڭ مەنبەسى بولالمايدۇ. يەنى ئاللىقاچان «ئەركىنلەشكەن» «مەدەنىيلەشكەن» ۋە «تەرەققىي قىلغان» شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىدىيە، ئېتىقاد ياكى ھەرىكەت جەھەتتە بولمىسۇن، ھېچبىر ئىشتا سەھرالىقلارنى دورىشى (ئۇلارغا ئەگىشىشى)ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن دىن گەرچە ئۇزۇندىن بېرى ئۇنى يېزىلاردىن يوقۇتۇش تەلەپ قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھادىسلەرنىڭ يۆلىنىشلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، شەھەرلىكلەر دىندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى قايتىدىن دىنغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان سۈرەتتە يېزىدىن شەھەرگە كۆچىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما يېزىدىن كەلگەن دىندار شەخسلەر «قالاقلىق» مىكرۇپلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ-دە، نەتىجىدە ئۇلار شەھەرلەردە ناھايىتى تېزلا تۈگىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ قالاقلىقىدىن «تەرەققىي قىلىدۇ» ياكى ئاجىزلار قاتارىدا جەمئىيەتنىڭ بىر بۆلۈكىگە ئايرىۋېتىلىدۇ!

شۇنىڭ بىلەن «دىن» قالاقلار ئىچىدە چەكلەنگەن بولىدۇ. ئاشۇ قالاقلار مەيلى ئوتتۇرا ئەسىر ئەقلى بىلەن ياشايدىغان قالاق، مۇتەئەسسىپ شەھەرلىك «پىشقەدەملەر» بولسۇن؛ ياكى ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئاشۇلاردىن بولۇشىنى خالىمايدىغان ئاددى، نادان يېزىلىقلار بولسۇن... ئىشقىلىپ، بۇ سۈيقەستچى ۋە پىلان تۈزگۈچىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىكەنلىگى ھەممىگە ئايان، ئاشۇ

سوٴيقەستچىلەر بوٴندىن ئىلگىرى «زىياليلار»نىڭ ئېڭىدا دىن قالاقلىققا ئېلىپ بارىدۇ ياكى دىن ئەمەلىيەتتە قالاقلىقنىڭ ئۈزى دىگەن ئۇقۇمنى سىڭدۇرىۋەتتى . . . ئەگەر دىن ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئۇلارنىڭ قالاقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان «قالاقلار» ئىچىدە چەكلەنگەن بولسا ، ئۇنداقتا بۇلارنىڭ گېپى راست بولغان بولىدۇ «زىياليلار»نىڭ دىندىن چىكىنىپ چىقىشى- ئەگەر ئۇلار دىنغا ئىشىنىدىغان بولسا- بەكمۇ ئاسان بىر ئىشقا ئايلىنىدۇ . . . . بىر «زىيالى» ئادەمگە «سىز قالاق قېرىلارغا ياكى سەھرالىق تومپايلارغا ئوخشاش بولۇشنى خالامسىز ؟» دىسىلا مەسىلە ھەل بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم «قالاق» دىگەن تۆھمەتكە قالماسلىق ئۈچۈن دەرھال دىندىن چىقىپ كېتىدۇ . ③ بىز ھەركۈنى يېڭىدىن دىندىن چىقىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ غەرپلىشىش دولقۇنلىرىغا يەم بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ؛ بۇ خىل دىنسىزلىشىش دولقۇنلىرىنىڭ غالىپلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز . . . ئاشۇ غالىپ كۈچلەر ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئېڭىدا جەمئىيەت سۈرىتىنى سىزىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدۇ .

خەلقنى ئەتراپىغا توپلاپ جاھاننى بېشىغا كىيىۋالغان مەشھۇر سىياسىئونلار مەيلى ھاكىمىيەت تەرەپدارى بولسۇن ياكى ھاكىمىيەتكە قارىشى تورغۇچىلار بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا «ئەلمانى*»لار بولۇپ ، ئۇلار ئۆز پارتىيىلىرىنىڭ نىزامنامىسىدا دىنى ئىشلارغا ئارلاشماسلىق كېرەكلىكىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق يېزىپ بېكىتتى .

گېزىت-ژورناللار ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى ، يازمىلىرىنى ، ئىدىيىۋى ۋە ئەدەبىي كۆرەشلىرىنى كەڭ دائىرىلىك تارقاتقان ،

---

* ئەلمانى - دىنسىزلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئېقىم .

خەلقلەر ئۇلارغا ھەۋەس قىلىۋاتقان مەشھۇر مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىپلەر ئوخشاشلا «ئەلمانى»لار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيەتلىرىدىن دىنىنى بىر پۈتۈن يىراق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى پات-پات دىنىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ھەمدە پۈرسەت يار بەرگەن دائىرىدە دىنىنى قامچىلايدۇ.

«ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئىقتىسادىي مەيدانغا بۆسۈپ كىرىۋاتقان، گېزىتلەر ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلار ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى تارقىتىۋاتقان ھەمدە خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان ھەيرانلىقىنى قوزغاۋاتقان داڭدار ئىقتىسادشۇناسلار ئوخشاشلا «ئەلمانى»لار بولۇپ، ئۇلار جازانىنى يولغا قويىدۇ ھەمدە «جازانە»نى تەرەققىي قىلىۋاتقان «يېڭى ئىقتىساد» ئاساسلىرى ۋە بىز دۈشمەنلەرنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات بولۇش ئۈچۈن قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان «ئىقتىسادىي ئېنېرگىيە» ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس دەپ بېكىتتى.

خەلقنى «خوشال قىلىش» ۋە ئۇلارنى ھوزۇرلاندۇرۇش رولىنى ئۆتەۋاتقان ئەر-ئايال سەنئەتكارلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خاراكتېرى بىلەن ئاللىقاچان ئەخلاقى بۇزۇلغان كىشىلەر بولۇپ، بۇ خىل بۇزۇلۇش ئۇلارنى سەنئەت دۇنياسىغا كىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان. گېزىت-ژورناللار ئۇلاردىن «چولپان» ۋە «قەھرىمان»لارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئوغۇل-قىز ئەۋلادلار ئۇلارنى دورىماقچى ۋە ئۇلارغا ئوخشىۋالماقچى بولىدۇ. جەمئىيەت ئۇلارغا كۆز تىكىشتىن، ئۇلارغا ئىنتىلىشتىن، ئۇلار ھەققىدە سۆھبەت قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشتىن توختاپ قالمايدۇ. بەلكى گېزىت-ژورناللار ئۇلارنى ھۆرمەت ۋە تەقدىرلەشكە تېگىشلىك «ئالىيجاناب سىنىپ»قا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئىنسانلار ھاياتىدا قانداقتۇ بىر ناملار ئاستىدا

غەرىپلەشتۈرۈشكە چاقىرىۋاتقان دىنسىزلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالمىغان يەنە قانداق نەرسە بار؟!

ئىنسانلار مۇشۇ سۈرەت بىلەن ئىككى گورۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن مۇشۇ خىل مۇھىتتا... ئىنسانلار ھاياتىدىكى بارلىق يۈزلىنىشلەر ئىچىدە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى تاسادىپىي مەيدانغا كەلدى... بەلكى ئۇ يولدىكى كەسكىن بۇرۇلۇش بولدى.

× × ×

بىرىنچى تاسادىپىلىق شۇكى، بۇ قېتىم ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچىلار «شەيخلەر» بولماستىن، بەلكى «ئەپەندىلەر» ئىدى.

بۇ دۈشمەنلەر ئۈچۈن چوڭ بىر «قىيامەت» بولدى.

سۇيىقەستچىلەر «دىن»نى شەيخلەر ئىچىدىن چەكلەپ، «ئەپەندىلەر»نى دىنسىزلاشتۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغدا، بۇ ئۇلارنىڭ ئېگىدا كۈچلۈك بىر غەلىبە بولغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار «دىن»نى قوللىغۇچىلىرى يوق، مۇنقەرىز، قالاق كىشىلەر ئىچىگە قاماپ قويغان ئىدى... ئەمما بۈگۈن «ئەپەندىلەر»دىننى كۆتۈرۈپ چىققان چاغدا، ئۇلار ئەمدى قانداق قىلىدۇ؟

ئەينى ۋاقىتتا «ئەپەندىلەر» غەرىپلەشتۈرۈش چاقىرىقىنىڭ ھامىلىرى ئىدى. ئۇلار پۈتكۈل مىللەتنى غەرىپكە «قۇل» بولۇشقا ۋە دىندىن چىكىنىپ چىقىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، سۇيىقەستچىلەر ئۇلارنى مەدەنىيەت، بىلىم، ھەزارەت، تەرەققىيات، ئاڭ ۋە ئىلگىرلەش...نىڭ ۋەكىللىرى دېگەن نام بىلەن ئۇلاردىن پايدىلىنىدىغان «قورال» ئىدى.

پاسۇن ئۆزگەرتىش غەرىپلەشتۈرۈش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

پاسۇن بىلەن بىرگە «بۇرۇلۇش» بولدى.

غەرىپچە ياسانغان كىشىلەر بىردەك غەرىپكە يۈزلىنىدۇ...

ھەر بىر يۈزلىنىشتە ئىدىيە ۋە ئەنئەننى ، ھەرىكەت يوللىرىنى ، ھاياتنىڭ ، سىياسى ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي . . . تۈزۈملىرىنى شۇلاردىن قوبۇل قىلىدۇ .

مىللەتنى قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئايرىم-ئايرىم ئىككى گورۇھقا بۆلۈۋېتىش ئوخشاشلا مەلۇم مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى .

شەيخلەر شەرىققە . . . ئىسلامغا . . . يۈزلىنىدۇ . «يېڭى ئەۋلاتلار»نى ئۇلاردىن نەپرەتلەندۈرۈدىغان ؛ ئۇلارنى قايسى بىر ئەگەشكۈچىكە رەھبەر بولۇشتىن يىراقلاشتۇرىدىغان تۇرغۇنلۇق ، قالاقلىق ۋە ئاڭسىزلىق . . . قاتارلىق «ئىللەتلەر» بىلەن ئۇلارنى ئەيىپلەيدۇ . . . «ئەپەندىلەر» غەرىپكە . . . ياۋرۇپاغا . . . يۈزلىنىدۇ . ئۇلار ئىسلامدىن چىكىنىپ چىقىدۇ . . . . ئۇلارنى ئەگەشمەكچى بولغانلارنىڭ رەھبىرىگە ئايلاندۇرىدىغان «تەرەققىيات» ئىلگىرلەش ، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭرىلىگى ، چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە مەدەنىيەت كارۋىنىدىكى مۇساپىسىنىڭ يىراقلىقى . . قاتارلىق «سۈپەتلەر» ئۇلارغا نىقاب قىلىپ كەيدۈرىلىدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن پاسۇن ئۆزگەرتىش ئەمەلىيەتتە مەيدان ئۆزگىرىشنى ئېلىپ كەلدى .

بۈگۈن تاسادىبىلىق شۇنىڭدىن كېلىپ ئاتىدۇكى مەيداننى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پاسۇننى ئۆزگەرتكەن كىشىلەر دەل ئاشۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىسلامغا قايتىپ ، ئىسلام دەۋىتىنى ئۈستىگە ئالدى ! .

× × ×

ئىككىنچى تاسادىبىلىق شۇكى ، «ئەپەندىلەر»دىن تەركىپ تاپقان يېڭى ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرى «غەرىپ مەدەنىيىتى»گە قارىتا «ئاڭسىزلارچە» بىر پۈتۈن رەت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتمايدۇ ،

ۋە ئۇنىڭدىن مەلۇم نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلمايدۇ. بەلكى ئۇلار شۇنى ئوچۇق جاكالايدۇكى: غەرب مەدەنىيىتىدە ئىلمىي تەرەققىيات، تېخنىكا تەرەققىياتى، ئەمەلىيەتچانلىق روھى ۋە ئىنتىزاملاشتۇرۇش ئىقتىدارى... قاتارلىق پايدىلىق تەرەپلەر بار. ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك. يەنە شۇنىڭدەك غەرب مەدەنىيىتىدە ئاتېئىزىمچىلىق ۋە كاپىرلىق، يارانقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدىغان ياكى يارانقۇچىنىڭ كائىناتتىكى ھەر بىر شەيئىنىڭ پىلانلىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ماتېرىيالىستىك ئىدىيە؛ ئىنساننى ھايۋاندىنمۇ بەتتەرەك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان قورقۇنچلۇق ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق؛ ھېس-تۇيغۇلارنى يوقۇتۇپ، ئۇنى «ھاياتنىڭ ئەمەلىي» ساھەسىدىن يىراقلاشتۇرۇدىغان ماشىنىلاشقان تۇرمۇش؛ ئائىلىۋى مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانى مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان شەخسىيەتچىلىك روھى... قاتارلىق كۆپلىگەن زىيانلىق تەرەپلەر بار، مۇسۇلمانلار بۇلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچراپ كېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك... ئۇنىڭدىن باشقا ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن سىياسى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈملەر بولۇپ، زىيانلىق تەرەپىنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاش كېرەك. ئەمما پايدىلىق تەرەپلەرنى ئەگەر ئىسلامغا ئۇيغۇن بولسا-ئۇنىڭ اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ئىلاھى مەنبەسىدىن قوبۇل قىلىش كېرەك... !

بۇ تاسادىبىلىق سۈيقەستچىلەرگە نىسبەتەن ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئەلەم بولدى.

سۈيقەستچىلەر يېڭى ئەۋلاتلارغا تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن سەت كۆرسىتىۋاتقان شەيخلەرنىڭ قىياپىسى سۈيقەستچىلەرنىڭ قولىدىكى ئىسلامغا قارشى تۇرۇشى ئۇچۇن پايدىلىنىدىغان قورال ئىدى. مانا

ئەمدىلىكتە «ئەپەندىلەر» يېڭى ئىسلام دەۋتىنى ئۈستىگە ئالغان چاغدا، بۇ قورال ئۇلارنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

دەل شۇنىڭدەك شەيخلەرنىڭ غەربىي مەدەنىيەتكە تۇتقان كەسكىن رەت قىلىش مەيدانى سوپىقەستچىلەرنىڭ قولىدىكى ئىسلامغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان يەنە بىر قورال ئىدى. چۈنكى شەيخلەر ئاشۇ غەربىي مەدەنىيەتنى-ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى بولسىمۇ-پۈتكۈل ھالاكەت ۋە كېسەللىكنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەپتىن سوپىقەستچىلەر «شەيخلەر غەربىي مەدەنىيەتنى بىر پۈتۈن رەت قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇنى ئەيىپلەش پوزىتسىيىسىدە بولىۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى غەربىي مەدەنىيەتنى ئىنسانلار كۆز تىكىۋاتقان ھەقىقىي ئەڭگۈشتەر» دېگەن گەپنى بازارغا سېلىۋاتاتتى... دەل شۇ پەيتتە يېڭى دەۋەت «ئەپەندىلەر»نىڭ قولىدا مەيدانغا كېلىپ، سوپىقەستچىلەرنىڭ قولىدىكى بۇ قورالنى ئېلىپ تاشلىدى. چۈنكى يېڭى دەۋەت غەربىي مەدەنىيەتنى بىر پۈتۈن رەت قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش؛ ئەقىللىق كىشىلەر كۆرۈپ يېتەلەيدىغان زىيانلىق تەرەپلەرنى رەت قىلىش كېرەك دەپ جاكالىدى.

يېڭى دەۋەتنىڭ غەربىي مەدەنىيەتكە بولغان بۇ خىل تەنقىدى پوزىتسىيىسى سوپىقەستچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مالايلىرىنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى، چۈنكى، ئۇلار يۇقاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «زىيالىيلار»غا غەربىي مەدەنىيەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى پارچىلاش، ۋە بۆلۈش مۇمكىن ئەمەس دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈنلەپ خاتا تەشۋىقات ئىدى.

.. تارىختا بىر قانچە قېتىملىق مەدەنىيەت «تالالاش» ھەرىكىتى تەكرارلاندى. بىرىنچى قېتىم تۇنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلار جاھىلىيەت مەدەنىيىتىدىن- پارىس ۋە ۋىزانتىيە مەدەنىيىتىدىن- پايدىلىق دەپ

قارىغانلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، باشقىلىرىنى پۈتۈنلەي رەت قىلدى ، ئىككىنچى قېتىم ياۋروپالىقلار ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئىلمىي تەتقىقاتتىكى تەجرىبە پرىنسىپىنى قوبۇل قىلدى . شۇنداقلا فىزىكا، خىمىيە ، تىبابەت ، ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا . . . دىكى ئىلمىي تەرەققىياتنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ياۋروپالىقلار بىلمەيدىغان دۇنيا شەھەرلىرىنى ئېچىشتا ئۇلارنىڭ مول تەجرىبىلىرىدىن ، خەرىتە ۋە جۇغراپىيە بىلىملىرىدىن ئەتراپلىق پايدىلاندى . بۇ خىل قوبۇل قىلىش ۋە پايدىلىنىش ئاستا-ئاستا باشلىنىپ ، ئاخىرىدا كەڭ كۆلەملىك تارقىلىشنى مەيدانغا كەلتۈردى . ئىسپانىيە ، شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرىقتىكى ئىسلام ئەللىرىدە مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان مىمارچىلىق (بىناكارلىق) سەنئىتى ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلدى . . . لېكىن ئاشۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ بىردىنبىر ئاساسىي بولغان ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى . ئۈچىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت تالاش ھەرىكىتى بۈگۈنكى زاماندا ياپونىيىلىكلەرنىڭ قولىدا تەكرارلاندى . ئەگەر الله بۇ خىل مەدەنىيەت تالاش ھەرىكىتىنىڭ تەكرارلىنىشىنى خالىسا ، ئۇ بۈگۈن ۋە كەلگۈسىدە داۋاملىق تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ .

شۇنداق . . . سۈيقەستچىلەرنىڭ تەشۋىقاتى ھەقىقەتەن خاتا ئىدى . . . لېكىن ئۇ خاتا تەشۋىقات سۈيقەستچىلەرنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشى ئۈچۈن يېشىل چىراق يېقىپ بەرەتتى . . . چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتىدە بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەجايىپ تەرەپلىرىنى ۋە يادرولۇق كۈچىنى قوبۇل قىلىپ ، ئاتېزىمچىلىق ۋە ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقنى تاشلىۋېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى . ئەگەر ئەھۋال راستىنلا شۇنداق بولغاندا ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن چوڭ بىر قىيامەت بولاتتى . ئۇلار بۇ «قىيامەت»نىڭ

جاپاسىنى ئىلگىرى ياپونلارنىڭ قولىدا چەككەن بولسا، مانا ئەمدى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا تېخىمۇ قاتتىق چېكەتتى. ④ شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق دېدى: «بىز غەرىپ مەدەنىيىتىدىن ياخشى، يامان، تاتلىق، ئاچچىق . . . ھەممىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق»*

بۈگۈن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى «ئەپەندىلەر»نىڭ قولىدا مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار سۈيقەستچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ گۇپپاڭچىلىرىغا قارىتا قاتتىق دۈشمەنلىك مەيدانىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ غەرىپ مەدەنىيىتىدىن پايدىلىق تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىش تەشەببۇسى شەيخلەرگە يۈكلەنگەن ۋە چاپلانغان قالاقلىق ۋە ئاڭسىزلىق تۆھمىتىنى ئېلىپ تاشلىدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى «تاللاش»؛ ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق، روھى ۋە ئىنسانى چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار قىلغۇچى تەرەپلەرنى «شاللىۋېتىش» تەشەببۇسى سۈيقەستچىلەرنىڭ «غەرىپلەشتۈرۈشتىن»تىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم نىشانىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئۇ بولسىمۇ مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ساقلىنىپ قالغان مەۋجۇدىيىتىنى يوقۇتۇش ھەمدە ئۇنى يىلتىزى يوق، ئاساسى يوق، دولقۇنلار ئىچىدە تارمار بولىدىغان «كۆپۈكچىلەر»گە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن -ھەزارەت، تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىش نامى ئاستىدا-بۇزۇقچىلىق ۋە ئاتېزىمچىلىقنى كەڭرى تارقىتىشتىن ئىبارەت.

× × ×

ئۈچىنچى تاسادىپىلىق شۇكى، يېڭى دەۋەتچىلەر كىشىلەرگە مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى: مۇسۇلمانلارنىڭ قالاقلىق، ئاڭسىزلىق،

---

* تاھا ھۈسەيىننىڭ سۆزى

زەئىپلىك ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئارقىدا قېلىش . . .
قاتارلىقلارغا گىرىپتار بولۇشىنىڭ سەۋەبي ئىسلام بولماستىن بەلكى ئىسلامدىن يىراقلىشىش ۋە ئىسلامنىڭ توغرا سۈرىتىدىن ئېغىپ كېتىشتۇر . ئىسلامنىڭ توغرا سۈرىتىنى ئۆزىنىڭ تۇنجى ساپ مەنبەسىدىن ئېلىش كېرەك . ئۇ بولسىمۇ اللەنىڭ كىتاۋى ، پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئىسلامنى يەرشارىدا تۇنجى قېتىم ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، تارىختا تەڭداشسىز ئۇممەتكە ئايلانغان ، بەلكى كىشىلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۇممەت بولغان تۇنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلارنىڭ ھايات يولىدىن ئىبارەت .

سوۋيېتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قۇيرۇقچىلىرى «زىيالىيلار»نىڭ ئېڭىغا ھەقىقەتەن «ئىسلام»دېگەن مۇشۇنداق . . . ئاڭسىزلىق ، قالاقلىق ، ئارقىدا قېلىش ، گۇللىنىش ۋە تەرەققى قىلىشتىن ئاجىز كېلىش . . . بولۇپلا قالماستىن بەلكى گۇللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشنى چەكلەيدۇ . . . مۇسۇلمانلارنىڭ كۆلپىتى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ تەبىي نەتىجىسى ! قالاقلىق ، ئاجىزلىق ، نامراتلىق ، نادانلىق ۋە كېسەللىك . . تىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تارىختا ياۋرۇپالىقلار قىلغاندەك دىنىنى پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلاش كېرەك . ئەگەر ئۇلار «باغلانغان» «دىن» ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەخلاق ، تەسەۋۋۇر ۋە ئەنئەنە قاتارلىق ئۇلارنى تەرەققىياتتىن چەكلەيدىغان «زەنجىر-كىشەنلەر»نى پاچاقلاپ تاشلىمىغان بولسا ، ھەرگىزمۇ بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلالمايتتى دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرىۋەتتى .

بۈگۈن يېڭى دەۋەتچىلەر پۈتۈنلەي ئۆزگىچە بولغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى . . . ئۇلار توغرا سۈرىتىدىكى ئىسلام بىلەن ، مۇسۇلمانلار ئىسلام نامى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئازغۇن رىئاللىق ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرىدۇ . شۇنداقلا ياۋرۇپالىقلار ئاللىقاچان چېكىنىپ چىققان دىن بىلەن الله تەرەپتىن نازىل

قىلىنغان، اللە ئۇنىڭ توپ يىلتىزىنى ئۆزگەرتىۋەتمەي قوغداشقا كاپالەتلىك قىلغان، ئۆزىنىڭ ئەسلى سۈرىتىدە ساقلانغان ھەمدە ھەرقانداق چاغدا ئۇنىڭغا قايتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان دىن ئوتتۇرىسىنى ئېنىق ئايرىپ چىقىدۇ. «دىندارلار» ئىدىيىۋى خاھىشلىرىغا تايىنىپ، نادانلىق ۋە بۇزۇقچىلىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋرۇپادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان «سۈيۈرغاللىق تۈزۈم» بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىختىيارلىقى بويىچە تاللانغان كىشىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىسلام ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتىدە دۆلەت باشقۇرغۇچىلار اللە بەلگىلىگەن قانۇن دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. ئىسلامدا ئۆزى خالاپ ھۆكۈم قىلىدىغان ياكى خالىغانچە قانۇن چىقىرىدىغان «دىندارلار» بولمايدۇ. بەلكى ئىسلامدا «ئالىملار» ۋە «پەقىھلەر»* بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە خاس كىيىملەرنى كىيىپ مەلۇم سىنىپنى شەكىللەندۈرمەيدۇ. ئۇلار ھوقۇقىنى ياكى سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى ئۆزلىرى كونترول قىلىۋالمايدۇ. ئىلمىي ئىقتىدارغا ئىگە ھەر قانداق ئادەم ئۇلار بىلەن مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىش قىلالايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ دەلىلى ئۇلارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولسا، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئىسلام ھەر بىر ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ ئالدىدا «ئېچىۋېتىلگەن» دىن، ئۇلار ئىقتىدارى يەتكەن دائىرىدە دىننى چۈشىنىشكە ھوقۇقلۇق، دىنىنىڭ تېكىستلىرىنى ئۆزى يېزىپ، ئۆزى چۈشەندۈرىدىغان، ئۆزى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ ۋە ئۆزگەرتىدىغان پوپلار سىنىپىنىڭ مونوپوللۇقى ئىسلام دىنىدا

* ئىسلام پىرىنسىپىنى چىقىش نۇقتىسى ۋە باش مەنبە قىلغان قانۇنشۇناسلار.

مەۋجۇت ئەمەس .

يېڭى دەۋەتنى ئۈستىگە ئالغان «ئەپەندىلەر»نىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي يېڭى «ئۇقۇم»لار ئەمەس ئىدى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى «شەيىخلەر»نىڭ ئېيتقانلىرى بىزگۈن ئەپەندىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا بەزى تەرەپلەردە ئوخشايدۇ . ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرى بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ ، چوقۇم بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىشى كېرەك . لېكىن ھېچكىم-سۈيقەستچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ گوپپاڭچىلىرى- شەيىخلەرنىڭ سۆزلىرىگە قىلچە پەرۋا قىلمايتتى . چۈنكى ، بۇنىڭدا بىر نەچچە خىل سەۋەپ بار ئىدى .

بىرىنچى : ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەر «شەيىخلەر»نىڭ سۆزى ئىدى . شەيىخلەر تۈگەشكەن چاغدا ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى گەرچە ھەقىقەت بولسىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە يوق بولۇپ كېتەتتى .

ئىككىنچى : ئۇ پەقەت «سۆز»لەر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا «ھەرىكەت» يوق ئىدى ! شۇ سەۋەپتىن ئۇ سۆزلەر سۆزلىگۈچىلەرنىڭ تىلىدا ، ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىدا- گەرچە ئۇنى ئاڭلىسىمۇ- ھېچقانداق تەسىرگە ئىگە ئەمەس ئىدى . چۈنكى سۆزلىگۈچىلەر سۆز بىلەن تەڭ ھەرىكەتكە كەلمەيتتى . ئۇنى «دەۋەت قىلىشقا» ئۇرۇنمايتتى . . . ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ، ئېتىقاد قىلىدىغان ، ياشاشتىكى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق جاپا-مۇشەققەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدىغان بىرەر ئادەمنى ئەتراپىغا توپلىيالمايتتى .

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ سۆزلەر قېلىپلىشىپ قالغان «قۇرۇق» «گەپ»لەر بولۇپ ، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بىرى ئەقىدە مەۋجۇت بولسىمۇ ، بىراق ئۇ ۋىجدانىنى ئويغىتالمايدىغان ، ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەيدىغان ، بۇگۈنكى كۈندە دەۋەت قىلىنغان كىشلەرنىڭ ئەقلىگە ماس ھالدا ماڭمايدىغان «ئۆلۈك نەزەرىيە»لەر ئىدى . شۇ

سەۋەپتىن ئۇ ئالدى بىلەن «زىيالىيلار»تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ كېتەتتى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىدىيىۋى «ئوزۇق»نى شەكىللەندۈرەلمەيتتى. چەكتىن ئاشقان غەرىپلەشتۈرۈش دولقۇنىدا ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىنى جانلاندۇرىدىغان روھى ئوزۇق بولالمايتتى.

ئەمما «ئەپەندىلەر»دىن تەركىب تاپقان يېڭى دەۋەتچىلەرنىڭ قولىدا دەۋەت قىلىنغۇچىلار گويا ئىسلامنى يېڭىدىن تونۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئۇ ئىلگىرىكى ئىسلام بولۇپ، ئۆزگەرمەيدىغان تۇراقلىق ھەقىقەتلەر ئىدى. لېكىن ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇش يوللىرى، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى، مەدەنىيىتى، يۈزلىنىشى، قىيىنچىلىقى، ئېغىشلىرى ۋە كېسەللىكلىرى بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. قېلىپلىشىپ قالغان ئاشۇ قۇرۇق ئىبارىلەر مەلۇم دەۋرىدە كىشىلەرگە يەتكەن «كېسەل»ئىدى. شۇڭا ئۇ شەيخلەر ئىسلامنى كىشىلەرگە مۇشۇ خىل سۈرەتتە تەقدىم قىلىشنى تاللىۋالدى. لېكىن ئۇ ئىسلامنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەرگە يارايدىغان ئۆلگىلىك سۈرىتى ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ اللە پۈتكۈل ئىنسانلارغا ۋە بارلىق دەۋرلەرگە مۇناسىپ قىلىپ نازىل قىلغان قۇرئانى پرىنسىپقا ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

... ھەرقايسى دەۋرىدىكى ئەۋلاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا، يۈزلىنىشگە ۋە قىيىنچىلىقلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرەپلەرنى ئۇ پرىنسىپتىن ئۇچۇملاپ ئالىدۇ. ئۇ پرىنسىپ ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىي ۋە ئەقلىنى ئاچىدىغان دائىرىدە ئۇلارغا يوليورۇق بېرىدۇ. بىراق ئۇ پرىنسىپ مەلۇم دەۋرلەردە يۈز بەرگەندەك قېتىپ قالمايدۇ ۋە قېلىپلىشىپ قالمايدۇ. ئەمما ئادەملەر تۇرغۇنلۇق ۋە ئاڭسىزلىقتا گىرىپتار

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ شەيخلەر ئىسلامنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ ماڭدى ۋە ئۇنى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالى ئۇلگىلىك كۆرىنىشى دەپ ئويلىدى.

يېڭى دەۋەتچىلەر ئىسلامنى قۇرئانى پرىنسىپقا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار ئەۋلاتلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرغۇنلۇق ۋە قالاقلىق مەزگىللىرىدە كۆتۈرىۋالغان، ئىسلامغا چاپلاشقان قېلىپ ۋە رامكىلارنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى. ئەنە شۇ چاغدا دەۋەت قىلىنغۇچىلار ئىسلامنى گويا يېڭىدىن تونۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى. ھەممە ئۇلارنىڭ ئىچىدە اللە خالىغان كىشىلەر ئويغاق قەلىب، ئويغاق ئەقىل ۋە چاڭقاق دىللار بىلەن ئىسلامغا يۈزلەندى.

بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراقى - دۇشمەنىنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ چوڭ خەتەر ئىسلامنىڭ «ھەرىكەت» بولۇپ قالغانلىقى ئىدى... چۈنكى ئۇ قەغەزلەرگە يېزىلغان «سۆزلەر» بولماستىن بەلكى قەلبلەردىكى «ئىمان» ئىدى. ئىمان ئاشۇ قەلبلەرگە لىق تولۇپ، ئۇنى رىئال دۇنيادىكى جانلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى. قەلبلەر ئەتراپىدىكى ھەر بىر شەيئىگە قارىتا بەلگىلىك پوزىتسىيە بىلدۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە قۇرۇپ چىقىدۇ.

× × ×

تۆتىنچى تاسادىبىلىق شۇكى، دەۋەت دوختۇرلار، ئېنژېنېرلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئادۋۇكاتلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يېڭى مەدەنىيەت ئىگىلىرى ھەممە ھەرقايسى كەسىپلەردىكى ئۇنۇۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى ... دىن تەركىپ تاپقان زىيالىيلارنىڭ ئارىسىغا كەڭ كۆلەملىك تارقىلىپ كەتتى.

كىشىلەر ئۇلار مەڭگۇ دىنغا قايتىپ كەلمەيدۇ، بۇنداق دەۋەتلەر مەڭگۇ ئۇلارنى ئويغىتالمايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى.

چۈنكى ئۇلار دىن - دىن ئۇلارنىڭ ھايات يولى ۋە مەركىزى نۇقتىسى بولۇشى تۇگۇل- سۆزلەنگەن ھەرقانداق نەرسىگە قارىتا

قولاقلىرى پاك ، قەلبى ۋە زىھنى تاۋاق ھالدا تەربىيلەندى .
ئۇلار يەنە دىن ئۆتموشكە مەنسۇپ ، ئۇلار بولسا كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ، دىن «خىيالى نەرسە» ئۇلار رىئاللىقتا ياشاۋاتىدۇ . دىن خوراپاتلىق بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ، ئۇلار ئىلىم-پەن دەۋرىدە ياشاۋاتىدۇ» . . . دىگەن ئىدىيە ئاساسىدا تەربىيلەندى .
بۇگۈن ئۇلارغا نىمە بولدى؟ . . . ئۇلار چەكلەنگەن «نەرسە» تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇنىڭدىن -دىندىن -چەكلەش ئۇچۇن تالاي تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلدى . مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتىتلاردا يوزلىگەن كىتاپلار ، مىڭلىغان ماقالىلەر ، مىڭلىغان «دىنسىزلاشتۇرۇش» دەرسلىكلىرى ، مىڭلىغان يالىڭاچ سۈرەتلەر ، سىرىق فىلىملەر ، شەھۋانى ناخشىلار ، كوچىلاردا ، ئۇسۇلخانا ، تانسخانا ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا مىڭلىغان يالىڭاچ ئاياللار خىزمەتكە سېلىندى . (بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى دىندىن يىراقلاشتۇرۇش ئۇچۇن ئىدى . بىراق بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ دىنغا قاراپ ماڭغان يولنى توسۇپ قالالمىدى )

× × ×

يوقارقىلارنىڭ ھەممىسى كۈتۈلمىگەن تاساددىبىلىق . . . يەنە كېلىپ ھەر قانداق ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز تاساددىبىلىق بولدى .
«ئەركىنلىشىش» «مەدەنىيەتلىشىش»ۋە «تەرەققىلىشىش»قا چاقىرغۇچىلار تەبىئىلا بۇ تۇيۇقسىز دەۋەتكە قارىتا سۈكۈت قىلماقتا يوق ئەكسىچە ، بارلىق ۋاستىلار بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى . تۈنجى ھۇجۇم دەۋەتچىلەرنى «قالاق» دەپ ئەيىپلەش بولۇپ ، بۇ «زىيالىيلار»نى ئۇلاردىن نەپرەتلەندۈرۈشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋاستە ئىدى .
دۈشمەنلەر ماھىيەتتە ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۇچۇن

دەۋەتكە ھۇجۇم قىلغان ئىدى .

«ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش كاپىر بولۇشۇڭلارنى خالايدۇ» (4: 82)

لېكىن ئۇلار-روھى قۇللۇق ئىچىدە ئۆزى ئۇلارغا بېقىنىۋاتقان ۋە ئۆزىنى ئۇلارغا تەۋە دەپ قارىغان «خوجايىن»لارنى مۇداپىئە قىلىش ھەمدە غەرپلەشتۈرۈش سۈيقەستى جەريانىدا ئىچكى جەھەتتە ئۇنىڭغا قول بولغان ئىدىيەنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن دەۋەتكە ھۇجۇم قىلغان ئىدى . . . ئۇلار ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى قەتئىي ھېس قىلالمىدى . ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ئاشۇ تاجاۋۇزچى ئىدىيە بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتتى .

ئۇلار غەپلەت ئىچىدە بۇ ئىدىيەنى ئۆزىمىزگە خاس ئىدىيە دەپ قارىدى . چۈنكى ئۇلار ئۆز ئېڭىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى . ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئىچكى جەھەتتىن بۇزۇلدى . ئۆزىگە ۋە ئەتراپىكى شەيئىيلەرگە بولغان قاراشلىرى بۇزۇلدى . نەتىجىدە ھەممە نەرسىگە خوجايىنلارنىڭ كۆزى بىلەن قارايدىغان بولدى . ئۇلار روھى جەھەتتە ئۆزىنىڭ شەرىققە مەنسۇپ بولغانلىقىدىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى . چۈنكى ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى ئۇلارنىڭ بۇ خىل سۈرىتىدىن نومۇس قىلىدىغان بولغاچقا ، ئۇلار خوجايىنلىرىنى رازى قىلىش ۋە خوجايىنلىرىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن پۈتكۈل كۈچى بىلەن ئاشۇ سۈرەتنى ئۆزگەرتمەكچى ۋە ئۆزىدىن «نومۇس»نى يۇماقچى بولدى .

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇللار ئىسلامى دەۋەتكە ھۇجۇم قىلىشتا خوجايىنلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇھتاج بولمىدى . چۈنكى ئۇلار پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلگەن مەيدانى بىلەن دەۋەتكە قارىتا چوڭقۇر دۈشمەنلىك ۋە كۈچلۈك نەپرەتنى ھېس قىلىپ تۇراتتى . لېكىن

خوجايىنلار بۇنىڭلىق بىلەن يوليورۇق بېرىشنى توختىتىپ قويمىدى .

بەلكى ئوت ئۇستىگە ماي چېچىپ ، كۆيىۋاتقان ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى . . . دىن ، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىگە ھۇجۇم قىلىدىغان كىتاپ ، ماقالە ، دەرسلىك ، تەتقىقات . . . يالىڭاچ سۈرەت ، يالىڭاچ فىلىم ، شەھۋانىي ھىكايە ۋە بۇزۇق ئىدىيە . . كوچىلار ، ئۇسۇلخانا ، تانسىخانا ، بەزمىخانا ، قاۋاقخانا ۋە پاھىشىخانىلاردىكى يالىڭاچ ئاياللار . . (دەل ئاشۇلار ئوت ئۈستىگە چېچىلغان «بېنزىن» ئىدى ! ) ئەخلاقنى بۇزۇش ، ياشلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن قايتۇرۇش چىرىك ھوزۇر ھالاۋەت ۋە دۇنيانىڭ غەم ئەندىشىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى كونترول قىلىپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچنەرسە بۇ چولڭ خەتەر- ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى-نىڭ ئالدىنى توسۇپ قالالمايتتى . ئەگەر ئۇلار ئاللەنى ئۇنتۇپ ئاخىرەتنى ئەستىن چىقىرىپ قويغاندا ، ئۇلارنىڭ قەلبىلىرىدىكى «دىن»نىڭ دەرىزىلىرى تاقىلاتتى . ئۇلار ئاشۇ خەتەرلىك دەۋەتنىڭ ئالدىدىكى توسۇقتا ئايلىناتتى . بەلكى ئۇلار پاسكىنلىق ، مەينەتچىلىك ۋە چۈشكۈنلۈك پاتقاقلىرىغا غەرىق بولۇشتىن ئۇلارنى «مەھرۇم قالدۇرىدىغان» ئاشۇ دەۋەتنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئايلىنىپ كېتەتتى .

× × ×

لېكىن ئادەمنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان تاسادىبىلىق بۇنىڭدىن ئەچچە ھەسسە دەھشەتلىك بولدى !

1948-يىلى مۇسۇلمان پىدائىلار پەلەستىندىكى جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەلدى !

بىز بۇ جايدا ئاشۇ تارىخنى 50 يىل ئىلگىرىكى ئۆتمۈشكە يەنى 1897-يىلى شۋېتسارىيىنىڭ بال شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن زىئونىزىم

داھىسى «خىرزىل »نىڭ قۇرۇلتىيىغا قايتۇرايلى . ئاشۇ قۇرۇلتايدا بۇندىن كېيىنكى 50 يىل ئىچىدە پەلەستىنىدە يەھۇدىلار دۆلىتى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى قارار قىلىنىدى . ھەمدە 50 يىل ئىچىدە دۆلەت قۇرۇشنىڭ ستراتىگىيىلىك پىلانلىرى تۈزۈپ چىقىلدى . ئەمەلىيەتتە ئاشۇ قۇرۇلتايدىن 50 يىل ئۆتۈپ پەلەستىنىدە يەھۇدىلار دۆلىتى قۇرۇلۇپ بولدى .

سۇيىقەستچىلەر دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نىمە ئىشلارنى قىلدى ؟ ھەممىگە مەلۇمكى ئۇلار ئالدى بىلە پەلەستىنىدە ئۆزلىرىنىڭ مىللى ۋەتىنىنى قۇرۇش ئۈچۈن سۇلتان ئابدۇلھەمىدخاندىن بىر پارچە زىمىن سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ھەمدە يەر شارىدا دۇنيا ھاياتىنى سۆيىدىغان ھوقۇق ۋە پادىشاھلىقنى ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق ھۆكۈمرانىنى ئىزىقتۇرالايدىغان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بايلىق ۋە مۇكاپاتلارنى سۇلتان ئابدۇلھەمىد خانغا تەقلىدى .

ئاشۇ ۋاقىتتا ئوسمانىيە دۆلىتى قىلىچىلىك ئارام تاپقۇزمايدىغان قىيىنچىلىقلار بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئىقتىسادى ئەھۋال كونسىرى ناچارلىشىۋاتاتتى . دۆلەت مەركىزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پاراكەندىچىلىكلەر كۈچەيمەكتە ئىدى . بۇ ئىشلارنى مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋالغان دونما يەھۇدىلىرىنىڭ ⑤ كۆپ سانلىق ئەزالىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى ھەمدە روسىيە ۋە ئەنگىلىيەنىڭ قۇترىتىشى ئاستىدا دىنىسىز ئازسانلىق مىللەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارماقتا ئىدى . روسىيە ئوردوكىس ⑥ ئەرمەنلىرىنى قۇتراتسا ئەنگىلىيە باشقا گورۇھلارنى قۇترىتاتتى ، شۇنداقلا فىرانسىيە ، لىۋان سۇرىيە خىرىستىئانلىرى كۆتۈرۈپ چىققان «ئەرەپ مىللەتچىلىك» ھەرىكەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ ئەرەپلەرنى مىللەتچىلىك ئىنقىلاۋى قىلىشقا ؛



www.uyghurkitap.com

خەلپىلىك تۈزۈمگە قارشى چىقىپ ئىسلامى دۆلەتنى تارمار قىلىشقا ھەمدە «كېسەل كۆرپىسى» يەر شارىدىن يوقۇتۇشقا كۈشكۈرتمەكتە ئىدى. دۈشمەنلەر خەلپىلىكنىڭ زىمىنلىرىنى بۆلىۋېتىپ، ئۇنى ئۆزئارا بۆلاك-تالاك قىلىش مەقسىتىدە ئوسمانىيە دۆلىتىنى «كېسەل كۆرپىسى» دەپ ئاتىشاتتى.

مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرىۋاتقان ۋەزىيەتتە «خىرزىل» سۇلتان ئابدۇلھەمىدخانغا ئېزىقتۇرغۇچى ھېسابسىز سوغىنى سۇندى ⑦

ئۇزاق مۇددەتلىك ئوسۇمسىز قەرىز ۋە ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ كۈنسىرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان ئىقتىسادىنى گۈلەندۈرۈش لاھىيىسىنى... ۋەدە قىلدى. ھەرقايسى جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلپىلىككە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلاڭلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن، روسىيە ۋە ئەنگىلىيەنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى... مانا بۇلار دۈشمەنلەرنىڭ دۆلەتكە بېسىم ئىشلىتىش ۋە تېنىمۇ ئىلىش پۈرسىتى بەرمەسلىك ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەڭ كۈچلۈك تىرشچانلىقلىرى ئىدى.

ئابدۇلھەمىدخان مۇسۇلمان رەھبەرلەرنى بولۇشقا تېگىشلىك كەسكىنلىك، قەتئىيلىك ۋە باتۇرلۇق بىلەن بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

ئابدۇلھەمىدخاننىڭ يەھۇدى-خىرىستىئانلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى پارچىلاش ۋە ئىسلامنى يوقۇتۇش سۇيىقەستىگە قارىتا بىلدۈرگەن ئاڭلىق ۋە كەسكىن پوزىتسىيىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن دۈشمەنلەر ئۇنىڭ سۈرىتىنى سەتلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەندەك، ئەگەر ئۇ راستىنلا مەنپەتپەرەس، ئىشرەتخور، ۋە چىرىك پادىشاھ بولغان بولسا، يەھۇدى خىرىستىئانلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىر يولغا كىرگەن بولاتتى. خەلپىلىك يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ زىمىنلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ،

يەھۇدى-خىرىستىيائانلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەھەرلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ «تارىخىي قەھرىمانلار»غا ئايلانغان مۇناپىقلارغا ئوخشاش «تارىخى قەھرىمان»غا ئايلىنىپ كېتەلەيتتى . . . ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقى مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىشتا ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتەنلىرىنى يەھۇدى خىرىستىيائانلارغا بويسۇندۇرۇپ بېرىشتە ئەڭ ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ!

لېكىن مۇسۇلمان ئادەم-سۇلتان ئابدۇلھەمدخان-ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر سۆزىنى ئېيتتى: «ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ مېنىڭ زېمىنىم ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنى، مۇسۇلمانلار بۇ زېمىننى ئۆزىنىڭ قانلىرى بىلەن سۇغارغان، ھەر بىر غېرىچ زېمىندا بىر شەھىدنىڭ قېنى بار. مەن بۇ زېمىننىڭ بىر غېرىچ يېرىنىمۇ سىلەرگە بېرەلمەيمەن.»

ھەمىگە تونۇشلۇق بولغان ئاشۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە بولۇپ ئۆتتى.

ئابدۇلھەمدخان ھۆكۈمرانلىقى سۇيىقەستلىكلى بولىدىغان ئەڭ قەبىھ سۇيىقەستلەر بىلەن سۇيىقەستلىنىپ نامى بۇلغانغاندىن كېيىن تەختتىن چۈشتى.

بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ قولىدا «تورانىيە» ئىنقىلاۋى پارتىلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پاچىلاش، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆچ ئاداۋەتنى پەيدا قىلىش ۋە كېيىنكى پىلانغا شارائىت ھازىرلاش مەقسىتىدە، ئەرەپلەرنى قوزغاپ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ- «ئەرەپ لاۋرىنسى» دەپ ئاتالغان لاۋرىنسىنىڭ ⑧ رەھبەرلىكىدە «ئەرەبىزىمچىلىك» شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ «چوڭ ئەرەپ مىللەتچىلىك ئىنقىلاۋى»نى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، دۆلەتنى «تۇرۇكلەشتۈرۈش»چاقىرىقى ئوتتۇرىغا چىقتى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى (1914-1918)پارتىلىدى ⑨ ياكى

ئاخىرقى ھېساپتا ئوسمانىيە دۆلىتىنى يوقۇتۇش ۋە پەلەستىن بىلەن قوشۇپ، ئەرەپ دۇنياسىنى ئوسمانىيە دۆلىتىدىن ئايرىپ چىقىش ئۇچۇن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەقسەتلىك ئوتتۇرغا چىقىرىلدى. .. چۈنكى يەھۇدىلار ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ كونتروللۇقىدىكى پەلەستىندە دۆلەت قۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن ئىدى.

خەلىپىلىكنى يوقۇتۇش، مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىش، خەلىپىلىكنىڭ مەركىزى شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسى ۋە ئەسكىرى كۈچىنىڭ مەركىزى ⑩ بولغان تۈركىيەنى دىنسىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ياۋرۇپانىڭ قۇيرۇقچىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن كامال ئاتا تورك تەختكە چىقىرىلدى. ھەمدە ئۇنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ساتقىنلارنىڭ ئۈلگىسىگە ⑪ ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن، ئۇنىڭغا «ساختا قەھرىمانلىق» ئوردىنى بېرىلدى.

«كېسەل كۆرپىسى» يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زېمىن ۋە بايلىقلىرىنى يەھۇدىلارنىڭ ئىككى ئىتتىپاقدىشى ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە بۆلىۋالدى. پەلەستىننى ئەنگلىيە ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان بولدى. ئەنگلىيە شۇ ۋاقىتتا خرىستىئان دۇنياسىنىڭ كاتىپېشى، كۈن پاتماس ئىمپىرىيەنىڭ خاقانى ھەمدە يەھۇدىلارنىڭ تۇنجى قوللىغۇچىسى ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى «بالفۇر»-مەشھۇر بالفۇر كېلىشىمىنىڭ ئاپتورى-يەھۇدى ئىدى. ئۇنىڭ پەلەستىنگە بەلگىلەنگەن ئالى ۋەكىلى «سمويىل ھور» يەھۇدى ئىدى. دۆلەت ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان زېمىنلارنى يەھۇدىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە باشقا زېمىنلارنى قىممەت پۇللارغا سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشى ئاستىدا، دۆلەت قۇرۇش تەييارلىقلىرى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى. بىراق ئارقىدىنلا زېمىن ساتقان بايلارنىڭ

قولىرىدىكى پۇللارنى قايتۇرىۋېلىش ۋە باشقا سۈيىقەستلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «تىل ئەيىب»گە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان يەھۇدى قىزلىرىنى ئەۋەتتى.

پەلەستىن ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر ئەنگلىيە ياكى فىرانسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆز ھوقۇقىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان ئاجىز كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈۋېتىلدى. ئۇلار خىرىستىيانلارنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا بىرەر سىياسى كۈچكە ياكى تەبىئىلا بىرەر پارتىۋى كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارمىيىلىرى قارىماققا ئارمىيىنىڭ شەكلىنى ئالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار مۇراسىم ۋە يىغىلىشلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن باشقا ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدۇ... ئۇندىن باشقا ئىشغالىيەتچىلەر ئەرەپلەرنى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە ئېلىش جەريانىدا ھەربىي مەشىق نامى بىلەن ئۇلارنى ھاقارەتلەپ، خارلاپ ۋە قاتتىق قىيىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئەسكەر بولۇش ۋە قورال كۆتۈرۈشنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالغان. (ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيىلىكلەر ئۆز دۆلەتلىرىدە ئەسكەرلەرگە ھەرگىز بۇنداق مۇئامىلە قىلمايدۇ) يەنە كېلىپ بۇ ئارمىيەلەرنىڭ يېمەك ئىچمىكى ۋە قورالى ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ قولىدا بولۇپ، ئەگەر ئۇلار قورال-ياراق ياكى ئوزۇق تۈلۈك بىلەن ياردەم بېرىشنى توختاتسا، ئاشۇ ئەسكەرلەر ھاۋاغا بىر پايمۇ ئوق ئاتالمايدۇ.⑫

بۇ كىچىك دۆلەتلەر سىياسى، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن باشقا، ئۆز-ئارا ئۇرۇشقاق، دۈشمەن دۆلەتلەر بولۇپ، مەيلى ئىسلام ياكى ئەرەبىزىمچىلىك ياكى ياخشى خوشنا بولۇش قاتارلىق ھېچقانداق مۇناسىۋەت ئۇلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرالمايدۇ... بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەن، ۋە ئۇرۇشقاقلارغا ئايلىنىپ كەتكەن! «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ۋە

«مىللەتچىلىك»نىڭ تەشەببۇسچىلىرى يەھۇدىلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن، ئۇزاق زامانلاردىن بىرى ئاشۇ زېمىنلارغا شۇ خىل ئېقىمنىڭ زەھەرلىك ئۇرۇقلىرىنى بىخلاندۇرغان بولۇپ، ھەر بىر ئېقىمنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ «داھى» ۋە «قەھرىمانلىرى» بار ئىدى. بىز ئالدىنقى بۆلۈملەردە مىسىردىكى سەئىد زۇغلۇلنىڭ تارىخىنى ھەمدە ھەرقايسى شەھەرلەردىكى شۇنىڭغا ئوخشاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن شەكىلداش ۋەقەلەرنى سۆزلەپ ئۆتتۇق ⑬ بۇلارنىڭ سەۋەبى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ ئوبيېكتىپ نىشانىغا ئايلانغان «ئېتىقادىي قالاقلىقنىڭ تەسىرلىرى ئىدى.» چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنىڭ ماھىيىتىدىن؛ چىدامچانلىق ۋە تەقۋادارلىقتىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ھاياتىغا زەھەرلىك سۇيىقەستلەرنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتكەن ئىدى. الله ئىنسانىيەتكە چىدامچانلىق ۋە تەقۋادارلىقنى ئۇممەتنى زەھەرنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قالىدىغان ۋاستە دەپ كۆرسەتتى.

«ئەگەر سىلەر چىدامچان ۋە تەقۋادار بولساڭلار، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى سىلەرگە ھېچقانداق زىيان ئېلىپ كېلەلمەيدۇ» (3 : 20)

ئىسلام ئۇممىتىنى بۆلۈۋېتىش ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى پارچىلاش ئۈچۈن ئىسلام زېمىنلىرىغا ئاشۇ خىل ئىدىيە (مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك) كەڭرى تارقىلىپ كەتتى. تۆپ مەنىدىن ئېيتقاندا مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا باشقا مىللەت ۋە باشقا ۋەتەنلەرگە قارىتا ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىشان ئورتاقلىقى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا

كورەلمەسلىك ۋە دۈشمەنلىگىنى كۆچەيتمەي قالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالغۇز بىر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ!

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك ياۋرۇپادا شۇ جايدىكى يەرلىك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مۇۋەپپىقىيەت قازاندى. ياۋرۇپالىقلار ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويۇن دەپ قارىدى. چۈنكى ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويۇن سانائەت تەرەققىياتى ۋە ياۋرۇپانىڭ ئىسلام دۇنيا شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىش، بايلىقلىرىنى بۇلاپ-تالاش ھەمدە ئۇلارنى كەڭ دائىرىلىك مۇستەملىكە قىلىش نەتىجىسىدە ياۋرۇپالىقلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۇرۇپ قويغان پاراۋانلىق بىلەن زامانداش بولدى... گەرچە ياۋرۇپا بەختسىز بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك رىقابىتىدىن ھەمدە ئۇلارنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۆرىشىدىن كېلىپ چىققان ئۆزلۈكسىز ئۇرۇش ھالاكىتى بىلەن پۈتكۈل دۇنيانى بەختسىز قىلغان بولىسمۇ!...

بىراق مۇسۇلمانلار!

ئىسلام ۋەتەنلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك شۇئارلىرى ئازدۇرۇش ئامىللىرى بولۇپ، ئۇلارغا ھالاكەتتىن باشقا نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ھېچقانداق كۈچ قۇۋۋەتكە ئىگە بولالمايدۇ. بەلكى ئۇلار پارچىلىنىپ دۈشمەننىڭ ئېغىزىدىكى سىڭىشلىق لوقمىغا ئايلىنىدۇ. بىر پۈتۈن گەۋدىگە كۆز ئالايتىشقا پېتىنالمىغان دۈشمەنلەر، ئاجىزلىشىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن «كېسەل كۆرپىسى»نى⑭ ئاسانلا يۇتىۋېتەلەيدۇ.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا تۇنجى قېتىم ھېس قىلغان مۇنداق بىر ئىشنى بۇگۈنگىچە ھەيرانلىق ۋە ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئەسلەيمەن.

30- يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىراق ئۇچقۇچىلار ئەترىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئىراقنىڭ مەسئۇل مىنىستىرى مۇنداق دىدى:

«بىزنىڭ قاھىرەنى ھاۋادىن بومباردىمان قىلىپ توختىماي قايتىپ كېلەلەيدىغان ھەربىي ئايرۇپىلانلىرىمىز بار»

تولىمۇ ئەپسۇس!

ئەگەر ئىراقنىڭ ئايرۇپىلانلىرى ئىراقنىڭ دائىرىسى «مەۋنىسىل» دىكى ئەنگىلىيەنىڭ ھەربىي بازىسىنى بومباردىمان قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن تۇرسا، ئۇ نېمىشقا قاھىرەنى بومباردىمان قىلىشنى ئويلايدۇ؟ ئۇلار قاھىرەنى بومباردىمان قىلىشنى ئويلىغۇدەك قاھىرە ئۇلارغا نېمە قىلدى؟

توغرا، ئىسلام زېمىنلىرىغا مەقسەتلىك تارقىتىلىۋېتىلگەن زەھەر دەل ئاشۇنداق ئىدىيەنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. نەتىجىدە ئاشۇ زېمىنلاردا كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان ساختا قەھرىمان ۋە داھىلار پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئازغۇنلىقى ئاشقانسېرى پارچىلىنىش شۇنچە كۈچىيىدۇ. دۈشمەننىڭ ئازاپ-كۈلپەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مۆلدۈر بولۇپ ياغىدۇ!

ئەگەر يەرشارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار الله بۇرۇغاندەك بىر ئۇممەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرالىغان بولسا، ئاشۇ رايوندىكى يەھۇدى خرىستىيانلار تىنىچلىقا ئېرىشەلەمتى؟!

«ھەممىڭلار اللەنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى اللەنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار. (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدى-خرىستىيانلار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار) اللەنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر دۈشمەن ئىدىڭلار، الله دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى. اللەنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاق ئازگىلىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار. الله سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە ئايەتلەرنى شۇنداق بايان قىلىدۇ.» (102:

3)

قۇرۇپ چىقىش دائىرىسى ئالىقاچان تۈزۈلۈپ بولغان يەھۇدى دۆلىتىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى يۇقارقىدەك سىياسى، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى، پارچىلىنىش ۋە ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشتىن قۇتۇلالمىسا، ئۇلارنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقلىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمىسا، ئۇنداقتا دۈشمەنلەرنى قورقىتىدىغان يەنە نىمە قالدى؟

توغرا پەقەت بىرلا نەرسە قالدى. ئۇ بولسىمۇ ياشلار!

ئەگەر ياشلار، مەلۇم نىشان ۋە ئۇلۇغ ئىستەكلەر ئاساسىدا بىرلەشسە، ئۇنداقتا ئۇلار دۈشمەنگە نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك كۈچتۇر.

شۇ سەۋەپتىن دۈشمەنلەر دەسلەپكى ۋاقىتتىن باشلاپ، بۇ ياشلارنىڭ ھامان بىر كۈنى مەلۇم نىشان ۋە ئۇلۇغ مەقسەتلەر ئاساسىدا بىر گەۋدە بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ، كېرەكتىن چىقىرىشقا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە چۈشكۈنلۈك ۋە ئىرادىسىزلىكنى كەڭرى تارقىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

مانا بۇلار شەھۋانى گېزىت، سىرىق فىلىم ۋە دىڭىز ساھىللىرىدىكى يالىڭاچ ئاياللارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى سەۋەپلەر ئىدى... شۇنداقلا ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ ھالدا كوچىلارغا چىقىپ، ئۆزىنى ۋە ئەتراپتىكى ياشلارنى ئازدۇرۇش ۋە خىرىستىئان مىسسىئونىرى «زۋۋەيمىر»نىڭ نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىلەردىن چىقىرىپ تاشلاشتىكى «ئاساسلىق سەۋەپلەر» ئىدى. ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىنى يەھۇدىلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى؛ يەھۇدى خىرىستىئانلىقتىن

ئىبارەت ئىككى خىل دۈشمەنلىكنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا بىرلەشكەنلىكىنى كىشلەرگە ئېنىق ئۇقتۇرغان بۇ خىرستىئان مىسسىئونىرى 1935- يىلى قۇدۇستا ئۆتكۈزۈلگەن مىسسىئونىرلار قۇرۇلتىيىدا مىسسىئونىرلارغا خىتاپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

«سىلەر مۇسۇلمانلار ئەللىرىدە اللە بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتمايدىغان ۋە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالىمايدىغان بىر تۈركۈم ئەۋلاتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتىڭلار ، ئۇلارنى ئىسلامدىن چىقاردىڭلار . بىراق ئۇلارنى خىرستىئان دىنىغا كىرگۈزەلمىدىڭلار . نەتىجىدە چوڭ ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان راھەتكە ئامراق هورۇن شەھۋەتتىن باشقا غېمى يوق خىرستىئان مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ماسلىشىدىغان بىر تۈركۈم يېڭى ئاتالمىش مۇسۇلمان ئەۋلاتلار مەيدانغا كەلدى .

ئەگەر ئۇلار ئىلىم ئۆگەنسە شەھۋەت ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ . پۇل تاپسا شەھۋەت ئۈچۈن تاپىدۇ . ئەگەر يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولسا ، ھەممە نەرسىنى شەھۋەت يولىدا تۈگىتىدۇ .

«سىلەر ۋەزىپەڭلارنى تولۇق ئادا قىلدىڭلار ، ئەڭ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتىڭلار ، خىرستىئان دىنى سىلەرگە مەدەت بەرسۇن ! مۇستەملىكىچىلەر سىلەردىن مەمنۇن بولسۇن ! سىلەر ۋەزىپەڭلارنى ئىزچىل ئورۇنداڭلار ، ھەمدە سىلەر ئۇلۇغ كۆرەشلىرىڭلارنىڭ مەرھەمىتىدىن ، پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشتىڭلار »

ئەتراپلىق پۇختا تۈزۈلگەن بۇ پىلان بويىچە 1897-يىلى ئېچىلغان «خىرزىل»قۇرۇلتىيىدىن 50 يىل ئۆتۈپ ، 1948-يىلى يەھۇدى دۆلىتى قۇرۇلدى . ئامرىكا شۇ جاي ۋاقتى دەل يېرىم كېچىدە يەھۇدى دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلدى . ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتۈپ دىنسىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن

يەرشارىدىكى ھەر قانداق دۆلەتنىڭ دىنى ئاساسىي ئۇستىگە قۇرۇلىشىنى رەت قىلىدىغان روسىيە يەھۇدى دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىغانلىقىنى جاكالىدى .

1948-يىلى يەھۇدى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى ھەر قايسى تەرەپ كۈچلىرى ئالدىنئالا پىلانلانغان ۋە كېلىشۈلىنغان «چىگرا سىزىقى» پىلانى بويىچە ئەرەپ «ئارمىيىسى» بىلەن يەھۇدى ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا پارات ئۆتكۈزۈلدى . پاراتنىڭ كۆن تەرتىپلىرىدىن بىرى ئەنگلىيە مىسىر ئارمىيىسىنى ئوزۇق تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئارمىيە ئۇرۇش قىلىشتىن توختايدۇ ! . . . بەلكى «چىگرا سىزىقى»نىڭ قېشىدا تاساددىپىي توختاپ قالىدۇ !

دەل ئاشۇ چاغدا ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەچمىگەن . . . كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان تاساددىپىلىق يۈز بەردى !

«مۇسۇلمان قېرىنداش» پىدائىلىرى اللە يولىدا جاھات قىلغۇچى مۇسۇلمانغا خاس ئۆتكۈر ئىراده ۋە اللە يولىدا شەھد بولۇش ئارزۇسى بىلەن جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەلدى .

يەھۇدىلار ئاشۇ مۇجاھىدلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش بىلەن ئالدىن پىلانلانغان ۋە كېلىشۈلىنغان پاراتقا قاتناشقان پارات ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرىقنى دەرھال ھېس قىلدى .

بۇ تاساددىپىلىق يالغۇز يەھۇدىلارنىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل خىرىستىئان دۇنياسىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىۋەتتى !

يەھۇدىلار بىر قانچە قېتىملىق جەڭدە پىدائىلار بىلەن ئوچراشقاندىن كېيىن «اللە بۈيۈكتۇر ، مەدىيە اللاغا مەنسۇپ» دېگەن جاراڭلىق ئاۋازنى ئاڭلىغان چاغدا ، دۈشمەنلەرنىڭ ھاياتىنى سۆيگىنىگە ئوخشاشلا ئۆلۈمنى سۆيىدىغان پىدائىلارنىڭ

ھۆججەتلىرىدىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن، قورال-ياراق، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە جەڭ لازىمەتلىكلىرىنى تاشلاپ گازارمىلىرىدىن قېچىپ كەتتى.

خىرىستىئانلار گەرچە جەڭ مەيدانىغا بىۋاستە ئەسكەر قاتناشتۇرمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ تاسادىپىيلىق ئۇلارغىمۇ ئانچە يەڭگىل توختىمىدى!

شەھەر ئىمام ھەسەنۇل بەننانىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىسلام دەۋىتى 1928-يىلىدىكى تۇنجى قەدىمىدىن باشلاپ بولۇپمۇ ئاشۇ چاغدا ئەنگلىيەنىڭ ھەربىي بازىسى جايلاشقان ئىسمائىلىيە رايونىدا بۇ ھەرىكەت جانلىنىپ كەتكەن چاغدا خىرىستىئان دۇنياسىنى قاتتىق بىئارام قىلدى. ئاشۇ ۋاقىتتىكى خىرىستىئان دۇنياسىنىڭ كاتتىۋىشى ئەنگلىيە ھەسەنۇل بەننا قۇرۇپ چىققان جامائەتنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنچىكە رازۋېتكا قىلىپ، ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈردى ۋە جاسۇسلار ئارقىلىق بۇ جامائەتنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىشكە ئۇرۇندى.

ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس يازغۇچى گىب Gibb 1936- يىلى يازغان «ئىسلامدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر Madern Trends in islam» ناملىق كىتاۋىنىڭ تۇنجى نەشرىدە يېزىلغان (كېيىنكى نەشرىدە ئۆزگەرتىلگەن) بىر ئابزاس سۆزىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى: بۇ سۆز خىرىستىئانلار دۇنياسىنىڭ كاتتىبېشى ئەنگلىيىنىڭ بۇ جامائەتتىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز بۇ كىتاپتا «ئىسلامدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر» ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، جامالدىن ئافغانى ۋە مۇھەممەد ئەبدۇنىڭ «يېڭىلىقلىرى» ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. ئاندىن كېيىن ئۇ كىتاپنىڭ (بىرىنچى نەشرىدە) مۇنداق بىر ئىزاھاتنى يازىدۇ: «نۆۋەتتە مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتى دەپ ئاتالغان بىر يېڭى

جامائەت ئوتتۇرغا چىقتى بۇ جامائەتكە ھەسەنۇل بەننا ئىسمىلىك بىر ئادەم رەھبەرلىك قىلدۇ. گەرچە بۇ جامائەت يەۋقۇلئاددە خەتەرلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش ھازىرچە بالدۇرلۇق قىلىدۇ.»

يۇقارقى ئابزاستىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنگىلىيە بۇ جامائەتتىن قاتتىق ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ جامائەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا چوڭقۇرلاپ كىرەلمىگەن.

1936-يىلى ئاشۇ كىتاپ تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان چاغدىكى ئەھۋال ئاشۇنداق بولۇپ، 1948-يىلى پىدائىيلار پەلەستىنگە كىرگەنگە قەدەر قىسمەن ئۆزگىرىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەھۋال ئىلگىرىكىدەكلا داۋاملاشتى... بۇ قىسمەن ئۆزگىرىش ئەنگىلىيەنىڭ جامائەتتىن تېخىمۇ ئەنسىرىگەنلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى: ئەنگىلىيە ھەسەنۇل بەننانىڭ 1942-يىلى ئىسمائىلىيە دائىرىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن سايلام نامزاتىغا كۆرسىتىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن سايلامغا بىۋاستە ئارلاشتى، ھەمدە ئاشۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت رەئىسى نۇھاس پاشاغا بېسىم ئىشلىتىپ بۇ نامزاتنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولدى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئەنگىلىيە ئاشۇ ۋاقىتتا بۇ جامائەتتىن ئەنسىرەپ ئۇلارنىڭ قېتىمغا جاسۇسلارنى كىرگۈزۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرەلمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تاساددىپىلىق يەھۇدىيلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغاندەك، خىرىستىيانلارنىمۇ ئوخشاشلا ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان.

مەسىلە ئەنگىلىيە ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى پۈتكۈل خىرىستىيان دۇنياسى ئۈچۈن كەم دىگەندە ئىككى تەرەپتىن تاساددىپىلىق بولۇپ تۇيۇلدى.

بىرىنچى تەرەپ شۇكى، خىرىستىئان دۇنياسى ئىسلامغا نىسبەتەن خاتا قاراشتا بولدى، ئۇلار ئىسلام «ئاجىزلاشتى» ۋە «كۈچىدىن قالدى» ئاخىرقى مەزگىللەردە مۇسۇلمانلار يولۇققان ئېچىنىشلىق ئاجىزلىقتىن كېيىن ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلامى «جاھات» كۆرۈنىشىدە يېڭىدىن قوزغىلىپ چىقالمايدۇ دەپ ئويلىدى.

ئەمەلىيەتتە بارلىق ئىسلامى جاھات ھەرىكەتلىرى مەيلى ھىندىستان ياكى شىمالى ئافرىقىدا بولسۇن، ياكى سۇدان ۋە ياكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىدا بولسۇن ئاللىقاچان نۇرى ئۆچۈپ، تۈگەپ كەتكەن ئىدى. زەھەرلىك ئىدىيىۋى ھۇجۇملار جاھات روھىنى «سىياسى» ھەرىكەتلەرگە ئايلاندۇرىۋەتكەن بولۇپ، بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ بىردىنبىر ئىپادىسى كوچىلاردا «نامايىش» ئۆتكۈزۈش ئىدى. نامايىشچىلار ماگزىنلارغا، چىراقلارغا ۋە ساقچىلارغا تاش ئېتىپ ئاخىرىدا ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتىن باشقا چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. ئۇلار پات-پات ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان «پاراكەندىچىلىك»لەرگە ئارلىشىدۇ. سىياسى ھەرىكەتلەر قوزغاۋاتقان «باش ئەگمەس قارشىلىق» ئالدىدا دۈشمەن قارىماققا ئاستا-ئاستا ئۆزىنىڭ مەيداندىن قايتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە دۈشمەنلەر «مۇستەقىللىقتىن» كېيىن شەھەرلەرنى ئۆتكۈزىۋالغان ھۆكۈمرانلاردىن خاتىرجەم بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىدىيىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، دۈشمەنلەر قىلچە ئىككىلەنمەستىن ھۆكۈمرانلىق «ئامانىتى»نى ئۇلارغا تاپشۇرىدۇ. (ھوقۇق تۇتقان ھۆكۈمرانلار بولسا، ئاشۇ دۈشمەنلەرنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقى بويىچە دۆلەت باشقۇرىدۇ)

شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىسلام» ئىسلامى جاھات كۆرۈنىشىدە يېڭىدىن قوزغىلىپ چىقىشى مۇمكىن دېگەن خىيال

خىرىستىيانلارنىڭ كۆڭلىگە زادى كىچىپ باقمىغان ئىدى. گەرچە خىرىستىيانلار مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتىدىن ئەنسىرەپ داۋاملىق ئۇلارنى نازارەت قىلىپ تۇرىۋاتقان؛ ھەمدە ئىسلامنىڭ تۇيۇقسىز ئوتتۇرغا چىقىدىغانلىقى ھەققىدە گىبب «ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۈزلىنىشى» whither islam ناملىق كىتاۋىدا «بۇ دىندىكى ئەڭ چوڭ خەتەر ئۇنىڭ بىرەر ئاشكارا سەۋەپسىز تاساددىبىي قوزغىلىپ چىقىشى بولۇپ، قوزغىلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان جايلارنى قىلچە بايقىغىلى بولمايدۇ» دىگەن تاساددىبىلىقتىن ئۈزلۈكسىز قورقۇپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق خىرىستىيانلار قوزغىلىشنىڭ بۇ خىل سۈرەتتە ئوتتۇرغا چىقىدىغانلىقىنى زادى ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

ئەمما ئىككىنچى تەرەپ شۇكى خىرىستىيانلار 1798-يىلى خىرىستىيان ناپالىئون مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن تۇنجى مىنۇتتىن باشلاپ (مۇشۇ ھادىسلەردىن بىر يېرىم ئەسىر ئىلگىرى) مىسىردىكى ئىسلام ئاساسلىرى (ھولى)نى ۋەيران قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى [15] ئاشۇ ئۇزاق مەزگىللەردە، بولۇپمۇ 1882-يىلدىن باشلاپ مىسىر زىمىنىغا ئاياغ باسقان ئەنگلىيىنىڭ ئىشغالىيەت مەزگىللىرىدە بىز يۇقاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك خىرىستىيانلار ئىسلامنى يوقۇتۇش، ئاخىرقى ھېساپتا مىسىرنى ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن بارلىق ئۇسۇللار بىلەن ھەرىكەت قىلىشتىن بىردەممۇ توختاپ قالمىدى [16] شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ پىدائىلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ۋە ھالقىلىق پەيتتە ئۇلارنى جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتكەن جاينىڭ دەل مىسىر بولۇپ قىلىشى خىرىستىيان دۇنياسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن تاساددىبىلىق بولدى.

ئەنە شۇ چاغدا يەھۇدى خىرىستىيانلار ئورتاق نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق بىر قارارنى ماقۇللىدى: يەھۇدى ۋە

خىرىستىئان دۆلەتلىرىگە بىردەك مۇقىم ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن چوقۇم بۇ جامائەتنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك !
دوكلات ئاپتورى ئىپادىلىگەندەك «گىگانت»نىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئەرەپ ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەھۇدى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش لورد كامبىل 1907-يىلدىكى مەشھۇر دوكىلاتىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك خىرىستىئانلارنىڭ بىردىنبىر نىشانى ئىدى .
ئاشۇ رايوندىكى ئويغىنىش ئالامەتلىرىنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرۈشتىن بۇرۇنلا ، خىرىستىئان دۆلەتلىرىنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى . چۈنكى ئۇلار بۇ دىنىنى گويا بالىلىرىنى تونۇغاندەك تونۇيتتى .
«بىز كىتاپ بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدى ۋە خىرىستىئانلار ) ئۇنى (پەيغەمبەرنى ) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونىيدۇ .» (146 : 2 )
ئەنگىلىيە ئەينى ۋاقىتتا خىرىستىئان دۇنياسىنىڭ داھىسى ۋە ئاشۇ رايوندىكى ئەڭ چوڭ نوپۇز ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ، باشقا خىرىستىئان دۆلەتلىرى ئۆزلىرىنى ئورتاق نىشان بويىچە بىرلەشتۈرۈدىغان ۋە ھەر بىرىنى مەلۇم مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدىغان بىرەر ۋاستىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە «غوجا ئاكىسى»غا تاياندى .
ئەنگىلىيە لورد كامبىل - لوردات مەجلىس ئەزالىرىنىڭ بىرى-نى مۇشۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىش ۋە بارلىق خىرىستىئان دۆلەتلىرىگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋەكىلىككە سايلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر دوكىلاتىدا مۇنداق يازدى : «بۇ جايدا ئوكياندىن دېڭىز قولتۇقى ئارىسىغىچە جايلاشقان بىر خەلق بار . ئۇلارنىڭ تىلى بىر ، دىنى بىر ، قەبىلىسى بىر ، مەدەنىيىتى بىر ، ئارزۇ-ئارمانلىرى ئورتاق بولۇپ زېمىنلىرى تۇتىشىپ تۇرىدۇ . . .

www.uyghurkitap.com

ئۇ بۇگۈن بىزنىڭ قولىمىزدا ، لېكىن ئۇ سىدىرلاشقا باشلىدى . . . ئەگەر ئەتە گىگانت ئويغىنىپ قالسا ، بىزگە نىمە ئىشلار يۈز بەرەر ؟ ! . . . »

خىرىستىئانلارنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھامان يۈز بېرىشى ناھايىتى ئېنىق .

ئىسلام ئىسلام بولغانلىقى ، مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدىغان خىرىستىئانلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەندە ؛

«ئەگەر سىلەرگە بىر ياخشىلىق يەتسە ، ئۇلار بۇنىڭدىن بىئارام بولىدۇ . ئەگەر سىلەرگە بىرەر يامانلىق يەتسە ئۇلار بۇنىڭدىن خوشال بولىدۇ » (3: 119)

يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەندە ، بۇ جايدا ئەگەر گىگانت ئويغىنىپ قالسا ، چوڭقۇر تەسىرگە ئۇچرايدىغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر مەۋجۇت ، چۈنكى ياۋروپا مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىن ۋە بايلىقلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتىن ئىلگىرى ھەرگىزمۇ بىز بىلىدىغان بۇگۈنكى ياۋروپا بولمىغان ئىدى .

ياۋروپا ئىسلام دۇنياسىغا مۇستەملىكىچىلىكىنى كېڭەيتىشتىن ئىلگىرى قانداق ئىدى ؟ ياۋروپا دۆلەتلىرى سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆز-ئارا ئۇرۇشقاندەك ، ئىچكى ئۇرۇش بىلەن چەكلىنىپ قالغان بولسا ، كۈچى قانچىلىك زورايسۇن ـ بۇگۈنكى ياۋروپاغا ئايلىنالارمىدى ؟

خىرىستىئانلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى مۇستەملىكە قىلىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن قاتمۇ-قات بايلىقلار بىلەن ياۋروپا بۇگۈنكىدەك كۈچ-قۇۋۋەت ، گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتقا ئىگە بولدى . ئەگەر ئەتە گىگانت ئويغىنىپ ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان بايلىقلىرىنى

ۋە تارتىۋېلىنغان ئىززەت-ھۆرمىتىنى قايتۇرىۋالسا ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار ؟ !

تەبىئىيكى ياۋرۇپاغا ھەرگىز ياخشىلىق بولمايدۇ !

بۇ جايدا لورد كامبىل ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرغا قويدى !

بىز بۇ خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىشىمىز كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە دوست بىراق ئاشۇ رايون ئاھالىسىگە دۈشمەن بولىدىغان ؛ ھەرقاچان گىگانت ئورنىدىن تۇرماقچى بولسا ، ئۇنىڭ پۇتىغا شوخا (تىكەن ) بولۇپ سانجىلىدىغان تاجاۋۇزچى دۆلەتتىن بىرنى مەيدانغا كەلتۈرىشىمىز كېرەك .

ئەنە ئاشۇ دەل 1948-يىلى قۇرۇلغان يەھۇدى دۆلىتى ئىدى . . . ئەنە ئاشۇ ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە خىرىستىئانلارنىڭ 1907-يىلى باشلانغان دۆلەت قۇرۇش پىلانى ئىدى .

شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياۋى خىرىستىئانلار بىلەن دۇنياۋى يەھۇدىلار ئورتاق بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ئورتاق بىر قارارنى ماقۇللىدى : يەھۇدى ۋە خىرىستىئان دۆلەتلىرىگە بىردەك مۇقىم ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن چوقۇم بۇ جامائەتنى كۆزدىن يوقۇتۇش كېرەك !

دۈشمەنلەر ئەخلاقى جەھەتتە بۇزۇقچىلىق قىلىش ، ئىدىيۋى جەھەتتە ھۇجۇم قىلىش . . . پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن باشقا ، بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان توختىماي ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، بىراق پەلەستىندىكى پىدائىلار ئۇرۇشى نامايەن قىلغان مۇشۇنداق خەتەرلىك سورەتتە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى . . . ئەمدى نىمە قالدى ؟ ! . . .

پۈتكۈل قوراللار توختىماي خىزمەت قىلسۇن ! . . . دىن ، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىگە ھۇجۇم قىلىدىغان كىتاپ ، ماقالە ، تەتقىقات

ۋە دەرىسلىكەر . . . شەھۋانى گېزىت ژورنال ، سېرىق فىلىم ۋە دېڭىز ساھىللىرىدىكى يالىڭاچ ئايللار . . . كوچىلار ، ئۇسۇلخانا ، تانسىخانا ، پاھىشخانا ۋە بەزمەخانىلاردىكى يالىڭاچ ئاياللار . . تىنماي خىزمەت قىلسۇن ! . . . خىزمەتنى قىلچە بوشاشتۇرماي ئادا قىلسۇن ! . . قانداق قىلىپ بولمىسۇن قورقۇنچلۇق خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كەسكىن تەدبىر قوللىنىش كېرەك !

هادىسىلەر ئارقىمۇ-ئارقا ئۇلىشىپ كەلدى . . . ئىسمائىلىيىنىڭ «فايىد» شەھىرىدە ئەنگىلىيە دائىرىلىرى بىلەن چەتئەل دۆلەتلىرىنىڭ كونسۇللىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتىنى يوقۇتۇش ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى توختىتىش توغرىلىق مىسىر ھۆكىمىتىنى ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن ، جامائەت ئەزالىرىنى قاماققا ئېلىش ، قېيناش ۋە سۈرگۈن قىلىش . . . هادىسىلىرى باشلىنىپ كەتتى . . . هادىسە 1949-يىلى ئىمام شەھىد ھەسەنۇل بەننانى ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە يەتتى .

× × ×

ئىمام شەھىدنى «ئىسلامى» قول بىلەن ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان يەھۇدى-خىرىستىيانلار ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەن مەسىلە مەڭگۈ ھەل بولىدۇ ، ئىسلام دۈشمەنلىرى ئارام تاپىدۇ . ئۇلارنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلار قايتا يۈز بەرمەيدۇ دەپ ئويلىغا ئىدى .

گەرچە ئۇلار شۇ ۋاقىتتا «خاتالاشقان» بولسىمۇ ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ خىيالى سەۋەپسىز ئەمەس ئىدى .

ئۇلارنىڭ ئويىچە ھەسەنۇل بەننانى ئۆلتۈرگەندە ئۇ قۇرۇپ چىققان جامائەتنى يوقاتقىلى بولاتتى . چۈنكى ئۇ ماھىيەتتە ئاشۇ جامائەتكە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ بارلىقى ئىدى . . . ھەسەنۇل بەننا ئۇ جامائەتنىڭ قۇرغۇچىسى ، يولىيورۇق ۋە كۆرسەتمە بېرىدىشغان يېتەكلىگۈچىسى ئىدى . تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقلى ، سوقۇپ

تۇرىدىغان يۈرىكى ئالغا ئىنتىلدۈرگۈچى روھى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ھەسەنۇل بەننانى يوقاتقاندا ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچىنى يوقاتقىلى بولىدۇ، ھەرىكەت ئۆزلىگىدىن يوقۇلۇپ تۈگەيدۇ دەپ ئويلىدى.

لېكىن ئۇلار «قان تەقدىم قىلىنغان دەۋەتنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت» ئەڭ زور ئىلاھى قانۇنىيەتتىن بىخەۋەر ئىدى.

شۇنداقلا ئۇلار مۇنداق بىر زور ھەقىقەتتىن بىخەۋەر ئىدى: اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇلار تۆكىۋاتقان قانلارنىڭ كۆپىيىشى مۇشۇ دەۋەتنىڭ جانلىنىشىنىڭ ئاساسىي ئىدى.

× × ×

ئىبراھىم ئابدۇلھادى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان قانلىق باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى يۈز بېرىپ ئىككى يىلدىن كېيىن يەنى 1950-يىلى مىسىرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. ھەمدە ئەركىنلىكنى يولغا قويۇپ، ئادەتتىكى شارائىتتا يېڭى سايلام ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلدى...

مانا بۇ جايدا تاساددىبىلىق يۈز بەردى...

ھەر قايسى ساھالەردە ئىسلامغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك بۆرۈلۈش مەيدانغا كەلدى.

ئۇنۋېرسىتېتتا ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ سايلاملىرى پۈتۈنلەي دىگۈدەك بەزى پاكولتېتلاردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، ياكى تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قېرىنداشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. «ئىسلام» دوختۇرلار، ئېنژىنىرلار ئادۋوكاتلار ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى... تېخىمۇ خەتەرلىك بولغىنى ئىسلام ئارمىيە ۋە ساقچى قىسىملارغا تارقىلىپ كەتتى. ئۇلاردىن ھەر

بىرىنىڭ قېتىدا ئۇخشىمىغان دەرىجىدە ئىسلام «ھەرىكىتى» بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئۆز ساھەسىدە ياكى باشقا ساھەلەردە دەۋەتنى كەڭرى قانات يايدۇرۇش ئۇچۇن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان يېتەكچىلەر بارلىققا كەلدى.

ئەنە شۇ چاغدا يەھۇدى-خىرىستىيانلار تۇنجى زەربىنىڭ بۇ ھەرىكەتنى يوقىتالمىغانلىقىنى، شۇڭا تۇنجى قېتىمقىغا قارىغاندا تېخىمۇ قەبىھ ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىك بولغان، شەيتانىنىڭ پىلانىدا بۇ ھەرىكەتنى يوقىتىدۇ دەپ قارالغان ئىككىنچى زەربىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلدى. بىراق ئاشۇ جەرياندا دۇنياۋى ھادىسىلەر يۈز بېرىپ پۈتكۈل رايونلارنىڭ خەرىتىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، گەرچە نىشانلاردىن ھېچ بىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىمۇ...!

ئۇرۇش ئەنگىلىيە بىلەن فىرانسىيەنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ ئۇلارنى ئىككىنچى دەرىجىلىك دۆلەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئامېرىكا «ئەركىن دۇنيانىڭ خوجايىنى» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى... بۇنىڭغا ئىسلامىي رايونلار ۋە شۇ رايونلاردىكى ھادىسىلەرنىڭ يۆلىنىشلىرىگە نىسبەتەن مۇھىم ئىككى ئىشى قوشۇلۇپ كەلدى. بىرىنچى، خىرىستىيانلارنىڭ رەھبەرلىكى «ئەركىن دۇنيا»نىڭ رەھبەرلىكى بىلەن قوشۇلۇپ، ئامېرىكىغا يۆتكەلدى. ئاتالمىش ئەركىن دۇنيا ئەمەلىيەتتە خىرىستىيانلار دۇنياسى بولۇپ، خىرىستىيانلارنىڭ رەھبەرلىكى ھەر دائىم خىرىستىيان دۇنياسىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قولىغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگىلىيە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولغاچقا، خىرىستىيانلارنىڭ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئامېرىكا كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىۋىدى، رەھبەرلىك تەبىئىيلا ئۇنىڭ قولىغا يۆتكەلدى. دېمەك پۈتكۈل خىرىستىيان دۇنياسى ئىسلامغا قارشى

ئۇرۇش قىلىدۇ. لېكىن رېئاللىقنىڭ تەلىۋى بويىچە ئۇرۇش رەھبەرلىكىنى خىرىستىئان دۇنياسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە تاپشۇرىدۇ! ئۇلار ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ، پۈتكۈل ئىشلاردا بىر-بىرىگە خىرىس قىلىسىمۇ، بىراق ئىسلامغا قارشى تۇرۇشتا بىر-بىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان، ھەمكارلاشقان، بىرلەشكەن ۋە بىر-بىرىگە تايانغان «بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى» دۇر.

ئىككىنچىسى شۇكى، دۇنيا يەھۇدىلىرى ئۆزىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى ئەنگلىيەدىن ئامېرىكىغا يۆتكىدى. بۇ دىگەنلىك، يەھۇدىلار ئەنگلىيەدىكى پائالىيىتىنى ياكى ئەنگلىيە بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى دىگەنلىك ئەمەس... بۇ ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەت نۇقتىسىدىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن... ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، جەنۇبىي ئافرىقا، روسىيە... بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بىراق ئاساسلىق مەركەزلىشىش نۇقتىسىنى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە يۆتكەيدۇ. چۈنكى كۈچلۈك دۆلەت ئۇنىڭ «پايدا» زىيىنىغا زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلىدۇ. مانا بۇ چاغدا ئىلگىرى يەھۇدىلار بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىق ئورنىتىلغاندەك، ئىسلامى ھەرىكەتنى يوقۇتۇش ئۈچۈن دۇنيا يەھۇدىلىرى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئەڭ كۈچلۈك ھەمكارلىق مەيدانغا كەلدى.

بىز بۇ يەردە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ۋە ياكى دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىنى يوقۇتۇش پىلانىغا نىسبەتەن بولسۇن، ھادىسىلەرنىڭ تارىخىنى سۆزلىمەيمىز. چۈنكى بۇ ساھەدە ئۇنىڭ مەخسۇس يازغۇچىلىرى بار.

بىز پۈتكۈل تەتقىقات جەريانىدا ئاساسلىق تارىخى كۆرۈنۈشلەرنىڭ كەڭرى يوللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز...

بىز تۈنجى جامائەتنىڭ تارىخىنى سۆزلىمىدۇق، بەلكى ئۇنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كەڭرى يوللارنى گەۋدىلەندۈردۇق، تارىخى ئېغىپ كېتىشنىڭ يوللىرىنى بايان قىلمىدۇق بەلكى ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق تەرەپلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى ئوچۇق سۆزلەپ ئۆتتۇق. شۇنىڭدەك بىز بۇ جايدا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تارىخىنى سۆزلىمەيمىز، بەلكى ئۇنى تارىخى كۆرۈنۈش سۈپىتىدە تىلغا ئالىمىز، ھەمدە تەتقىقاتىمىز يار بەرگەن دائىرىدە ئۇنىڭدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ۋە ئەڭ مۇھىم يوللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

× × ×

يەھۇدى-خىرىستىئانلار ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇش ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتكە ئىككىنچى قېتىم كەسكىن زەربە بېرىشنى قارار قىلدى. شۇ سەۋەپتىن يەھۇدىلار ئاشۇ زەربىنى قانات يايدۇرۇش مەقسىتىدە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلەپى بويىچە ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلاشتى، بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاللانغان قورال جامال ئابدۇناسىر ۋە ھەربىي ئۆزگىرىش ئىدى.

يەھۇدى ۋە خىرىستىئانلار «تەبىئىلار» بىرلەشكەن ئورۇن ھازىرقى زامان تىلى بويىچە ئېيتقاندا ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى بولۇپ، ئامېرىكا ئەمەلىي رېئاللىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا خىرىستىئان، پۇتكۇل ئامېرىكا دۆلىتى ۋە ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ يەھۇدىلارنىڭ نوپۇزىغا بويسۇنۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا يەھۇدى ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ جايدا ئامېرىكىنىڭ ئىسلام رايونىدىكى ھادىسىلەرنى ئىدارە قىلىشتا، بىردەك يەھۇدى خىرىستىئانلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشتىكى ئاساسلىق رولىنى بايقايمىز.

ئەمما ھەربىي ئۆزگىرىشنى تاللاش ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش

قىلىشىنىڭ قورالى (ۋاستىسى) بولۇپ، بىز ئالدىنقى بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇ ئاتا تۈركنىڭ تەجرىبىسىدە شەكىللەنگەن يەھۇدى-خىرىستىئانلارنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىسى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان، يەھۇدى-خىرىستىئانلار بۇ تەجرىبىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىدۇ. ھەمدە ئۇنى ئىسلامنى يوقۇتۇش مۇسۇلمانلارنى قانلىق باستۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۇلۇغ» نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى يەكۇنلىگەن قىممەتلىك بايلىق دەپ قارايدۇ. بۇ تەجرىبە ئۇلارنىڭ ئويىدا مۇھىم ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتىكى مۇۋەپقىيەتلىك ئامىل دەپ قارالغاچقا، ئىلگىرى ئاتا تۈركنىڭ قولىدا ئىشلىتىلگەن بۇ تەجرىبىنى ئامېرىكا «نىشان»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي قوللىنىشنى قارار قىلدى.

ئارمىيە سېپىدىكىلەر روھى تەربىيىلىنىش خاراكتېرى بىلەن ھوقۇقنى سۆيىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە قاتتىق ئىنتىلىدۇ. ئەگەر ھەربىي ئۆزگىرىشكە «ھوقۇق مەستانىسى ۋە ياۋۇز»لۇقتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئىككى خۇسۇسىيەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ھەمدە ئىسلامنى قەتئىي ئۆچ كۆرىدىغان بىر ئادەم تاللانسا، ئۇنداقتا تەلەپ قىلىنغان خىزمەتنى مۇۋەپقىيەتلىك ئورۇنداشنىڭ بارلىق ئامىللىرى تولۇقلانغان بولىدۇ. (ھوقوققا ئىگە بولۇش ئىستىكى كاللىسىنى چىرمىۋالغان) ئارمىيە سېپىدىكىلەر تەلەپ قىلىنغان «يوقۇتۇش» خىزمىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىپلاسلىقنى قىلىشتىن ۋە كىشىنىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان ۋەھشى ئۇسۇللارنى قوللىنىشتىن يانمايدۇ. تۇنجى قېتىملىق تەجرىبە ئاتا تۈركنىڭ قولىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. چۈنكى ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالدا ھوقۇق مەستانىسى، مەنمەنچىلىك، ياۋۇزلۇق ۋە ئىسلامنى ئۆچ كۆرۈش قاتارلىق دۈشمەنگە ياقىدىغان بىر نەچچە خىل خۇسۇسىيەت بولغاندىن باشقا،

www.uyghurkitap.com

ساختىا «قەھرىمانلىق»قا كىرەكلىك «پەردازلار» ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى . .»

بۇندىن ئىلگىرى دۇنياۋى ئۇرۇشلاردىن غەلبە قازانغان ھالدا چىقىپ ئاناتولىيە زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىتتىپاقداش ئارمىيە «ئاتا تۈرك»نىڭ ئالدىدا چېكىنىگەن چاغدا ، ئۇنىڭ ھەقىقىي نامى «قانخور ئاتا تۈرك» بولغانىنىڭ ئورنىدا ئەكسىچە «غازى ئاتا تۈرك»بولۇپ قالدى .

مىسىر يەھۇدى-خىرىستىيانلارنىڭ پۈتكۈل سۈيقەستىدىن كېيىنمۇ ، يەنىلا ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن ، بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىككىنچى مەركىزى ھېسابلانغان مىسىردىكى ئىسلامى ھەرىكەتكە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش پىلان قىلىنىۋاتىدۇ .

چۈنكى ئىسلامى دەۋەت مىسىردىن ئەتراپتىكى سۈرىيە ، ئىئوردانىيە ، ئىراق ۋە سۇدان قاتارلىق ئەرەپ ئەللىرىگە كەڭ يىدۇ . ئەگەر دۈشمەنلەرنىڭ سۈيقەستى بولمىغاندا ، تېخىمۇ يىراق جايلارغا كەڭ يىشى مۇمكىن . . . . ⑰

مروبرگر «بۈگۈنكى ئەرەپ دۇنياسى» ناملىق كىتاۋىنىڭ 1936- يىلى نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە نۇسخىسى ئىككىنچى نەشرى 248-بەتتە كۆرسەتكەندەك ، يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلار بۇرۇنقى مول تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ ، ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ .

ئەمما بۇ مۇھىم ۋەزىپە ئۈچۈن جامال ئابدۇناسىرنى تاللاش مەسىلىسىدە ، ئۇنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن قاچان ئالاقىلىشىپ ، قاچان تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى ؛ ئۇنىڭدىكى ھوقۇق مەستانىسى ، ياۋۇزلۇق ۋە ئىسلامنى ئۆچ كۆرۈش . . قاتارلىق دۈشمەنگە كېرەكلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ قاچان ئاشكارلانغانلىقىنى

ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك ھۆججەتلەر ھازىر بىزدە يوق ⑱ بىراق ئۇنىڭ بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى رەسمىي تۇنجى ئاشكارا مۇناسىۋەت 1949-يىلى پەلەستىندىكى فالۇجا مۇھاسىرىسى جەريانىدا ئورنىتىلدى. ئاشۇ چاغدا ئابدۇناسىر بىلەن يەھۇدىلار ۋەكىلى «ئىيجال ئالۇن» ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، تولۇق بىر سائەت سۆھبەتلەشتى. شۇندىن كېيىن ئۇچرىشىشلار كۆپىيىپ كەتتى. . . «ئىنقىلاۋى يازغۇچى» مۇھەممەد ھۇسەيىن ھەيكەل جامال ئابدۇناسىرنىڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ، ئۇ جامال ئابدۇناسىرنىڭ نامىدىكى بىر پارچە ماقالىسىدە ناھايىتى ئوچۇق كۆرسەتكەندەك بۇ ئۇچرىشىشلار ئىسپاتلاشنىڭ ھاجىتى قالمىغۇدەك دەرىجىدە ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ كەتتى. . . 1950-يىلدىن 1952-يىلغىچە تولۇق ئىككى يىل پۇختا تەييارلىق قىلىش بىلەن ئۆتتى. كېيىنكى يىللاردا «ئىنقىلاپ» دەپ ئاتالغان «ئۇلۇغ ھەرىكەت ⑲» مەيدانغا كەلگەن چاغدا جامال ئابدۇناسىر ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى: بىرىنچى قېتىم 1954- يىلدىن 1955-يىلغىچە، ئىككىنچى قېتىم 1965-يىلدىن 1966-يىلغىچە ئىككى قېتىم تارىختىكى ئەڭ قەبىھ قىرغىنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى قانلىق باستۇردى.

× × ×

بىز يەنە بىر قېتىم ئىسلام ئويغىنىش ھادىسىلىرىنىڭ تارىخىنى ۋە ياكى دۈشمەنلەرنىڭ بۇ ھەرىكەتنى يوقۇتۇش سۇيىقەستىنىڭ تارىخىنى سۆزلىمەيمىز بەلكى ئەڭ مۇھىم يۆنىلىشلەرنى گەۋدىلەندۈرىدىغان كەڭ دائىرىلىك «يول»لارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1954- يىلى 26-ئۆكتەبىردە «ئىسكەندىرىيە كومىدىيەسى» ⑳ ئويدۇرۇپ چىقىرىلدى. ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «مۇسۇلمان

قېرىنداشلار »نىڭ ئەزالىرىدىن قېرى ، ياش بولۇپ 20 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ھەربىي تۈرمە ۋە باشقا تۈرمىلەرگە قامالدى . دۈشمەن ئۇلارغا شۇ دەرىجىدە ۋەھشى جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللاندىكى، ئاپتورنىڭ سۆزلەش ۋە تەسۋىرلەش ئىقتىدارى قانچىلىك يۇقىرى بولمىسۇن بۇلارنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ .㉑

1954-يىلى ئىيوندىن باشلاپ ھادىسىدىن بەش ئاي بۇرۇن ھەربىي تۈرمىدە ھەر تۈرلۈك جازالاش قوراللىرى ئورنىتىلدى . ھەمدە شۇندىن باشلاپ مەخسۇس مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ياللانغان گېرمانىيىنىڭ قاماق لاگېرلىرىدا گېتلر جازالاش خىزمىتى ئۈچۈن ئىشلەتكەن تەجرىبىلىك «ناتسېستلار» گۇندىپايلارغا ئاشۇ جازالاش قوراللىرىنى قانداق ئىشلىتىشنى مەشق قىلدۇردى .㉒

1954- يىلدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قانلىق باستۇرۇش ھادىسىسى ئىسكەندىرىيە «كومىدىيىسى»دىن باشقا يەنە بىر ئىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . يەنى پەلەستىن مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا ، مەسىلىنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە رەئىس ئىيزىنخاۋىرغا دوكلات سۇنۇشقا تەكلىپ قىلىنغان رەئىس ئىيزىنخاۋىرنىڭ «ئوتتۇرا شەرىق»تىكى مەخسۇس ۋەكىلى «جونستۇن»نىڭ دوكلاتى مۇشۇ ھادىسە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

«جونستون» بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تەييارلاندى . ۋە ئاشۇ رايونلارنى بىر-بىرلەپ كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىلار بىلەن ئۇچراشتى . ئاخىردا ئاساسلىق ئۈچ نۇقتىنى ئېنىق بايان قىلدىغان دوكلاتنى سۇندى .

بىرىنچى نۇقتا : ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىش ؛ دەريا سۈيى سۈرىيە ۋە لىۋاندىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنى كېسىپ

ئۆتىدىغان بولغاچقا ، ھەر بىر دۆلەت تەخمىنەن سۇنىڭ % 10نى ئىشلىتىدۇ . ئىئوردانىيە ۋە ئىسرائىلىيەدىن ھەر بىرى تەخمىنەن سۇنىڭ % 40نى ئىشلىتىدۇ . ئىسرائىلىيىلىكلەر بۇ سۇنى يېقىندىن مۇھاجىر بولۇپ كەلگەن ئۈچ مىليون يەھۇدىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن "نەقىب" چۆللىكىنى كۆكەرتىشكە ئىشلىتىدۇ . ئىئوردانىيىلىكلەر بولسا ، بۇ سۇنى سۈرگۈن قىلىنغان ئەرەپلەرنى جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن (غەربىي قىرغاقتىكى )ئۈچ مىليون گىكتار زېمىنى كۆكەرتىشكە ئىشلىتىدۇ .

ئىككىنچى نۇقتا ئىسرائىلىيە بىلەن ئىسرائىلىيە ئەتراپىدىكى ئەرەپ دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېنىق چېگرا سىزىقىنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىغا ئاساسەن ⑳ شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى ئەرەپلەر ئىسرائىلىيە زېمىنلىرىغا بىمالال كىرىۋېرىدۇ . بىراق ئۆزىنى ھېلىمۇ ئەرەپ زېمىنىدا دەپ ئويلايدۇ . ئوخشاشلا ئىسرائىلىكلەر ئەرەپ زېمىنلىرىغا كىرىدۇ . ھەمدە ئۆزلىرىنى ھېلىمۇ ئىسرائىلىيە زېمىنىدا دەپ قارايدۇ . مانا بۇنىڭدىن رايون تېنچلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەربىي توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ . نەتىجىدە ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەپ دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتلىق بولسىمۇ چېگرا بەلگىلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ . ئاخىرقى ھېسابتا ئەرەپ ئەللىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا ئىككى يۈز مېتىر كەڭلىكتىكى چەكلەش سىزىقىنى قالدۇرغان ئاساستا چېگرا بەلگىلىنىدۇ .

ئۈچىنچى نۇقتا : ئەرەپلەر بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىككە كەلگىلى بولمايدىغان باشقا ئىشلار ساقلانسا ، ئۇنداقتا بۇ ئىختىلاپنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەرەپلەر بىلەن يەھۇدىلار يۇمۇلاق ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ .

يەھۇدىلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇزۇلگەن

www.uyghurkitap.com

ئەرەپلەرگە زۇلۇم ۋە ھالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇ دوكلات ھازىر بىزگە ئانچە مۇھىم ئەمەس . . چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان تارىخنىڭ زىمىسىدىكى ئىشلارغا ئايلاندى . شۇندىن كېيىن ئىسرائىلىيە خالىغانچە قەدەمۇ-قەدەم ئىلگىرىلەپ بۈگۈن ئاشۇ دوكلاتتا بەلگىلەنگەن دائىردىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى . ھەمدە غەربىي قىرغاقنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ دەريا سۈيىنىڭ %80نى ئۆزىنىڭ پايدىلىنىش دائىرىسىگە كىرگۈزىۋالدى . مۇسۇلمانلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ ، خالىغانچە سۈرگۈن قىلدى . تالاي كىشىلەرنى يۇرت-ماكانسىز مۇساپىرلارغا ئايلاندۇرىۋەتتى .

بىزگە مۇھىم بولغىنى «جونستون»نىڭ دوكلاتىدىكى ئاخىرقى قۇرلار بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ قۇرلار ئامېرىكا ئىسرائىلىيىنى ئۆز ئورنىدا مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ مەۋجۇت بولىشىغا كېرەكلىك «ياردەملەرنى» بېرىشنى مەقسەت قىلىۋاتقان ھەمدە بۇندىن ئىلگىرى پىلانلانغان ۋە ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا ئالدىدىن كېلىشىۋېلىنغان قارارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېڭىچە شەكىلدە ئىلگىرىلەيدىغان باسقۇچلۇق قەدەم سۈپىتىدە يەھۇدىلار مۇھتاج بولىۋاتقان «يول ئىدى . . .

ئاشۇ دوكلاتنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرى مۇنداق ئىدى .

«لېكىن ئۆزۈندىن بېرى مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى . بۇ جامائەت كۈچلۈك قورال‌لانغان ئەسەبىي جامائەت ، ئۇلارنىڭ مىسىر ۋە باشقا ئەرەپ ئەللىرىدىكى سانى بىر مىليون ئەتراپىدا . . . ئۆزۈندىن بۇيان بۇ جامائەت ئۆز كۈچىنى ساقلاپ كەلدى . بۇ خىل ئەھۋالدا بۇ مەسىلىنى قەتئىي ھەل قىلغىلى بولمايدۇ . ئوتتۇرا شەرىق ۋەزىيىتى ھەرگىز مۇقىم بولمايدۇ . »

گەپ ناھايىتى ئېنىق . . . بۇ دىگەنلىك بۇ جامائەتنى بىزگە يوقۇتۇپ بېرىڭلار ، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىغىلى ، ئۇتتۇرا شەرىقتىكى ئىشلارنى بىر ئىزغا چۇشۇرگىلى بولىدۇ دىگەنلىكتۇر .

1954- يىلى ئىيوندا دوكلات ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئىزىنخاۋرىغا سۇنۇلدى . ئىزىنخاۋىر بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ، جامال ئابدۇناسىرغا ئىجرا قىلىش ھەققىدە يولىيورۇق بەردى .

مانا بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاپ ، مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا قانداق قارا قولنىڭ سۇنۇلغانلىقىنى ئۇلاردىن ئاڭلاپ بىلىدىغان ئاقكۆڭۇل ئادەم - ئۇستاز ھەسەن سەيىدنىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچىنىڭ سىرىنى چۇشەندۇرۇپ بېرىدۇ .

× × ×

قاباھاتلىك قىرغىنچىلىق قانخور «قاتىل»نىڭ قولىدا تاماملاندى ! بەزىلەرنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۇردى . يەنە بەزىلەر ئازاپلاش جەريانىدا گۇندىپايلارنىڭ قولىدا ئۆلتۇرۇلدى .

شەھەرلەر بىر نەچچە يىللارغىچە قاتتىق ۋەھىمە ئىچىگە چۇشۇپ قالدى .

كىشىلەرگە كۆرۇنۇشتە ئىسلام ھەرىكىتى مەڭگۇ كەلمەسكە كەتكەندەك تۇيۇلدى .

دۇشمەنلەر قوللانغان تەدبىرىدىن خاتىرجەم بولدى .

1962-يىلى مروبېرگىر «بۇگۇنكى ئەرەپ دۇنياسى» ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق يازدى :

«دىنى يۇزلىنىش بىلەن ئەلمانى secular ㉔ يۇزلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۆرەشنىڭ يېڭىلانغانلىقىنىڭ ئەڭ كۇچلۇك سۇرىتى 1954- يىلدىن كېيىن مىسىردا پەيدا بولدى . بۇنىڭ سەۋەبى سولچىل مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئەلمانى (دىنسىزلىق)

ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆنسىرى كۆچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 1952-يىلى ھوقۇق تۇتقان قوراللىق دوستلىرىغا قېتىلىپ كەتتى.

مىسىر ھۆكىمىتى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ دىنسىز مىللەتچىلىك دەۋتىگە قارشى تۇرىدىغان ئىسلامى بىرلىك چاقىرقىنى شەپقەتسىزلەرچە باستۇرىدى.

كېيىنكى بېتىدە يەنە مۇنداق يازدى:

«دىنى يۈزلىنىش بىلەن دىنسىز مىللەتچىلىك يۈزلىنىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش كەسكىن كۆرەش، لېكىن بۇ كۆرەشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈش مۇمكىن، بىراق ئاشۇ كۆرەشتىكى غەلىبە دىنسىز مىللەتچىلىك يۈزلىنىشكە مەنسۇپ بولىدۇ»

ئاخىرىدا مروبىرگىر كىتاۋىنىڭ 385-387-بەتلىرىدە روسىيە، تۈركىيە ۋە مىسىردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئۇزۇن بىر ئابزاسنى يازدى. ئۇنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، جامال ئابدۇناسىر مىسىردا مائارىپ پروگراممىلىرىنى ئۆزگەرتىش، سانائەتنى جانلاندۇرۇش، ئايالLARنى ئوقۇتۇش ۋە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىش يوللىرى ئارقىلىق ئەلمانى (دىنسىزلىق) يۈزلىنىشنى پەيدا قىلدى... ئۆزگەرتىش بەك ئاستا بولىدۇ، بىراق مەڭگۈ ئارقىغا قايتمايدۇ!

× × ×

لېكىن جامال ئابدۇناسىرنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى يەھۇدى-خىرىستىيانلارنى چوڭ بىر قورقۇنچ كۈتمەكتە ئىدى...

1963-يىلى ناسىرنىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى مۇنۇلارنى يەتكۈزۈشكە باشلىدى: «ئېنىقكى بۇ جايدا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ سەپلىرى ئىچىدە بىر ھەرىكەت بار.»

ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە ھەجىمىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايۋاتىدۇ. لېكىن ئۇ جانلىنىشقا باشلىدى...

يۇقارقىدەك پۈتكۈل قىرغىن قىلىشلاردىن كېيىن قورقۇنچلۇق
بىر تاسادىبىلىق مەيدانغا كەلدى.
بارلىق ھادىسىلەردىن كېيىنمۇ؟!
شۇنداق!... ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى تۇنجى مىنۇتتىن باشلاپ، مۇشۇ ساھادىكى يەھۇدى خىرىستىئانلار ئۈچۈن تاسادىبىلىق بولۇپ تۇيۇلدى.
ھەرىكەتنىڭ تۇنجى رەھبىرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بۇ ھەرىكەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى دۈشمەنلەر ئۈچۈن يەنە بىر تاسادىبىلىق بولدى.
جامال ئابدۇناسىرنىڭ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقلىرىدىن كېيىنمۇ قېرىنداشلارنىڭ سېپىدە ھەرىكەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى تېخىمۇ قورقۇنچىلىق ۋە دەھشەتلىك تاسادىبىلىق بولدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن 1965-يىلى قانخور جاللاتنىڭ قولىدا ئېلىپ بېرىلغان قانلىق باستۇرۇش 1954-يىلدىكى قىرغىن قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ قورقۇنچلىق ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىك بولدى.

× × ×

ئۈچىنچى قېتىم دېيىمىزكى، بىز ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ھادىسىلىرىنىڭ تارىخىنى ياكى جامال ئابدۇناسىرنىڭ تارىخىنى ۋە ياكى يەھۇدى-خىرىستىئانلارنىڭ بۇ ھەرىكەتنى يوقۇتۇشتىكى سۇيىقەستلىك پىلانلىرىنىڭ تارىخىنى سۆزلىمەيمىز. .. بەلكى بىز پەقەت بۇ كۆرۈنۈشلەرنى... ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.
ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە * باشلاندى

* مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قۇرغۇچىسى ھەسەنۇل بەننانى دېمەكچى

الله بۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى ئېچىۋەتتى الله بۇ ئادەمگە ئىسلامنىڭ يۈكسەكلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان ۋە مۇشۇ يۈكسەكلىكىنى رېئال ھاياتتا ئەمەلىيەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان روھى پارلاقلىق ۋە الله بىلەن بولغان ساپ رىشتىنى تەقدىم قىلدى.

ئۇنىڭ ھاياتى سوپىزىمدىن باشلاندى، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ سوپىزىم جامائىتىگە قوشۇلدى. ئۇنىڭ روھى پارلاقلىقى چوڭقۇرلىشىپ، قەلبى اللەغا باغلاندى...

لېكىن ئۇ ئادەم اللەنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىسلامنىڭ سوپىزىمچىلار شەكىللەندۈرگەن ۋە ئادەتلەنگەن ئوقۇملاردىن نەچچە ھەسسە يۈكسەكلىكىنى: ئىسلامنىڭ پەقەت بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدىكى روھى مۇناسىۋەتلار ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاياتنىڭ مۇكەممەل تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. شۇنداقلا ئىسلامنىڭ ئابىدلار رېئال تۇرمۇشتىن يىراق ھالدا، «تەرىقەت» يولىدىكى «بۇرادەرلەر»نىڭ بەلگىلىك مۇناسىۋىتى ئىچىدە غەرق بولۇپ كەتكەن شەخسى ئىبادەت بولماستىن، بەلكى اللەنىڭ شەرىئىتى (قانۇنى)نى ھۆكۈمران قىلىدىغان مۇسۇلمان جەمئىيەت ۋە مۇسۇلمان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتا ئەكس ئېتىدىغان شەخس ھەم كوللىكتىپ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى... بۇ خىل ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا مۇسۇلمان شەخس، مۇسۇلمان ئائىلە، مۇسۇلمان جەمئىيەت ۋە مۇسۇلمان دۆلەت... قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت قەدەم باسقۇچلۇق زەنجىرسىمان تەرتىپ بويىچە ئۇنى قۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى.

ئىمام شەھىد ھەسەنۇل بەننا «ياشلار» ناملىق ماقالىسىدە

---

* ئىبادەتكۇيلار

مۇنداق دەيدۇ . «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» پروگراممىسىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن . بىز مەقسىتىمىزنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمىز . شۇنداقلا بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قوللىنىشقا تېگىشلىك ئۇسۇللارنىمۇ ئېنىق بىلىمىز .

(1) بىز ئالدى بىلەن تەپەككۇر ۋە ئەقىدە ، ئەخلاق ، ۋە ھىس-تۇيغۇ ، ھەرىكەت ۋە پائالىيەت . . . جەھەتتىكى مۇسۇلمان ئادەمنى مەيدانغا كەلتۈرىمىز . دىمەك شەخسنى مۇشۇنداق تەربىيىلەيمىز .

(2) ئۇنىڭدىن كېيىن تەپەككۇر ۋە ئەقىدە ، ئەخلاق ۋە ھېس-تۇيغۇ ، ھەرىكەت ۋە پائالىيەت جەھەتتىكى مۇسۇلمان ئائىلىنى بارلىققا كەلتۈرىمىز . بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارغا ئەرلەرگە ئوخشاش كۆڭۈل بولىمىز . باللارغا ياشلارغا ئوخشاش كۆڭۈل بولىمىز . نەتىجىدە ئائىلىنى شەكىللەندۈرىمىز .

(3) ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقارقىلارغا ئوخشاش مۇسۇلمان خەلقنى بارلىققا كەلتۈرىمىز . بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئائىلىگە دەۋىتىمىزنى يەتكۈزۈش ، ھەر قايسى جايلارغا ئاۋازىمىزنى ئاڭلىتىش ، ئىدىيىمىزنى كەنت ، سەھرا ، شەھەر ، پايتەخت ، رايون ۋە دۆلەتلەر ئىچىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمىز . بۇ جەرياندا جاپا-مۇشەققەتلەرگە پەرۋا قىلمايمىز ، بىرەر ئۇسۇلنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز .

(4) ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خەلقنى مەسجىدكە باشلايدىغان ، پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرلەر يېتەكلىگەندەك ئىنسانلارنى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسىگە يېتەكلەيدىغان مۇسۇلمان ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىمىز . بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلمايدىغان ۋە ئۇنى قانۇن مەنبەسى قىلمايدىغان ھەر قانداق ھۆكۈمەت تۈزۈمىنى ئېتىراپ

قىلمايمىز . شۇنداقلا كاپىرلار ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرى بىزنى ئۆزىنىڭ بىلەن ھۆكۈم ۋە ئەمەل قىلىشقا مەجبۇرلىغان مۇشۇ خىل ئەنئەنىۋى شەكىللەرنى ۋە سىياسى پارتىيەلەرنى ئېتىراپ قىلمايمىز . بىز ئۇمۇميۈزلۈك ئىسلامى بولغان ھۆكۈمەت تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە مۇشۇ تۈزۈم ئاساسىدا ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمىز . . .

× × ×

ئۇنىڭ قەلبى ۋە روھىدىكى . ئۇنىڭ كۆزىنى مۇشۇ ھەقىقەتكە ئاچقان-بۇ خىل پارلاقلىق ، شەكسىز ئىلاھى نۇر بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بىر يۈزلىنىشلىرى جەريانىدا زىمىندا ئۆز تەقدىرىنى نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئۇممەن ئىسلام دۇنياسىدا ، خۇسۇسەن مىسىردا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ھادىسىلەرگە قارىتا توغرا ئىنكاس قايتۇرۇش بولدى . شۇنداقلا رەفائەت راپىئىتتەھاۋى ، ㉕ جامالىدىن ئاپغانى ، ㉖ مۇھەممەد ئەبدۇ ㉗ سەئىد زۇغلۇل . . . ۋە غەربىي ئالدىدا روھى مەغلۇپ بولۇپ ، غەربلەشتۈرۈش دولقۇنلىرىغا پەرىقلىق دەرىجىدە غەرىق بولۇپ كەتكەن بارلىق كىشىلەر توختاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك توغرا مەيدان ئىدى .

ئاشۇ ئادەملەر ئۆز دەۋرىدە توغرا يۆلىنىشكە قاراپ مېڭىشى مۇمكىن ئەمەسمىدى ؟

ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى شارائىتلارغا نىسبەتەن بىردىنبىر «ئەقىلگە ئۇيغۇن» «مەنتىقىلىق» «ئەندىزە» بولغانمۇ ؟

ياق ! ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ئەرەب يېرىم ئارىلىدا توغرا يۈزلىنىش ۋە توغرا ھەرىكەتنى شەكىللەندۈرگەن ئۈلگە ئىدى . . . بىراق ئۇلار ئاشۇ «ئۈلگە»لىك يولغا ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان يوللارغا يۈزلەنمەس ، بەلكى غەربىي ئالدىدىكى روھى مەغلۇبىيەت سەۋەبىدىن غەربكە يۈزلەندى .

ئىشلارنىڭ تەقدىرىنى اللە بەلگىلەيدۇ . خالىغان كىشلەرنىڭ قەلبىنى نۇرلاندۇرۇپ ، خالىغان كىشلەرنىڭ قەلبىدىكى نۇرنى ئۆچۈرىدۇ . . . . بىراق اللە ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە شەكسىز ئىلاھى نۇر بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بىر يۇزلىنىشلىرى جەريانىدا زىمىندا ئۆز تەقدىرىنى قانداق ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىزگە مۇنداق بايان قىلىدۇ .

«ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى .» (40 :30)

«بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئۇلار اللە نازىل قىلغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) يامان كۆرۈش بىلەن ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بەرباد قىلىدۇ» (9 :47)

«ئى مۇھەممەد ئېيتقىنكى ، اللە خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىپ ، تەۋبە قىلغانلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ . (تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ دىللىرى اللەنى ئەسلەش بىلەن ئارام تاپىدۇ . بىلىڭلاركى ، دىللار اللەنى ئەسلەش بىلەن ئارام تاپىدۇ .» (13: 27-28)

«بىز ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز . اللە ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»

(29: 69)

بۇ ئادەملەر ئۆزى توغرا يولدىن ئېغىپ ، كەينىگە ئەگەشكەن پۈتكۈل خەلقلەرنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇۋېتىش جاۋاپكارلىقىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ .

ئۇنداقتا بىز سوراپ باقايلى ! ئەگەر ئاشۇ ئادەملەر قوللىنىۋاتقان ئۇسۇلنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ ، توغرا ئۇسۇل قوللانغان بولسا ، دەۋەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنالارمىدى ؟

بۇ بىر غەيىب ئىش ، گەرچە **مۇھەممەد** ئىبنى ئابدۇلۇەھابنىڭ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى «ئۆلگە»لىك ھاياتى بۇنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىپادىلەۋاتقان بولسىمۇ ، بىراق بىز بۇنىڭغا كەسكىن جاۋاپ بېرەلمەيمىز . لېكىن بۇ (دەۋەتنىڭ مۇۋەپپىقىيەت قازىنالماسلىق ئېھتىمالى ) ئاشۇ ئادەملەردىن دەۋەت مەجبۇرىيىتىنى ساقىت قىلىۋېتەلمەيدۇ . چۈنكى الله ئۆز شەپقىتى بىلەن بىزنى دەۋەت قىلىشىمىزغا بۇيرىدى . ئەمما دەۋەتلىرىمىزدە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشىشكە بۇيرىمىدى . الله بىزنى نەتىجىلەرگە ئۆزى ئېرىشتۈرىدىغان ۋە تەقدىر قىلىدىغان بولغاچقا ، بىزدىن تىرىشچانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى توغرۇلۇق ھېساب ئالمايدۇ . بەلكى بىزنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىزدىن ھېساپ ئالىدۇ . بىز تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇقمۇ؟ قايسى خىل رەۋىشتە كۆرسەتتۇق؟

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان ، ياخشى ئىشلارغا بۇرۇپ ، يامان يولدىن توسىدىغان بىر جامائەت بولسۇن ! ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر .» (3: 104)

«ئەگەر الله سەن ئارقىلىق بىر ئادەمنى توغرا يولغا باشلىسا ، بۇ سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىراق !»

(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى )

«قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر اللەنىڭ دەرگاھىغا كېلىدۇ . بەزى پەيغەمبەرلەر بىلەن بىر ئادەم بىللە ، بەزىلىرى بىلەن ئىككى ئادەم بىللە ، يەنە بەزىلىرى بىلەن ھېچكىم يوق يالغۇز ھالەتتە كېلىدۇ .»

(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى )

«ئەگەر قىيامەت بولسا ، بىرىڭلارنىڭ قولىدا بىر تۈپ جىرىم (كۆچەت ) بولۇپ ، قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى تىكىشكە ئۈلگۈرەلىسە ، دەرھال تىكسۇن .» (بۇخارى )

ئەگەر ئاشۇ ئادەملەر كىشلەرنى اللە تەرەپكە يېتەكلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىگەن بولسىمۇ، بىراق ھېچكىم ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىغان بولسا: ئۇلار ئوخشاشلا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. اللە ئالدىدا جاۋابكارلىققا قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىغانلار، ئۆز خاتالىقىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ.

× × ×

ھەسەنۇل بەننانىڭ قەلبىدىكى بۇ پارلاقلىق بىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئىلاھى نۇر بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى ئىسلام دۇنياسىدا خۇسۇسەن مىسىردا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ھادىسىلەرگە قارىتا توغرا ئىنكاس قايتۇرۇش ئىدى.

شۇنداقلا سۈيقەستچىلەرنىڭ خەلىپىلىكنى يوقۇتۇش سۈيقەستىگە قارشى غالىپ اللەنىڭ تەقدىرى ئىدى.

خەلىپىلىك ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ھېس قىلغان يوقۇتۇش، ئىسلام دۇنياسىغا يەتكەن چەكسىز غەم-قايغۇ، قەلبلەرنى قاپلىۋالغان چۈشكۈنلۈك . . . ھەسەنۇل بەننانىڭ دەۋەت قۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە شۇنداق دېدى: «ئەگەر ئىسلام دۆلىتى يوقالغان بولسا، ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇنمايمىز؟» ؟! «اللە خالىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى ئۇقمايدۇ» (12: 21)

× × ×

دەۋەت شەھد ئىمام ھەسەنۇل بەننانىڭ ھاياتىدا كەڭ دائىرىلىك باشلاندى . . . يۈز مىڭلىغان كىشىلەر بۇ دەۋەت تۇپىغا قوشۇلدى.

. .

بۇ دەۋەت تۇپىغا قوشۇلغانلار ھەرقايسى ساھەدىكى خىلمۇ-خىل

www.uyghurkitap.com

كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى .

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر تۈركۈم سوپىزىمچىلار بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتىنى ئۇلارغا تونۇشلۇق بولغان سوپىزىم ئاساسىي بويىچە ماڭىدىغان، بىراق «ئازغۇن» سوپىلار پەيدا قىلغان «بىدئەت»لەردىن خالىي، نۇرلۇق يېڭى سوپىزىم جامائىتى دەپ ئويلاپ قالدى . ئاندىن ئۇلار بۇ جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئۇلار مېڭىۋاتقان «يول»دىن ئۇلارنى چىقىرىۋەتمەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ جامائەتنىڭ ئۇلارنى سوپىزىمچىلارنىڭ كەمسىتىلىشىگە سەۋەب بولغان ئازغۇنلۇقلارغا ئېلىپ بارمايدىغانلىقىنى كۆردى .

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان پاك ۋە ساپ دىل ياشلار بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتنى بۇزىۋاتقان ۋە بولغاۋاتقان ۋەيران قىلغۇچى ھالاكەتلىك دولقۇننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ۋە غەرىپ مەدەنىيىتىگە قارىتا ئېنىق مەيدانغا ئىگە . . . يەنى غەرىپ مەدەنىيىتىدىن ئۆز ئەقىدىسى ۋە ئەخلاقى بىلەن زىتلاشمايدىغان، پايدىلىق تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىپ : ئۇنىڭ ماددى ۋە ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق، جىنسىي پاراكەندىچىلىك، ۋە الله ھارام قىلغان ئىشلارنى ھالال قىلىش . . . قاتارلىق . زىيانلىق تەرەپلەرنى رەت قىلىدىغان ياشلار ئىدى .

بۇنداق ياشلار جەمئىيەتتە ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىدى . . . ئۇلارنى دولقۇنلار تېخى يۇتۇپ كەتمىگەن : ئۇلارنىڭ پاكلىق ۋە ساپلىقىنى بۇلغىۋەتمىگەن ئىدى . . . لېكىن ئۇلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان ئىدى . . . . ئۇلار چېچىلاڭغۇ شەخسلەر بولۇپ، ھېچقانداق مۇناسىۋەت ئۇلارنى بىر-بىرىگە باغلىيالمايتتى . ھېچنەرسە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرمىگەن ئىدى . . . ئۇلار جەمئىيەتكە قېتىلماي بىكىنمىچىلىك ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغان

بولۇپ، ئاشۇ خىل بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە ئۆمرىنى ئۆتكۈزەتتى. باشقىلار ئۇلارغا مەسخىرىلىك قارايتتى! ئۇلار جەمئىيەتتە بىرەر «ئېقىم» پەيدا قىلالمايتتى. چۈنكى ئۇلار كۈچلۈك كەلكۈن (سەل) تەرىپىدىن ئىتتىرىلىپ، بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇلغان چىچىلاڭغۇ شەخسلەر ئىدى. ئۇلارغا ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ، يوقۇلۇش ۋە تۈگىشىشنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار مەۋجۇت تۇرۇپ ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ھەرگىز ھېس قىلالمايتتى!

مانا، ئەمدىلىكتە ئۇلار ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى قايتىدىن ھېس قىلدى.

ئۇلار جەمئىيەتتىن بىر چەتتە قالدۇرۇلغان چىچىلاڭغۇ شەخسلەر بولۇپ قالمىدى... بەلكى ئۇلار ئۆز ئېقىمىدا ھېس قىلغىلى بولىدىغان مەۋجۇدىيەتكە ئايلاندى.. يەنى ۋەيران قىلغۇچى دولقۇنلاردىن ئايرىلغان، ھايات يولىدا ئۆزگىچە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان پەرىقلىق مۇستەقىل ۋۇجۇدقا ئايلاندى... توغرا، ھالاكەتلىك دولقۇن ئۇنىڭغا بېسىم پەيدا قىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئالاھىدىلىگىنى ۋە ئۆز ئارا باغلىنىشچانلىقىنى يوقىتىۋىتەلمەيدۇ بەلكى ئۇنى كۈنسىرى ئاشۇرىدۇ.

ئۇ ئىنتايىن تېز سۈرەتتە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇزغۇنچى دولقۇن ئۇنىڭ بېسىمىنى ھېس قىلىدۇ. گەرچە ئۇ دولقۇن ئۇنىڭ سەۋەبىدىن توختاپ قالمىسىمۇ، ئۇنىڭغا پەرا قىلمىسىمۇ ۋە ئۆز يولىدا مېڭىشتىن چېكىنمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن چوقۇم بېسىم ھېس قىلماي قالمايدۇ.

بۇ جايدا بىر تۈركۈم «جامائەتلەر» بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «دىنى ھىسسىياتى»نى قاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇلار ئىسلام ھەققىدە ئاشۇ ھېسسىياتتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئىمام

شەھىدىنىڭ نۇتۇق ۋە دەرسلىرىدە ئۇلارنىڭ دىنى تۇيغۇسىدىكى تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان ، ئاندىن ئۇلارنى «جامائەت»كە قوشۇپ ، جانلىق ھەرىكەتلەرگە سەپەرۋەر قىلىدىغان «روھى» ئىلھاملارنى اللە ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە مول روھى ئىلھاملارنى ئاتا قىلغان- ھېس قىلغان ئىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئاشۇ «بوشلۇق»نى تولدۇرۇش ئىدى .

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاشۇ چاغدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان بىر تۈركۈم مەنپەئەتپەرەسلەر بار ئىدى . ئۇلار بۇ جامائەتنى كۈنسېرى تېزلىك بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى سىياسىي پارتىيە ياكى زېمىننى تىتىرىتىۋاتقان ، «ئەزالىرى» كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان يېڭى پويىز دەپ ئويلاپ قالدى .... ئاندىن ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە ئەزالىرى ۋە مۇناسىۋەت دائىرىسى ئەڭ كۆپ بولغان بۇ «پارتىيە»گە قوشۇلۇش (ياكى «پويىز»غا چىقىۋېلىش) ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى . ... ئۇنداقتا پۇرسەت ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ، پويىز كېتىپ قالماسلىقى كېرەك ... دەپ قارىدى !

بىراق 1948-1949-يىللاردىكى كەڭ كۆلەملىك زەربە بېرىشتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتتى بەلكى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى .

سوپىزىمچىلار قاچتى ... ئۇلار كەسكىن ھالدا بۇ جامائەتنىڭ نۇرلۇق يېڭى سوپىزىم جامائىتى بولماستىن ، بەلكى جاھات ھەرىكىتىنى تەشكىل قىلغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ، بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ تارىختىكى مۇجاھىدلار دۇچ كەلگەن ئۆلتۈرۈلۈش ، ئازاپلىنىش ، سۈرگۈن قىلىنىش ۋە ھەيدەپ چىقىرىلىش ... قاتارلىق جازالارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدى . ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ يەرگە ھەرگىزمۇ بۇ مەقسەتتە كەلمىگەن ئىدى . ئۇلاردا

بۇنىڭغا قارىتا ئىدىيىۋى تەييارلىق ياكى جىدامچانلىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . . . شۇنداق قىلىپ ئۇلار «قاچ-قاچ» دەپ توۋلىغىنىچە ئالدى-كەينىگە قارىماي قېچىپ كەتتى .

مەنپەئەتپەرەسلەر قېچىپ كەتتى . . . ئۇلار بۇ «پويىز»نىڭ هۆكۈمرانلىق تەختىگە يەتكۈزۈشتىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن هوقۇق تۇتۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىدى . . . بىراق ئىش چاتاق ! دەرهال قېچىش كېرەك . «پالاكەت» بېسىشتىن بۇرۇن دەرهال قېچىپ قۇتۇلۇش لازىم .

«خەلقلەر» قېچىپ كەتتى . . . ئۇلار بۇ جايدا ئۆزلىرىنىڭ دىنى هېسسىياتىنى قاندۇرىدىغان كۈچنى قايتا تاپالمىدى . ئۇلار مۇشۇ تۇيغۇدىن باشقا نەرسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى . ئىسلام ھەققىدە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى بىلمەيتتى . بىراق تۇرمە ، ئازاپ-ئوقۇبەت ، سەرسانلىق ۋە ئۆلۈم ئۇلارنى كۈتمەكتە ئىدى . . دېمەك قېچىش كېرەك . هاكىمىيەت ئۇلارنى بۇ جامائەتنىڭ «قۇيرۇقى» دەپ جازالىغا تارتىشتىن ئىلگىرى قېچىپ قۇتۇلۇش كېرەك !

پاك ۋە ساپ دىل ياشلار قالدى . . ياق ! ئۇلارنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا قالدى . چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇندىن ئىلگىرى يولىدىكى ئازاپلارنى بىلمەيتتى . . . ئۇزاققا قالماي كېتىدىغان يولدا بەدەللەرنى تۆلەپ ، قۇربانلارنى بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى . بەلكى ئۇلار بۇنى بولغانغان جەمئىيەتنىڭ كىر-قاسماقلىرىدىن يىراق بولغان كۆڭۈلدىكىدەك بىر ياخشى ساياهەت ، ئەگەر بىز جاپا چەكسەك ئەلۋەتتە ۋەيران قىلغۇچى بۇزۇقچىلىق ئوتتۇرىسىدا دىننى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن جاپالارنى چېكىمىز . چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇ . بۇ زاماندا دىن ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغۇچى چوغنى چىڭ سىقىمداپ تۇرغان

كىشىگە ئوخشايدۇ .» دىگەن دەپ قارىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمىشلىرىگە قاتنىشىپ، دائىرىغا ئىشتىلدىغانلىقىنى، كۆڭلىرىنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەت، سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىقتا ئۆتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى.

ئەمەلىيەتتە ئىمام شەھد ھەسەنۇل بەننا «تۇنۇگۈن بىلەن بۈگۈن ئوتتۇرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە بۇنى ئۇلارغا ناھايىتى ئوچۇق ئېيتىپ مۇنداق دىگەن:

«مەن سىلەرگە شۇنى ئوچۇق جاكالايمەنكى، سىلەرنىڭ دەۋەتىڭلار نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھېلىھەم ناتونۇش ھالەتتە تۇرماقتا. ئەگەر ئۇلار دەۋەتىڭلارنىڭ مەقسەت ۋە نىشانىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، شۇ ھامان سىلەر قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە رەھىمسىزلەرچە دۈشمەنلىككە دۇچ كېلىسىلەر. كۆز ئالدىڭلاردا تالاي قىيىنچىلىقلارنى كۆرىسىلەر. سىلەرگە ئازاپلار كېلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا سىلەر دەۋەتچىلەر ماڭغان يولغا قەدەم باسقان بولىسىلەر. ئەمما ھازىر سىلەر ناتونۇش ھالەتتە تۇرۇۋاتىسىلەر. سىلەر ھېلىھەم دەۋەتكە تەييارلىق قىلىۋاتىسىلەر. دەۋەت ئۈچۈن كۆرەش ۋە جاھاتقا تەييارلىق قىلىۋاتىسىلەر. خەلقنىڭ ئىسلام ھەقىقىتىنى بىلمەسلىكى سىلەرنىڭ يولۇڭلاردا داۋان ھاسىل قىلىدۇ. دىندارلار ۋە رەسمىي ئالىملار ئىچىدە سىلەرنىڭ ئىسلامنى چۈشەنچەڭلارنى يوچۇن سانايدىغان، سىلەرنىڭ ئاشۇ يولدىكى جاھادىڭلارنى ئىنكار قىلىدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىسىلەر. كاتتىباشلار، داھىلار، ھوقۇقدارلار ۋە نوپۇز ئىگىلىرى سىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ھۆكۈمەتلەر سىلەرنىڭ يوللىرىڭلارنى توسىدۇ. ھەر قانداق ھۆكۈمەت سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلارغا چەك قويۇشقا، يولۇڭلاردا قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

غەرىپ تاجاۋۇزچىلىرى سىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋە سىلەرنىڭ دەۋەت نۇرۇڭلارنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ھەر بىر يولدا سىلەرنى ماراپ ياتىدۇ. ئۇلار يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە، يۇزۇقلارغا، ھاكىمىيەتكە يانتاياق بولغۇچى كۈچلەرگە ۋە سىلەرگە ئەسكىلىك ۋە دۈشمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچى . . .لارغا تايىنىدۇ. ھەممىسى سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلار ئەتراپىدا گۇمان توزانلىرىنى، ۋە تۆھمەت بورانلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇلار كۈچىگە، ھوقۇقىغا، ئىقتىسادىغا نوپۇزىغا تايىنىپ، دەۋەتنى قاتتىق ئەيىپلەشكە ۋە ئۇنى كىشىلەرگە ئىنتايىن قەبىھ سۈرەتتە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ.

«ئۇلار ئېغىزلىرى بىلەن اللەنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ. گەرچە كاپىرلار ئۆچ كۆرسىمۇ الله ئۆز نۇرىنى تولۇقلىماي قالمايدۇ»

تاھايىتى ئېنىقكى سىلەر بۇنىڭ بىلەن دەۋەت مەيدانىغا كىرىسلەر، تۈرمىلەرگە قامىلىپ، دارغا ئېسىلىسىلەر، سۈرگۈن قىلىنىپ، سەرسان ۋە سەرگەرداں بولىسىلەر. سىلەرنىڭ بايلىقىڭلار مۇسادىرە قىلىنىدۇ. خىزمىتىڭلار بىكار قىلىنىدۇ. ئۆيلىرىڭلار ئاختۇرۇلىدۇ. بۇ ئىمتىھان سىلەرگە بەك ئۇزۇن بولىشى مۇمكىن.

كىشىلەر بىز ئىمان ئېيتتۇق دېسىلا، سىناقتا دۇچ كەلمەيمىز دەپ ئويلامدۇ؟ . . . لېكىن الله بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە مۇجاھىدلارنىڭ غەلبىسىنى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇكاپاتىنى ۋەدە قىلدى . . . «ئى مۆئمىنلەر مەن سىلەرنى دەرتلىك ئازاپتىن قۇتقۇزىدىغان بىر تىجارەتكە باشلاپ قويايمۇ؟» . . . «بىز مۆئمىنلەرنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن كۈچەيتتۇق» نەتىجىدە ئۇلار غالىپلارغا ئايلاندى. سىلەر مەڭگۈ اللەنىڭ ياردەمچىلىرى بولالامسىلەر؟»

كۈچلۈك زەربىدىن كېيىن جامائەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا

ساقلىنىپ قالغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئىمام شەھىدنىڭ قولىدا تەربىيلەنگەن ۋە كىشىلەر ئۇلارنى «پائالىيەتچان قېرىنداشلار» دەپ ئاتايدىغان كىشىلەر ئىدى . گەرچە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرىدە بىز بۇنىڭدىن كېيىن سۆزلەپ ئۆتمەكچى بولغان — تەشكىللىنىش ۋە ھەرىكەتتە «ئالدىراقسانلىق»نىڭ تەسىرلىرى ئاشكارا بولغان بولسىمۇ ! . . .

× × ×

ئىمام شەھدنىڭ ھەپتىلىك دەرسىدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائەتنىڭ ئاممىۋى مەركىزىنى ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى بوش ىكار كوچىلارنى توشقۇزىۋەتكەن جامائەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىشلارنىڭ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ، سەپەرنىڭ ئاددى سەپەر ئەمەس ، بەلكى جاھات ۋە ئازاپ ئىكەنلىكىنى كۆرگەن چاغدا تىنماي قېچىپ كەتتى . شۇنداقلا ئىمام شەھدنىڭ ئۇزۇلمەي داۋاملىشىۋاتقان سەپەرلىرىدە ئۇ قاتارنىڭ شەھەر ياكى يېزىلىرىغا چىققان چاغدا ، ئۇنى كۈتۈۋالىدىغان جامائەتلەرمۇ قېچىپ كەتتى . . .لېكىن ئاشۇ خىل توپلىنىش ھادىسى ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە بىر نەچچە خىل ئەھۋالنى ئىپادىلەيدۇ :

بىرىنچى : مىسىردىن ئىسلامنى يوقۇتۇش ، مىسىرنى «ياۋروپانىڭ بىر پارچىسى»غا ئايلاندۇرۇش ياكى مىسىرنى «ئوتتۇرا ئاق دېڭىزنىڭ بىر قىسمى»غا ئايلاندۇرۇش ۋە ياكى ئىسلامدىن باشقا قانداقتۇ بىر نەرسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان تىنماي ھەرىكەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئويلىغاندەك ، ئىسلام ھەرگىزمۇ قەلبىلەردىن بىر پۈتۈن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق .

ئىككىنچى : ئىنسانلار ئۇلارنى ئۇيۇشۇشقا چاقىرىدىغان دەۋەتنى

كۈتمەكتە . . . خەلقلەر نان ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان مۇھىم (ئاشكارا) زۆرۈرىيەتلەرنى تەلەپ قىلىدىغان نامايىشلارغا توپلاشقاندەك ، ماددىي مەۋجۇدىيەتكە ئالاقىدار ئىشلاردىن باشقىسىدا ھەرگىزمۇ ئۆزلىگىدىن بىر يەرگە جەم بولمايدۇ . ئەمما «قىممەت»لەر ئۈچۈن ئۇيۇشۇش بولسا ، ھەر دائىم بىر رەھبەرلىككە مۇھتاج ، دىنى ئالىملار خەلق ئۆز كىرزىسلىرىدا ئۇلارغا مۇھتاج بولىدىغان ياكى ئۇلار كۆپىنچىلىكنى ئۆزئارا ئۇيۇشۇشقا چاقىرىدىغان رەھبەرلەر بولۇپ ، خەلق ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ .

ئالىملار دەۋەت مەيدانلىرىدىن غايىپ بولۇپ ، كىتاپلار قېتىغا بېكىنىپ ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغاندىن كېيىن «دىنىي» رەھبەرلىك يوقالدى . ھەممە ئۇنىڭ ئورنىدا «دىنسىز» رەھبەرلىك ئوتتۇرغا چىقتى ياكى چىقىرىلدى ، خەلقلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ ، بىز يۇقاردا سۆزلەپ ئۆتكەن رەۋىشتە ئازغۇنلۇققا گىرىپتار بولدى .

دىنى رەھبەرلىك يەنە بىر قېتىم مەيدانغا كىلىۋىدى ، خەلقلەر قايتىدىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى ، بۇ قېتىم گەرچە ئىدىيىۋى ھۇجۇم ۋە غەرىپكە مەپتۇن بولۇش سەۋەبىدىن ئۇنىڭ نىسبىتى تۆۋەن بولغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇ ئىسلام ئۇممىتىنى قاپلىۋالغان قاراڭغۇلۇقنى يوقۇتۇشتا ، ئىسلامنى ئۆزىنىڭ نۇرلۇق ھەققىتى بويىچە ئوتتۇرغا قويۇشتا ۋە يېڭى ئەۋلاتلارنى ئىسلامى ھەقىقەتلەر بويىچە تەربىيىلەشتە رەھبەرلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە يارىشا كەڭىيىشنى ۋە جانلىنىشنى قوبۇل قىلىدىغان ئۇيۇشۇش بولدى .

ئۈچىنچى : ئىسلام ئىنسان تەبىئىتىنىڭ دىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر دائىم قەلبلەرنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ . تەبىئەت توز بولسا ، ئىسلام يولىغا قاراپ ماڭىدۇ ۋە ئىسلامغا ئەگىشىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئاسان بولىدۇ . ئەگەر ئىنسانلارنى ئىسلامدىن

نەپرەتلەندۈرۈش ھەمدە ئىسلام ئاڭسىزلىق، قالاقلىق ئاجىزلىق ۋە ئارقىدا قېلىشنىڭ سەۋەبي دىگەن گۇماننى ئۇلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان ئازغۇن رىئاللىق دۈشمەنلەر تەرىپىدىن كونترۇل قىلىنىۋېلىنغان بولسا، ئۇنداقتا، ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى توغرا يۇسۇندا ئوتتۇرغا قويۇش يات قەلبلەرنى ئىسلامغا قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ كاپالىتى شۇنداقلا ئۇلارنى بىر بايراق-ئىسلام بايرىقى ئاستىغا-ئۇيۇشۇشقا دەۋەت قىلىش خىلمۇ-خىل ئازغۇنلۇقلار ئىچىدە بۆلۈنۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ تەبى ۋەزىيىتىگە قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ كاپالىتى.

«بۇ مىنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى اللەنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ» (6: 152)

توغرا، ئىسلامنىڭ يەنە بىر قېتىم كۆچىيىشى مۇشەققەتلىك جاھاتقا مۇھتاج!...

توغرا، بۈگۈن دۇنيا يەھۇدىلىرى، دۇنيا خىرىستىئانلىرى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ قورۇقچىلىرى تەرىپىدىن ئىسلامغا قارىشى قوزغالغان زەھەرلىك ئۇرۇش ئىسلامنىڭ كۆچىيىشى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان جاھاتنى ئۆتمۈشتىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن نەچچە ھەسسە مۇشەققەتلىك قىلىپ قويدى. ئۇنداق ئىكەن بۇ جاھاتقا ئۆتكۈر ئىرادىلىك مۇسۇلمانلاردىن باشقىسى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. دەل شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتكە ئاۋاز قوشقۇچىلار ئۆز توپى ئىچىدە بەكمۇ ئاز بولىدۇ... گەرچە ئۇلار قارىماققا كۆپتەك بىلىنسىمۇ! ...

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا... لېكىن ئۇنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمەستىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ... چۈنكى ئۇ يۈزلىنىش بىلەن.... يەنى ئەمەلىيەتتە ھازىرغا قەدەر يۈزلىنىپ كەلگەن سان

بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىسلامغا قايتىش يۈزلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . . . .

مۇشۇ خىل ماھىيەت سەۋەبىدىن دۈشمەنلەر بۇدەۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئاخىرقى ھېساپتا ئۇنى پۈتۈنلەي يوقاتتۇق دەپ ئويلىغاندىن كېيىن، بۇ دەۋەتنىڭ تېخىمۇ كەڭ‌ىيىپ، ئەركىن نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ساراڭلىقى قايتىدىن قوزغىلىدۇ!

× × ×

ھەسەنۇل بەننا ئېلىپ بارغان خىزمەت ئىسلام ئۈممىتىنى قايتا قۇرۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان زور پائالىيەت ئىدى.

بۇ ئۈممەتنىڭ ئەھۋالى ئۆرۈلۈپ چۇشۇشكە تاس قالغان تامغا ئوخشايتتى. ھەسەنۇل بەننا بۇتامنى تىكلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

ئۇنىڭ خىزمىتى جەمئىيەتتىكى كېرەكلىك خىشلارنى بىر يەرگە توپلاش بولمىدى ياكى كەلكۈن (سەل) ئېقىتىپ كەتكەن ئۇششاق تامچىلارنى بىر جايغا جۇغلاش بولمىدى. . بەلكى يۇقارقىلار بىلەن قوشۇپ ئاشۇ خىشلاردىن پۇختا بىنا قۇرۇش ۋە مۇشۇ تامچىلاردىن ئېتىلىپ تۇرىدىغان جانلىق دولقۇنلارنى ھاسىل قىلىش بولدى.

ئۇنىڭ خىزمىتى ئىسلامنى ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ روھى دۇنياسىدا «ھەرىكەت»كە بەلكى «تۇرمۇش»ۋە «خىزمەت» پرىنسىپىغا . . . ئەمەلىي مەشغۇلاتقا ئايلاندۇرۇش بولدى . . .

بۇندىن ئىلگىرى ئىسلام «شەيخلەر»نىڭ قولىدا ھايات ۋە ھەرىكەتتىن ئايرىلغان قۇرۇق رامكىلارغا ئايلانغان؛ مۇھەممەد ئەبدۇنىڭ قولىدا رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايدىغان، ئۆزگەرتىش ئۈچۈن «جاھات» قىلمايدىغان مەدەنى ۋە ئەقلىي پرىنسىپقا ئايلانغان؛ سوپىزىمچىلارنىڭ قولىدا ئەۋلىيا،

www.uyghurkitap.com

مازايى-ماشايىخلارغا ئايلانغان ؛ خەلقلەرنىڭ قولىدا بوشاڭلىق ، هورۇنلۇق ۋە خۇراپاتقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى .

يەھۇدى-خىرىستىئانلار ئىسلامنى توپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرگەن ئاشۇ زامان ۋە ماكاندا بۇ مۇھىم ۋەزىپە ئۈچۈن كۆكرەك كىرىپ مەيدانغا چىقىدىغان ھەر قانداق ئىنسان ئۈچۈن بۇ ھەقىقەت ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى .

غەرىپلەشتۈرۈش دولقۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە پەيدا بولغان ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ رېئال دۇنيادىكى ئىسلام مەشغۇلاتىدىن تەدرىجى ئايرىلىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان شەخسىيەتچىلىك روھى پارچىلىۋەتكەن قەلبلەرنى قېرىنداشلىق رىشتىسى بىلەن بىر-بىرىگە چېتىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس ئىدى .

كۆز ئالدىدىكى راھەتكە ئادەتلەنگەن ، ئاخىرەتنى ئەسلىگەندە پەقەت ياخشى نىيەت بىلەن چەكلىنىپ قالمىسا ، كۆپرەك ئىبادەت شۇئارلىرى بىلەن ئەسلەيدىغان روھلارنى دۇنيا مەنپەئەتىدىن ئايرىلىپ ، دەۋەتكە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس ئىدى .

دۇنيا خوشاللىقىغا كۆنۈپ كەتكەن ئاشۇ روھلارنى ئاللە يولىدىكى ئۆلۈمنى ئەڭ ئەلى ئارزۇ ھېساپلاپ ، ئاشۇ ئۆلۈمگە راستچىللىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس ئىدى .

بۇ مۇھىم ۋەزىپە ئۈچۈن كۆكرەك كىرىپ مەيدانغا چىققان ھەر قانداق ئىنسانغا بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى . . بىراق ئاللە دەۋەتچى ۋە قۇرغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك . . روھى پارلاقلىق ، قەلبىي سۇزۇكلۇك ، ئاللەنى سۆيۈش ، چەكسىز مېھرىبانلىق ، خىزمەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ، جاپاغا چىداش ، ئۇيۇشتۇرۇش ، رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئىنتىزاملاشتۇرۇش

ئىقتىدارى . . . قاتارلىق سۈپەتلەرنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ ئۇلۇغ قىرغىزچىغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن ئاسان بىر ئىش بولدى . . .

× × ×

بىراق ھەسەنۇل بەنىنا قۇرۇپ چىققان بۇ چوڭ بىنا بىر قانچە يوچۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ ، بۇ يوچۇقلار ھەرىكەت يۆلىنىشىگە ئوخشىمىغان سۈرەتتە داۋاملىق تەسىر كۆرسەتتى . . . بىزنىڭ ئويلىشىمىزچە ، بۇ يوچۇقلار ھەرىكەتنىڭ دەسلەپىدە بۇ ئۇلۇغ قىرغىزچى ئۈچۈن ئانچە ئېنىق بولمىغان ، بىراق كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن ئازغىنە بۇرۇن بۇ يوچۇقلار ئوچۇق كۆرۈنىشكە باشلىدى . گەرچە ئۇنىڭغا ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبلىرىدە ئۇنى مۇستەھكەملەشكە پۇرسەت بولمىغان بولسىمۇ ! .

. . .

بىرىنچى يوچۇق : خەلقلەرنى ۋاقتى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئالدىراپ كېتىش .

كىشىلەرنى يېتەكلەشكە ، قىسقىغىنا ۋاقت ئىچىدە مۇمكىن قەدەر كۆپ سانلىق ئادەملەرنى توغرا يولغا باشلاشقا قىزىقىش دەۋەتچى ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ بەلكى پەيغەمبەرلەرنىڭ روھى دۇنياسىدىكى كۈچلۈك ئىنسانى ئىنتىلىشتۇر . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ھەقىقەت چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشماسلىقىدىن چوڭقۇر قايغۇرۇش ھېس قىلغىنىدەك ، كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە نىسبەتەن چوڭقۇر ئىنتىلىش تۇيغۇسىدا بولاتتى ، ھەتتا پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دىگەن :

«ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا ، ئەپسۇسلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېلىشىڭ مۇمكىن» (5 :18) .

«شۇبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن اللە ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. اللە ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.» (28: 55)

بىراق بۇ يەردە بىر ئىلاھى قانۇنىيەت بار. گەرچە ئىشلار دەسلەپتە دەۋەتچى ۋە ئىسلاھاتچىلارغا قىيىن تۇيۇلسىمۇ، بىراق دەۋەت ئىشلىرى دەل ئاشۇ قانۇنىيەتنىڭ تەلىۋى بويىچە ماڭىدۇ. ياخشىلىق ئاشۇ قانۇنىيەتنىڭ ئىچىدە مەيدانغا كېلىدۇ. دەسلەپتە ئەگەشكۈچى خەلقلەرنىڭ كۆپ بولىشى بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس ياكى ياخشىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىلىرىمۇ ئەمەس:

ئەگەر ياخشىلىق يولىنىڭ باشلانمىسىدىلا بۇ خىل كۆپلۈكتىن مەيدانغا كېلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا اللە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىدىن ھەمدە پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىدا يەر شارىدا ئۇنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ۋە كۈچلۈك دۆلەتكە ئىگە قىلىشنى تەقدىر قىلغان دىندىن بۇ خىل كۆپىيىشنى ھەرگىز توسۇپ قالمىغان بولاتتى.

بىز ئىشلارنى اللەنىڭ تەقدىرىدىن ئايرىپ، ئۇنىڭغا يەرشارى نۇقتىسىدا تۇرۇپ قارىغان ۋاقتىمىزدا، بىزگە ئەرەپلەرنىڭ باشتۇڭ ۋە سەركەشلىكى مەككىدىكى تولۇق ئون ئۈچ يىللىق دەۋەت جەريانىدا پەيغەمبەرگە ئەگىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىنى ئازايتىۋەتكەندەك تۇيۇلۇپ قالىدۇ. بىراق بىز ئىشلارغا اللەنىڭ تەقدىرى نۇقتىسىدا تۇرۇپ قارىغىنىمىزدا، اللە ئەگەر خالىسا ئاشۇ ساناقلىق يىللاردا پەيغەمبەرنىڭ ئەتراپىغا مىڭلىغان ئادەملەرنى توپلاشقا تامامەن قادىر ئىدى.

بىراق اللەنىڭ تەقدىرى-اللە بىر نەرسىنى «بارلىققا كەل» دەپلا بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ-مۇشۇ دەۋەتنىڭ غەلىبىسى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئاساس سالىدىغان رەۋىشتە ئىجرا بولدى. بۇ خىل

سۈرەتتىكى دەۋەت يەر شارىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە دەۋەت بولدى. بۇ دەۋەت اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن باشقا دەۋەتلەر قالدۇرالمىغان تارىخى سەھىپىلەرنى قالدۇردى.

مەككىدىكى ئون ئۈچ يىل جەريانىدا پەيغەمبەرگە ئاۋاز قوشقان ئادەملەر ساناقلىق ئازغىنە كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئىككى يۈزگىمۇ يەتمەيتتى. لېكىن ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا تەڭداشسىز بولغان ئاشۇ تۈنجى ئەۋلاتنىڭ يادروسى ئىدى.

توغرا، ئۇلار ھەقىقەتەن ئاز ئىدى. بىراق ئۇلار بىناكارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا پۈتكۈل بىنانى كۆتۈرۈپ تۇرۇدىغان مۇستەھكەم تۈۋرۈكلەر ئىدى. ئۇلار بىنانى كۆتۈرۈپ تۇراتتى ۋە بىنانى زىمىندا مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى. شۇنداقلا بىناكار بىنانى قۇرۇپ چىقىشتا تۈنجى قەدەمدىن باشلاپ، كۈچلۈك، پۇختا، مۇستەھكەم ئاساس (ھۇل)قا تايىنىدۇ. ئاندىن كېيىن يەنى لاي ۋە تاشلارنى قويۇشتىن بۇرۇن بىنانى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ... اللەنىڭ تەقدىرى پەيغەمبەرنىڭ قولىدا ئېلىپ بېرىلغان دەۋەتنى دەل ئاشۇنداق قىلدى. پەيغەمبەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئازغىنە جامائەت پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ غەمخورلۇقى، يوليۇرۇقى ۋە تەربىيىسىگە ئېرىشتى ھەمدە ئۇنىڭدىن تولۇق ئېنىرگىيە قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە ئۇلار اللەنىڭ خاھىشى بويىچە ھەر بىر بۇلۇڭدىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈك بولدى. ئاندىن كېيىن اللەنىڭ تەقدىرى ئەنسارلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مۇھاجىرلار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەرنىڭ قولىدا تەربىيىلەندى. ئۇلارمۇ ئازغىنە ساناقلىق جامائەت ئىدى. ئوخشاشلا پەيغەمبەرنىڭ تەربىيىسى، غەمخورلۇقى ۋە ئەتراپلىق يوليۇرۇقىغا ئېرىشتى. يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسىدە مۇھاجىرلار ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى. مانا بۇلار بىنانى پۈتتۈرىدىغان

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنى ۋەزىپىنى ئورۇنداش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئاشلارنى فويۇشتىن بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى . ئاشۇ كىشىلەر ھەققىدە الله مۇنداق دەيدۇ :

«سەن كىشىلەرنىڭ اللەنىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىدىغانلىقىنى كۆرەتتىڭ !» (110: 2)

مانا بۇ دەۋەت مۇۋەپپىقىيەت قازانغان ۋە ئۇنىڭ كۈچىنى زورايتقان ئىلاھى تەرتىپ .

بىز ئىشلارنى بۇ خىل سۈرەتتىن باشقىچىرەك شەكىلدە پۈتتى . تۈنجى مىنۇتتىن باشلاپ ياكى دەۋەتنىڭ تۈنجى يىللىرىدىلا كىشىلەر اللەنىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىردى دەپ ئويلاپ باقايلى ! . . . ئەمەلىيەتتە بىنا مۇشۇنداق سۈرەتتە پۈتەرمىدى ؟ الله مۇستەھكەم قىلىشنى تەقدىر قىلغاندەك بۇ بىنا زىمىندا مۇستەھكەم قەد كۆتۈرۈپ تۇرالارمىدى ؟

ناھايىتى ئېنىقكى الله بىر نەرسىگە «بارلىققا كەل» دېسە ، ئۇ دەرھال بارلىققا كېلىدۇ . . . ئەگەر الله خالىغان بولسا ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتى . . . ئەگەر ئۇ بىر ئىشنى تەقدىر قىلغان بولسا ، ئەلۋەتتە ئۇ ئىش بولاتتى . . .

بىراق الله-ئۇنىڭ ئىرادىسى ئۇلۇغ-كائىناتتا ، يەر شارىدا ۋە ئىنسانلار ساياتىدا بىر بۆلۈك قانۇنىيەتلەرنى بېكىتتى . ھەمدە ئاشۇ قانۇنىيەتلەرنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە كائىنات زىمىن ۋە ئىنسانلاردىكى ئاساسلىق ئامىل قىلدى . دەۋەتكە ساناقلىق ئادەملەرنىڭ ئاۋاز قوشۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئەتراپىلىق كۆڭۈل بۆلىشىگە ئېرىشىپ ، بىنانى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم تۈۋرۈكلەردىن بولۇشنى دەۋەتتىكى قانۇنىيەتلەردىن بىرى قىلىپ بېكىتتى .

تەربىيە كۆپلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك مۇشەققەتلىك پائالىيەت جەريانىدۇر .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ تەربىيىچى. . . بىراق ئۇ ئەگەر تۇنجى مىليۇنلىغان ئادەملەرگە بۇزۇلغان بولسا، ئاشۇ سانى چەكلىك ئازغىنە جامائەتكە يوليۇق بېرىپ، تەربىيىنى ئەڭ مۇكەممەل سۈرەتتە ۋە ئاللاھنىڭ «سىلەر ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولدۇڭلار. . .» دېگەن سۆزىگە لايىق ئەڭ مۇكەممەل ئۆلچەمدە ئەمەلگە ئاشۇرغاندەك، ئۇنداق كۆپ ئادەملەرگە بىر-بىرلەپ يوليۇرۇق ۋە تەربىيە بېرەلمەيتتى. غەمخورلۇق قىلىپ بولالمايتتى. . . شۇڭا ئىش ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىكى تەقدىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغان قانۇنىيەتلەر بىلەن ماس ھالدا مۇشۇ خىل رەۋىشتە تولۇقلاندى. ئاللاھ ئۆزى بىلىدىغان بىرەر ھېكمەت سەۋەبىدىن مۇشۇ دىنىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنىيەتلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى قانۇنىيەتلەر بىلەن ئەمەلگە ئېشىشىنى خالىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، كېيىنكى مۇسۇلمان ئەۋلادلار، «ئالدىنقىلار ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنىيەت بىلەن غەلبە قازاندى. ئەلچىلىك ئاخىرلىشىپ، پەيغەمبەرلىك ئۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنداق مۆجىزە خاراكتېرلىك قانۇنىيەتلەر قايتا مەيدانغا كەلمىدى» دېيىشىپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىن يالتىيىپ قالاتتى.

بۇ دىندىكى ئەڭ چوڭ مۆجىزە ئاللاھنىڭ كىتاۋى بولۇپ، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇ قىيامەتكىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

«قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئۆزىمىز قوغدايمىز»
(15:9)

ئەگەر پەرىشتىلەرنىڭ بەدرى كۈنىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنىيەت بولسا، ئۇنداقتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان پەرىشتىلەرنى ئەينەن كۆرۈشى ئوخشاشلا ئادەتتىن

تاشقىرى قانۇنىيەتتۇر . دېمەك ، پەرىشتىلەرنىڭ ياردەم بېرىشى ئۈچۈن مۆئمىنلەرنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئۇلارنى مۇستەھكەملىشى كۈچەيتىشى ۋە ئاراملىق بېغىشلىشى . . الله ئۇنى ئۆزى خالىغان لاياقەتلىك بەندىلىرىگە يۈرگۈزىدىغان رېئال تەقدىرىدۇر .

«شۈبھىسىزكى ، «پەرۋەردىگارىمىز اللەدۇر» . . . دېگەنلەر ، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ «قورقماڭلار ، غەم قىلماڭلار ، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار ، بىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستۇڭلارمىز . . . » دەيدۇ» (41: 29)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ئەمەلىيلەشكەن رېئال قانۇنىيەت شۇكى ، جاھىلىيەت ھەقىقەت چاقىرىقىغا قارشى چىقىپ ، ئۇنىڭغا ئۇرۇش قوزغىدى . تەھدىت سالدى ۋە زەھەرلىك كۆزىنى تىكتى . بارلىق چەكلەش ، قورقۇتۇش ۋە تۇيۇقسىز قوشۇلۇشتىن توستى . دەسلەپتە دەۋەتنى پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا قوبۇل قىلدى . ئىمان ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم بولدى . ئۇلار جاھىلىيەتكە باش ئەگمەي ، ئۇنىڭ بارلىق زىيانكەشلىكلىرىگە بەرداشلىق بەردى . ئۆز مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ ، قىلچە چېكىنمىدى . سىناق ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى . . . نەتىجىدە ئۇلار بۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ساپلاشتى . الله ئۇلارنى ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا ۋە بىنا قۇرۇپ چىقىشقا تاللىدى .

سىناق بىر قانۇنىيەتتۇر .

«ئىنسانلار ئىمان ئېيتتۇق ، دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي قالدۇرۇلىمىز دەپ ئويلامدۇ ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق . الله ئىماندا راستچىللارنى ۋە ئىماندا يالغانچىلارنى چوقۇم بىلىدۇ .» (29: 2-3)

مۆئمىنلەرنى پاكلاش دۈشمەنلەرنى يوقۇتۇشتىن بۇرۇنقى

قانۇنىيەتتۇر :

«بۇ اللەنىڭ مۆئمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ۋە كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر» (140 : 3)

سىناق ۋە پاكلاش مۇددىتى ئاخىرلىشىپ، اللە ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ ساپ ۋە خالىس بولغانلىقىنى اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلار ئۈچۈن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولغانلىقىنى . . . اللە بىلگەن چاغدا، اللەنىڭ يەر شارىدا ئۇلارنىڭ كۈچىنى زورايتىش ۋە ئىنسانلارنى ھەقىقەت دەۋىتىگە توپ-توپ بولۇپ كىرگۈزۈش قانۇنىيىتى ئەمەلگە ئاشىدۇ .

سىناق ۋە پاكلاش مەزگىللىرىدە ئامانەتنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەربىيەنىڭ كۆپلىگەن تەرەپلىرى ئورۇنلىنىدۇ . ئامانەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان بۇ ئادەملەر تۇنجى قېتىم جاھىلىيەتكە تاقابىل تۇرىدىغان دەۋەتكە كىيىن قوشۇلغان كىشىلەر ھازىرلاشقا تىگىشلىك بولمىغان سۈپەت ۋە خۇسۇسىيەتلەر ئۇلارغا زۆرۈر بولىدىغان كىشىلەر بولۇپ، زىمىندا پۈتكۈل بىنانى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم تۈۋرۈكلەرنى ئورنىتىش ئاشۇ تۈۋرۈكلەر ئارىسىدىكى جايلارغا تاش تىزىشقا قەتئىي ئوخشىمىغاندەك، ئۇلارمۇ كىيىنكىلەرگە ئېلىنىپ بېرىلىدىغان تەربىيىلەشكە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە كۈچلۈك بۆلۈشكە مۇھتاج بولىدۇ .

بۇ تۈۋرۈكلەر ئالاھىدە ياساشقا، ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىغان ئۆزگىچە ئاساسلارغا ۋە ئاشۇ ئاساس (ھۇل)لارنى تولۇقلاش ئۈچۈن مەلۇم دەۋرگە مۇھتاج بولىدۇ . ئەگەر بۇ تۈۋرۈكلەرنى ياساشنىڭ بارلىق پرىنسىپلىرى تولۇق بولمىسا، ئۇنداقتا كىيىنكى مەزگىللەردە پۈتكۈل بىنا چاك كېتىشكە ياكى ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە

دۇچ كېلىدۇ .

ئەمەلىيەتتە يالغۇز تۆۋرۈكلەرنىڭ ئۆزىلا بىنانى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ ۋە ياكى بىنانى قۇرۇپ چىقىشتىكى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرەلمەيدۇ . . . ئۇنداقتا ئاممىلارنى، شەكىللەندۈرىدىغان ، بىنانى پۈتتۈرىدىغان ۋە بىنا قۇرۇشتىكى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان سەن بىنانىڭ ھۇلىنى پۇختىلىماي ياكى مۇستەھكەم تۆۋرۈكلەرنى ئورناتماي تۇرۇپ ۋە ياكى ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەلەپكە لايىق سەۋىيىدە تولۇقلىماي تۇرۇپ ، تاش تىزىشقا باشلىساڭ ، ئۇنداقتا بىنا ئىگىزلىگەنسېرى يىقىلىپ چۈشىدۇ . . . بۇ چاغدا تاشلار ياردەمچىلىك رول ئوينىغاندىن كۆرە ، كۆپرەك ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدۇ .

تۇنجى قېتىم جاھىلىيەتكە تاقابىل تۇرىدىغان ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش تەربىيە مەزگىلىدە بولۇقلانغان چاغدا ، كۆپلىگەن ئىشلار ئەمەلىيەتتە بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشىدۇ .

بۇ ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن كىشىلەر بىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغاچقا ، ئۇلار يېڭى دەۋەت تۇپراقىقا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشتىن ئىلگىرى ئۇنى يوقۇتۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئورۇنۇۋاتقان جاھىلىيەتنىڭ سۈيقەستىگە تاقابىل تۇرالايدۇ . چۈنكى ئۇلار شۇنى ياخش بىلىدۇكى ، ئەگەر ئۇلار بۇ يولدا پۈتۈن كۈچىنى چىقارمىسا ، جاھىلىيەت ئۇلارنىڭ بارلىق پۇرسەتلىرىنى تارتىۋالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ . شۇ سەۋەپتىن تۇنجى ئۈچرىشىش تولىمۇ دەھشەتلىك بولىدۇ . بۇنىڭغا پەقەت ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ تەربىيىلەيدىغان رەھبىرىدىن مۇكەممەل ئېنىرگىيە قوبۇل قىلىدىغان تاللانغان مۆئمىن ئەزىمەتلەرلار بەرداشلىق بېرەلەيدۇ .



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەزىمەتلەرنىڭ سۈيقەستىدە تاقابىل تۇرۇشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئەمەلىيەتتە دەۋەت مۇساپىسىنىڭ يېرىمىدا بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈردى. چۈنكى قەلبلەر دەھشەتلىك ئازاپ-ئوقۇبەتلەرگە يولۇقسىمۇ، ئۆزى ئىشەنگەن ھەقىقەتتىن قىلچە چېكىنمىگەن مۆئمىنلەر تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقى مۇشۇ ھەقىقەتنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، يېڭى روھلارنى ئۆزىگە تارتتى. بۇ روھلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ يولىدا جاھات قىلدى. نەتىجىدە كۈچلۈك ۋە پۇختا ئاساسقا ئىگە «بازا»نىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كەڭەيدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەزىمەتلەر دەۋەت رەھبىرىنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنلىرى بولۇپ، شەكىللەندى. لېكىن ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا رەھبەر بولۇش ۋە تۇنجى رەھبەرنىڭ ئىز باسارى بولۇش ئۈچۈن تەربىيىلەندى.

سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە قاراڭ!...

ئۇلار تارىختىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان سۈرەتتە دەۋەتنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەڭگىۋار جەڭچىلىرى ئىدى...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرلا ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ئورنىدا رەھبەر بولالايدىغان سالاھىيەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلىدى. ئۇلار پەيغەمبەر تاپشۇرغان ۋەزىپىنى تارىخ تونۇيدىغان ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئورۇنلىدى. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ دىن بويىچە تەربىيىلىنىشتىكى ئۈلگىسى ئىدى. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى مۇستەقىل تەڭداشسىز تەربىيە بىلەن تەربىيىلەشتىكى نەمۇنىسى ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەردىن كېيىن «ئامانەت»نى ئۈستىگە ئېلىپ، تارىخ تونۇيدىغان توغرا خەلىپىلىك ئىچىدە ئىسلام ئۈممىتىنى يېتەكلەپ، ماڭغان رەھبەرلەرگە

www.uyghurkitap.com

ئايلاندى .

مانا بۇ «بىنا»قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە يۈز بېرىدىغان قانۇنىيەتتۇر . . . ئۇ اللەنىڭ دىنىنى دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان جامائەتنى قۇرۇپ چىقىشتا مېڭىشقا تېگىشلىك «يول»دۇر .

ئەگەر بىز ئىمام- شەھىد قۇرۇپ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن-اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ هاياتىدا تارىخى بۇرۇلۇشنى شەكىللەندۈرگەن چوڭ بىنانىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىنىمىزدە ، بىز بىر «تۈركۈم»كىشلەرنىڭ دەۋەت توپىغا قوشۇلىشىغا سەل بالدۇر رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز . ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشىلەردە تەلەپكە لايىق كۈچلۈك ۋە پۇختا ئاساس تەييارلانمىغان ; ھەمدە بىنانى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكلەر تۇنجى قېتىم جاھىلىيەت بىلەن ئۇچرىشىدىغان تۇنجى ئەۋلات قەھرىمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرگە ئۇيغۇن هالدا ئورنىتىلمىغان .

ئۇنداقتا بۇ جايدىن مۇنداق بىر سوئال كېلىپ چىقىدۇ .

ئىمام شەھىد يېتەرلىك دەۋەتچى ۋە تەربىيىچىنى تەربىيىلەپ چىققانغا قەدەر ، ئەتراپىدىكى باشقا نەچچە ئون مىڭلىغان كىشلەرنى دەۋەت توپىغا قوشۇلۇشتىن چەكلەش كېرەكمىدى ؟ ئۇلارنى ئۈيۈشتۇرۇشقا ، هېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ دىنى هېسسىياتىنى قوزغۇتۇشقا ئىقتىدارى يېتىدىغان تۇرۇپ ، ئۇلارنى «يوقىلىش» ئىچىگە تاشلىۋېتىش كېرەكمىدى ؟ . . .

مەسىلە بۇ خىل رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدا ، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب شەكسىز «ياق»بولىدۇ .

بىراق بۇ ھەرگىزمۇ مەسىلىنىڭ توغرا يۇسۇندا ئوتتۇرىغا قويىلىشى ئەمەس !

بىز سوراپ باقايلى ! ئەگەر كىشلەر دەۋەتنىڭ ماھىيىتىنى ۋە

ئۇنىڭ دائىرىسىنى ، دەۋەتنى قورشاپ تۇرىۋاتقان ۋەزىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى ، دەۋەت بىلەن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ھەققىقىتىنى ، يەھۇدى-خىرىستىئانلارنىڭ ئىسلامغا ۋە ئىنسانلارنى ئىسلامغا قايتۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان ھەر بىر دەۋەتكە قارىتا ئېلىپ بارغان زەھەرلىك سۇيىقەستلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەن بولسا ، ئاشۇ قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدا ئۇنىمگىلىغان ئادەملەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنارمىدى ؟ !

بىز ئىمام شەھىدنىڭ ئالدىنقى بەتتە كۆرسىتىپ ئۆتكەن سۆزىنى قايتا كۆرۈپ باقايلى ! . . .

«مەن سىلەرگە شۇنى ئوچۇق جاكالايمەنكى ، سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلار نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھېلىھەم ناتۇنۇش ھالەتتە تۇرماقتا ، ئەگەر ئۇلار دەۋىتىڭلارنىڭ مەقسەت نىشانىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ، شۇ ھامان سىلەر قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە رەھىمسىزلەرچە دۈشمەنلىككە دۇچ كېلىسىلەر . كۆز ئالدىڭلاردا تالاي قىيىنچىلىقلارنى كۆرىسىلەر ، سىلەرگە ئازاپلار كېلىدۇ ئەنە شۇ چاغدا سىلەر دەۋەتچىلەر ماڭغان يولغا قەدەم باسقان بولىسىلەر . » .

مانا بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتى . . .

ئەگەر كىشىلەر دەۋەت ھەقىقىتىنى بىلسە ياكى بىلدۈرۈلسە ئىدى . ئىلاھى قانۇنىيەت ئۆز ئېقىنىدا ماڭغا بولاتتى . دەۋەتكە ساناقلىق كىشىلەرلا يۈزلىنىپ ، تەربىيىۋى ئېنىرگىيەنى مۇكەممەل قوبۇل قىلغان بولاتتى . ئۇلار بىنانى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم تۈۋرۈكلەرگە ، ئىنسانلار دەۋەت ئىچىگە توپ-توپ بولۇپ كىرگەن چاغدا ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان تەربىيىچىلەرگە ئايلانغان بولاتتى . بەلكى ئۇلار رەھبەرگە ئىز باسار بولۇپ ، يولىنى داۋاملاشتۇرىدىغان دەۋەتتىكى «ئىككىنچى سەپ»

بولغان بولاتتى . . .

توغرا ، «پائالىيەتچان قېرىنداشلار» جەڭگىۋار قوشۇن ئىدى . . . ئۇلار رەھبەرنىڭ بۇيرىقى بويىچە ئىنتىزاملىق ھەرىكەت قىلاتتى . ئۇلار ھەرىكەتنى رەھبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن يولىيورۇقىغا مۇۋاپىق ئورۇندايتتى . بىراق ئۇلار ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن دەۋەت ئەتراپىغا توپلانغان ئاشۇ توپ-توپ كىشىلەرگە رەھبەر ۋە مۇئەللىم بولۇشقا تەييارلىق قىلىپ بولالمىغان ئىدى . چۈنكى ئۇلار ئىمام شەھىد ئېيتقاندەك دەۋەت ھەقىقىتىنى ئېنىق بىلمەيتتى . تېخىمۇ خەتەرلىك بولغىنى ئۇلار ئىمام شەھىددىن كېيىن رەھبەرلىكنى تاپشۇرىۋېلىشقا ، ئۇزۇن ، مۇشەققەتلىك يولدا (ھەرىكەتنى ) داۋاملاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىدى . دەل ئاشۇ ھادىسىلەر ئىسپاتلىغاندەك كېيىنكى ھەرىكەت يۆلىنىشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى .

× × ×

مۇستەھكەم تۆۋرۈكلەرنى تەلەپكە لايىق سۈپەتلەر بىلەن قۇرۇپ چىقىشنى تاماملاشتىن بۇرۇن خەلقلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشقا دەۋەت قىلىشتا ئالدىراقسانلىق يۈز بەرگەندەك ئىچكى كۆرەش مەيدانىدا ياكى پەلەستىندىكى ئۇرۇش جەڭگاھىدا بولسۇن مۇناسىپ ۋاقت يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھەرىكەتكە ئاتلىنىش ئالدىراڭغۇلۇقى يۈز بەردى .

ئىچكى جەھەتتە دېگىنىمىزدە ، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇش ياكى نامايىش ۋە پاراتقا قاتنىشىش ۋە ياكى كومىنىزمغا قارشى تۇرۇش ، خەۋپسىزلىك كېڭىيىشىدە مىسىر مەسىلىسى ياكى باشقا مەسىلىلەرنى قوللاش دېگەندەك ئاشۇ چاغدا قوزغالغان سىياسىي مەسىلىلەرگە ئارلىشىش قاتارلىقلاردا جامائەت كۈچ كۆرسىتىپ ئالدىراقسانلىق قىلدى . . . جامائەت گويا ھەر قېتىم «بۇ يەردە بىز بار ، بىز قىلالايمىز . . .» دېگەندەك قىلىپ ، ئۆزىنى

ئاشكارىلاپ قويدى .

مۇسۇلمان جامائەتىنىڭ ئۇنىڭغا قاتنىشىشى توغرا بولىدىغان ياكى هاياتنىڭ ئاساسي قانۇننى تۇزىتىش مەسئۇلىيىتى يۈكلىنىدىغان ئىشلار بولۇشتىن قەتئىنەزەر ، قانۇننىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ، اللەنىڭ قانۇنىغا ئەگەشمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ، شۇ چاغدا قوزغالغان بۇ مەسىلىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەندىمۇ لازىملىق ، تەييارلىقىنى پۇتتۇرۇش ، پۇختا ئۇل قۇرۇپ چىقىش ، مۇستەهكەم تۆۋرۈكلەرنى ئورنۇتىش ۋە تەربىيىنى تەلەپكە لايىق ئورۇنداشتىن بۇرۇن بۇ خىل سۇرەتتە «كۈچ كۆرسىتىش» ۋاقتى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنقى هەرىكەتكە ئاتلىنىش ئالدىراقسانلىقى بولدى . بۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇساپە يۆلىنىشىدە تۇيۇقسىز ئېغىر تەسىرى بولدى .

ئەمما پەلەستىن مەسىلىسىدە «مۇسۇلمان قېرىنداش» پىدائىيلىرىنىڭ كۆرەش مەيدانىغا كىرىپ كېلىشى شەك-شۈبهىسىز بەلگىلەنگەن تەقدىر بولدى . . . بىراق بۇ هادىسە كېيىنكى هادىسىلەرنىڭ يۆلىنىشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى . اللە تەقدىر قىلغان ئىش چوقۇم يۈز بەرمەي قالمايدۇ . . . لېكىن اللەنىڭ كىتاۋى بىزگە اللەنىڭ تەقدىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ رولى ۋە مەسئۇلىيىتىنى يوق قىلىۋەتمەيدىغانلىقىنى ئۆگەتتى .

«سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا *

سىلەر يەنە ‹بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى› دېدىڭلار ، ئېيتقىنكى ، ‹ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلاردىن- يەنى پەيغەمبەرنىڭ بۇرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىمەتكە بېرىلىپ كەتكىنىڭلاردىن-بولدى › اللە

* ئۇهۇت غازىتىدا مۇسۇلمانلاردىن 70 كىشى شەهىت بولدى . بەدرى غازىتىدا مۇشرىكلاردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ ، 70 كىشى مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشتى .

ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر . ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە- مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئۇھۇد جېڭىدە-سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر . » (3: 165-166 )

ھازىر بىزدە ئىمام شەھدىنىڭ پىدائىيلارنىڭ پەلەستىن ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ياكى ياشلارنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن قارار قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت يوق . . . بىراق مەن ئويلايمەنكى ، جامائەتنىڭ بۇندىن ئىلگىرى ھەر قايسى مەيدانلاردا قوزغالغان سىياسىي مەسىلىلەرگە قاتنىشىشى «قېرىنداش» لارنىڭ پەلەستىن جەڭ مەيدانىغا كىرىشنى «ۋاجىپ» ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويدى . . . جامائەت رەھبىرى بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەھمىيىتىدىن قانائەتلەنسۇن ياكى قانائەتلەنمىسۇن بەرىبىر ئوخشاش ، جامائەت بۇندىن ئىلگىركى ھادىسىلەرگە قاتنىشىپ ، جاھات ۋە پىداكارلىققا چاقىرغان ئىكەن ، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ كۆرەشكە قاتناشماسلىقى ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇلار بۇندىن ئىلگىرى ئېلان قىلغان ۋە خەلقنى ئۇنىڭغا چاقىرغان پرىنسىپلاردىن بىراقلا چېكىنىش ھېساپلىنىدۇ .

قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر اللەنىڭ تەقدىرى يۈز بەردى . . . يەھۇدى-خىرىستىئانلار ئۆزلىرىنىڭ پىلانىغا بولۇپمۇ يەھۇدى دۆۋلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا نىسبەتەن بۇ جامائەتنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالدى . . . نەتىجىدە بۇ جامائەت پىشىپ يېتىلىپ ھادىسىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشتىن بۇرۇن ئۇلار دۇچ كەلگەن ئۆزۈلمەس قانلىق باستۇرۇش . . .لار يۈز بەردى .

× × ×

خەلقنى ئويۇشۇشقا دەۋەت قىلىشتا ۋە مۇناسىپ ۋاقىتنى كېلىشتىن ئىلگىرى ئامىنى ھەرىكەتكە سەپەرۋەر قىلىشتا

ئالدىراقسانلىق يۈز بەرگەندەك ، بىنا قۇرۇش ئەمەلىيىتىدىمۇ ئوخشاشلا ئالدىراقسانلىق كېلىپ چىقتى . بىنا قۇرۇش خىزمىتى باشلىنىشقا تېگىشلىك ۋاقىتتىن باشلانماستىن بەلكى تەرتىپ جەھەتتە كېيىن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار بالدۇر ئورۇندالدى . .

ئەقىدە مەسىلىسى ئوپئوچۇق مەسىلە شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى مەسىلە بىز دىنى تۇيغۇلارنى ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇپ ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە رېئال ھەرىكەتكە ئايلاندۇرساق ، ئىشلار تۈزلىنىپ ، نىشانلار ئەمەلگە ئاشىدۇ . دەپ قارالدى .

بۇ كېيىن بايان قىلماقچى بولغىنىمىزدەك خاتا ئويلاپ قىلىش بولۇپ قالدى . كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ ئىشلارنىڭ ئەتراپلىق مۇلاھىزىگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ، باشلىنىش ۋاقتىنىڭ ئەقىدىنى تۈزلەش ۋە ئەقىدىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن چىقىپ كەتكەن ماھىيەتلىك ئۇقۇمنى ئاشكارا قىلىش بولۇش كېرەكلىكى ئىسپاتلاندى . ئەمەلىيەتتە خەلقلەرلا ئەمەس ، بەلكى دەۋەتچىلەرنىڭ ئۆزىمۇ پەيغەمبەر ئالدىن خەۋەر قىلغان ئىسلامنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق غېرىپلىق مەزگىلىدە بۇ ئۇقۇملارنى ئېنىق چۈشەنمىدى .

«ئىسلام غېرىپ ھالەتتە باشلانغاندەك ، غېرىپلىق ھالىتىگە قايتىدۇ . غېرىپلارغا مۇبارەك !»

× × ×

بىز بۇ ئالدىراقسانلىقنى مۇنداق ئاساسلىق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلايمىز .

بىرىنچى ، «ئىسلامى» بازا ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ، ئۆتەشكە تېگىشلىك خىزمەت ئۇنى يېڭىدىن «قۇرۇش» ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنى «بىرلەشتۈرۈش» ھەرىكەتكە ئۈندەش ، تەشكىللەش ،

www.uyghurkitap.com

رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئورۇنداشقا تېگىشلىك خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش . . . دەپ قارالدى .

ئىككىنچى ، بىر تەرەپتىن دۇنيا يەھۇدىلىرى ۋە دۇنيا خىرىستىيانلىرىغا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى ئەھۋاللارغا قارىشى تۇرۇش ئۇچۇن يېتەرلىك كۈچ . . . مەيلى كۆپ خىللىق جەھەتتە بولسۇن ياكى مۇناسىپ ھەجىم جەھەتتە بولسۇن توغرا مۆلچەرلەنمىدى .

بىز بىرىنچى نۇقتىغا نىسبەتەن شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى ، ئىمام شەھىد . ئەگەر ئۇنىڭ قەدىمى مىسىردا ھەرىكەت قىلىپلا تۇرسا . «خەلقلەر»نىڭ كەڭ دائىرىلىك قوللاش پوزىتسىيىسىنى ھەمدە ئۇ دەۋەت باشلىغاندىن تارتىپ تا شېھىد قىلىنغان كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىگىرمە نەچچە يىل جەرياندا جامائەت بىر نەچچە قېتىم ھەسسىلەپ كۆپىيىپ ، «چىغىر يول» ھاسىل قىلغان دەۋەتكە «يۈزلىنىش»سۈرىتىنى بەك چوڭ بىلىپ كەتتى . بۇ خىل «چوڭ بىلىش»نى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەپلەرنىڭ بىرى يەنىلا ئۇنىڭ ″جەڭچىلىرى″ . «پائالىيەتچان قېرىنداشلار» نىڭ كەڭ دائىرىلىك ئاۋاز قوشۇشى بولۇپ ، ئۇلار ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئاۋاز قوشىدىغان ۋە ئۇ ياسىماقچى بولغان قېلىپلار ئۆزلۈكىدىن قويۇلىدىغان . ئۇنىڭ قولىدىكى . ئىتائەتمەن قورال ئىدى .

لېكىن ئەمەلىي تەجرىبە شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، بۇ قاراشلاردا رېئاللىقنىڭ تەلىۋىدىن كۆرە ياخشى گۇمان كۆپ بولۇپ كەتتى !

″دىنىي ھېسسىيات″بىلەن ″ئىسلامى بازا″ چوقۇم پەرىقلەندۈرىلىشى كېرەك !

گەرچە بۇ ھېسسىياتلار مۇشۇ دىنىي ھەقىقىي چۈشەنمەستىن ۋە ئۇنىڭغا ئاڭلىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەستىن ، ئىسلامغا ئۇن ئۈچ

ئەسىرىدىن بۇيان بىللە ياشاپ كەلگەن ئەنئەنىۋى دىنىغا. يۇزلەنگەن بولسىمۇ بىراق بۇ ھەرگىز يېتەرلىك ئەمەس !

"بىلىش" دەرىجىسىگە يەتكۈزىدىغان ھەقىقىي چۈشەنچە بولىشى كېرەك !

«بىلىشىڭ كېرەككى، بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق.»

پاراسەت بولىشى كېرەك :

«ئېيتقىنكى بۇ مېنىڭ يولۇم مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر كىشلەرنى اللە تەرەپكە پاراسەت بىلەن دەۋەت قىلىمىز. اللە پاكتۇر. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»

يۇقاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىر نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئەقىدە مۇسۇلمانلارنىڭ روھى دۇنياسىدا قاتتىق سۇسلىشىپ كەتتى. شۇڭلاشقا بۇ «دىنى ھېسسىياتلار» ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ ئويدۇرما ۋە ئازغۇنلۇقلىرىغا؛ ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە قوزغاۋاتقان زەھەرلىك ۋە سۇيقەستلىك ئۇرۇشقا قارىشى تۇرىدىغان ئاڭلىق ھەرىكەتنى قوزۇپ چىققۇدەك ماھىيەتلىك ئۇقۇمغا ئىگە بولالمىدى.

دىنى تۇيغۇلارنى ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇش ۋە ئۇنى رېئال ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش بولسا، ئەسىرلەر جەريانىدا، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئەسىرلەردە ئەقىدىگە قوشۇلۇپ قالغان بۇزۇلۇش تەرەپلىرىدىن پەقەت بىرلا تەرەپنى تۈزىتىش ئىدى خالاس !

سوپىزىم ۋە ئىرجائى ئېقىمى پەيدا قىلغان يۈلىنىۋېلىش ئىدىيىسىدىن ئىبارەت بۇزۇلۇشنى ئىمام شەھىدنىڭ ھەرىكىتى بىخوتلاشقان تۇيغۇلارنى ئويغۇتۇش ۋە ئۇنى رېئال ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق تۈزەتتى. ئەگەر بىز يۇقاردا بايان قىلغىنىمىزدەك مۇشۇ تەرەپلەردە مۇسۇلمانلارغا چاپلاشقان كېسەللەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇ خىل تۈزىتىشنىڭ ماھىيەتتە

ئىنتايىن زوّر تىرىشچانلىق بولغانلىقىنى بايقايمىز.

لېكىن ئاخىرقى ئەسىرلەردە ئىسلام ئوّممىتىگە چاپلاشقان يەنە بىر «كېسەل» اللەنىڭ شەرىئىتىنى قانۇن قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان «هاكىمىيەت» مەسىلىسىدە «لاالە الااللە»نى ئۇنىڭ ماهىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش بولدى. ھەمدە بۇ خىل «كېسەل»نىڭ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ هاياتىغا ۋە ئىسلام ئويغىنىش هەرىكىتىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن قاتتىق خەتىرى بولدى. چۈنكى سوپىزىم ۋە ئىرجائى ئېقىمى پەيدا قىلغان يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسىنى داۋالاپ ساقايتىشتا گەۋدىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەندەك، بۇ خەتەرنى توّگىتىش ئۈچۈنمۇ مەركەزلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھەقىقەتەن ئىسلام ئۇممىتى ئون ئۈچ ئەسىر قانداقلا بولمىسۇن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ سايىسىدا ياشاپ كەلدى. ھەمدە بۇ خىل ياشاشنى ناماز ئوقۇغانغا ئوخشاش ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغانلىقنىڭ ئۆپئۆچۇق نامايەندىسى دەپ قارىدى.

يېقىنقى ئۆتكەن ئۆتكىنىمىزدەك گەرچە ئىسلام ئۇممىتى ئازغۇنلۇق، بىدئەت ۋە خۇراپاتلارغا گىرىپتار بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىسلام شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئىسلام ئۇممىتىنىڭ هاياتىدىن قەتئىي يوقالمايدىغان ۋە ئىنسانلار ياشاۋاتقان رېئاللىق ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان مۇھىم ئىككى ئاساس ئىكەنلىكىنى ھېلىھەم چوڭقۇر ھېس قىلىپ كەلدى.

لېكىن ئاخىرقى ئەسىرلەردە ئىسلام دۇنياسى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملىگەن خىرىستىيانلار ۋە ئۇلارنىڭ قېتىدىكى يەھۇدىلار ئىسلام شەرىئىتىنى ھۆكۈمرانلىقتىن، نامازنى ئىنسانلار رېئاللىقىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتكۈل

ئەسكىرى ۋە ئىدىيىۋى-كۈچى بىلەن بىسىم ئىشلەتتى.

ئۇممەتنى ئۆز ئىسلامىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن جىددىيلىك بىلەن كۈچىيىۋاتقان سۇيقەست كىشىلەرنى ھەر بىر قەدەمدە، ئۇلار ھىلىھەم مۇسۇلمان دىگەن ئازغۇن خىيالغا پاتۇرۇپ قويدى.

ئالدى بىلەن شەرىئەت ھۆكۈمرانلىقتىن يىراقلاشتۇرۇلدى. ھەمدە كىشىلەرگە كىرەك يوق! ئەگەر سىلەر ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ تۇرساڭلار سىلەر يەنىلا مۇسۇلمان دىيىلدى.

ئۇنىڭدىن كىيىن ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەر يوق قىلىنۋىتىلدى ھەمدە كىشىلەرگە چاتاق يوق! ئەگەر سىلەر «لاالەاللە»نى ئىغىزىڭلاردىن چۈشۈرمىسەڭلەرلا، ئوخشاشلا مۇسۇلمان ھىسابلىنىسىلەر دىيىلدى.

«لاالەاللە» رىئاللىقنىڭ بىسىمى ۋە زەھەرلىك ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنىدىن يىراقلاشتۇرۇۋىتىلدى. ئۇ ئىغىزدىلا دىيىلىدىغان «گەپ»كە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنى دىگۈچىلەر «تىلىمىز بىلەن ‹لاالەاللە› دەپ قويساقلا تولۇق ئىسلامغا كىرگەن بولىمىز. تەلەپ قىلىنغان ‹شاھادەت›نى ئورۇنلىغان بولىمىز. گەرچە قەلبىمىز ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن غاپىل، ھەرىكىتىمىز ئۇنىڭ تەلىۋىگە زىت بولسىمۇ، ئاخىرقى ھىساپتا بىزنى جەننەت كۈتۈپ تۇرىدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئىمام شەھىدنىڭ ھەرىكىتى مەيدانغا كەلگەن چاغدا، پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتىگە نائىل بولۇپ، «لاالەاللە»نىڭ ھەقىقىتىنى ۋە دىنىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولغان..

. لاردىن باشقا پۈتكۈل ئۇممەت مۇشۇنداق ھالەتتە ئىدى.

يۇقاردا بايان قىلغىنىمىزدەك ئىمام شەھىد مۇسۇلمانلارنىڭ

قەلبىدىكى «لاالەاللە»غا قوشۇلۇپ قالغان خاتا ئۇقۇم يەنى سوپىزىم ۋە ئىرجائى ئىدىيىسى بۇزۇۋەتكەن تەرەپنى تۈزەتتى. ئاندىن كېيىن اللەنىڭ شەرئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشقا ۋە اللەنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مۇسۇلمان دۆلىتىنى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىگە چاقىردى. ھەمدە ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز چاقىرىغا ئاۋاز قوشقانلىقىنى كۆرۈپ بۇ «كۆرۈنۈش»لەردىن خاتىرجەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى مەرگىللەردە تەجرىبە ئىسپاتلىغاندەك بېشىدىن باشلاپلا جىددىي ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك تەرەپلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمىدى.

ھەسەنۇل بەننا ئۆلتۈرۈلدى. تالاي ھادىسىلەر بولۇپ ئۆتتى. بىراق ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ھەممىسى قەلبلەردىن ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن قانخور «قەھرىمان»پەيدا بولدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى تارىختىن بۇيان مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ياۋۇزلۇق بىلەن قىرغىن قىلدى. تالاي ھادىسىلەر بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ھەممىسى قەلبلەردىن ئۇنتۇلۇپ كەتتى...، بەلكى ئىشلار تېخىمۇ ناچارلاشتى، قانخورنىڭ قولىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى تېمىپ تۇرسىمۇ، تالاي قوللار قانخورغا ئالقىش ياڭرىتىپ چاۋاك چالدى!

بۇ قانداق ھادىسە؟!...

بۇ «مۇسۇلمانلار»غا نىسبەتەن نورمال ئىشمۇ؟!

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئەگەر كىشىلەر «لاالە االله» نىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ اللەنىڭ شەرئىتىنى ھۆكۈمران قىلىش بىلەن بولغان كۈچلۈك مۇناسىۋىتىنى بىلگەن بولسا... قانخورنىڭ قىرغىنىغا قارىتا سۈكۈت بىلەن جاۋاپ قايتۇرارمىدى؟

بۇ مۇمكىن ئەمەس!



www.uyghurkitap.com

اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشقا چاقىرىدىغان دەۋەتچىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ بۇنداق ئاددىلا ئاخىرلىشىشى مۇمكىن ئەمەس ! ئەگەر بۇ يەردە «لااله الا الله»نىڭ ماھىيىتىنى قاپلىۋالغان «جاھالەت» بولمىغىنىدا ئىدى ، قانخورلارغا ئالقىش ياڭرىتىپ چاۋاك چالىدىغان كىشىلەر بولۇش تۇگۇل ، قانخورلار اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشقا چاقىرىۋاتقان دەۋەتچىلەرگە قاراتقان قاباھەتلىك قانلىق باستۇرۇشنىڭ بۇنداق ئۇنتىلمىسىزلا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ئىمام شەھىدكە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىز باسار بولغان جامائەتكە قارىتىلغان زەھەرلىك تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرىنى مۆلچەرلەپ بېقىڭ ! . . . يەنە قانخور «قەھرىمان»نىڭ يەرلىك ۋە دۇنياۋى تەشۋىقاتلىرىنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە تىگىشلىك ئورۇندا قويۇپ ئويلىنىپ بېقىڭ ! . . . ئىشقىلىپ ئىمام شەھىدنىڭ ئۆلۈمىگە ۋە قانخورلار ئېلىپ بارغان قانلىق قىرغىنغا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ھەرگىز قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ .

خەلقلەر ئاشۇ زەھەرلىك تەشۋىقاتلار سەۋەبىدىن ئىمام شەھىدنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا نىسبەتەن قارشى مەيداندا تۇرۇشى مۇمكىن ، بىراق ئۇلارنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىش مەسىلىسىگە قارىتا ئۆزىگە خاس مەيدانى بولىشى كېرەك .

اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىش مەسىلىسىگە قارىتا پۈتۈنلەي جىم تۇرۇۋېلىش ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشقا چاقىرغۇچى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان قانلىق باستۇرۇشقا نىسبەتەن سۈكۈت بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇش بولسا «لااله الاالله»نىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشقا بولغان كۈچلۈك مۇناسىۋىتىنى قاپلىۋالغان ئاشۇ بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ . شۇنداقلا «لااله الا الله»نى ئېغىزدا ئېيتىپ

قويۇش ئىنساننى ئىسلامغا كىرگۈزىدۇ ، گەرچە ئىنساننىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى «لااله الا الله»نىڭ تەلىۋىدىن يىراق بولسىمۇ ، بىراق بۇ سۈپەت مەڭگۈ ئىنساندىن ئايرىلمايدۇ . دەپ تەكىتلىمەيدۇ ، بەلكى ئىسلام ئىنساننى ئىبادەت قىلىش ھەمدە يالغۇز بىر اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىش ۋە يالغۇز بىر اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمەت قانۇنى قىلىش ئۇ «لااله الا الله»نىڭ تۇنجى تەلىۋى بولۇپ ، بىر ئادەم «لااله الا الله»نى كۈندە مىڭ قېتىم تەكرارلىسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ تەلىۋىگە لايىق ئىش قىلمىسا ، بەربىر «لااله الاالله»نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلمەسلىك ، دەل ئاشۇنداق ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

كىشىلەرنىڭ اللەنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەشنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇشۇ خىل بىلىمسىزلىك ئىچىدە مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەندە . . . . شەك-شۈبھىسىز چەكتىن ئاشقان بۇ بىلىمسىزلىك ئىنسانلار ھاياتىدا ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە تۇيغۇلىرىدا مەۋجۇت ، بۇنداق بىلىمسىزلىك مەۋجۇت بولىدىكەن ئۇنداقتا «ئىسلامى بازا»نىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، دېمەك «ئىسلامى بازا» قۇرۇش ئۈچۈن بېسىلىدىغان تۇنجى قەدەم ئىنسانلار ھاياتىدىن بۇ خىل «جاھالەت»نى يوقۇتۇشتىن ئىبارەت .

ئېنىقكى بۇ خىل جاھالەت ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش يولىدىكى ئەڭ چوڭ داۋان بولۇپ ، بۇ داۋان تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان جاھالەتكە قارىغاندا نەچچە ھەسسە خەتەرلىكتۇر .

ئىسلام ھۆكۈمىتى اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمەت قانۇنى قىلىشقا چاقىرىدىغان بىر تۈركۈم مۆئمىن «مۇجاھىد» «جامائەت» نىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىلەنلا بارلىققا كەلمەيدۇ .

بۇ جامائەتنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشى ئۈچۈن قوللىنىلغان

ۋاستە قانداق بولۇشنىڭ قەتئىنەزەر، ھەر بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى قولاليدىغان ۋە ئۇ دۇچ كەلگەن دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىدىن ئۇنى قوغدايدىغان تاياتچىسى بولىشى كېرەك.

بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىدا كۆپلىگەن ھۆكۈمەتلەر بار. بۇلار ئامېرىكا ياكى روسسىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ياكى مۇسۇلمانلارنى قانلىق باستۇرۇش، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارنى يوقۇتۇش بەدىلىگە ئاشۇ ئىككى دۆلەت-ئامېرىكا بىلەن روسسىيە-نىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋاتىدۇ. بىراق ئىسلام ھۆكۈمىتىنى يەرشارىدا كىم قوللايدۇ؟ تەبىئىكى ئامېرىكا ۋە روسسىيە ئىسلام ھۆكۈمىتىنى ھەرگىز قوللىمايدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ئىچىدىن-الله يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان، ھېچبىر ئەيىپلىگۈچىنىڭ ئەيىپلىشىدىن قورقۇپ قالمايدىغان مۆئمىن مۇجاھىد مۇسۇلمانلاردىن-ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولىشى كېرەك!

«ئىسلامى بازا» مەۋجۇت بولۇشى كېرەك.

بۇ دىگەنلىك بەزى كىشلەر ئويلىغاندەك پۈتكۈل ئۇممەت ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن جاھات قىلىدىغان مۆئمىنلەرگە ئايلانغانغا قەدەر، بىز ئۇلارنى كۈتىشىمىز كېرەك دىگەنلىك ئەمەس!

ناھايىتى ئېنىقكى پۈتكۈل يەرشارىدا بارلىق ئەزالىرى كەسكىن ئىرادىگە ئىگە، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بىرەر جەمئىيەتنى تاپقىلى بولمايدۇ... پەيغەمبەر ئەلەيھسالامنىڭ جەمئىيىتىدىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ جەمئىيىتىدىمۇ مۇناپىقلار، ئىمانى ئاجىزلار، سۆرەلمىلەر ۋە ھورۇنلار بار ئىدى... گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بىراق «مۇسۇلمان بازا»ئىچىدە ئاشۇلار (مۇناپىقلار، ئىمانى ئاجىزلار، سۆرەلمىلەر ۋە ھورۇنلار)نىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا- الله تەقدىر قىلغاندەك-

www.uyghurkitap.com

مەزمۇت قەدەم بىلەن ماڭالايدىغان كۈچلۈك ، ئىرادىلىك ۋە جەڭگىۋار مۇسۇلمانلار مەۋجۇت ئىدى .

بۈگۈن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن قويىلىدىغان تەلەپ شۇكى ، «ئىسلامى بازا» ئاشۇ زۆر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا پۈتكۈل ئۈممەتنىڭ قەدىمىگە رەھبەرلىك قىلالايدىغان ، ھەممىدە مۇناپىقلار ، ئىمانى ئاجىزلار ، سۆرەلمىلەر ۋە ھورۇنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇنىڭ يولىدا داۋان شەكىللەندۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ، ئەقىلگە ئۇيغۇن ھەجىمدە مەۋجۇت بولۇشى كېرەك !

بۇ «بازا»نى تەلەپكە ئۇيغۇن ھەجىمدە قۇرۇپ چىقىش يولىدىكى تۇنجى توساق دەل ئاشۇ «لااله الا الله»نىڭ ھەقىقىتىنى قاپلاپ كەتكەن «جاھالەت»دۇر .

سەۋەبى شۇكى ، مۇسۇلمانلار ھاۋادا ھەرىكەت قىلمايدۇ . . . بەلكى يەرلىك ۋە دۇنياۋى دۈشمەنلىك ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ . بۇ خىل دۈشمەنلىك كۆپىنچە ھالدا تارىختىكى ئەڭ زور دۈشمەنلىك شەكلىنى ئالغان بولىدۇ !

ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلامى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشتە بۇ خىل جاھالەتتىن كەڭ دائىرىلىك پايدىلىنىۋاتىدۇ .

ئۇلار ئىسلام ئەللىرىدە اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان بەلكى اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغۇچىلارغا قارشى تۇرىدىغان ھاكىمىيەتلەر ئۈچۈن تۇزۇم بېكىتىپ بېرىۋاتىدۇ . ئاندىن كېيىن ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن بۇ تۈزۈملەرنىڭ پۈتۈنلەي «قانۇنلۇق» ئىكەنلىكىنى جاكالاۋاتىدۇ .

خەلقلەر «لااله الا الله»نىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ

اللەنىڭ شەرئىتىنى ھۆكۈمەت قانۇنى قىلىشقا بولغان كۈچلۈك مۇناسىۋىتىنى بىلمىگەنلىكتىن ئاشۇ تۈزۈملەرنى «تەبىئىلا» قوبۇل قىلىۋاتىدۇ.

ئۇلار يەنە ئىنسانلار بىلەن ئىسلام ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدا نەپرەتلىك توساق شەكىللەندۈرۈپ، خەلقلەرگە مۇنداق دېيىشىدۇ. سىلەر ئاشۇ تېرورچىلارنى ئىسلام ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ئۇلار دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ھۇلىنى كولايدۇ.

ئەمەلىيەتتە «دىنىي نىقاپ قىلىۋالدى» دېگەن گەپ ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى خەلققە سەت كۆرسىتىش بولۇپ، خەلق ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى قوللاش يولىدىن ۋاز كېچىدۇ.

سىياسەت ۋە ھۆكۈمەت مەسىلىرىدە خەلقلەر تەدرىجىي ھالدا سەلبىي تەرەپكە ئېغىپ كېتىدۇ. شۇڭا كىملەر ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ، كىملەرنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى ئۇلارغا قىلچە مۇھىم بولمايدۇ. بىراق بۇ چاغدا ئەھۋال شائىر مۇتەنەببىي ئېيتقاندەك بولىدۇ.

راۋان بولسا يوللىرىڭ سانىلىسەن ئەقىللىق،

نەس باسقاندا ئۆز شورۇڭ دېيىشەر سىنى بەدقىلىق.

دەرۋەقە ئەگەر مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىققا ئىگە بولسا، خەلقلەر چاۋاك چېلىپ ئۇلارغا ئالقىش ياغدۇرىدۇ! ئەگەر ئۇلار مەغلۇپ بولسا «خوپ بولدى، نىمە دەپ ئۇلار ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىدۇ؟ ئۇلار ھۆكۈمەت باشلىقلىرىدىن ھوقۇق تەلەپ قىلساق، ھۆكۈمەت بىزگە ئۆز ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىمىكىنە؟ ھۆكۈمەت دېگەن ھۆكۈمەت، ئۇ ھەرگىزمۇ قولدىكى ھوقۇقىنى خەققە تارتتۇرۇپ قويمايدۇ. ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلارغا ئاشۇنداق زەربە بېرىش كېرەك!» دېيىشىدۇ.

مەسىلە مۇشۇنداق پۈتۈنلەي ئوڭ-تەتۈر بولۇپ كەلدى. بۇ خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە ئىككى تەرەپنىڭ قايسى كۆرەشتە ئۈستۈنلۈك قازىنىپ قايسى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالسۇن، بۇ قىلچە پەرقسىز بولۇپ، اللەنىڭ دىنى كۆرسەتكەندەك «ھەق» ياكى «ناھەق» ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئىسلامدىكى «شەرىئەت» نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ھوقۇق تۇتسىمۇ ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار ھوقۇق تۇتسىمۇ بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس... بۇ خىل قايمۇقۇش نەتىجىسىدە اللەنىڭ ھۆكۈمىتىدىن باشقا ھەرقانداق ھۆكۈمەت اللەنىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشمىگەن جاھىلىيەت ھاكىمىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى رەت قىلىدىغان «مۇسۇلمان بازا»نىڭ شەكىللىنىشى زور دەرىجىدە كېچىكىپ كېتىدۇ.

«ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكۈمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ اللەغا چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللە دىنمۇ ئادىل كىم بار؟» (5: 50)

«ئۇلارنىڭ اللە رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (42: 21)

بۇ جاھالەتكە ئەگىشىپ يەنە بىر ئىش پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىش ئىسلام ھەرىكىتىگە نىسبەتەن «مۇسۇلمان بازا»نى قۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پىششىپ يېتىلىشىنى كېچىكتۈرىۋېتىدىغان بۇ خىل قايمۇقۇشتىنمۇ نەچچە ھەسسە خەتەرلىكتۇر.

ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ يالغۇز قىلىشى ئىسلام دۈشمەنلىرىنى ئۇلارغا ۋەھشىلەرچە زەربە بېرىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ... ۋاھالەنكى زوراۋانلار ئۆلتۈرۈش، ئازاپلاش ۋە سۈرگۈن قىلىش، جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە توسالغۇ بولىدىغان خەلقنىڭ غەزىۋىدىن قىلچە ئەندىشە قىلمايدۇ. بۇ ئىشلار

ئىمام شەھىدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىدە ۋە قانخورلار ئېلىپ بارغان ۋەھشىلەرچە قانلىق باستۇرۇشتا ناھايىتى ئېنىقلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئاشۇ قىرغىنچىلىقتا يوقۇتۇش سۈيقەستىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن جامائەتنىڭ يېتەكچىسى ۋە رەھبەرلىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . . . بەلكىم ھادىسە، يەنە بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىشى مۇمكىن !

بىز ئىشلارنى بۇنىڭدىن باشقىچە بىر سۈرەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى ! . . . بىز مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلايلى ؛ ئەگەر خەلقلەر «لاالە الا اللە»نىڭ ھەقىقى مەنىسىنى ۋە اللەنىڭ شەرئىيتىنى ھۆكۈمەت قانۇنى قىلىشتىكى كۈچلۈك مۇناسىۋىتىنى اللە قۇرئاندا بايان قىلغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسالام ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەندەك ۋە مۇسۇلمان خەلقلەر ئون ئۈچ ئەسىردىن بۇيان ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلغاندەك چۈشەنگەن بولسا ؛

«ئى مۇھەممەد پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشتا سىنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ، يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.» (4 : 64)

«(مۇناپىقلار) «اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ . ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائەت شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى ئىماننى داۋا قىلغاندىن) كېيىن (شەرئىئەت ھۆكۈمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ . ئۇلار ھەقىقەتەن مۆئمىن ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكۈمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائەت (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ .

( 24: 46ـ47) »

«پەيغەمبەر مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرىگە چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلار «ئاڭلىدۇق، ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك. مانا بۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (24 :50)

بىز شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلايلى! خەلقلەر ئەگەر مۇسۇلمان ئاللانىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا، ئاللانىڭ شەرىئىتىگە بويسۇنمىسا، پاكى ئىمام شەھىدنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە ئەمەل قىلمىسا ۋە پەرىزلەرنى ئادا قىلمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەن بولسا؛ ئەھۋال قانداق بولار ئىدى؟!

بۇ چاغدا ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمان خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىدىن خاتىرجەم ھالدا دەۋەتچىلەرنى جازالاپ، سۈرگۈن قىلالامتى؟ ئۇلارنى ئۆلتۈرەلەمتى؟

بىز «لاالە الا اللە»نى ھەقىقى چۈشىنىش پۈتكۈل خەلقنى بىر كۈندىلا ئۇلارغا تەھدىت سېلىۋاتقان خەتەرگە قىلچە پەرۋا قىلماستىن ئاللانىڭ شەرئىتىنى قوغداپ، ھەربىر زوراۋان جىنايەتچىگە شەرىئەت بويىچە تاقابىل تۇرىدىغان ئىرادىلىك مۇجاھىدلارغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدۇ دىمەكچى ئەمەسمىز.

توغرا ھېچكىم ئۇنداق ئويلىمايدۇ!

بىراق ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە، «مۇسۇلمان بازا»نى شەكىللەندۇرۇش ئىسلام دۈشمەنلىرى ۋەھشى جىنايىتى بىلەن خەلقنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلىنىۋاتقان پەيتتە، زوراۋانلارنىڭ ۋەھشىلىكىگە خەلقنىڭ تايانچىسىز تاقابىل تۇرىدىغان ھازىرقى

يۈزلىنىشتىن كۆپ ئاسان ۋە كۆپ قولايلىق بولىدۇ .
شۇ سەۋەپتىن بۇ مەسىلىگە مەركەزلىشىش ئىسلام ئۆيغىنىش ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىش بولدى . ھەمدە بۇ مەسىلە «مۇسۇلمان بازا» قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ، باشلىنىش نۇقتىسى قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولدى . ھەرقانداق باشلىنىش مۇشۇ ئاساسلىق نۇقتىدىن باشلانمايدىكەن ، ئۇنداقتا مېڭىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ ، يولنى ئۇزارتىۋېتىدۇ .
گەرچە بۇ يولنىڭ باشلىنىشىدا پۇتۇنلەي ئېنىق بولۇپ كەتمىگەن ياكى خەلقنىڭ ھېسسىيات قىزغىنلىقى ئارقىسىدا يوشۇرنۇپ قالغان بولسىمۇ ، بىراق كېيىنكى مەزگىللەردە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئاساسەن ئىمام شەھىدنىڭ كۆڭلىدە بۇ پۇتۇنلەي ئايدىڭ بولۇپ كەتتى . . .
«مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ كۇندىلىك گېزىتىنىڭ مىلادى 1948- يىلى 16- ماي ، ھېجرىيە 1367- يىلى 7- رەجەپ (يەنى گېزىت چىقىرىشقا باشلىغانلىقىنىڭ 3- يىلى )دىكى 627- سانغا بېسىلغان «ھەسەنۇل بەننا» ئىمزاسى ئاستىدىكى «قۇرئان كۆرسەتكەن ھۆكۈمى قەيەردە؟»ناملىق ماقالىدە بۇ مەسىلىلەر ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن .
تۆۋەندە بۇ ماقالىنى تولۇق تېكىستى بىلەن كىتاپخانلارغا سۇنىمىز :
«ئى مۇھەممەد سېنى كىشىلەر ئارىسىدا اللەنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتاپنى نازىل قىلدۇق ، خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن .» (4 : 104)
«ئۇلار (يەنى يەھۇدىلار بىلەن خىرىستىئانلار) ئارىسىدا اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن . ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن . ئۇلارنىڭ اللە ساڭا

نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچتۈرۈۋېتىشىدىن ساقلانغىن، ئەگەر ئۇلار (اللە ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە (ئى مۇھەممەد) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن اللە ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنى پاسىقتۇر. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكۈمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ اللەغا چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللەدىنمۇ ئادىل كىم بار؟

(5: 49-50)

«پەيغەمبەر مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلار اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلار ئاڭلىدۇق، ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك»

(24: 50)

«ئىسلام دىن ۋە دۆلەتتۇر، بۇنىڭدا قىلچە گۇمان يوق. بۇ گەپنىڭ تېخىمۇ ئېنىق مەنىسى شۇكى، ئىسلام ئىلاھى شەرىئەت بولۇپ، ئىنسانى تەلىماتلارنى ۋە ئىجتىمائىي ھۆكۈملەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنى قوغداش تارقىتىش مۆئمىنلەر ئارىسىدا ئۇنى ئىجرا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرگە ئۇنى يەتكۈزۈش... قاتارلىقلارنى دۆلەتكە، يەنى مۇسۇلمانلار جامائىتىنى باشقۇرىدىغان ۋە مۇسۇلمان ئۈممىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھاكىملارغا تاپشۇرىدۇ. ئەگەر ھاكىم بۇ ھۆكۈملەرنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىسا، ئۇ مۇسۇلمان ھاكىم ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر دۆلەت قانۇنلىرى بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلمىسا ئۇ مۇسۇلمان دۆلەت ھېسابلانمايدۇ ئەگەر جامائەت ياكى ئىسلام ئۈممىتى بۇنىڭغا رازى بولسا ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلسا-گەرچە ئۇلار ئۇنى ئېغىزلىرىدا داۋا قىلسىمۇ، بەرىبىر مۇسۇلمان جامائەت ياكى مۇسۇلمان ئۈممەت ھېسابلانمايدۇ. مۇسۇلمان ھاكىمغا قويۇلىدىغان

تەلەپ شۇكى ، ئۇ اللە چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق بولۇپ ، ئىسلام پەرىزلىرىنى ئالدى بىلەن ئۆزى چىڭ تۇتۇشى ، گۇناھ ئىشلارغا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك ! ئەگەر ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان دۆلەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلام ئەھكاملىرىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىسا ، ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە تۇتقان مەيدانىغا ئاساسەن ، دۆلەت مۇسۇلمانلارغا تۇتقان مەيدانىنى ئېنىق بېكىتمىسە ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ يالغۇز مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ مۇسۇلمان ھاكىملىق سالاھىيىتىنى بېكىتىشكە يارىمايدۇ .

بۇ سۆزدە مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىش يوق . بۇ مەزمۇنلارنى اللەنىڭ كىتاۋىدىكى مەنىسى ئېنىق ئايەتلەر پەرىز قىلىپ بېكىتكەن . نۇر سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرى اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن قېچىۋاتقان كىشىلەرگە كەسكىنلىك ۋە ئېنىقلىق بىلەن رەددىيە بېرىدۇ . ھەمدە ئۇلارنى مۆئمىنلەر توپى ئىچىدىن چىقىرىۋېتىدۇ . اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ :

«مۇناپىقلار اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ، ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ . ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائەت شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى ئىماننى داۋا قىلغاندىن كېيىن ) شەرىئەت ھۆكۈمىدىن يۈز ئۆرىدۇ . ئۇلار (ھەقىقەتتە ) مۆئمىن ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ، ئۇلار اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈمىگە چاقىرىلسا ئۇلاردىن بىر جامائەت پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن باش تارتىدۇ . ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ تەرىپىدە بولىدىغان بولسا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، پەيغەمبەرگە بويسۇنغان ھالدا كېلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق ) ئىللىتى بارمۇ ؟ يا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن گۇمانلىنامدۇ ؟ يا اللەنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئادىللىق

قىلماسلىقىدىن قورقامدۇ؟ ياق . ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ ھۆكۈمىدىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن زالىمدۇر . پەيغەمبەر مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلار ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشلىرى كېرەك . مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر .»
(24: 46-51)

مائىدە سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرى اللەنىڭ ھۆكۈملىرىگە سەل قارىغۇچىلارنى كاپىر زالىم ۋە پاسىق دەپ سۈپەتلىدى . ئۇ مۇنداق دەيدۇ :

«اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان كىشىلەر كاپىرلار-زالىملار-پاسىقلاردۇر» (5: 44-45-47)

«ئۇلار جاھىلىيەت ھۆكۈمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ چىن ئىشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھۆكۈمدە اللەدىنمۇ ئادىل كىم بار؟ » (5: 50)

دۆلەتلەرنىڭ ئاساسى قانۇندا ئۆزىنى مۇسۇلمان دۆلىتى، رەسمى دىنىنى ئىسلام دەپ ئېلان قىلىشى ياكى خۇسۇسىي ئىشلاردا اللەنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىپ، قىساس ۋە ئىقتىساد مەسىلىسىدە اللەنىڭ ھۆكۈمىگە قارىشى ھۆكۈملەنى چىقىرىشى ۋە ياكى ھۆكۈمەت ئەرباپلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى بۇ ئاتالغۇغا ئۇيغۇن كەلسۇن، ياكى كەلمىسۇن ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋېلىشى . . ھەرگىزمۇ اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېتەرلىك بولمايدۇ . لېكىن دۆلەتتە اللەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولۇشى كېرەك دېگەنلىك ئۇ دەۋەت دۆلىتى بولۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر . ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ دەرىجىسى قانچىلىك يۇقىرى بولسۇن، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ ئىش-پائالىيىتى قانچىلىك خىلمۇ-خىل بولسۇن بۇ تۈيغۇ ھەر ئىككىسىنى- ھاكىم

ۋە مەھكۇملارنى ـ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك . بۇ كۆرۈنۈش دۆلەتنىڭ تۇراقلىق خۇسۇسىيىتى بولۇپ ، دۆلەت كىشلەر ئارىسىدا ئاشۇ خۇسۇسىيەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ . خەلقئارالىق يىغىنلاردا ئاشۇ خۇسۇسىيەت بىلەن تونۇلىدۇ . بارلىق ئىش-ھەرىكىتى ئاشۇ خۇسۇسىيەتتىن كېلىپ چىقىدۇ . سۆز ۋە پائالىيەتتە شۇ خۇسۇسىيەتكە باغلىنىدۇ .

«يەرشارىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسىملىك بىر دۆلەت بار . بۇ دۆلەتنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق پىرىنسىپى ، بەلگىسى ۋە ئېقىمى (تۇتقان يولى ) بار . بىز بۇ دۆلەتكە ئەگەشمەيمىز ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى تەشەببۇس قىلمايمىز . بىراق بىز دىمەكچىمىزكى ، بۇ دۆلەت ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ۋە خەلقئارادا ئۆزىنىڭ (خاس ) بەلگىسى بىلەن تونۇلغان .

ئۇ بارلىق پائالىيەت ۋە سۆز ھەرىكەتلىرىدە ئاشۇ پىرىنسىپىنىڭ تەلىۋى بىلەن زىچ باغلانغان . ئامېرىكا بىلەن ئەنگىلىيە بۇ دۆلەتنى دورىماقچى بولۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ دىموكراتىيە ناملىق بىر نىمىسىنى تەشەببۇس قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن پەرىقلىنىدىغانلىقىنى داۋا قىلدى . گەرچە مەنپەئەت ، ئارزۇ ، شارائىت ۋە ھادىسلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئۇقۇمى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ ! . . .

ئۇنداقتا نىمە ئۈچۈن مىسىر-رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغان مۇستەقىل دۆلەت تۇرۇپ- خەلقئارادا مۇشۇ ئىسلامى «پەرىق »نى چىڭ تۇتىدىغانلىقى ، ئۇنى قوغداپ ، ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىپ ھەربىر ئىش ھەرىكەتتە ئۇنىڭغا زىچ باغلانغانلىقى بىلەن تونۇلمايدۇ ؟ مانا بۇ دەل اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر . ئەگەر مۇشۇ ئۇقۇم ئېنىق بولۇپ ، دۆلەت ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش بىلەن چەمبەرچەس باغلانسا ، مۇشۇ (ئىسلامى بەلگە بىلەن پەرىقلەنسە ) ، ئۇنداقتا شەكسىز نەتىجە

ھۆكۈمرانلار ئىسلام پەرىزلىرىنى چىك تۇتۇپ، ئىسلامنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلەتتىكى ھەربىر قانۇن چىقىرىش مەنبەسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە بويسۇنۇش ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇن بولىدۇ. نەتىجىدە اللەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شەخس، جەمئىيەت ۋە دۆلەتتە تەلەپكە لايىق دەرىجىدە ئەمەلىلىشىدۇ.

بىراق بىز بۈگۈن ئاشۇ ئىسلام تۈزۈملىرىنىڭ رىئاللىقتا ئەمەلىلەشكىنىنى نەدە كۆردۇق؟

بىز ھەقىقەتنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمەيۋاتىمىز. دۆلەت قانۇنىنىڭ 149- ماددىسىنىڭ تېكستى بىلەن مۇشۇ خەلقنىڭ روھى دۇنياسىدا ساقلىنىپ قالغان ھېس-تۇيغۇ، ئۆلچەم ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەردىن باشقا ھەقىقەتكە تەۋە ھېچنەرسە بىزگە تېگىشلىك بولمايۋاتىدۇ. ئەمما ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت بىر قۇتۇپتا، اللەنىڭ ھۆكۈمى بولسا يەنە بىر قۇتۇپتا تۇرىۋاتىدۇ.

ھەي دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت رەئىسى سەن پۈتكۈل ئىشلارغا مەسئۇل... ھەي ئەدلىيە مىنىستىرى سەن ئۆز ۋەزىپەڭگە مەسئۇل... ھەي مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋە چوڭلىرى سىلەر خەلققە مەسئۇل... ھەي ئەزھەرنىڭ ھۆرمەتلىك شەيخلىرى ۋە كاتتا بىلىم ئىگىلىرى سىلەر-اللە سىلەردىن كۈچلۈك ۋەدە ئالغان ئىلىم ئامانىتىنى يەتكۈزۈشكە مەسئۇل. ھەي مىللەت سەن مۇشۇ ئىشلاردا اللەنىڭ ھۆكۈمىدىن چىقىپ كېتىش يۈز بەردىمۇ يوق شۇنىڭغا مەسئۇل بولىسەن، چۈنكى قانۇن سەن ئارقىلىق يۈرگۈزىلىدۇ.

سەن ھۆكۈمرانلار بىلەن كۆرەش قىل. ئۇلارنى اللەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قايتۇرۇپ كەل. سەن ئۇلار بىلەن قۇرئان كۆرىشىگە قاتناشقىن اللە ساڭا غەلبە ئاتا قىلىدۇ.»

شۇنداق ، ئاخىرقى كۈنلەردە ئىمام شەھىدىنىڭ كۆڭلىدە ئىشلار ئېنىق بولغان بولسىمۇ ، بىراق بىز يوقاردا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەگەشكۈچىلەرنىڭ قەلبىگە بۇ ئۇقۇمنى ئېنىق سىڭدۈرۈش پۇرسىتى ئۇنىڭغا يار بەرمىدى . شۇڭلاشقا بۇ ئۇقۇم ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق بولمىدى . شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پىلان ، ھەرىكەت ۋە ئىدىيەلىرىدە كەلگۈسىگە قارىتا تەييارلىق بولمىدى . ئەنە ئاشۇ ئىمام شەھىد قۇرۇپ چىققان بىناغا نىسبەتەن بىز سۆزلىمەكچى بولغان بىرىنچى نۇقتىدۇر .

ئەمما ئىككىنچى نۇقتا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى ھالدا ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك كۆرەش ھەققىتىنى پىلانلاش ، كۆرەشكە لازىملىق ھەرتۈرلۈك تەييارلىقنى پىلانلاش ئۇنىڭغا كېتەرلىك تىرىشچانلىق ۋە بەلگىلەنگەن ۋاقىتنى (جەريانىنى) پىلانلاشتىن ئىبارەتتۇر . .

. بىز بۇ توغرىلىق ئىمام شەھىدنىڭ كاللىسىدا قانداق ئۇقۇملارنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلمەيمىز . ئۇ اللەنىڭ دەرگاھىغا بەكلا بالدۇر كېتىپ قالدى . ئۇ ھىلىھەم ياش ئىدى . ئۇ تېخىچە يولنىڭ بېشىدا ئىدى : بىراق بىز يۇقارىدا ئېيتقاندەك شۇنى مۇلاھىزە قىلىمىزكى ، تەييارلىق قىلىشتا ۋە ھەرىكەتتە ئالدىراقسانلىق يۈز بېرىپ ، كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ زىيىنى ئېنىق كۆرەلدى .

كۆرەش ماھىيەتتە ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن ئۇ جەمئىيەتلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئازاپلاپ ، سۈرگۈن قىلىپ يوقاتماقچى بولغا زوراۋان كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى يەرلىك (رايون خاراكتېرلىك ) كۆرەش ئەمەس ! شۇنداقلا بىر قېتىملىق ياكى بىر قانچە قېتىملىق ئىلىشىشلار بىلەن ئاخىرلىشىدىغان تېز سۈرئەتلىك

كۆرەشمىز ئەمەس ! بەلكى ئۇ دۇنيا يەھۇدىلىرى ۋە خرىستىئانلىرى باشقا ئىسلامغا دۇشمەنلىك قىلغۇچى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قاتنىشىپ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا يوليورۇق بېرىۋاتقان دۇنياۋى كۆرەشتۇر .

1956- يىلى ئەنگلىيە ئۈچىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلغان ۋاقىتتا ئەنگلىيە مۇخبىرلىرىنىڭ بىرى مۇنداق دېدى :

«جامال ئابدۇناسىر 1952- يىلى قىرغىن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان چاغدا ، بىز ئۇنى كۈچلۈك يېڭى ئاتاتۈرك (مۇستاپا كامالنىڭ مۇسۇلمانلارنى قانلىق باستۇرۇشتىكى ئىزباسارى ) دەپ قاراپ ئۇنىڭغا ياردەم بەردۇق . ئۇ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق كومۇنىزمغا قارشى تۇرۇش ، ئىسرائىلىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ㉘ ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كەلدى . لېكىن ئۇ تىنچلىقنى ئۇرۇشقا ئۆزگەرتىۋەتتى . دەل شۇ سەۋەپتىن بىز ئۇنىڭدىن رەنجىپ قالدۇق . بىراق بىز شۇنى ئۇنتىماسلىقىمىز كېرەككى . جامال ئابدۇناسىر ئەكسىيەتچىل مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى يوقاتتى» BUT WE SHOU LD NOT FONGOT THOT IS WOS HE WHE CNUSHAD FANATIS MOSLEM BNOTHERHOOD »

ئاندىرا گەندى 1968- يىلدىكى ئامېرىكىدا چىقىۋاتقان ژورناللارنىڭ بىرىگە بېسىلغان ئاخبارات سۆزىدە مۇنداق دېدى :

«جامال ئابدۇناسىر ئەكسىيەتچىل مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرىمىز ۋە قوللايمىز ! . . .

جامال ئابدۇناسىرنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىدى : ئەب مىكارىيۇس بىرلەشكەن دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى ۋە جامال ئابدۇناسىرنىڭ قوللىشى ئاستىدا

«قەبرىس»تىكى مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلدى. يەھۇدى تىيتو يۇگوسلاۋىيىدىكى 4 مىليون مۇسۇلماننىڭ 3\4 نى قانلىق باستۇردى. ئاندىرا گەندى ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى قانلىق باستۇردى ۋە ئۇلارنى تىرىك پېتى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى شەھەردە قوزغىلاڭ كۆتۈردى دىگەن باھانە بىلەن رەسمى جازالىدى. ھلاسىلاسى 1961- يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا «يەنە ئون ئىككى يىلدىن كېيىن ئىفئوفىيەدە پەقەت بىرلا دىن قالىدۇ.» دىدى. يەنى ئىفئوفىيە مۇسۇلمانلار ئاھالىسىدىن 60 % نى يوقۇتۇش ياكى ئۇلارنى دۆلەت سىرتىغا قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىنى رەسمي ئىلان قىلدى!

خىرىستىئان، يەھۇدى، كومۇنىزىم ۋە كاپىتالزم.. قاتارلىق خەلقئارالىق تەشۇىقاتلار ئۇنىڭغا (جامال ئابدۇناسىرغا) ساختا «قەھرىمانلىق» ئىقاۋنى كەيدۈرۈپ، ئۇنىڭ جىنايىتىگە چاپان ياپتى، ۋاھالەنكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىغا نان مىلەپ يىمەكتە ئىدى... ئۇنىڭ قان تۆكۇشلىرى ۋە ۋەھشى جاللاتلىقى چەكتىن ئاشقانىسىرى، قورقۇنچلىق خەتەرنى يوقاتقان سۆيۈملۈك دوستىنى تەبرىكلەپ خەلقئارالىق تەشۇىقات ئاۋازلىرى بەس-بەستە سايراپ كەتتى.(29)

1955- يىلى «كىشىلىك ھوقۇق كومىتىتى»كېلىپ ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئازاپلىغانلىقى ئۇچۇن پۈتۈن ئەتراپنى قاپلاپ كەتكەن دەھشەتلىك چوقانلار ئىچىدىكى ھەربىي تۈرمىنى زىيارەت قىلدى ۋە قانخور جاللاتنىڭ ياردەمچىلىرى باشقۇرىۋاتقان سوت مەھكىمە كومىدىيىسىگە قاتناشتى ئاخىرىدا بىر پارچە دوكلات سۇنغان بولۇپ، دوكلاتتا مۇنداق دىيىلدى: «سوت مەھكىمىلىرى پۈتۈنلەي ئەركىن مۇھىت ئىچىدە توغرا ئىجرا قىلىش ئۇسۇللىرى بويىچە مېڭىۋېتىپتۇ!!!»

www.uyghurkitap.com

مانا بۇلار ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان خەلقئارالىق دۈشمەنلىكتىن كىچىككىنە بىر مىسال .

مۇسۇلمان جامائىتى ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى ھالدا مۇشۇ دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان كۆرەش ، ئاسان ئاخىرلىشىدىغان قىسقا مۇددەتلىك كۆرەش بولماستىن ، بەلكى ئۇ تەييارلىق ، ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىچە خۇسۇسىيەتكە مۇھتاج بولىدىغان كۆرەشتۇر .

شۇنداقلا مەركەزلىك ھالدا بەلگىلەنگەن ياۋۇز ۋە باغرىتاش بۇ دۈشمەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى دۈچ كېلىدىغان بىردىنبىر دۈشمەنلىك ئەمەس . بەلكى ئۇ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن قوشۇپ پۈتكۈل يەرشارىدىكى جاھىلىيەتنىڭ دۈشمەنلىكىگە دۈچ كېلىدۇ . جۈملىدىن ئىسلام زېمىنلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . چۈنكى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېتىقادى قالاقلىق نەتىجىسىدە جاھىلىيەت ئىسلام زېمىنلىرىغا ئېقىپ كىرىپ ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى . ھەمدە ئىسلام دۇنياسىدىن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى يىراقلاشتۇرۇپ ، دىنىغا دۈشمەنلىك قىلغۇچى جاھىلىيەت ئىدىيىلىرىنى كەڭرى تارقاتتى . . بۇ جاھىلىيەت ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى ، تەپەككۇر ئۇسۇلى . . مائارىپ پروگراممىسى ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت يوللىرى . . . نى چىڭ تۇتۇپ ، «دىن»غا بولۇپمۇ «ئىسلام»غا نىسبەتەن كۈچلۈك دۈشمەنلىك مەيدانىدا تۇردى .

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى ھالدا ھەر بىر قەدەم ۋە ھەربىر ھەرىكىتىدە بۇ جاھىلىيەتنىڭ ھەرتۈرلۈك

ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈش ئازاپلاش ، سۈرگۈن قىلىش . . . ئاجىزلاشتۇرۇش ، ئارقىدا قالدۇرۇش چەكلەش ۋە نەپرەتلەندۇرۇش قاتارلىق دۈشمەنلىكىگە دۇچ كېلىدۇ .
شۇڭا ئۇ ئاشۇ دۈشمەنلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە تاقابىل تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك تەڭداشسىز تەييارلىققا مۇھتاج بولىدۇ . . . بۇ تەڭداشسىز تەييارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنى ، كۆرەشنىڭ خاراكتېرىنى ، كۆرەشتە قوللانغان ئۇرۇش ۋاستىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك قوراللارنى ئېنىق بىلگىلى بولىدىغان يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئاڭدىن ئىبارەتتۇر . . . بۇ خىل سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى ئاڭ بىلەن يەنە شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى كۆرەش ھەرگىزمۇ مەلۇم دائىرىدىكى رايون شەكىللىك كۆرەش ئەمەس . ۋە ياكى ، بىر ئەۋلات كىشىلەرنىڭ كۆرىشىمۇ ئەمەس . بەلكى ئۇ ئۇزاققا سوزۇلغان بىرنەچچە ئەۋلاتلارنىڭ كۆرىشىدۇر . . . بۇنىڭغا سىرتتىن ئىسلامنى ماراپ ياتقان دۈشمەنلىكلەر سەۋەب بولىشىمۇ ياكى مۇسۇلمان بازانىڭ قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر بىلمەسلىكلەر سەۋەب بولىشىمۇ مۇمكىن . . . دەل شۇ سەۋەپتىن بۇ كۆرەش ئۇزۇن يوللاردا ھېرىپ چارچىمايدىغان چىدامچان باتۇر روھقا مۇھتاج !
ئىمام شەھىد تەربىيىلىگەن ئەۋلاتلار كەم دىگەندە ئىككى تەرەپتىن ئالاھىدە تەربىيلەندى : (1) دەۋەت ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆزىنى پۈتۈنلەي بېغىشلىيالايدىغان ، الله يولىدىكى ئۆلۈمگە دائىم تەييار تۇرىدىغان يۈكسەك پىداكارلىق روھى (2) الله يولىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدىغان چوڭقۇر قېرىنداشلىق روھى . . . مانا بۇ ئىمام شەھىد ئۆزىنىڭ ۋاقتى ئىرىشچانلىقى روھى ۋە قېنىدىن تەقدىم قىلغان ئەڭ زور

تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىقتىدارى يەتمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئورندىيالايدىغان تالانتىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. . .

لېكىن ئاشۇ ئەۋلادلار - شۇنداقتىمۇ كۆپلەپ سىياسى ئاڭغا مۇھتاج ئىدى. ئۇلار بۇ سىياسى ئاڭغا تايىنىپ شۇنى بىلەلەيدۇكى، ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسى مەسىلىلەرگە قاتنىشىش ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان جامائەتنىڭ تۇنجى ۋەزىپىسى ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ ئەسلى مۇھىم ۋەزىپىسى ئىشلارنى تۈزىتىدىغان، ئىسلامى پرىنسىپىنى بايان قىلىش ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ ھەربىر ئىشتا ئىلاھى پرىنسىپقا ئەگەشمەسلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىشتىن ئىبارەت. . . ئۇلار بۇ سىياسي ئاڭغا تايىنىپ، يەنە-شۇنى بىلەلەيدۇكى، ئىسلامى ھۆكۈمرانلىقىنى قۇرۇپ، ئۇنى قوغدايدىغان «ئىسلامى بازا» ئۆز ۋۇندىن بۇيان مەۋجۇت بولمىغان ئىكەن. ئۇنداقتا ئىسلام دۇنياسىنىڭ قايسى بىر تەرىپىدىكى ھۆكۈمرانىنى ئۆزگەرتىش (ئىسلاھ قىلىش) ئەمەلىيەتتە ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. . . چۈنكى ھەرقانداق ئۆزگىرىدىغان ھۆكۈمراندىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمران مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ يېڭى ھۆكۈمران ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشتا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇندايدۇ. گەرچە ئاملىلار ئۆزگىرىپ ئۇسۇللار بىر-بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ! . . .

ئاشۇ ئەۋلادلار كۆپلىگەن ئىدىيىۋى ئاڭغا مۇھتاج، دۈشمەنلەر مائارىپ پروگراممىلىرى، ئاخبارات ۋاستىسى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەت يوللىرى. . .دا مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ۋە قوللىنىۋاتقان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ۋاستىلەرنى بىلەلەيدۇ. . . . ئۇلار يەنە شۇنى بىلەلەيدۇكى، بۇ يوشۇرۇن ۋاستىلەر ئارىسىدا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ

تارماق ـ مەسىلىلەر ۋە پارچە-پۇرات كۆرەشلەرگە قاتنىشىشى ئۇلارنىڭ ئىرىشچانلىقىنى بىكار قىلىپ، كۈچىنى خورايتىۋېتىدۇ ھەمدە ئۇلارنى «ۋاقىت» تا ۋە قۇرۇپ چىقىشتا ئالدىراقسانلىق قىلماستىن، ئۇزاق زامانلاردا تەلەپكە لايىق سۈپەت بىلەن «مۇسۇلمان بازا» قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق مۇھىم ۋەزىپىسىدىن باشقا ياققا بۇرىۋېتىدۇ.

ئاشۇ ئەۋلادلار تاقابىل تۇرۇشتا كۆرەش قىلىپ ھارمايدىغان، ئارقىمۇ-ئارقا كەلگەن زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىدامچان باتۇر روھقا مۇھتاج ئىدى. ئۇلار ساداقەتمەن مۆئمىنلەر ۋە ئىخلاسمەن پىدائىيلار تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم لاگىر ۋە تۇرمىلەردە يىمىرىلىپ كېتىشى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق بولسىمۇ بىراق بۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى ياكى جەڭگىۋارلىقىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس ئىدى... لېكىن ئۇلارنىڭ نېرۋىلىرى بەلگىلىك زامانغا «باغلىنىپ قالغان» ئىدى. ئۇلار ئاشۇ (قىسقىغىنە) چەكلىك مۇددەت ئىچىدە غەلىبە قازىنىپ، ئىسلامنىڭ كۈچىيىپ، دۈشمەنلەرنىڭ يوقىلىشىنى خىيال قىلغان ئىدى. ئۇلار دۈشمەنگە زەربە بەرمەكتە يوق ئەكسىچە دۈشمەننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان؛ ئىسلامنىڭ كۈچىيىشى ئورنىدا ئارقىمۇ-ئارقا كەلگەن زەربە ئاستىغا يىغىلغان چاغدا قىسقىغىنە چەكلىك ۋاقىتقا باغلىنىپ قالغان نېرۋىلار ھېرىپ چارچىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر دەۋەتتىن قايتىپ باشقا ئىشلارغا ئۆزىنى ئاتتى ياكى يولدىن يىراق دوقمۇشتىلا دەۋەت سېپىغا قېتىلىپ كەتتى.

× × ×

بىز ھازىر ئىمام شەھىد باشلاپ بېرىم ئەسىردىن ئاززاق ئۆتكەندىن كېيىنكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ رىئاللىقىغا قاراپ باقايلى!

كۆرەش مەيدانلىرىدا ئىككى خىل كۆرۈنۈش مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئۈمىدۋارلىقنى چاقىرىسا، يەنە بىرى ئىخلاسمەن دەۋەتچىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىدسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

بىرىنچى: ئىسلامغا يۈزلىنىش مەلۇم بىر جامائەتنىڭ ھەرىكىتى ياكى مەلۇم بىر كوللىكتىپنىڭ مەۋجۇتلىقى بىلەن چەددىي باغلانماستىن بەلكى ياشلارنىڭ روھى دۇنياسىدا ئۆزلىكىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئاپتوماتىك دولقۇنغا ئايلاندى دېگىلى بولغىدەك دەرىجىدە بازاننىڭ كېڭىيىشى ۋە ياشلارنىڭ كۆنسىرى ئىسلامغا يۈزلىنىشى . . . ئۈمىدۋارلىق بېغىشلايدۇ.

ئىككىنچىسى: ئىسلام خىزمىتىنىڭ چېچىلىپ كېتىشى، بۆلۈنۈشى كۆرەش جەريانىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان جامائەتلەرنىڭ كۆپلىكى، بىر-بىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ، ئۆزئارا قارشىلىشىشى ۋە ھەربىرىنىڭ باشقىلارنى تەنقىدلەپ، يالغۇز بىر ئۆزىلا ھەقىقەت ئۈستىدە ئۆزىدىن باشقىلارنى ئازغۇنلۇق ئىچىدە دەپ داۋا قىلىشى . . . ئۈمىدسىزلىكنى ئېلىپ كېلىدۇ.

بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل كۆرۈنۈش اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇ جايدا مۇشۇ ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىرمۇنچە گىرەلەشمە سەۋەپلەر بار.

بازاننىڭ كېڭىيىشى بىر تەرەپتىن دەۋەت مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان دەۋەتچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارغا قاراتقان ئۆزۈلمەس قىرغىن قىلىشلارغا بېرىپ چېتىلىدۇ! بۇ چاغدا گەرچە ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرىۋاتسىمۇ، بىراق ئىسلام دۈشمەنلىرى بىخەۋەر قىلىۋاتقان مۇنداق قانۇنىيەت بار. بۇ قانۇنىيەت شۇكى قان تەقدىم قىلىنغان دەۋەت ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.

دۇشمەنلەر ئۆچمەنلىك كېسەلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش، ئازاپلاش ۋە سۈرگۈن قىلىش جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىشتىن قولىنى يىغمايدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ھەرقېتىمدا دەۋەتنى يوقىتىمىز دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى (مۇسۇلمانلارنى قىيناشلىرى) جەريانىدا اللەنىڭ تەقدىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ... تۆكۈلۈۋاتقان ھەربىر قان تامچىسى، ئۇچىلاردا ئوت چاچرىتىۋاتقان ھەربىر قامچا بىلەن بازا تېخىمۇ كېڭىيىدۇ.. قەلبى اللەغا باغلانغان بىر ئادەمنىڭ شەھىد قىلىنىشى بىلەن اللە دەۋەتكە شۇنداق زور ئىشلارنى قىلىدۇكى، مىڭلىغان نۇتۇق، مىڭلىغان كىتاپ ۋە مىڭلىغان لېكسىيەلەر بۇنداق ئىشلارنى ھەرگىز قىلالمايدۇ... لېكىن زالىملار بۇنى بىلمەيدۇ.

ئەمما ئىسلام خىزمىتىنىڭ چېچىلىشى ۋە بۆلۈنۈشىنىڭ بىر قانچە سەۋەپلىرى بار...

بىرىنچى سەۋەپ-ئۇ ئاشكارا سەۋەپ-روھلار ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولىدىغان، ئىتائەت قىلغۇچىلار ياخشى كۆرۈش، قەدىرلەش، ئىشىنىش ۋە ھۆرمەتلەش تۇيغۇسى بىلەن ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان بارلىق كىشلەرنى ئەتراپىقا ئۇيۇشتۇرۇپ، قەلبىلەرنى ئۆز چۆرىسىگە جۇغلىيالايدىغان چوڭ رەھبەرلىكنىڭ يەرشارىدىن غايىپ بولىشى...

چوڭ رەھبەرلىكنىڭ مەۋجۇت بولىشى ئۇيۇشتۇرۇش قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلالايدۇ... چۈنكى بۇ جايدا ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ۋە ئىدىيسۇى خاھىشقا ئەگىشىدىغان كېسەل روھلار مەۋجۇت... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى ۋ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك شەخس بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ئابدۇللا ئىبنى ئۆبەيىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ، ئۇنى سەپتىن چۈشۈرۈپ قويىدى. ئىنسان

دەرىجىسىدىكى ئىمام شەھىدىنىڭ رەھبەرلىكى تارىختىكى ئەڭ چوڭ رەھبەرلىك ھېسابلانسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى جامائەت ۋە پارتىيەلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش ھادىسىلىرىنى چەكلەپ قالالمىدى . . .

شۇنداقتىمۇ، ناھايىتى ئېنىقكى چوڭ رەھبەرلىكنىڭ مەۋجۇتلۇق ئۇيۇشۇش قىيىنچىلىقلىرىنى كۆپ دەرىجىدە ئازايتىدۇ. چۈنكى ئۇ يۈز ئابروي نوپۇز ئىناۋەت ئۇچۇن خىزمەت قىلمايدىغان ئىخلاسمەن روھلارنى بىر جايغا توپلايدۇ ۋە ئەسكەرلەرنى ئۇيۇشتۇرىدۇ . . . ئەسكەرلەر كۆپۈنچە ھالدا شەخسى غەرەزدىن خالى ۋە ساپ بولىدۇ.

بۇ رەھبەرلىك يوقالغان چاغدا تەجرىبىسى كەم، ياش، كىچىك رەھبەرلىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كۆپۈنچە ھالدا ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىدا دەۋەتكە بولغان ئىخلاسمەنلىك بىلەن شەخسى مەنپەتكە بولغان ھېرىسمەنلىك ئارلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شەيتانلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ھەربىرى پەقەت ئۆزىلا ھەقىقەت ئۈستىدە ئۇنداق ئىكەن ھەقىقەتكە ئەگىشىش ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۇرگەن كىشىگە ئەگىشىشنى بەلگىلەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەگىشىشكە تېگىشلىك بولغىنى زادى قايسى؟ . . . شۇ سەۋەپتىن بۇ رەھبەرلىكلەر بىر-بىرى بىلەن قارشىلىشىپ ئۆزئارا مۇشت ئېتىشىدۇ. ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى شۇنداق جاكالايدۇ، پالانى ۋە ئۇنىڭ جامائىتى. ئەگەر خالىسا مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ماڭا ئەگەشسۇن! ئەمما مەن ئۇنىڭ قېشىغا بارمايمەن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشمەيمەن چۈنكى ئۇنىڭ ھەق ئەمەس.

ئىككىنچى سەۋەپ: پائالىيەتچان رەھبەرلەر تۈرمە ۋە كامىرلار ئىچىدە ئىز دېرەكسىز يوقالغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈن دەۋەتكە يۈزلەنگەن ياشلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇنتىزىم رەھبەرلىككە ئىگە بىر پارتىيە

ئىچىدە تەربىيىلەنمەستىن بەلكى كىتاپ ۋە ئوقۇشلۇقلار بىلەن تەربىيىلىنىۋاتىدۇ . ئەمەلىيەتتە يالغۇز ئوقۇشلۇقلار بىلەن تەربىيلىنىش تەربىيلىنىشنىڭ تولۇق كاپالىتى بولالمايدۇ !

چوقۇم ئىسلام خىزمىتىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىدىغان ، بىلىم ئۆگىتىدىغان ۋە تەربىيلەيدىغان رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇشى كېرەك !

ئەگەر اللە ئۆز ئىلمىي بىلەن ياراتقان بۇ روھلارنىڭ تەربىلىنىشىنى كىتاپلار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا اللا قۇرئاننى بىر پۈتۈن كىتاب شەكلىدە نازىل قىلىپ ، كىشلەرگە ئوقۇشنى ئۆگۈتىشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىدى .

بىراق بۇ رۇھلارنى ياراتقان - ئۇنىڭ خاراكتىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئۇلۇغ اللە شۇنى ئېنىق بىلىدۇكى ، ئەگەر ھەقىقەت بىر قەلبتىن يەنە بىر قەلبكە ، ئوقۇتقۇچىدىن شاگىرتقا ، يوليورۇق بەرگۈچىدىن قوبۇل قىلغۇچىغا ئۆتۈشمىسە ئۇنداقتا روھلار ھەقىقەتنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلىيەلمەيدۇ . . .

شۇنىڭ ئۈچۈن اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇئەللىم ۋە يوليورۇق بەرگۈچى بولۇشقا ، شۇنداقلا باشقا قەلبلەرنى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىدىغان بۈيۈك قەلب بولۇشقا ئەۋەتتى .

ياشلار قىزغىنلىق ۋە قىزىقىشلىقتا ئىگە بولسىمۇ ، بىراق ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئوقۇيدىغان كىتاپتىن باشقىغا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئاشۇ قىزغىنلىق ئىچىدە ھەرخىل يوللارغا بۆلۈنۈپ كەتتى .

ئەقىللىقلەر ئادەتتە پاكىتى ۋە ئۇقۇمى ئېنىق بىر تېكىستىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشۈنۈشتە بىرلىككە كېلەلمەيدۇ . ئەگەر ئۇقۇمى ئېنىق بولمىغان ، قولدىن قولغا ئوتۇشۇپ تۇرىدىغان تېكىستلەر بولۇپ ، بىر قىسمىلىرىنىڭ پاكىتى ئېنىق بولمىسا ئۇنداقتا ئەھۋال قانداق بولىدۇ ؟

دېمەك بۇ ياشلارنىڭ يوليورۇق بېرىدىغان يېتەكچىسىز ، ئۆگىتىدىغان مۇئەللىمسىز ، يېتەكلەيدىغان رەھبەرسىز ھالدا كىتاپ ئوقۇش بىلەن تەربىيىلىنىشى نەتىجىسىدە ـ گەرچە تەرغىپ قىلىنمىسىمۇ ـ ئىختىلاپ تەبىئىلا كېلىپ چىقىدۇ .

بۇنىڭ ھەقىقەتەن ئوچۇق خاتالىق ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايدىڭ !

. . . شۇڭا ئىسلام خىزمىتىنىڭ بىرلىشىشى ۋە بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكى پەرز . چۈنكى بۆلۈنۈش دۈشمەندىن باشقا ھېچكىمگە خىزمەت قىلمايدۇ . . . بىراق ئۇ مەن ھەردائىم ئېيتقىنىمدەك كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ھەل بولىدىغان قىيىنچىلىق ئەمەس ! مېنىڭ كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە دېگىنىم جاپا-مۇشەققەتسىز پۈتۈپ كېتىدىغان ، تېز ھەم ئاسان ھەل بولىدىغان قىيىنچىلىق ئەمەس دېمەكچىمەن ! ئىسلام قىيىنچىلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ خىل تۈردىكى قىيىنچىلىق بولۇپ ، ئۇنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ ! بەلكى جاپا-مۇشەققەت چېكىش ۋە جاپالارغا بەرداشلىق بېرىش توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە خالىس نىيەت . . . ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ .

«ئى مۆئمىنلەر ! تائەت ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەبىر قىلىڭلار ، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار ، چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ ، جاھانقا تەييارلىق قىلىڭلار ، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن اللەدىن قورقۇڭلار ، يەنى اللەنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق قىلماڭلار !» (3: 200)

بىراق مەن بۇ ناچار كۆرۈنۈشلەردىن ئانچە بىئارام بولۇپ كەتمەيمەن ، چۈنكى مەن بۇ ئىشلارغا كەلگۈسىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كۆرە ئۆتمۈشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە قارايمەن .

ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇيقۇدىن كېيىنكى ئويغىنىشنىڭ

نەتىجىسى . . .

قەلبىلەر ئۆنىڭدىن خاتىرجەم بولۇپ ئۇنىڭغا ئىستائەت قىلىدىغان رەھبەرلەر يوقالغان مەزگىللەردە ، ئىنسانلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، خەۋپ-خەتەرنى ئېنىق ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغان چاغدا ئىسلاھات ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىنەزەرلەر پەيدا بولىدۇ . بىرى قۇتۇلۇش يولىنى بۇ يەردىن كۆرسەتسە ، ئىككىنچى بىرى ئاۋۇ يەردىن كۆرسىتىدۇ . ئۈچىنچى بىر بولسا قۇتۇلۇش يولى باشقا بىر جايدا دەپ قارايدۇ .

لىكىن تەجرىبە جەريانلىرىدا . . . مۇشەققەتلىك مەزگىللەردە . . ئەڭ توغرا يول قايسى ؟ . . . قايسى يول بىلەن نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ ؟ . . . مانا بۇلار ئاستا-ئاستا ئايدىڭلىشىدۇ .

بىز بىر مىنۇتمۇ شۇنى ئۇنتىماسلىقىمىز كېرەككى ئىشلارنى پىلانلايدىغانلار ئىنسانلار ئەمەس بەلكى ئۇلۇغ ئاللەدۇر . . . بۇ ئاللەنىڭ دەۋىتى . ئاللە ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى ئۆزى قوغداشقا مەڭگۈ كېپىل . . . ئاللە دەۋەت سېپىدىكىلەرنىڭ سىرىنى پىچىكىسىدىن (ياخشىنى ناچىرىدىن ) ئايرىپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ .

«ئاللە يامانىنى (مۇناپىقنى )ياخشىدىن (مۆئمىندىن ) ئايرىمىغىچە مۆئمىنلەرنى (سىلەرنى ) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ . ئاللە سىلەرنى غەيبتىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ .» (178 : 3 )

ئاللە پاك بىلەن ناپاك ئارلىشىپ كەتكەن سەپنى تاشلىۋەتمەيدۇ . ئۇ ئىنسانلارنى غەيبى ئىشلارغا خەۋەردار قىلىپ ئۇلارغا ئالدىنئالا «بۇ ياخشى ، بۇ يامان» دىمەيدۇ . لېكىن ئۇ ئاللە مۆئمىنلەرنى ئىمتىھان ۋە سىناق ئىچىگە كىرگوزۇپ ، بۇ ئارقىلىق نىجىسلار ئىچىدىن پاك ئادەملەرنى ئايرىپ چىقىدۇ . ئەنە شۇ ۋاقىتتا مۆئمىنلەر تاۋلىنىپ يالغۇز بىر ئاللەغا مەنسۇپ بولىدۇ .

تەجرىبە ۋە جاپا مۇشەققەت جەريانىدا . ئىنسانلار بۇ زىددىيەتلىك دەۋەتلەرنىڭ قايسىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى ياخشى چۈشىنىدۇ؟ قايسىسى ئەتراپلىق بىلىپ توغرا ھەرىكەت قىلىدۇ؟ قايسىسى اللەغا ئىخلاسمەن ۋە ساپ بولىدۇ؟ . . . مانا بۇلارنى ئېنىق بىلىدۇ . . . ھەمدە اللە نىجىسلارنى ئايرىپ ئۇنى زىمىندىن يوق قىلىدۇ .

«كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زىمىندا قىلىپ قالىدۇ .» (13: 17)

ئەمما ئىسلام خىزمىتى ئۈچۈن ھەردائىم زۆرۈر بولغان چوڭ رەھبەرلىك ، ئۇ ئىلاھى سوغا بولۇپ ، ئۇنى ياساپ چىققىلى بولمايدۇ . شۇڭا بىز ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت ئىچىدە زۆرۈر رەھبەرلىكنى بۇيرۇپ ياستىدىغان زاۋۇت مەۋجۇت ئەمەس . بىراق بۇ جايدا بىر ئىلاھى زاۋۇت مەۋجۇت بولۇپ ئۇ بولسا ، مۆئمىنلەرنى تاۋلايدىغان ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن رەھبەرلىك قىلىشقا ۋە يولىيورۇق بىرىشكە يارايدىغان كىشلەرنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىمتىھان ۋە سىناقتىن ئىبارەتتۇر . . . بىز اللەدىن كۆڭۈلدىكىدەك رەھبەر تىلەپ دۇئا قىلغان ۋاقتىمىزدا ، اللەنىڭ دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلىشنى ئارزۇ قىلساق ئۇنداقتا اللە ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىمىز اللەغا نىيەت ھەرىكىتىمىزنى خالىس قىلىشىمىز كېرەك . ئەنە شۇ چاغدا اللە دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ .

«پەرۋەردىگارىڭلار : ماڭا دۇئا قىلىڭلار ، مەن سىلەرگە ئىجابەت قىلىمەن» دىدى . (40: 60)

«بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رئى اللەنىڭ ئەلچىسى مېنىڭ جەننەتتە سەن بىلەن بىللە بولۇشۇمغا دۇئا قىلساڭ دىگەندە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۇنداقتا سەن نەفلى نامازنى كۆپ ئوقۇغىن» دىدى (مۇسلىم رىۋايىتى )

بۈگۈن ياشلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى پىشقەدەملەرنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىشەنمەسلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە رازى بولۇپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولىدىغان ئالاھىدە رەھبەرنى تېپىشقا تاپالمىغانلىقى، بۇ ھەرگىزمۇ مۇشۇ كۈنلەردە كۆرۈنۈۋاتقاندەك كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئۆزگەرمەس ئەھۋال ئەمەس. بەلكى ئۇ ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولۇپ، ئۇزاققا قالماي الله بۇ ئۆتكۈنچى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىدۇ. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار جەزمەن ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى ۋە ئۆزىنى الله ئۈچۈن خالىس ھەم ساپ قىلىشى كېرەك.

بىر تۆۋەندىكى بەتلەردە ھازىرقى زامان ھەرىكەتلىرىدە پەيدا بولغان ئىختىلاپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنى ئوتتۇرغا قويۇشقا ئۇرۇنۇپ باقايلى! گەرچە مەن بۇندىن ئىلگىرى بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق مەسىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى ياقتۇرىدىغان بولسامۇ!...

«چۈشەنچە ۋە ئۇسۇل»نى تۈزىتىش ئىسلام ھەرىكىتى ئۈچۈن ھەقىقەتەن زۆرۈر (بۇنىڭدا گۇمان يوق) ئەگەر توغرا يولنى ئېنىق ئايرىپ، ئۇنىڭغا يېتەكلەنمىسە، ئۇنداقتا ئۇ ھەرىكەت ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

بىراق ھەربىر گورۇھ باشقا گورۇھلارنى ئەيىبلەپ، تىللاپ ۋە ھاقارەتلەپ تۇرۇپ، بۆلۈنۈش چىقىشالماسلىق، پۈت تېپىشىش ۋە تۈگىمەس ماجرالار بىلەن تۈزىتىمەن دېيىش... بۇ بىر نەتىجىسىز تىرىشچانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەيتانلار تاشلاپ بەرگەن زەھەرلىك مىۋىدۇر.

تۈزىتىش-كىشىلەرنى پارچىلاپ، ئۇلارنى بۆلۈۋېتىدىغان ھۆكۈملەرنى چىقىرىشتىن ئىلگىرى، اللەنىڭ دىنىدا ئالىم بولۇپ، نىشانغا يەتكۈزىدىغان توغرا يولنى ئېنىق كۆرسىتىش ۋە

ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسىي بولغان شەرىئەتنىڭ دەلىل-پاكىتىنى ئوپئوچۇق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى راست قىلىۋالمىغان بەلكى ھەقىقەتنى بىزگە ئۆزىمىزدىنمۇ قەدىرلىك بولغان بىزنىڭ ھەقىقەتكە يېتىشىمىز ئاڭلىق تۈردە تەپەككۇر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن چاغدا، توسۇقلار يوقۇلۇپ، كۆزلەر ئېچىلىپ يول ئېنىق كۆرۈنىدۇ... بىزنىڭ ئېتىقادىمىز شۇكى، ئاخىرقى ھېساپتا اللەنىڭ ياردىمى ۋە مۇۋەپپىقىيىتى بىلەن ئىشلار اللە تەرەپكە قايتىدۇ.

× × ×

دەۋەت مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان جامائەتلەر ئىچىدە ئىختىلاپ ھەقىقەتەن كۆپ بولسىمۇ... بىراق بۇ ئىختىلاپ ۋە جىدەل ماجرانى قوزغىۋەتكىنى ئاساسلىق ئىككى مەسىلىدۇر... ئۇ بولسا كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسى ۋە رىئاللىقتا ئەگىشىشكە تېگىشلىك بولغان «يول» مەسىلىسىدۇر... ئۇنىڭدىن كېيىن دەرىجىسى ئاشۇ مەسىلىلەردىن بىر قەدەر تۆۋەنرەك مەسىلىلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ... بىز بۇ ئاساسلىق ئىككى مەسىلىنى سۆزلەپ بولۇپ ئاندىن باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە گەپ ئاچايلى!

# كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسى

بۇ مەسىلە ئوخشىمىغان گورۇھلار ئىچىدە ئىختىلاپ ۋە تالاش-تارتىش بىلەن تولغان چوڭ بىر مەيداننى ئىگەللىدى. كىشىلەر ئۇڭچىل ۋە سولچىللار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇڭچىللار «كىمكى ‹بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق› دىگەن بولسا، ئىسلام ئەمەللىرىدىن ھېچقانداق ئەمەل قىلمىسىمۇ، ئۇ مۆئمىن ھېسابلىنىدۇ.» دىيىشتى. سولچىللار «ياق، ئېغىزدا بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق» دەپ قويۇپ، ھېچقانداق ئەمەل قىلمىسا ئۇ قەتئىي كاپىر بولىدۇ.» دىيىشتى... ئالدىنقىلار كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئەمەس بەلكى نىيىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلغان بولسا كېيىنكىلەر نىيەتنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىپ يالغۇز ھەرىكىتىگە قاراپلا ھۆكۈم چىقاردى... يەنە بىر تۈركۈملەر بولسا ئۇڭچىللار بىلەن سولچىللار ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان بىر مەيداننى شەكىللەندۈردى.

بىراق مېنىڭ بۇ مەسىلىدە خېلى زامانلاردىن بىرى شەكىللەنگەن باشقىچە بىر قارىشىم بار.* مەن ئۇزاق يىللار تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاشۇ قارىشىمدىن قانائەت ھاسىل قىلدىم. ھەمدە بۈگۈنگىچە ئۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ كېلىۋاتىمەن.. ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە تۇنجى مەسىلىمىز كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى ئۇگۈتىش مەسىلىسى، شۇڭلاشقا بىز بۇ مەسىلىگە ئاۋارە بولماسلىقىمىز كېرەك. شۇنداقلا بىز بۇ مەسىلىنى

* 1965- يىلىدىن بىرى

دەۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىمىزگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىقىمىز ۋە كىشىلەرنى ھەرقايسى تەرەپتىن قورشاپ تۇرىدىغان تار رامكا ئىچىگە قاماپ قويماسلىقىمىز لازىم. بەلكى بىردىنبىر پايدىلىق ۋە نەتىجىلىك ئىش كىشىلەرگە ئۇلار بىلمىگەن ئىسلام ھەقىقىتىنى ئۆگۈتۈش يولىغا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. كىشىلەرگە بۇ ھەقىقەتنى ئۆگۈتۈش ۋە ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە تەربىيىلەش بولسا، ئۇ ھەقىقى نەتىجىلىك خىزمەت بولۇپ، ئاخىرقى ھېساپتا كىشىلەرنىڭ رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىدۇ. ۋە ئۇلارنى ئەسىرلەر جەريانىدا يىراقلاپ كەتكەن توغرا ھەقىقەتلەرگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. چۈنكى ئاخىرقى ئەسىرلەردە ئەۋلاتلارنىڭ ئىسلام ھەقىقەتلىرىدىن يىراقلاپ كېتىشى ئۇلارغا بالايى ئاپەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

ئىسلام ئۈممىتىنى قاپلىۋالغان جاھالەت ئىسلام ھەقىقىتىگە نىسبەتەن — بىز يۇقاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك — ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئۈنجى دۈشمىنى ۋە دەۋەتنىڭ ئەڭ چوڭ توسۇقى بولۇپ، دۈشمەنلەر دەۋەتكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەڭ چوڭ قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىۋاتىدۇ.

«لااله الا الله»نى ھەقىقى مەزمۇنىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىش ھەمدە ئۇنىڭ اللەنىڭ قانۇنىنى چىڭ تۇتۇش ۋە اللەنىڭ شەرئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈنجى تەلىۋىدىن ئۇنى ئايرىۋېتىش يەھۇدى ۋە خىرىستىئان دۈشمەنلەر ئۈچۈن شەرئەتنى ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇش يۈرۈشىنى ئېلىپ كەلدى چۈنكى دۈشمەنلەر بۇنىڭلىق بىلەن-شەرئەتنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىۋېتىش بىلەن-كىشىلەرنىڭ ئىسلامى قىلچىلىك تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ. گەرچە ئۇلار يەرلىك قانۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇلار «لااله الا الله»

دىيىشنى تاشلاپ قويمىسىلا ئۇلار ھېلىھەم مۇسۇلمان . . . دىگەن ئۇقۇمنى ئۇلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرىۋەتكەن ئىدى . (ئاشۇ خىل خاتا ئۇقۇملارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا چوڭقۇرلىشىشى ) مۇستەملىكچىلەرگە ئۇلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ زېمىنلىرىدىن ئەسكەر چېكىندۈرگەندىن كېيىنمۇ ئىسلام ئەللىرىدە ئۆزلىرىگە ۋاكالىتەن دۆلەت باشقۇرۇپ ئىزچىل تۇردە شەرىئەتنى ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان قورچاق ھاكىمىيەتلەرنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى . ۋاھالەنكى كىشىلەر «دۆلەت قانۇنى» ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن بولۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ . ئۇنى يەرلىك قانۇنلار بىلەن بىرلىكتە قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئاللەنىڭ شەرئىتى بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ . . . مانا بۇلار دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى مالايلىرىنى خەلقىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىدىن خاتىرجەم ھالدا دەۋەتچىلەرنى جازالاش ۋە يوقۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . ۋاھالەنكى خەلقلەر ھېلىھەم «لااله الا الله»نى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ .

بۇ خىل جاھالەتنى يوقۇتۇش ، كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى ئۇگۇتۇش . «لااله الا الله»بىلەن ئۇنىڭ ئاللەنىڭ شەرئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تەلىپىنى ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان باغلىنىشچان مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئۇگۇتۇش ھەمدە كىشىلەرنى مۇشۇ خىل ھەقىقەت بويىچە تەربىيەلەش . . . مانا بۇ بىردىنبىر نەتىجىلىك خىزمەت بولۇپ ، ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىدۇ . ئۇلارنى يوقالغان ھەقىقەتكە قايتۇرۇپ كېلىدۇ . بەلكى ئۇلارغا ئۆزلىرىنى تونۇتۇپ ، دىنغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ . ئەنە شۇ چاغدا-مۇسۇلمانلار تۆۋەندىكى شەرىئەتكە ئۇيغۇنلاشقان چاغدا- الله ئۇلارنىڭ خەلپىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۇرىدۇ .

«اللە ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئەتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىش، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىشى ۋە ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكى كېرەك» (24:54)

شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتچىلەر پۈتۈن تىرىشچانلىقى بىلەن مۇشۇ جاھالەتنى يوقۇتۇشقا يۈزلىنىشى، كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىدەك ئەھمىيەتسىز مەسىلىلەر ئۈچۈن چېچىلىپ كەتمەسلىكى ۋە بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكى كېرەك.

كىشىلەرگە مۇسۇلمان ياكى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىش ئەمەلىيەتتە مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ مەيدانىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. چۈنكى ئەگەر سەن ئۇلارغا ئوخشىغان ئېيتقاندەك كىمكى «لااله الا الله» دىسە ئىسلام ئەمەللىرىدىن ھېچقانداق ئەمەل قىلمىسىمۇ، ئۇ مۇئمىن دىسەڭ، ئۇنداقتا ئۇلار ئۇلارنى قورشاپ تۇرىۋاتقان ئۇ خىل زەھەرلىك ئىدىيىدىن قەتئىي ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇلار كۆڭلىدە، بىز دىگەن ئىسلام ۋە ئىماننىڭ تەلەپلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ بولدۇق گەرچە ئەمەل قىلمىساقمۇ جەننەت بىزنىڭ يانچۇقىمىزدا دەپ ئويلايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئىسلامنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلاپ كەتكەن رېئاللىقنى قىلچە ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا سولچىلار ئېيتقاندەك گەرچە سىلەرنىڭ نىيىتىڭلار ياخشى بولسىمۇ، بىراق ھازىرقى ئەمەلىي رېئاللىقىڭلار بىلەن سىلەر كاپىر دىسەڭ، ئۇنداقتا ئۇلار دەرھال ئۆزىنى قوغداشقا ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار سېپىدىكى بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پۈتۈن پاكىتلارنى

ئېزدەپ تاپىدۇ . بىراق ئۇلارنى قورشىۋالغان ناچار رىئاللىقتىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ !

ئەمما ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇلارغا ھۆكۈم قىلماستىن ئۇلارنى تەربىيىلەش ئىدىيە ۋە قەلبىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ ناچار رىئاللىقىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىرىدىغان ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولىدۇ . نەتىجىدە اللە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىدۇ .

«ئىنسانلار ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگىچە ، اللە ئۇلارنى ئۆزگەرتمەيدۇ .» (11 :13)

مېنىڭ كىشىلەرگە قارىتا مۇشۇ خىل پوزىتسىيەدە بولۇشۇمغا تۈرتكە بولىدىغان بىر قانچە سەۋەبلەر بولۇپ كۆڭلۇمدە ئاشۇ سەۋەبلەرنىڭ سالمىقى ۋە قىممىتى ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە .

. .

بىرىنچى سەۋەپ ، مەن ئۇزاق تارىخى جەريانلاردىكى ئېغىپ كېتىش قەدەملىرىنى ، ئېغىپ كېتىش تەسىرلىرىنى ، ئىدىيىۋى ھوجۇملارنى ، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئۇممەتكە رەھبەرلىك قىلىشتىن ۋە ئۇلارغا دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقىنى ، بەلكى ئۇلارنىڭ (ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ) ئازغۇن پەتىۋالار ، اللەنىڭ شەرئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قانۇنى يولىيورۇقلار ، كىشىلەرنى ئىسلامدا رۇخسەت بېرىلگەن ئىجتىھاد (ئىزدىنىش )نىڭ قاتارىدىن دىگەن خىيالغا كەلتۈرۈپ قويغان گۇمان ۋەھىملەر بىلەن ئىسلام ئۇممىتىنى ئازدۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى مۇشۇ ھەقىقەتتىن قارىغۇ ۋە پاڭ قىلىۋېتىشكە قاتناشقانلىقىنى ئويلانغاندىن كېيىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەنكى ، بىز بۈگۈن كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەيدانىدا ئەمەس . بەلكى تەلىم-تەربىيە باسقۇچىدا تۇرىۋاتىمىز .

بۈگۈن ئىسلامنى قورشىۋالغان ئىككىنچى قېتىملىق

www.uyghurkitap.com

غېرىپلىقىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۇزاق جەريان ۋە ئاز ئەمەس تىرىشچانلىقلارغا مۇھتاج. بىراق بۇ خىل تىرىشچانلىق ئاخىرقى ھېسابتا مەسىلىنى ئەلتۈكۈس ھەل قىلىدۇ. كىمكى تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ھەقىقەتكە قارشى چىقىپ، ئۆزگېپىدە چىڭ تۇرىۋالسا، ئەنە شۇ شەكسىز كاپىر، كىمكى دەۋەتكە ئاۋاز قوشسا ئۇ شەكسىز مۇسۇلمان بولىدۇ.

«گۇناكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى رۆشەن بايان قىلىمىز» (6: 55)

«ھالاك بولىدىغانلارنىڭ رۆشەن دەلىلنى كۆرۈپ ھالاك بولۇشى ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى. (8: 42)

بۈگۈن ئېغىزدا «لا اله الا الله»، دەپ قويۇپ ئىسلام ئەمەللىرىدىن ھېچقاندا ئەمەل قىلمىغۇچىلارنى كاپىر دەپ قارايدىغان بەزى كىشىلەردىن كېيىن كىشىلەرنىڭ دەۋەتكە ئاۋاز قوشۇشى ئۇلارنىڭ بۇندىن ئىلگىرىكى مۇشرىكلىقىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارغان چاغدىمۇ، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار ئاۋاز قوشۇپ، قارشى تۇرغۇچىلار قارشى تۇرىدىغان ئەھۋاللار بولغان لېكىن دەۋەت سېپىگە قوشۇلغانلارنىڭ ئىسلامى ئۇلارنىڭ بۇندىن ئىلگىرىكى مۇشرىكلىقىنى يوق قىلىۋەتمىگەن. شۇڭا الله دەۋەتتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ رىئاللىقىغا قانداق ھۆكۈم قىلغان بولسا بىزمۇ بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ رىئاللىقىغا شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىق. ئۇنداقتا بىز ئەمەل قىلمىغۇچىلارنى قىلچە ئىككىلەنمەي مۇشرىك دەپ بېكىتىشىمىز لازىم!

بىراق بۇ جايدىكى ئوخشىتىش تۈپتىن توغرا ئەمەس...

چۈنكى ئاشۇ جاھىلىيەتتە جاھىلىيەتنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغانلار يوق ئىدى. بەلكى ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ اللە بىلەن قوشۇپ باشقا ئىلاھلارغا چوقۇناتتى. ئۇنىڭغا يۈزلىنەتتى. ئۇنىڭ ئىلاھلىقىغا ئىشىنەتتى. ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلاتتى.

. .

شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر چاقىرىۋاتقان دىنىنىڭ ماھىيەتتە پۈتكۈل ئىلاھلاردىن- مەيلى ئۇ ئىلاھلارنىڭ ئۆزىگە چوقۇنسۇن- ياكى اللەغا يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ قاراپ چوقۇنسۇن ۋاز كېچىش، ئىبادەتتە شېرىكى يوق يالغۇز بىر اللەغا يۈزلىنىش ھۆكۈمنى يالغۇز بىر ئاللەدىن قوبۇل قىلىش ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ھۆكۈم ۋە قانۇن مەنبەسىنى رەت قىلىش. . .نى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى.

بۈگۈن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ خىل چۈشىنىش پۈتۈنلەي مەۋجۇت ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا شەكسىز كاپىرلارمۇ بار. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىمىگە قارشى تۇرۇپ، نىمىنى رەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. كىشلەرنىڭ ئارىسىدا شەكسىز مۆئمىنلەرمۇ بار. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىمىنى قوللاپ نىمىنى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. بىراق ئىنسانلار ئارىسىدا يەنە بىر توپ ئادەملەر بار. نادانلىقىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان بۇ ئادەملەر ئۆزلىرى ئۇنىڭغا چاقىرىلىۋاتقان ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق ئۇقمايدۇ. مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە ئىمام ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دەيدۇ: «ناھايىتى ئېنىقكى، كىمكى اللە پەيغەمبەرگە نازىل قىلغان شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا ئېتىقاد قىلمىسا كاپىر، كىمكى اللەنىڭ قانۇنىغا ئەگەشمەستىن كىشلەر ئارىسىدا ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ھۆكۈملەر بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى ھالال سانىسا ئۇ كاپىر،

www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق ئۇممەت ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلغان . بەزىدە ئۇلارنىڭ كاتىپباشلىرى توغرا دەپ قارىغان ئىشلار ئۇلارنىڭ دىنىدا ئادالەت بولۇپ قالىدۇ ، بەلكى ئىسلامغا تەۋە ئالاي كىشىلەر الله نازىل قىلمىغان ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەنمۇ ھۆكۈم قىلىشىدۇ . مەسىلەن سەھرا-قىشلاقلاردا خەلقلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان ئەمەلدارلار بولغان . ئۇلار قۇرئان ھەدىسىنى قويۇپ ئاشۇ ئادەتلەنگەن ئەنئەنىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى توغرا دەپ قارايتتى . مانا بۇ كاپىرلىق . يەنە كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار بار . بىراق ئۇلار ئەمەلدارلار بۇيرىدىغان ئومۇملاشقان ئادەتلەر بىلەنلا ھۆكۈم قىلىدۇ . ئەنە ئاشۇلار ئەگەر اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلسە ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا ، بەلكى الله نازىل قىلغان قانۇنىنىڭ ئەكسى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى توغرا دەپ قارىسا ئۇلار كاپىردۇر . »

دەل شۇ سەۋەپتىن كىشلەرگە ھۆكۈم قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ نادانلىقنى يوقۇتۇش ئۇچۇن تەلىم-تەربىيىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك .

ئىككىنچى سەۋەپ شۇكى ، پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرلا ھۆكۈمنى چىقىرىش ھەقىقەتەن مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى بۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەر كۆپلىگەن گورۇھلاغا بۆلۈنۈپ كەتكەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدە. بىز يۇقاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك شەكسىز كاپىرلار بار . ئۇلار دىنىنىڭ سىياسەت ، ئىقتىساد ، ئىجتىمائىيەت ۋە رىئال تۇرمۇش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ياكى بۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن نازىل قىلىنغان ئىسلام شەرىئىتى بۈگۈنكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە ماس كەلمەيدۇ ياكى شەرىئەت گەرچە ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلگەن بولسىمۇ ، بىراق بۈگۈن تەرەققىيات ئۆتمۈشنىڭ قالدۇقلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ ، سىياسەت ، ئىقتىسات ، ئىجتىمائىيەت ۋە رىئال تۇرمۇشتا «يېڭى

پاسون »لارنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ، دىگەندەك باھانە سەۋەبلەر بىلەن بۇ دىننى ئوچۇق ئاشكارا رەت قىلىدۇ ياكى اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قەتئىي قارىشى تۇرىدۇ . . . ئەنە ئاشۇلار اللەنىڭ دىنى ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئورنىدا «ئەلمانى» ئېقىمغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەردۇر .

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەكسىز مۇسۇلمانلار بار . ئۇلار ئىسلامنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى ۋە شەرىئەت بويىچە دۆلەت باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ . ئاندىن ئۇلار ئۆزىنىڭ رىئال تۇرمۇشىدا كۈچىنىڭ يېتىشىچە اللەنىڭ شەرئىتىنى ئەمەلىلەشتۇرىدۇ . ھەمدە اللەنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن پۇتۇن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ .

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەلگىلىرى ئېنىق بولمىغان يەنە بىر توپ ئادەملەر بار . ئۇلارنىڭ مەيدانى ئېنىق ئەمەس . ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىمۇ بىردەك ئەمەس . ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلەي دەپ ئۇلارغا تازا دىققەت قىلىپ قارىساڭ ئۇلارنىڭمۇ پۇتۇنلەي بىر گوروھ ئەمەسلىكىنى بايقايسەن ! ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىننىڭ ئىشىغا قەتئىي كۆڭۈل بۆلمەيدىغان كىشىلەر بار . دىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتامدۇ ياكى قىلمايۋاتامدۇ ؟ دىن مەۋجۇتمۇ ئەمەسمۇ ؟ . . . بۇ ئۇلار ئۇچۇن قىلچىلىك مۇھىم ئەمەس . مانا بۇلار ئېتىقاتسىز بولغىنى ئۇچۇن كاپىرلاردۇر . ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر تۇركۇم ئادەملەر بار . ئالىملارنىڭ ئىزىنى قتۇرىشىغا ئۇچرىغان بۇ نادان ئادەملەر بۇگۇنكىدەك زۆرۈرىيەت تۇغۇلغان ئەھۋالدا ئىلاھى ھۆكۈملەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇش ئىسلام ئۇممىتى ئۇچۇن رۇخسەت قىلىنغان «توغرا يول» دەپ قارايدۇ . مانا بۇ ئادەملەر

ئىبنى تەيمىييە سۆزلىگەن ۋە بىز باياتتىن كۆرسىتىپ ئۆتكەن جاھالەت تۇمانلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغان ئادەملەردۇر . ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر تۈركۈم ئادەملەر بار . ئۇلار اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىقنى قەلبىي بىلەن ئىنكار قىلىدۇ . بىراق قەلبىي بىلەن ئىنكار قىلىشنىڭ-قەلبىي ئىمان بىلەن توشۇپ تۇرىسىمۇ ، بىراق قاتنىشقا مەجبۇرلانغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ-ئۆزى خاتا دەپ قارىغان ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە قىلماسلىقتىن ئىبارەت ئورۇنداشقا تىگىشلىك بىر مۇنچە تەلەپلىرىنىڭ بارلىقنى ئۇلار بىلمەيدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر بار . ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . بىراق ئۇلار تىنچلىق «ئورىنتىسى»دا ياكى ئۇلارنىڭ كىيىنكى ئاقىۋىتىنىڭ تىنىچلىقىقا كاپالەت بېرەلەيدىغان «يولىيورۇقلار» ئىچىدە . . . ئۇلارنى ئازاپ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلمايدىغان پۇتۇنلەي خاتىرجەم پۇرسەتنى تاپالمىسا ، ئۇنداقتا ئۇلار ئۆز ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگۈدەك بىرەر ھەرىكەتنى قەتئىي ئىلىپ بارمايدۇ !

بۇ ئارلاشما ئادەملەر سالاھىيىتىنىڭ يوشۇرۇنلىقى ، كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ناچارلىقى ۋە ئىسلامنىڭ توغرا سۈرىتىدىن ئېغىپ كېتىشلىرىدە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەجىمى ۋە سۈرىتى تۇراقلىق ئەمەس ! بۇ ئارلاشما ئادەملەر كۈچلۈك ئىككى بىسىم ئوتتۇرىسىدا قالغان بولۇپ بېسىم بۇ ئادەملەرنى-گەرچە بەك ئاستا بولسىمۇ -يا ئاشكارا كۇپرى لاگىرىغا قوشۇلۇشقا ياكى ئوچۇق ئىمان توپىغا قېتىلىشقا قىستايدۇ .

يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوچۇق-ئاشكارا ئاتىزىمچىلىقنى كەڭرى تارقىتىشنى نىشان قىلىۋاتقان ۋە ئىلگىرىكى ئەسىرلەردىكىدەك دىن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئالدىدا



www.uyghurkitap.com

تۇرىۋاتقان خەلقنى دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن چىقىرىۋېتىش بىلەنلا بولدى قىلماستىن بەلكى . . . ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنى دىنسىزلاشتۇرۇپ ، يەھۇدىلارنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتكۈل يەر شارىدىن دىننى بىر پۈتۈن يوقۇتۇشنى نىشان قىلىۋاتقان خەلقئارالىق يەھۇدىلارنىڭ بېسىمىسى ئوتتۇرىسىدا . . .

ئىسلامدىن ئىبارەت تەۋھىد ھەقىقىتىنىڭ «لاالەالا اللە»نى ئېغىزىدا سۆزلەپ قويۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقى ، بەلكى «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق ، مۇھەممەد ئەلەيھىسالام اللەنىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ، ئۇنىڭ تەلىۋىگە ماس ھالدا ئەمەل قىلىش ، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرىغاندەك ۋە ئىمام شەھىدنىڭ تەلىم بەربىيە رىسالىسىدە كۆرسىتىلگەندەك پەرىزلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىقلا ئاندىن ئۇنىڭ رىئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى كىشىلەرگە جىددىي چۈشەندۈرىۋاتقان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ بېسىمى ئوتتۇرىسىدا . . .

مۇشۇنداق ئەبەدىلىك كۈچلۈك ئىككى بېسىم ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىرى يۇشۇرۇن بۇ گەۋدە ئىنتايىن ئاستا ئەمما قەتئىي توختىماي ھەرىكەتلىنىدۇ . بۇ گەۋدىنىڭ ھەرىكىتى گويا باھار پەسلىدىكى مۇز تېغىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايدۇ . مۇز پارچىلىرى بۇ تاغدىن ئايرىلىپ چىقىپ بەزىلىرى ئوڭ تەرەپكە ، بەزىلىرى سول تەرەپكە ئېقىپ كېتىدۇ . . ئاخىرىدا بۇ تاغ پۈتۈنلەي ئېرىپ تۈگەيدۇ . . . بىز بۈگۈنكى رىئاللىقىمىزدا ئاستا ئەمما توختىماي ھەرىكەتلىنىدىغان بۇ گەۋدىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرىۋاتىمىز . ئۇنىڭ بىر قىسمى ئاشكارا كۆپرى لاگىرىغا قوشۇلسا ، يەنە بىر قىسمى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئىمان قىسىملىرى تەرەپكە يۈزلىنىۋاتىدۇ . بۇ گەۋدىنىڭ ھەجىمى تەدرىجى ئازىيىۋاتىدۇ . . .

مەن 20 يىل ئىلگىرى ئۆز كۆڭلۈمدە ، ئەگەر بۇ گەۋدە ئاشكارا ئىمان ياكى ئاشكارا كۇپرىدىن ئىبارەت پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان ئەسلى تۈپقا قوشۇلغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى. . . . . دەيتتىم . ئاردىن 50 يىل ئۆتۈپ كەتتى . رىئاللىقتىكى ئىشلار بىزنىڭ كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن جاپا چېكىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى ئىسپاتلىدى . ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىدە باشقىلار بىلەن تالاش-تارتىش ۋە جېدەل ماجىرا قىلىپ ھۆكۈمنى كىشىلەرگە دائىرە بەلگىلەپ بېرىدىغان رامكىغا ئايلاندۇرىشىمىز ۋە دەۋەت مەيدانىدىكى خىزمەتلەردە پۈتۈن دىققىتىمىزنى ئاشۇ ھۆكۈم مەسىلىسىگە قارىتىمىز تولىمۇ ئارتۇقچە ۋە ئەخمىقانە بىر ئىش بولۇپ قالدى .

ھازىر يىگىرمە يىلدىن كېيىن* مەن بۇ گەۋدىنىڭ پەرقلىق بەلگىلىرىنى كۆرىۋاتىمەن . بۇ جاغدا بىر توپ ئوغۇل قىز ياشلار بار . ئۇلار ئىغىپ كەتكەن ، بۇزۇلغان ۋە چۇشكۈنلەشكەن ياشلار بولۇپ ئۇلار ئاللىقاچان قايتماس كۇپىرىغا يۈزلەندى . (بىراق الله خالىغان مۇددەتتە ئۇلارنىڭ كۇپرىدىن قايتىشى بۇنىڭ سىرتىدا . . . ) يەنە بىر توپ ئوغۇل-قىز ياشلار بار . ئۇلار ئوچۇق ئاشكارا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ياشلار بولۇپ بۇنىڭدا قىلچە غۇۋالىق مەۋجۇت ئەمەس .

مەن بۇ ئىسلامى گەۋدىنىڭ ئەڭ چوڭ نامايەندىلىرىنى كۆرىۋاتىمەن روپاش قىزلار . . . بۇ قىزلار مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تولدۇرىۋاتىدۇ . ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ھەر قايسى پاكولتېتلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بىلەن توشقۇزىۋاتىدۇ . ۋاھالەنكى بۇ مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلار

---

* ئاپتور بۇ كىتابىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى 1986- يىلنى دىمەكچى

ئەسلىدە كۆپىرى ، ئاتېزىمچىلىق ۋە ئىسلامدىن چىكىندۇرۇشنىڭ مەركىزى بولۇش ، يالغۇز يەرلىك جاھىلىيەتلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل خەلقئارالىق جاھىلىيەتنىڭ پاسۇنى بىلەن ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئىدى. بىراق بۇ قىزلار قەددىنى تىك تۇتۇپ ، ئىمان بىلەن ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولدى. جاھىلىيەتنىڭ ھەرقانداق مەسخىرە ۋە ئۆچمەنلىكلىرى ، بەلكى ئۇنىڭ پات-پات ئاشۇ قىزلارنى قاماققا ئېلىش ، تورمىگە قاماش ، جازالاش ۋە سۇرگۇن قىلىشلار بىلەن دۇشمەنلىك قىلىشى ئۇلارنى يۈزىنى يېپىشتىن توسۇپ قالالمىدى .

بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار . پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەھۇدىلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى «غەيرى مىللەتلەرگە» قاراتقان زەھەرلىك سۈيقەستى ئاياللارنى دىن ، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىدىن ئۇنىڭغا مەڭگۇ قايتىپ كەلمىگۇدەك دەرىجىدە چىقىرىۋېتىش ئىدى . ئەگەر بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشسا ، باللىرىغا كىچىكىدىن باشلاپ دىنىنىڭ پرىنسىپ ۋە ئەخلاقلىرىنى ئۆگىتىدىغان «ئانا» مەۋجۇت بولمايدۇ . . . ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەھۇدى خرىستىئانلارنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا قاراتقان زەھەرلىك سۈيقەستى بۇ ئاياللارنى بۇندىن ئىلگىرى ياۋرۇپا ئاياللىرىنىڭ ماڭغان ئىزىدىن ماڭدۇرۇش بولۇپ ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشسا ئۇنداقتا باللىرىغا ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىدە دىنىنىڭ پرىنسىپ ۋە ئەخلاقلىرىنى ئۆگىتىدىغان مۇسۇلمان «ئانا» بۇ جەمئىيەتتىن يوقالغان بولىدۇ . . ئاياللار پۈتۈن ياكى يېرىم يالىڭاچ بولغان ، يالىڭاچلىق «مەدەنىي» جەمئىيەتنىڭ توپ ئاساسىغا ، ئىلگىرىلەش ، مەدەنىلىشىش ، تەرەققىي قىلىش ، ۋە ئەركىنلىكنىڭ بەلگىسىگە

ئايلانغاندىن كېيىن ، يەھۇدى ۋە خىرىستىئانلار پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ ، بارلىق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىسلامغا ۋە ئىسلامى كىيىملەرگە قايتىشىنى پۈتۈنلەي خام خىيالغا ئايلاندۇرىۋەتمەكچى بولدى .

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يەھۇدى خىرىستىئانلار بېكىتكەن توسۇقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ئۆرۈپ ئادەت شەكلى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئېتىقاد چۈشەنچىسى بىلەن ئىسلامى كىيىملەرگە قايتىپ كېلىشى (يۈزنى يېپىشى ) ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇ جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ دائىرىسىنى ۋە بەلگىلىرى نامەلۇم ئاشۇ گەۋدىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئايرىلىپ چىقىشىنىڭ ئاللىقاچان باشلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئەگەر بىز ئاشۇ نامەلۇم گەۋدە ئىچىدە ئايرىلىپ چىقىش ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرلىشىشى ياكى ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئېنىق بېكىتىشى ئۈچۈن يەنە يىگىرمە ياكى ئوتتۇز يىل ۋاقىت كېتىدۇ . دەپ پەرەز قىلساق ، ئۇنداقتا مېنىڭچە ئىشلار دەۋەت مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان جامائەتلەر ئوتتۇرىسىدا كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىگە قارىتا يۈز بېرىۋاتقان جىدەل-ماجرا ، تالاش-تارتىش ياكى ئۆچەكىشىش . .لەرنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتسىز ، ئىكەنلىكى پۈتۈنلەي ئايدىڭلاشقان بولاتتى ، چۈنكى بۇنداق قىلىش مېنىڭ تەسەۋۋۇرىمدا مېڭىۋاتقان جىسمىنى ئالدىغا سۆرەش بولۇپ ، ئەگەر بىز ئۇنى كۈچەپ سۆرىسەك ئۇنىڭ ئۆز لىنىيىسىدىن بىر نەچچە قەدەم چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز .

ناھايىتى ئېنىقكى بۇ گەۋدە ئىچىدىكى ھەرىكەتنىڭ ئاستىلىقى ئۆزىئال ھەقىقەت . بۇ خىل ئاستىلىق گاھىدا بەزى دەۋەتچىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا ، يەنە بەزىلەرگە ئېغىر ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ . . بىراق بىز ھازىر ھەر

ئىككى-تەرەپ-ئىسلامغا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلار بىلەن جاھىلىيەتكە قاراپ كېتىۋاتقانلار-نىڭ بۇگۈنكى كۆرۈنىشى بۇنىڭدىن ئەللىك ياكى يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى كۆرۈنىشى بىلەن ئوخشاش دەپ ئېيتالمايمىز . . . چۈنكى كۆرۈنىشلەر ئىزچىل تۈردە ئۆزگىرىۋاتىدۇ . ئۆزگىرىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ ، بۇ ئۆزگىرىشتىن چوقۇم ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك .

ئۈچىنچى سەۋەب شۇكى ، ئەگەر ئىسلام ھۆكىمىتى قۇرۇلۇپ قالسا ، «خەلق ئاممىسىدىن» تەشكىل قىلىنغان بۇ ئاڭسىز گەۋدە ئۇزاق يىللىق مۇستەملىكچىلىك قالدۇرۇپ كەتكەن «ئۆچمەنلىك» ھىسسىياتى بىلەن بولسۇن ياكى ئىسلام تىلغا ئېلىنغان چاغدا پەيدا بولىدىغان «دىنى تۇيغۇ» ھىسسىياتى بىلەن بولسۇن ، بۇ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقمايدۇ .

توغرا ، بۇ خەلقلەر بولۇپمۇ «زىيالىلار» تەبىقىسىنى قاپلىۋالغان ئىسلامغا قارىتا چەكسىز نادانلىق ۋە بۇگۈن يۇقارقى بەتلەردە بايان قىلغىنىمىزدەك ئىسلام ھەرىكىتىگە قارشى قورال سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان «لا اله الا الله» بىلەن اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىچ باغلىنىشچانلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمەسلىك . . . بۇ دەل ھەرىكەت توسۇقلىرىدىن ئىنتايىن چوڭ بىر توسۇق ھېسابلىنىدۇ . . . بىراق مەن بۇ جايدا شۇنى تەكىتلەيمەنكى ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدا يەنى «ئىسلامى بازا» ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلىشىغا ئاساس سالىدىغان دائىرىدە كەڭەيگەن چاغدا بۇ ئاڭسىز گەۋدە گەرچە ھازىرقى كۆرۈنىشى بىلەن ساقلىنىپ قالسىمۇ (ئەمەلىيەتتە بۇ مۇمكىن ئەمەس ) ئىسلام ھۆكۈمىتىگە ھەرگىز قارشى چىقمايدۇ . شۇنداقلا ئۇنىڭ يولىدا قەتئىي توسۇق پەيدا قىلمايدۇ . بەلكى ئىسلام

ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرىدىغىنى «ئىدېئولوگىيە» سېپىدىكىلەردۇر. يەنى كوممۇنىستلار، ئەلمانىلار، ئاتېئىزمچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەمنەپەسلىرىدۇر... بۇلار ھەرگىزمۇ جامائەتلەر ھۆكۈم قىلىشتا بىرلىككە كېلەلمەيۋاتقان ئاڭسىز گەۋدىگە تەۋە ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاللىقاچان ئۇچۇق كۇپرى لاگېرىنى ئاللىۋالغان بىر ئۇچۇم ئادەملەردۇر.

ئەگەر بۇ ئاڭسىز گەۋدە ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدا ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان بولسا ئىدى، ئۇنداقتا بىز ئۇلارغا قارىتا ئۆزىمىزنىڭ ئاخىرقى مەيدانىمىزنى بەلگۈلەش ئۈچۈن ئۇلارغا نىسبەتەن ئېنىق قانۇنىي ھۆكۈمنى چىقىرىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك، بۇ بىر توغرا تاللاش بولغان بولاتتى. بىراق ھازىر بىز ئۇلارغا قارىتا دەۋەت مەيدانىدا تۇرىۋاتىمىز... يەنى «لاالله الا الله»نىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى بايان قىلىش، دەۋەتكە ئاۋاز قوشىدىغان كىشىلەرنى ئىسلامنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە ھەقىقىي تەلىۋى بويىچە تەربىيەلەشكە ئۇرۇنۇش مەيدانىدا تۇرىۋاتىمىز. بۇ خىل رەۋىشتە دەۋەت قىلىش بۇ گەۋدىگە ھۆكۈم قىلىش بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز. ئۇلار اللەنىڭ ئۆلچىمىدە مەيلى مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن، دەۋەتنىڭ تەشەببۇسى بارلىق كىشىلەرگە بىردەك بولىۋاتىدۇ.... ھەتتا دەۋەت مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرگىمۇ شۇنداق! چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گەرچە ئىسلام تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار تېخىچە «لاالله الا الله»نىڭ پۈتكۈل تەلىۋىنى ئېنىق بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كىرگەن «ئىرجائى» ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ «كىمكى «لااله الا الله» دىسە، گەرچە ئىسلام ئەمەللىرىدىن ھېچقانداق ئەمەل

قىلمىسىمۇ ئۇ مۆئمىن» دەيدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر بار .

ئەگەر دەۋەت بۇ ئاجىز باسقۇچتا كىشىلەرنى مۇسۇلمان ياكى كاپىر دەپ بۆلۈش بىلەن مەلۇم ئۆزگىرىش تەسىر پەيدا قىلالىغان بولسا ، ئۇنداقتا بىزنىڭ كىشىلەرنى مۇشۇنداق بۆلۈش ئۈچۈن ئاتلىنىشىمىز ۋە پۈتۈن دىققىتىمىزنى ئۇنىڭغا قارىتىشىمىز زۆرۈر بولغان بولاتتى . چۈنكى بىز ئۇ چاغدا ھەر بىر گورۇھقا ئۆزگىچە دەۋەت ئېلىپ بارغان بولاتتۇق . بىراق رېئاللىق شۇكى ، بىز ھازىر بارلىق كىشىلەرگە ھەتتا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن ، ئىخلاسمەنلىكىدىن ۋە تەشۋىقات خىزمىتىدىن قىلچە گۇمانلانمىشقا بولمايدىغان ئىسلام مەيدانىدا ئەمەلىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرگىمۇ ئۇلارنىڭ سىرتقى ئەھۋالىغا ئاساسەن بىر خىل دەۋەت ئېلىپ بېرىۋاتىمىز .

ھەر قايسى تەرەپلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان تالاش-تارتىش كۆرنىشىدە كۆپلىگەن كىشىلەر «بىز كىشىلەرگە قارىتا مەيدانىمىزنى ئېنىق بەلگىلەش ھەمدە مەيلى كۈندىلىك مۇئامىلىسىدە بولسۇن ياكى دەۋەتتىكى ھەرىكەت مۇئامىلىدە بولسۇن ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېنىق بېكىتىش ئۈچۈن ، بىز ئۇلارغا مۇسۇلمان ياكى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىشىمىز كېرەك» دېيىشىدۇ .

بىراق ئۇلارغا بولغان مەيدانىمىزنى ۋە ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزنىڭ يولىنى ئېنىق بەلگىلەش ئۈچۈن بارلىق كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش زۆرۈر دېگەن بۇ گەپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشتىن كۆپرەك ، نەزىرىيىۋىچانلىققا ئىگە .

چۈنكى بىز كۆپلىگەن ئىشلاردا ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن ئەمەس ، بەلكى جەمئىيەتتىكى مەلۇم شەخسلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز . مەيلى توي قىلىش ۋە قۇداباجا بولۇشتەك ئىجتىمائىي مۇئامىلە بولسۇن ياكى سودا-سېتىق ۋە تىجارەتتىكى

ئىقتىسادىي مۇئامىلە بولسۇن ۋە ياكى دەۋەت مەيدانىدىكى دىنىي ھەرىكەت بولسۇن . . مۇشۇ ساھالەرنىڭ ھەممىسىدە بىز ئالاقە ئورنىتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ سالاھىيىتىنى ناھايىتى ئاسانلا بىلىۋالالايمىز . . . ئەمما پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن قاچان بۇ خىل كۆرۈنۈش ۋە بۇ خىل شەكىلدە مۇئامىلە قىلىمىز ؟ !

بىز بۈگۈن ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتلەرنى «جاھىلىيەت جەمىيىتى »دەپ ئاتاۋاتىمىز . چۈنكى بۇ جەمئىيەتلەر اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدۇ ۋە بويسۇنمايدۇ ، بەلكى ئىنسانلار تۈزۈپ چىققان جاھىلىيەت قانۇنلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە بويسۇنىدۇ ، بىراق بۇ سۈپەت ئاشۇ جەمئىيەتلەردە ياشاۋاتقان شەخسلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . بەلكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئۇنى قاپلىۋالغان جاھىلىيەت زۇلمىتىگە قارىتا تۇتقان مەيدانىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆكمى بولىدۇ . كىمكى جاھىلىيەتكە رازى بولسا ، ئۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن ، كىمكى ئۇنى ياقتۇرمىسا ياكى ئۇنى ئىنكار قىلسا ئۇنىڭ ھۆكمى باشقىچە بولىدۇ .

بىز شەخسى مۇئامىلىمىزدە. بارلىق ساھالەردە پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلماستىن بەلكى ئاشۇ جەمئىيەتتىكى شەخسلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئىكەنمىز ، ئۇنداقتا يۇقاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلەلەيمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا بولغان تونۇشىمىز ئاساسىدا ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتالايمىز .

ئەمما دەۋەتتىكى ھەرىكەت مۇئامىلە ساھەسىدە رىئاللىق شۇكى ، ھازىر ھەرىكەتنىڭ كۆپرى ۋە ئىسلام سەۋەپلىرىدىن باشقا ئۆزىگە خاس سەۋەپلىرى بار . مەسىلەن ، ھازىر ھەرىكەت ئەڭ ئالدى بىلەن مۇستەھكەم تۈۋرۈكلەرنى قۇرۇپ چىقىشقا مۇھتاج بولىۋاتىدۇ . ئەمما ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانماستىن

بولمايدىغان ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھەرقانداق ئىنسان بۇ ئىشقا يارىمايدۇ . . . چۈنكى ئەبۇزەر ـ الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن-ئىسلامغا ۋە پەيغەمبەرگە چوڭقۇر ئىشەنگەن ، ئىمانى مۇستەھكەم ئۇلۇغ ساھابىلەردىن بىرى بولسىمۇ ، بىراق ئۇ دەۋەتكە ئاتلىنىشقا ئىنتىلگەن چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمىدى . بەلكى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ دىن ئاشكارا بولغان يەنى ئىسلامنىڭ كۈچى زورايغانغا قەدەر خەلق ئىچىدە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتتى .

بىزنىڭ كىشلەرنى ھەرىكەتكە تاللىشىمىز ياكى ئۇلار بىلەن ھەرىكەت ئارىسىدا ئالاقە ئورنىتىشىمىز ھەرگىزمۇ كىشلەرنى مۇسۇلمان ۋە كاپىر دەپ بۆلۈش ئاساسىغا قۇرۇلمايدۇ . بەلكى ئۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىن بىنا قۇرۇشقا يارايدۇ دەپ قارىغان كىشلەرنى تاللاشقا ھالقىپ كېتىدۇ .

ئەمما «دوسلۇق» ۋە ھەمكارلىشىش مەسلىسى ئەقىدە مەيدانىدا كۆچلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ بىراق ئۇ داۋالغۇپ ، گاڭگىراپ تۇرىۋاتقان تۇراقسىز جەمئىيەتلەردە ، ھازىرقىدەك ئاجىز ئەھۋالدا كىشلەرنى بۆلۈپ ئاۋارە بولغىدەك ھېچقانداق رىئال ئەمەلىي تەسىرچانلىققا ئىگە ئەمەس ! اللەنىڭ شەرىئىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتىنى قىلىپلاشتۇرۇدىغان مۇستەھكەم جەمئىيەت قۇرۇلغانغا قەدەر دوسلۇق مەسلىسى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي رىئال ھەقىقىتىدە شەخسى مەسىلە ياكى ھەقىقي بىرلىك ئاساسىغا قۇرۇلمىغان جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىچكىرى قىسمىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان «جەمئىيەت» مەسلىسى بولۇپ قالىدۇ .

بىز تېخى دۆلەت بولۇپ قۇرۇلمىدۇق . . . ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا كىشلەرنى مۇسۇلمان ياكى كاپىر دەپ بۆلىشىمىزنىڭ

ئۇلارنىڭ ھاياتىدا رېئال تەسىرى بولار ئىدى . دىنەين چېكىنىپ چىققۇچىلارغا «چېكىنىش» (مۇدتەدلىك) جازاسى بېرىۋېلار ئىدۇق. . . بىراق بىز بۈگۈن دەۋەت مەيدانىدا تۇرىۋاتىمىز، بالىلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن شۇنداق ! . . . كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىرلا گەپنى ئېيتىۋاتىمىز . . . ئۇنىڭدىن كېيىن دەۋەتكە ئاۋاز قوشقان كىشىلەر ئىچىدىن بىنا قۇرۇشقا يارايدۇ دەپ قارىغان كىشىلەرنى تاللاۋاتىمىز .

بەزى جامائەتلەر قوزغاۋاتقان بىر مەسىلەر بار . اللەنىڭ ئۆلچىمىدە ئۇ مەسىلىنىڭ مەلۇم ئورنى بولىشى مۇمكىن ، ئۇ بولسا ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئىمامنى تاللاش مەسىلىسى ، بىز بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئوچۇق گەپنى ئېيتىمىز : بىز ھېچكىمنى كۆڭلى تارتمىغان ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا زورلىمايمىز . ئەمما ئاشۇ ئىمامغا ئېنىق پاكىتسىز ئالدىراپ كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىش بۇ اللەنىڭ شەرىئىتىدە قەتئىي توغرا ئەمەس .

× × ×

يۇقارقىدەك سەۋەپلەر تۈپەيلى مەن كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىنى ئاشۇ مەسلىنى دەپ تالاش-تارتىش قىلىدىغان ۋە خىلمۇ-خىل گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدىغان ھازىرقى ۋاقىتتىكى مەسىلە دەپ قارىمايمەن . . . بەلكى بۇ مەسىلىنى ئۇممەت ۋە دەۋەت ھاياتىدىكى قىسقىغىنە دەۋەتلەر جەريانىدا ئۆزلىكىدىن ھەل بولىدىغان مەسىلە دەپ قارايمەن (گەرچە بەزى دەۋەتچىلەر بۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولۇش سۈرئىتى بەك ئاستا دەپ قارىسىمۇ ! . .) چۈنكى ئاشۇ ئاڭسىز گەۋدىگە زۆرۈر بولغان ئىزچىل ھەرىكەت بۇ گەۋدىنى تۈپتىن پەرىقلىنىدىغان ئىككى گۇرۇھقا ئايلاندۇرىدۇ . ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاشكارا ئىمان ۋە ئاشكارا كۇپرىدىن ئىبارەت ئوچۇق

بەلگىلىرى بولۇپ ، كىشىلەر ئۇلارنى ئاشۇ بەلگىلەرگە قاراپ ئېنىق بىلىۋالىدۇ . ۋە تالاش-تارتىش قىلمايدۇ .

× × ×

بىراق بىز بۈگۈنكى ۋاقىتتا كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىنى تاشلاپ قويۇپ ، بارلىق كۈچىمىزنى كىشلەر بىلمىگەن ئىسلام ھەقىقىتىنى ۋە «لااله الا الله»نىڭ ماھىيىتىنى ئۇلارغا ئۆگۈتىشكە قارىتىشىمىز كېرەك .

ئەگەر بىز ئۇلارنى جاھالەتلىك ھالىتىدە تاشلاپ قويساق ئۇنداقتا بىز ھەرگىزمۇ گەدىنىمىزدىكى اللەنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلغان بولمايمىز . ۋاھالەنكى الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسالامغا شۇنداق دەيدۇ :

«ئى پەيغەمبەر پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بولىسەن» (67 : 5)

ئەگەر بىز كىشلەرگە «لااله الا الله»نىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى چەمبەرچەس مۇناسىۋىتىنى ئۆگەتمىسەك ئۇنداقتا ئامانەتنى ئادا قىلغان بولمايمىز . الله بىزنى بۇيرىغان دەۋەتنى ئورۇندىغان بولمايمىز .

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان ؛ ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائەت بولسۇن ! ئەنە ئاشۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر (104 : 3)

ئەگەر بىز كىشىلەرگە «كىمكى «لااله الا الله»دىسە ، ئىسلام ئەمەللىرىدىن ھېچقانداق ئەمەل قىلمىسىمۇ ، ئۇ مۆئمىن» دىسەك ، -بۇ ئىرجائى ئېقىمدىكى ئازغۇنلارنىڭ سۆزى - ئۇنداقتا بىز

كىشىلەرنى ئىسلامنىڭ ماھىيىتىدىن ئالدىغان بولىمىز . ئۇلارنىڭ قايمۇقىشىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى ۋە ئايرىلىشىنى بەكلا ئارقىغا سۈرىۋەتكەن بولىمىز . شۇنداقلا ئىسلام ھۆكۈمىتى ئۇنىڭسىز قۇرۇلمايدىغان ، ئىسلام يەرشارىدا ئۇنىڭسىز مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايدىغان «ئىسلامى بازا»نىڭ قۇرۇلىشىنى كېچىكتۈرىۋەتكەن بولىمىز . ئۇنىڭدىن باشقا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا زوراۋان كۈچلەرنىڭ ئىسلام دەۋەتچىلىرىنى يوقۇتۇشىغا ياردەم بەرگە بولىمىز . زوراۋانلار خەلقنىڭ غەزەپ-نەپرىتىدىن خاتىرجەم ھالدا دەۋەتچىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە قانلىق باستۇرىدۇ ، بۇنىڭدا خەلقنىڭ نادانلىقىدىن ئىنتايىن ياخشى پايدىلىنىدۇ .

دەل شۇنىڭدەك ئەگەر بىز كىشىلەرگە «كىمكى ‹لاإله الا الله › دىسە ، ئۇ مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدا مۇسۇلمان بولىدۇ . ئۇنىڭ ھېساۋىنى ئاخىرەتتە الله ئالىدۇ» دىسەك ، بۇ سۆز توغرا بولغان تەقدىردە كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەسلىك ئۇياقتا تۇرسۇن ، بىز ئۇلارغا ئادەم ئالدايدىغان سۆزلەرنى ئېيقان بولىمىز . (بۇ سۆزنىڭ ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىق بىلەن تولغانلىقىنى كېيىنكى قۇرلاردا بايان قىلىمىز ) چۈنكى كىشىلەر كۆنىرى ئىسلامنىڭ ماھىيىتىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ . مۇشۇ ھەقىقەتتىن يىراقلاپ كېتىش نەتىجىسىدە خارلىق ، قۇللۇق ۋە يوقۇلۇش ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتىدۇ . شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خارلىق ، قۇللۇق ، يوقۇلۇش ۋە غەپلەت ئىچىدە قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئادەملەرگە مۇھتاج ئەمەس بەلكى ئۇلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىدىغان ئادەملەرگە مۇھتاج . . . بۇ ئويغانغان خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتسە ، اللەمۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىدۇ .

دەۋەتچىلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ئىسلام توغرىسىدا يالغان گۇۋالىق بېرىش ئەمەس ياكى كىشىلەرنىڭ قانداق قىلغاندا بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان دىگەن نامغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بېرىش ئەمەس. گەرچە ئۇلار قىيامەت كۈنى اللەنىڭ نەزىرىدە قىلچە ئېتىبارى يوق ئادەملەردىن بولسىمۇ!. بەلكى ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى كىشىلەرنىڭ قانداق قىلغاندا اللەنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇنلاشقان، قىيامەت كۈنى اللەنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان ھەقىقىي مۆئمىنلەردىن بولالايدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئېنىق بايان قىلىپ بېرىش. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى شېرىكتىن پاك بولغان تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ بېرىش، ھەرگىزمۇ بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ئىسلامى كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىدىغان ساختا چۈشەنچىلەرنى ئۆگىتىش ئەمەس!!!

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، بىز يۇقارقى قۇرلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ساختىپەز سۆزمەنلەر داۋا قىلغاندەك رىئال دۇنيادا «لااله الا الله»نى ئېغىزدا ئېيتىپ قويۇش بىلەنلا ئىسلامنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

توغرا، «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى» دىيىش كىشىلەرنى ئىسلام ئىچىگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلارنى مۇشۇ دۇنيادا مۇسۇلمان دىگەن نامغا ئىگە قىلىدۇ. بىراق بۇ نام مەيلى كۆرۈنۈشتە بولسۇن ياكى ماھىيەتتە بولسۇن (ئېغىزدا ئېيتىپ قويۇش بىلەنلا) ئۆزلىكىدىن ئۇلارنىڭ تەبىئىي سۈپىتىگە ئايلانمايدۇ. ئۇلار قانداق قىلمىسۇن بۇ نام بىر ئۆمۈر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭمەيدۇ. بەلكى بۇ نام ئىنساننىڭ ھەر بىر ئىشتا اللەنىڭ شەرىئىتىنى قانۇن قىلىش، بۇنىڭدىن غەيرى قانۇنلارغا ھۆكۈم سۇنماسلىقتىن ئىبارەت ئىزچىل داۋاملاشقان ۋە بىر مىنۇتمۇ

ئۇنى ئورۇنداشتىن قەتئىي توختاپ قالمايدىغان دائىملىق ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلىنىشى كېرەك !

كۆرنۈشتىكى ئىسلام ماھىيەتلىك ئىسلامدىن اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۈنۈشنىڭ ۋاجىپلىقىدىلا پەرىقلەنمەيدۇ ـ ئەمەلىيەتتە بۇ ، دۇنيا ھاياتىدا مۇسۇلمان دىگەن نامغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەر ئىككىسىگە زۆرۈر. بەلكى كۆرۈنۈشتىكى مۇسۇلماننىڭ مۇناپىقلىق قىلىش ئۈچۈن اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۇنۇپ ، ئاخىرەتتە دەۋزەخنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا كىرىپ كېتىدىغانلىقىدا ؛ ۋە ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ چوڭقۇر ئىشەنچ ، ئېتىقاد ۋە ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۇنۇپ ، ئىمان ۋە ئىتائەتنىڭ بەدىلىگە اللەنىڭ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقىدا پەرىقلىنىدۇ . . . ئىنسان ئىزچىل تۇردە ھەر ئىككى ئەھۋالدا مۇسۇلمان دىگەن نامغا ئىگە بولىشى ئۈچۈن اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۈنۈشتىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ . اللەنىڭ شەرىئىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغان ئەھۋالدا كىمكى «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى »دىسە ئۇنىڭ قەلبىدە ئىمان بار-يوقلۇقىغا قارىماستىن ئۇنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۇندىغان ياكى سۇنمايدىغانلىقى تەكشۈرۈلمەستىن ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى گۇۋاھلىق سۆزىگە قاراپلا ئۇنى مۇسۇلمان دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ . چۈنكى بۇ ‹لااله الا الله › نىڭ ئۇچۇق پاكىتلىرىدىن بىر پاكىت

«لااله الا الله »نىڭ كۈچى يەرشارىدا اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشتا گەۋدىلەنگەن ئىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ سۆزنى ئېيتقۇچى مەيلى چىن قەلبىدىن ئېيتسۇن ياكى مۇناپىقلىق قىلىپ ئېيتسۇن اللەنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى دىيىشكە بولىدۇ . ئەمما بۇ سۆزنى ئېيتقۇچى مەيلى مۆئمىن ياكى مۇناپىق بولسۇن

ئۇنى بۇ ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىدۇ ياكى ھاكىمىيەتكە بويسۇنمايدۇ . دەپ قارىغىلى بولمايدۇ ئەگەر ئۇنداق بولسا ئۇ مۇرتەد (دىندىن قايتقۇچى )ھېسابلىنىپ ، ئۇنىڭغا دىندىن قايتىش جازاسى بېرىلىدۇ !

ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تۈزۈمى ئاستىدا «لااله الا الله مۇھەممەمحد رسول الله »دىگۈچىلەر مەيلى مۆئمىن ياكى مۇناپىق بولسۇن بىرلا ۋاقىتتا مۇنداق ئىككى تەرەپتىن ئىقرار قىلغان بولىدۇ . (ئۇنىڭ ئىقرارى چىن قەلبىتىن چىقسۇن ياكى ئېغىزنىڭ ئۇچىدىن چىقسۇن ئوخشاش ) بىرى تىل بىلەن يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي رىئاللىقى بىلەن ئىقرار قىلىدۇ . ئۇنىڭ «لااله الا الله مۇھەممەنحد سول الله » دىگەنلىگى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

ئەمما ئۇنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا قانۇن ۋە اللەنىڭ ھۆكۈمىرانلىقىدىن باشقا قانۇنلۇق ھۆكۈمەتنى تاپالمىغانلىقى ئۇنىڭ ئەمەلىي رىئاللىقى بىلەن ئىقرار قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ .

ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز بىر اللەنىڭ شەرىئىتىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سالاھىيتىگە ئىگە دىگەن ئىقرارىدىن يېنىۋالسا -ئۇ بۇ ئىقرارىنى تىلى بىلەن ئېيتمىغان ئەمما تىلى بىلەن ئېيتقان ئىقرارىنىڭ دائىرىسىگە تەۋە بولۇپ كەتكەن- ئۇ مۇرتەد ھېسابلىنىپ ئىسلام ھۆكۈمىتى تۈزۈمى ئاستىدا ئۇنىڭغا دىندىن يېنىۋېلىش جازاسى بېرىلىدۇ . گەرچە ئۇ بىر كۈندە يۈز قېتىم «لااله الا اللهمۇھەممەدۇنرسول الله »نى تەكرارلىسىمۇ ۋە بۇ سۆزنى تەكرارلاش ئۇنى مۇسۇلمان دىگەن نامغا ئىگە قىلسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئاشۇ سۆزنىڭ تەلەپ ۋە تەقەززاسىغا ئۇيغۇنلاشمىسا ، ئۇنداقتا بۇ سۆز ئۇنى جازادىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ . ئۇ بۇ سۆزنى داۋاملىق تەكرارلاپ تۇرسىمۇ ، قانداقسىگە

ئۇنىڭغا جازا بېرىلىدۇ؟

«مۇرتەد»لەرنىڭ ئاللانىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۈنۈشنى رەت قىلغانلىقى ياكى «لا اله الا الله مۇھەممەدۇن رسۇل الله»نى ئېغىزدا تەكرارلاپ تۇرۇپمۇ شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىن بىرەر ھۆكۈمنىي ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارغا جازا تۇرۇغۇزۇش شۇنى ئېنىق بىلدۈرىدۇكى، بۇ سۆزنى ئېغىزدا تەكرارلاش بىلەنلا مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. بەلكى بىر تەرەپتىن بۇ سۆزنى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش يەنە بىر تەرەپتىن بۇ سۆزنىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە تەۋە بولغان ئاللانىڭ شەرىئىتىنى قەتئىي قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىش بىلەنلا ئاندىن مۇسۇلمانلىق سۈپىتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئاللانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان چاغدا ئۇنىڭ ئاللانىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۈنۈشتىن ئىبارەت تەلەپ ۋە ئۆلچىمىنىمۇ ئېتىراپ قىلدى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھەمدە ئوچۇق تېكست بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئاغزاكى ئېتىراپ قىلىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ خىل ئۇقۇم دىن ئىنسانىيەت ئىچىدە مەۋجۇت بولغاندىن باشلاپ، الله ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىپ كىشىلەرگە «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق.. . ئاللاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ مەۋجۇت ئەمەس. . . .» دېگەندىن باشلاپ، «لااله الا الله»نىڭ مەزمۇنىدىن ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر ئىشلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا. . . يەنى ئېغىزدا «لااله الا الله مۇھەممەدۇن رسول الله» دېيىش يالغۇز بىر ئاللانىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۈنۈش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق «قانۇنلارنى» رەت قىلىش ئىقرارىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان بولسا. . . ئۇنداقتا ئىقرار قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنمىغان بىر



www.uyghurkitap.com

ئىش ئۇچۇن اللەنىڭ بۇ دۇنيادا ئىنسانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازاپقا بەنت قىلىشنى قانداقمۇ اللەنىڭ ئادالىتى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ؟!...

مانا بۇ اللەنىڭ شەرىئىتى يەرشارىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشۋاتقان چاغدىكى ئەھۋال. بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ- گەرچە ئۇلار ئىچكى دۇنياسىدا مۇناپىق كاپىر بولسىمۇ- بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى دېيىشى، اللەنىڭ شەرىئىتىگە بويسۇنۇشى، ئۇنىڭدىن باشقا قانۇن، تۈزۈم ۋە سىياسەتلەرنى دەپ اللەنىڭ شەرىئىتىدىن يۈزئۆرۈمەسلىكى... بۇ دۇنيادا ئۇلارنى مۇسۇلمان دىگەن نامغا ئىگە قىلىدىغان ھەممىگە ئورتاق ئومۇمىي ھادىسىدۇر. بىراق مۆئمىنلەر بىلەن مۇناپىقلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرىق داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يەنى مۇناپىق ئىشەنمەستىن بەلكى مۇناپىقلىق قىلىپ اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۇنىدۇ. ئەمما مۆئمىن ئېتىقاد ۋە ئىتائەت قىلىپ جەننەتنى ۋە اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۇنىدۇ.

اللەنىڭ شەرئىتى يەرشارىدا ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان چاغدىكى مەسىلىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنساننىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىنى ئۆزىگە قانداق ئىسپاتلايدىغانلىقى ۋە ئۇنى قانداق ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دىدى:

«اللە مەندىن ئىلگىرى دۇنياغا ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى ئىچىدە ئۇنىڭ يولىنى تۇتۇدىغان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان ياردەمچى ساھابىلىرى بولغان، ئۇلاردىن كېيىن نۇرغۇن ئىز باسارلار مەيدانغا كەلدى. بۇ ئادەملەر قىلمايدىغان ئىشلارنى سۆزلەيدۇ، بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ.

كىمكى ئۇلار بىلەن قولى ئارقىلىق جاھات قىلسا ئۇ مۆئمىن ، كىمكى تىلى ئارقىلىق جاھات قىلسا ئۇ مۆئمىن . كىمكى ئۇلار بىلەن قەلبىي ئارقىلىق جاھات قىلسا ئۇ مۆئمىن . بۇنىڭ ئارقىسىدا قىچىنىڭ دانىسچىلىك ئىمان مەۋجۇت ئەمەس »*

«لاالە الا اللە »نىڭ اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى كۈچلۈك مۇناسىۋىتى ھەر دائىم ھەر قانداق ئەھۋالدا مۇشۇنداق بايان قىلىنىدۇ . مەيلى يەرشارىدا ئىسلام دۆلىتى مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدا بولسۇن ياكى اللەنىڭ قانۇنىي بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان كۈچلەر دۆلەت باشقۇرۇۋاتقان چاغدا بولسۇن بۇ ئۇقۇم قىلچە ئۆزگەرمەيدۇ . بۇ خىل كۈچلۈك مۇناسىۋەتنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدۇ . شۇڭا دەۋەتچىلەر اللە ئۇلارنىڭ گەدىنىگە يۈكلىگەن ئامانەتنى ئادا قىلىش ۋە اللە مۇشۇ ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرغانلارغا تەييارلىغان ئازاپتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ مۇناسىۋەتنى كىشىلەرگە ئۆگىتىش لازىم

«اللە كىتاپتا نازىل قىلغان ھەقىقەتلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنە پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قورسىقىغا يىگىنى ئوتتىن باشقا نەرسە ئەمەس . قىيامەت كۈنى اللە مۇنداق ئادەملەرگە (ئۇلارنى خوشال قىلىدىغان ) سۆزلەرنى قىلمايدۇ . ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى پاكلىمايدۇ . ئۇلار قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدۇ . » (2: 173)

«بىز كىتاپتا كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن ، بىز نازىل قىلغان ئېنىق پاكت ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغان كىشىلەرگە اللە ۋە بارلىق لەنەت قىلغۇچىلار لەنەت قىلىدۇ . » (2: 158)

ئەگەر بىز بۇ ھەقىقەتنى كىشىلەرگە ئېنىق بايان قىلمىساق

---

* مۇسلىم رىۋايىتى

بىز ھەرگىزمۇ ئامانەتنى ئادا قىلغان ۋە دەۋەت مەجبۇرىيىتىمىزنى ئورۇندىغان بولمايمىز : دۇنيادا مۇسۇلمان دەپ قارالغان ئادەم گەرچە ئۇ ماھىيەتتە مۇناپىق بولسىمۇ ئۇنى ئۇنى كاپىر دېيىش توغرا ئەمەس . ئۇنىڭ ھېساۋىنى ئاخىرەتتە الله ئۆزى ئالىدۇ . ئۇ اللهنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە ئاشۇ گۇۋاھلىقنىڭ تەلىپى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ يەنى اللهنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۇنىدۇ . (بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىمام شەھىد تەلىم تەربىيە رىسالىسىدە سۆزلىدى ، بىزمۇ تەربىيە باسقۇچىدا ئۇنى كىشىلەرگە ئېنىق چۈشەندۈرىشىمىز كېرەك ) ئەمما ھەقىقىي مۆئمىن بۇ ئىشلارنى ئىشىنىش ، بويسۇنۇش ، رازىمەنلىك ۋە ساپدىللىق تۇيغۇسى بىلەن ئورۇندايدۇ .

«ئى مۇھەممەد ! پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى ، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشتا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ كۆڭلى مەمنۇن بولمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ . » (4:64)

www.uyghurkitap.com

# ھەرىكەت ئۇسۇلى

بۈگۈن دەۋەت مەيداندا خىزمەت قىلىۋاتقان جامائەتلىر ھازىرقىدەك ئاجىز باسقۇچتا قوللۇنۇشقا تېگىشلىك ھەرىكەت ئۇسۇلى توغرىسىدا زادى بىرلىككە كېلەلمەيۋاتىدۇ. بۇنداق بىرلىككە كىلەلمەسلىك ئەمەلىيەتتە 30 يىللار ئىلگىرى قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئەينى چاغدا ھەرىكەت ئىمام شەھىد سىزىپ بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ جامائەتلىرىنى شۇ ئاساس بويىچە قۇرۇپ چىققان پرىنسىپ (ئۇسۇل) بويىچە كېتىۋاتاتتى. شۇنداقلا بۇ جايدا ئاشۇ جامائەتلەردىن باشقا جامائەتلەر پەيدا بولمىغان ئىدى.

بىراق بۈگۈن مەيدان ئوخشىمايدۇ...

جامائەتلەر كۆپەيدى... نۇقتىنەزەرلەر خىلمۇ-خىللاشتى... ھەرخىل قاراشلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مەيدانلارمۇ كۆپەيدى، گەرچە ئۇلارنىڭ مەيدانى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى خىلمۇ-خىل بولسىمۇ بىراق بۇ جايدا ئاشۇ جامائەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە بىردەك تېپىلىدىغان بىر ئەھۋال بار، ئۇ بولسىمۇ ئالدىراقسانلىق!

ئۇلار شۇنداق دېيىشىدۇ: دەۋەتنىڭ باشلانغىنىغا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقت بولۇپ قالدى. بىراق ئۇ تېخىچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى... يەنى دۆلەتنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى قىلىش، جەمئىيەت قېيىنچىلىقلىرىنى ئىلاھى پرىنسىپ ئاساسىدا ھەل قىلىش تەشەببۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىچە ھاكىمىيەت قۇرۇلمىدى...

ئۇلار شۇنداق دېيىشىدۇ: كوممۇنىستلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن باشقا تاياچىسى يوق، تىلغا ئالغۇچىلىك

ھەجمى يوق ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئاللىقاچان ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ بولدى. بىراق مۇسۇلمانلار تېخىچە بۇ نىشانغا يېتەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ جايدا بىزنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىمىزدا چوقۇم بىر خاتالىق مەۋجۇت... شۇڭا ھەرىكەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك!... بىرلىككە كېلەلمەسلىك دەل مۇشۇ نۇقتىدىن باشلىنىدۇ.

بىز ھازىرقىدەك ئاجىز بىر باسقۇچتا قوللۇنىشقا تېگىشلىك ئۇسۇلنى ئىزدەشتىن بۇرۇن، بۇ خىل خاتا تەسەۋۋۇرنى تۈزىتىشىمىز كېرەك: ئىسلام ھەرىكىتىنى خەلقلەرنى ئۆزگە بويسۇندۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىۋالغان كوممۇنىستلار، ئەلمانىلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سېلىشتۇرۇش توغرىمۇ؟!

ئەگەر بىز دەسلەپتىلا بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مۇستەقىل تىرىشچانلىق ۋە مۇستەقىل كۈچ بىلەن ئەمەس، بەلكى سىرتنىڭ ياردىمى، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ قۇترىتىشى؛ خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك كۈچ ۋە ياردەملەرنى ئۇلارغا بېرىشى ئارقىلىق ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى بايقىيالىساق... ئۇنداقتا بىزنىڭ دەۋەت مەيدانىدا خىزمەت قىلىشقا لاياقىتىمىز توشمايدۇ. چۈنكى خىزمەت پاراسەت ۋە ئاڭغا مۇھتاج، بۇنداق دۆتلۈك بىلەن ئىسلام خىزمىتى توگۇل ئادەتتىكى باشقا خىزمەتلەرنىمۇ ئۆتىيەلىشىمىز ناتايىن.

«ئېيتقىنكى بۇ مېنىڭ يولۇم، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر كىشىلەرنى الله تەرەپكە ئاگلىق تۇردە دەۋەت قىلىمىز» (12: 108)

ئەگەر بىز بۇ ئۈچۈق ھەقىقەتلەرنى بىلگەن بولساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن كېيىن ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قوشۇپ تېخىچە نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

كىشىلەر بىلمەيۋاتقان باشقا ھەقىقەتلەرنى بىلىشىمىز كېرەك !

ئەگەر ھەر قانداق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدى بىلەن قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل تۈردە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئارقا تىرەك بولىدىغان «تايانچ»نىڭ بولۇشى ھەقىقەتەن زۆرۈر بولسا، ئۇنداقتا بۈگۈنكى ۋاقىتتا ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىدىغان، ھەمدە ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىزچىل تۈردە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرالىشى ئۈچۈن ئۇنى قوللايدىغان تايانچ بازا قەيەردە؟

ئەگەر ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان كوممۇنىستلار، ئەلمانىيلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئورنىدىن دەس تۇرغان. ھەمدە ئاشۇلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا ئىسلام دۈشمەنلىرى مەيلى روسىيە ياكى ئامېرىكا بولسۇن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدا ئۇنى قوللاش ئۇ ياقتا تۇرۇسۇن، ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرامدۇ؟ ياكى روسلار ئافغانىستاندا، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى باشقا شەھەرلەردە قىلىۋاتقاندەك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامى مەۋجۇدىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئۈلارنى چەكلەش ئۈچۈن زەھەرخەندىلىك بىلەنماراپ ياتامدۇ؟!

دېمەك، ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ تايانچىسى ھەرگىزمۇ سىرتتىن كەلمىگەن ئىكەن، ئۇنداقتا مۇسۇلمان ئۈممەتنىڭ ئىچىدە بۇ تايانچ بازا چوقۇم مەيدانغا كېلىشى كېرەك! ئەمەلىيەتتە بۇ تايانچ بازا مەۋجۇتمۇ؟!.....

قىلچە ئىككىلەنمەستىن «ھەئە» دەيدىغان كىشىلەر دەسلەپكى قېتىمدا «ئىسلامى بازا» ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت، بىز دىنى تۇيغۇلارنى پاكلاپ ئۇنى خىزمەتكە ئۇندىسەكلا قىيىنچىلىق تۈگەيدۇ دەپ

قاراپ، ئىسلام خىزمىتىدە خاتالىق سادىر قىلغان كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى تەكرارلاۋاتقان كىشىلەردۇر.

بىز دەۋەت مەيدانىدىكى خىزمەتلەردە ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئالماي، زۆرۈر «ئاڭ»نى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىمەي، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى زايە قىلىۋەتتۇق....

مەيلى ئىمام شەھىدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋەقەسىدە بولسۇن ياكى قانخورلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قانلىق باستۇرۇش ۋەقەسىدە بولسۇن تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىز خىيالىمىزدا مەۋجۇت دەپ ئويلىغان بازا ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىشقا مۇھتاج... پەقەت مەۋجۇت بولغىنى ئىسلام خىزمىتىنى ئوتەۋاتقان بىر جامائەت ياكى بىر قانچە جامائەتلەر خالاس! گەرچە بۇ جامائەتلەر ئۆلۈم ۋە ئازاپقا دۇچ كەلگەن، ياكى بۇ جامائەتلەرنىڭ قەھرىمانلىقلىرى خەلقلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىۋەتكەن چاغدا خەلق بىلەن بۇ جامائەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈنچى ھېسسىياتلار پەيدا بولسىمۇ!... بىراق جامائەتلەر بىلەن «خەلقلەر» ئوتتۇرىسىدا «ئورتاق بىر مەسىلە»نى تاپقىلى بولمايدۇ.

بۇ ئۆتكۈنچى ھېسسىياتلار ئۇنىڭ ھەجمى قانداق بولسۇن بۇ جامائەتلەر بىلەن باشقا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى «ئورتاق مەسىلە» نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. مەۋجۇت بولۇشقا تېگىشلىك ئورتاق مەسىلە اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۇنۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا «قانۇن»لارنى كەسكىن رەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىدۇر.

«ئى ئىنسانلار! سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتاپقا (قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، اللەنى قويۇپ، سىلەرنى جىنايەتكە يېتەكلەيدىغان دوستلارغا ئەگەشمەڭلار» (3:

«ئۇلار جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىنى ئىزدەمدۇ؟ اللەغا چىن ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن ھۆكۈمدە اللەدىن ئادىل كىم بار؟» (5: 50)

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ مەسىلە خەلقلەرنىڭ ئېڭىدا تېخىچە ئېنىق بولماي كەلدى.

توغرا، بۇ مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەمدە بۇ مەسىلە ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان بازا شەك-شۈبھىسىز كېڭىيىشكە باشلىدى... بۇ بۈگۈن دەۋەت مەيدانىدا بارلىققا كەلگەن خۇشاللىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى... بىراق بۇ بازا ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشقا كېرەكلىك ھەجىمدىن ۋە ئىنرچىل تۈردە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشنىڭ تايانچىسى بولۇشتىن كۆپ ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا.

ئەسىرلەر جەريانىدا بولۇپمۇ ئاخىرقى ئەسىرلەردە ئىسلام ئۈممىتىنى قاپلىۋالغان ئازغۇنلۇقنىڭ ھەجمى كۆپلىگەن كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، ناھايىتى ئېنىقكى ئۇ ئازغۇنلۇق بىز يۇقىرىدا ئېتراپلىق بايان قىلغاندەك يالغۇز ھەرىكەتتىكى بۇزۇقچىلىقلار بولۇپ قالماستىن بەلكى تەسەۋۋۇر ۋە ھەرىكەتتىكى بۇزۇقچىلىقدۇر. ئىسلامنىڭ ئاسارلىق چۈشەنچىلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىكى بۇزۇقچىلىقتۇر. شۇنداقلا ئىسلامنىڭ تۇنجى ئاساسى بولغان «لاالەاللە»نىڭ ئۇقۇمىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن باشلاپ، بۇ دىندىكى كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىكى بۇزۇقچىلىقتۇر.

بۇ ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنى ئىسلام ھەقىقىتىگە قايتۇرۇش كۆپلىگەن كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق ئاسان تاماملىنىدىغان ئىش ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىش يەرشارى

قانۇنىيىتى بويىچە بارلىق مەيدانلاردا بۇگۇنگىچە ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ تىرىشچانلىقلا ۋە مۆلچەرلىگۈسىز ئۇزاق ۋاقىتقا مۇھتاج!

بۇ ئىش ئالدى بىلەن «لاالەالاالله»نىڭ ماھىيىتىدىن باشلاپ، بۇ دىندىكى كىشىلەر چۈشەنمىگەن ھەقىقەتلەرنى ئۇلارغا ئېنىق بايان قىلىشقا مۇھتاج، ئىككىنچى قەدەمدە كىشىلەرنى رېئال تۇرمۇشتا ئەمەلىي ھەرىكىتىنى مۇشۇ ھەقىقەتلەرنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلاشتۇرالىغۇدەك دەرىجىدە تەربىيىلەشكە مۇھتاج!

بۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك ئۇزاق ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ تىرىشچانلىق ئۇممەتلەرنىڭ قىسقا... تولىمۇ قىسقا ھاياتىغا نىسبەتەن قىسقىغىنە بىر قانچە يىلدا... دەۋەت ئىچىدە ئۆتكەن بىر نەچچە يىلدىلا تاماملىنىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس!

بۇ جايدا تاقەتسىز تاقەتسىز بولغان بىر تۈركۈم ئالدىراقسان ئادەملەر ئوتتۇرىغا چىقىپ-ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىزىققان ياشلار-مۇنداق ئىككى سوئالنى بىراقلا تاشلايدۇ: بىرىنچى، پۈتكۈل ئۇممەت ئىسلام روھى بويىچە تەربىيىلەنگەنگە قەدەر بىزنىڭ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇشىمىز ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ؟ ۋاھالەنكى بۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر ئىش... ئىككىنچى، ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلغۇچى ھۆكۈمەتلەر ھەر بىر دەۋرىدە بىزنى يوقىتىۋاتىدۇ. بىر ئەۋلات ياشلارنى تەربىيىلىسەك ئۇلارنى تۈرمىگە قاماپ، جازالاپ، ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بىز قانداق تەربىيىلەيمىز؟!

بىرىنچى سوئالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھېچكىم پۈتكۈل ئۇممەت تەربىيىلەنگەنگە قەدەر كۈتۈش كېرەك دەپ باققىنى يوق. چۈنكى بۇ ئەمەلىيەتتە يەرشارىدا مەڭگۈ رېئاللىققا ئايلانمايدىغان بىر ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيىتىدىمۇ پۈتكۈل جەمئىيەت

www.uyghurkitap.com

ئەزالىرى پەيغەمبەر ئۆز قولى بىلەن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ تەربىيىلىگەن ساھابىلەر بىلەن ئوخشاش يۇقىرى پەللىدە بولۇپ باقمىغان بەلكى ساھابىلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھەممىسى بىر ئوخشاش يۈكسەك ۋە ئالىي دەرىجىدە بولۇپ باققان ئەمەس . . . پەيغەمبەر ياشىغان دەۋر-دەۋرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۇرۇپ ، ئەھۋال شۇنداق بولسا ، بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىز قانداق بولماقچى ؟ ! . . .

مەقسەت بىز يۇقۇرىدا بىر قانچە قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك بىنانى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان «بازا» ئەقىلگە ئۇيغۇن ھەجىمدە ۋە مۇشۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتكە كېرەكلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرەلىگۈدەك شەكىلدە تەربىيىلىنىشى كېرەك دېمەكچىمىز . . . بۇ خەتەر يالغۇز مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ھاياتىدىلا ئەمەس ، بەلكى بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دەۋرىمىزدىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر خەتەردۇر .

ئەمما ئىككىنچى سوئالغا نىسبەتەن بەزى كىشىلەرنىڭ ئالدىراقسانلىق بىلەن دۈشمەنلەر بىزنىڭ پۈتكۈل تىرىشچانلىقىمىزنى ۋە پۈتكۈل خىزمىتىمىزنى بىكار قىلىۋاتىدۇ . بىز ھەرقاچان بىر ئەۋلات ياشلارنى تەربىيىلىسەك ئۇلارنى تۇتۇپ جازالايدۇ . . . دىگەن تەسەۋۋۇرى قەتئىي توغرا ئەمەس .

ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھەرىكەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ . . . ئۇلار گەرچە ھەرىكەتنىڭ يوقۇلۇشىنى ئارزۇ قىلسىمۇ ، بىراق ھەرىكەتنى پۈتۈنلەي يوقاتتۇق دېيەلمەيدۇ . بەلكى اللەنىڭ تەقدىرى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە دائىم يۈز بېرىدىغىنى دۈشمەنلەر ئېلىپ بارغان قانلىق باستۇرۇشلارنىڭ يېڭى ياشلار قوشۇنىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىدۇر ، ۋەھشىلەرچە ئازاپلاش ، ئۆلتۈرۈش ۋە سۈرگۈن قىلىشلار ئۈزۈلمەس داۋام قىلسىمۇ بىراق ، اللەنىڭ تەقدىرى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە «بازا» ئۈزلۈكسىز تۇردە

كېچىسى بارىدۇ .

«بۇ كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش ۋە مۆئمىنلەرنى غەلبە قىلدۇرۇش اللەنىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ تۇتۇپ كېلىۋاتقان يولىدۇر . اللەنىڭ يولىدا ھېچ قانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن . »
(48: 22)

× × ×

ئالدىراقسان كىشىلەر : «بىز يېتەرلىك تەربىيىلىنىپ بولدۇق . . . » ئەمدى قاچانغىچە «ھەرىكەت قىلماي» جىم تۇرىمىز . . . ؟ دېيىشىدۇ .

كەم ئەقىللىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز ئىسلامى ھەرىكەت مەسىلىلىرىدىن خەتەرلىك ئىككى مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ ھەر بىرى تەپسىلى بايان قىلىشقا مۇھتاج .

(1 )بىز راستىنلا يېتەرلىك تەربىيىلىنىپ بولدۇقمۇ ؟ بىز تەربىيىنىڭ يېتەرلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ، بۇگۈنگىچە ئېلىپ بېرىلغان تەربىيىنى ئۆلچەيدىغان «ئۆلچەم» قايسى ؟

(2 )ئالدىراقسان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە مەقسەت قىلىنغان «ھەرىكەت »نىڭ تۈرى قايسى ؟

ئىككىنچى مەسىلە بىرىنچى مەسىلىگە قارىغاندا چۈشەندۇرۇش بىر قەدەر ئاسانراق بولغانلىقى ، يەنە كېلىپ بۇ مەسىلە شۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا خېلىلا ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن ، مەن چۈشەندۇرۇشنى ئالدى بىلەن ئىككىنچى مەسىلىدىن باشلايمەن . . . ئەمما بىرىنچى مەسىلە ھېلىھەم ئېنىقراق قىلىپ چۈشەندۇرۇشكە مۇھتاج ، بۇ جايدا ياشلار ۋە قېرىلاردىن تەركىپ تاپقان ئالدىراڭغۇ ئادەملەر ئوتتۇرىغا چىقارغان مۇنداق ئاساسلىق ئىككى خىل «ئىدىيە» ۋە ئىككى خىل

«ھەرىكەت» مەۋجۇت ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ جايدا ئۇچىنچى بىر خىل قاراشتىكى ئادەملەر بولۇپ ، گەرچە ئۇلار ھازىرغىچە ئىسلامىي ھەرىكەت مەيدانىدا گەۋدىلىك ئورۇن تۇتالمىغان بولسىمۇ بىراق ئۇلار يەنىلا ئېقىم شەكىللەندۇرۇش ۋە ئىسلام خىزمىتىنى شۇ ئېقىم تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ .

قىزىققانلىق پۇتكۇل ۋۇجۇدىنى قاپلاپ ، ئۇلارنى ئالدىراڭغۇلۇققا ئۈندەۋاتقان ياشلار شۇنداق ئويلايدۇ : ھاكىمىيەتنى كۈچ بىلەن ئىگىلەش كېرەك . ئۇممەتنى دەۋەت ئۇچۇن ئەمەس ، بەلكى ھوقۇق ئۇچۇن تەربىيىلەش كېرەك ، چۇنكى دەۋەت ئۇچۇن تەربىيىلەش دۈشمەنلەرنىڭ نازارەت قىلىشى ، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشى ۋە ئىسلام ئۇممىتى بىرلەشكەن ھامان دۈشمەننىڭ ئۇلارنى پارچىلىۋېتىشى سەۋەبىدىن مۆلچەرلىگۈسىز ئۇزاق زامانلارغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ .

ئەمما ئۇزاق مۇساپىلەر ، يولدىكى ئۇزۇلمەس زەربىلەر ھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەن قېرىلارنىڭ خىيالى شۇكى ، مەڭگۈ ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلاشمايدىغان ، پارلامېنت ۋە سايلامغا قاتنىشىشنىمۇ قولدىن بەرمەيدىغان «تېنچلىق»دەۋىتى ئېلىپ بېرىش كېرەك ، ئىچكى جەھەتتە سىياسەتنىڭ يۆلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش ، ياكى تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە بۇگۈن ئىنسانلار ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سىياسىي ئاپپاراتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئىسلام ئاۋازىنى ئاڭلىتىش كېرەك . نەتىجىدە بۇ ئاۋاز كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .

بىز ئالدى بىلەن بۇ ھەر ئىككى گۇرۇھتا (بىز كېيىن سۆزلىمەكچى بولغان ئۈچىنچى گورۇھمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىك بار دەپ پەرەز قىلايلى ! . . . بىراق يالغۇز ئىخلاسمەنلىك بولۇشلا يېتەرلىك ئەمەس ، بەلكى بۇنىڭ بىلەن

پاراسەتمۇ بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئاڭسىزلىق ئىخلاسمەنلىكنىڭ مۇنىسى سېستىپ قويىدۇ!

بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىمىزنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمىز . . . ئىسلام ھۆكۈمىتى تاشقى جەھەتتە مەيلى روسىيە ياكى ئامېرىكا بولسۇن، خىرىستىيانلار ياكى يەھۇدىلار بولسۇن ۋە ياكى باشقا دۈشمەنلەر بولسۇن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ھېچقايسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ، شۇڭلاشقا ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ تايانچ كۈچى چوقۇم ئۆز ئىچىدىن بولۇشى كېرەك. بىراق ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدا ئۇنى قوللايدىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان «ئىسلامى بازا» قەيەردە؟! . . .

بىز مۇنازىرە نۇقتىسىدىن مۇنداق پەرەز قىلايلى: بىر توپ قىزىققان ياشلار پىلانىنى پۇختا تۈزۈپ «ئىنقىلاپ» قىلدى ھەمدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ قايسى بىر بۇلۇڭ پۇچقىقىدا ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇردى . . . بىراق بۇ ھۆكۈمەتكە كىم تايانچ بولىدۇ؟!

بىز مىسىرنى مىسالغا ئالايلى . . . . بىز بۇندىن ئىلگىرى مىسىر تەجرىبىسى ھەققىدە سۆزلىدۇق . . . مىسىردىكى «ئىسلامى بازا»ھازىرغىچە ئاپغانىستاندىن باشقا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا مەۋجۇت بولغان ئەڭ كەڭ كۆلەملىك بازا ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ بۇ بازا ئىسلام ھۆكۈمىتى ئۈچۈن تايانچ بولالىدىمۇ؟ بارلىق ئەھۋاللاردا زەھەرخەندىلىك بىلەن ئىسلامغا كۆز تىكمۇاتقان يەھۇدى خىرىستىئانلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن ئۇنى قوغداپ قالالىدىمۇ؟

بىز (ئامېرىكىنىڭ قوشۇلىشى ياكى قۇترىتىشى بىلەن) رۇس ئىشغالىيەتچىلىرى ئاپغانىستاندا ئېلىپ بارغانەك ياكى ئامېرىكا نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ بەزى چاغلاردا تاجاۋۇزچىلىق

ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندەك، ۋە ياكى ئىسرائىلىيىنى ھازىرقىدەك تاجاۋۇزچىلىق قىلىشقا كۈشكۈرتكەندەك مىسىرنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقمىدى. . پەقەت مىسىرغا ئىقتىسادىي قامال يۈرگۈزۈپ، مىسىرنى بۇغداي بىلەن تەمىنلەشنى توختاتتى. . . دەپ پەرەز قىلايلى!

ئۇنداقتا مىسىر خەلقى ھازىرقىدەك ئاجىز ھالەتتە ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن ئاچارچىلىققا بەرداشلىق بېرەمدۇ؟ ياكى كوممۇنىستلار، ئەلمانىيلار، ئاتېزىمچىلار ۋە ئۇلارنىڭ قۇيرۇقچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا «بىزگە نان ۋە ئەركىنلىك كېرەك» دەپ ۋاقىراۋاتقان ئاچ قالغان «خەلق» نامايىش ئۆتكۈزەمدۇ؟

بىز ئەمەلىيەتچىل بولايلى! . . . بىز «ئىسلامى بازا» تەلەپكە ئۇيغۇن ھەجىمدىن تېخى زور دەرىجىدە كىچىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنەيلى!

ئىشلار ئافغانىستاندا مەۋجۇت بولغان بازادەك بىر «بازا»غا مۇھتاج، بۇ بازا ئۇرۇش قىلالايدۇ ھەمدە دۈشمەنلەرنىڭ سۈيىقەستىگە قارىتا ئۇزاق مۇددەت قارشىلىق كۆرسىتىشكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. رۇسلارنىڭ ۋەھشى تاجاۋۇزچىلىقى باشلىنىپ، ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ مەيلى ئۇرۇش بولسۇن ياكى تاجاۋۇزچىلىق بولسۇن مەيدان تۈنجى مىنۇتتىكى ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. مۇجاھىدلار تاغلاردا، رۇسلار جىلغىلاردا، مۇجاھىدلار پات-پات جىلغىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، بۇ چاغدا رۇسلار تاغلارنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. مۇجاھىدلار «زامانىۋى» قوراللار بىلەن ئەمەس، بەلكى بۈگۈن «ئاسارە ئەتىقە» دەپ قارىلىۋاتقان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن قالغان ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. ھەر بىر مۇجاھىد بىر كېچە-كۈندۈزدە

بىر كاپام گۇرۇچنى ئوزۇق قىلىدۇ !

ئەمما مۇشۇ رەۋىشتە «بازا» شەكىللىنىشتىن بۇرۇن ، ئىسلام هاكىمىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن هۆكۈمەتلەر بىلەن قارشىلىشىشقا ئۇرۇنۇش پىلانسىز ۋە ئاڭسىزلارچە ئېلىپ بېرىلغان ئەھمىيەتسىز ئىش بولۇپ قالىدۇ . . . هامات پاجىئەسى(30) بۇ خىل ئەھمىيەتسىز قارشىلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى ، ئىسلامىي ھەرىكەت سېپىدىكىلەر بۇ ھەرىكەتنىڭ پۈتكۈل مۇساپىسىنى چۈشىنىشى ۋە ئىككىنچى قېتىم قانداقتۇر بىر سەۋەپلەر بىلەن مۇشۇنداق «پاجىئە»گە يولۇقماسلىقى ئۈچۈن بۇ ئوچۇق مىسالنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىش كېرەك !

ئالدىراڭغۇ ياشلار : «ئاپغانىستاندىكىدەك بازا بىزگە قەيەردىن كېلىدۇ ؟ بىز ”ھەرىكەت قىلماي“ جىم ئولتۇرساق ئاشۇنداق بازا ئۆزلىكىدىن شەكىللىنىپ قالامدۇ ؟ » دېيىشىدۇ . بىزنىڭ جاۋابىمىز شۇكى : توغرا ، بازا ھەقىقەتەن ئاستا شەكىللىنىدۇ ، بىراق ئۇ داۋاملىق كېڭىيىدۇ . ئۇ تەرەققى قىلىشتىن توختاپ قالمايدۇ . يېڭى ياشلار داۋاملىق بۇ بازىغا قوشۇلىدۇ . بۇ ياشلار يولدىكى داۋانلارنى ، يولدىكى قىيىنچىلىقلارنى ياخشى بىلىدۇ ، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئۇچرىشىشقا ، جاپا-مۇشەققەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييارلىغان ، ئۇزاق مۇساپىلەر ئۈچۈن ئۆزىنى چېنىقتۇرغان . . . اللەدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر كۈنى بازا پىشىپ يېتىلىدۇ ، ۋە ئەتراپىغا كېڭىيىدۇ ، ئاپتوماتلار بۇ بازانى پاچاقلاپ تاشلىيالمايدۇ ، ئەنە شۇ چاغدا اللەنىڭ يەر شارىدىكى قانۇنىيىتى بويىچە ئىنسانلار بۇ «بازا»غا توپ-توپ بولۇپ قوشۇلىدۇ . دۈشمەن ئۆزىنىڭ خاتىرجەم ھالدا يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتەلەيدىغان ئاجىز كىچىك جامائەتكە ئەمەس ، بەلكى كۈچلۈك ئىرادە بىلەن بىرلەشكەن چوڭ بىر «ئۇممەتكە»دۈچ كەلگەنلىكىنى

بايقايدۇ . . . نەتىجىدە ئاللانىڭ مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىنى شات خوراملىققا چۆمدۈرىدىغان تەقدىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ .

ئەمما ياشلارنىڭ «ئاشۇ بازا»شەكىللىنىپ بولغىچە «ھەرىكەت قىلماي» جىم تۇرىۋېرىمىزمۇ دېيىشى ھەرىكەتنى ناھايىتى تار دائىرىدە تەسەۋۋۇر قىلىشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ خىل خاتا تەسەۋۋۇر ياشلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئېڭىنى قاپلاپ كەتتى . شۇڭا ئۇلار «ھەرىكەت»نى پەقەت قورال كۆتۈرۈش ۋە دۈشمەن بىلەن ئېتىشىش دەپ ئويلايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى ھەرىكەت قىلماي جىم ئولتۇرۇش دەپ چۈشىنىدۇ .

بىزنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، ئەگەر بۇ ياشلارنىڭ ئۆزى بولمىسا، ئۇنداقتا «بازا»نى ئۇلارغا كىم قۇرۇپ بېرىدۇ؟ ئەگەر ئۇلار قۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا بۇنى قانداقمۇ ھەرىكەت قىلماي جىم ئولتۇرۇش دېگىلى بولىدۇ؟! . . .

ئالدىراڭغۇ ياشلارنىڭ بۇنداق گەپلەرنى دېيىشى مۇنداق ئىككى خىل سەۋەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ بۇ ياشلار بىرىنچىدىن تەربىيە خىزمىتىگە كېرەكلىك بولغان ھەقىقى مۇساپىنى بىلمەيدۇ . ئىككىنچىدىن تەربىيە خىزمىتى ئاخىرلاشتى ئەمدى قولىمىزغا قورال ئېلىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت 2-قەدەمنى بېسىشىمىز كېرەك دەپ قارايدۇ .

بىز تۇنجى قېتىم جاھىلىيەتكە تاقابىل تۇرىدىغان ئەۋلاتلارغا نىسبەتەن ۋە پۇتكۇل ئۇممەتكە ياكى شۇ ئۇممەت ئىچىدىن تەربىيىگە ئاۋاز قوشىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن تەربىيىنىڭ زۆرۈر مۇساپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەربىيە ھەققىدە سۆلىمەكچى بولساقمۇ، بىراق ئالدى بىلەن ئالدىراڭغۇ ئىككى گورۇھنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز، چۈنكى تەربىيە ھەققىدە سۆزلەش،

جەمئىيەتكە ، ئالدىراڭغۇ قىرى-ياشلارغا ، بىز كىيىنرەك سۆزلەپ ئۆتمەكچى بولغان ئۇچىنچى گورۇھقا ۋە تەربىيە مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا ئوخشاشلار ئىنتايىن زۆرۈر . . .

بىز ئالدى بىلەن شۇنى ئەسلەپ ئۆتەيلى . . . بۈگۈنكى قىرىلار ئۇلار تۇنجى ئەۋلات ئالدىراقسان ياشلارنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ ، بۇ ياشلار «خىزمەت»قىلىش ۋاجىپ ، ئەگەر بىز بىر قىتىملىق ياكى بىر نەچچە قىتىملىق كۆچلۈك زەربىلەرگە بەرداشلىق بەرسەك ، ئۇنداقتا زالىملار تەختتىن يىقىلىدۇ ۋە ئىسلام ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ دەپ ئويلايتتى .

ئاشۇ ياشلار ئىچىدىن بىر بۆلۈكلىرى ئاللىقاچان ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى . . . بىراق ئاشۇ قىرىلار ئايرىلماي ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالدى . توغرا ، ئۇلار ھەقىقەتەن ئايرىلمىدى . . بىراق ئۇلار دەۋەت ھازىر تاقاق يولغا كىرىپ قالدى ، شۇڭا يولنى ئۆزگەرتىش كىرەك دەپ قارىدى .

ئۇلارنىڭ بۇنداق «قاراشقا»كىلىپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق ، چۈنكى ئۇلار ئەينى چاغدا بىر قىتىم ياكى بىر قانچە قىتىم زەربىگە ئۇچراپ چىنىقتى ، كىيىن بىر نەچچە يىل ئىچىدە دۈشمەننىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە ئىسلامنىڭ غەلىبىسى بىلەن زەربىلەر يوقالدى . . .

مانا بۈگۈن ئۇلار شۇنى بايقىدىكى ، ئۇلار يىللاردىن بىرى ئۈزۈلمەس زەربىگە ئۇچراپ كەلدى . دۈشمەنلەر بولسا تېخىچە ئارقىغا چېكىنگىنى يوق ، ئۇلار زەربىگە ئۇچراشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمىدى . . . دەل شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا يول ئەمەلىيەتتە تاقاپ قويۇلغاندەك ، پات يېقىندا بۇ يول ئېچىلمايدىغاندەك كۆرۈندى . . . شۇڭا ئۇلار ئۆز ئېڭىدا تاقالمىغان باشقا يولنى ئىزدەش كىرەك دەپ قارىدى . . .

بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن باشقا ئامال بولمىغاندا ئۇلار «نىشانغا يەتكۈزىدۇ» دەپ قارىغان «تاقالمىغان»يول پارلامېنت ، سايلامغا قاتنىشىش ۋە شۇ جايدىن ئىسلام ئاۋازىنى ئاڭلىتىشتىن ئىبارەت . . .

ئەگەر بىز «قولغا قورال ئېلىپ دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىش»نى تەشەببۇس قىلۋاتقان ئالدىراڭغۇ ياشلار بىلەن مۇنازىرىلەشسەك ، رىئاللىقتىن ۋە «هامان پاجىئەسى»دىكى قىرغىنچىلىقتىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى ، ئەقىلگە ئۇيغۇن ھەجىمدە «مۇسۇلمانلار تايانچ بازىسى»شەكىللەنمەستىن ئىلگىرى ، ھۆكۈمەت بىلەن ئاشكارا قارىشىلىشىش ئىسلام خىزمىتىدە «هامات پاجىئەسى»دىكى ئاچچىق ساۋاقتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتسىز ئىش بولۇپ قالىدۇ .

شۇنداقلا ئەگەر بىز ئىسلام ھەرىكىتىنى مۇشۇ «تاقالمىغان» يولغا كىرىپ داۋاملاشتۇرۇمىز ۋە مۇشۇ «يول»ئارقىلىق ئاخىرقى «نىشانىنى» ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىمىز» دەپ قارايدىغان ئالدىراڭغۇ قېرىلار بىلەن مۇنازىرىلەشسەك ، ئۇلارغىمۇ مۇشۇنداق دەيمىزكى . . . ئەقىلگە ئۇيغۇن ھەجىمدە «مۇسۇلمانلار تايانچ بازىسى»قۇرۇلۇپ چىقماي تۇرۇپ ، بۇ يولدا خىزمەت قىلىش ھېچقانداق ئەمەلىي نەتىجە بېرەلمەيدىغان ئەھمىيەتسىز بىر ئىش . بىز مۇنازىرە ئۇقتىسىدىن بارلىق ئەزالىرى اللەنىڭ شەرئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان يۈزدە يۈز مۇسۇلمان پارلامېنت تەشكىللەش «بىزنى نىشانغا يەتكۈزىدۇ» دەپ پەرەز قىلايلى . ئۇنداقتا ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تايانچ بولىدىغان ۋە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىزچىل تۇردە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشقا تايانچ بولىدىغان «مۇسۇلمانلار تايانچ بازىسى»قۇرۇلماي تۇرۇپ ، بۇ پارلامېنت نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ ! . . .

ھەربىي ئۆزگىرىش «پارلامېنت»نى تارقىتىۋېتىدۇ ، ئۇنىڭ ئەزالىرىنى تۇتۇپ تۈرمە ۋە لاگىرلارغا قامايدۇ . شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ھەممە ئىش ئاخىرلىشىدۇ .

قانداق سەۋەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىسۇن ، بۇ بەك ئاددىي تەپەككۇر بولغاندىن باشقا ، ئۇ دەۋەتنىڭ چىنلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان ، دەسلەپتە دەۋەتنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا كۈچ قوشۇپ ، ئۇنىڭ قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ، بىراق ئەمەلىيەتتە دەۋەتكە زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر قانچە چوڭ خاتالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

بىرىنچى خاتالىق : ئېتىقادى خاتالىق .

دىن ئۇنى باشقا قانۇنلارنى كەسكىن رەت قىلىپ ، اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۈنۇشقا بۇيرىدىغان ۋە دىن ئۇنىڭغا اللەنىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھەر قانداق ھۆكۈم جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمى بولۇپ ، ئۇنى قوبۇل قىلىش ، ئۇنىڭدىن رازى بولۇش ، ۋە ئۇنىڭغا ئورتاقلىشىش قەتئىي توغرا ئەمەس دەيدىغان مۇسۇلمان ئادەم ئۇچۇن اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىپ بەلگىلەيدىغان ۋە ھەرقانداق مۇناسىۋەتتە اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۇنۇشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئوچۇق ئىپادىلەيدىغان مەجلىسكە قاتنىشىش قانداق توغرا ئىش بولىدۇ ؟ !

ئۇلار بىلەن دوسلۇق قەسمى ئورنىتىش ، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىنى ۋە ئاساسىي قانۇنلىرىنى قوغدايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشى ئۇياقتا تۇرسۇن ، پەقەت ئۇلارنىڭ مەجلىسلىرىگە قاتنىشىشنىڭ ئۆزىلا مۇسۇلمانغا قانداق توغرا بولىدۇ ؟ ۋاھالەنكى الله مۇنداق دەيدۇ :

«الله قۇرئاندا سىلەرگە نازىل قىلدىكى ، سىلەر اللەنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى

ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار-اللەنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار-باشقا پاراڭغا كىرىشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر...» (4: 140)

ئۇلارنىڭ دائىملىق دەيدىغان سۆزى اللەنىڭ شەرىئىتىگە قارشىلىق قىلىش، ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنى رەت قىلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا دەيدىغان سۆزى يوق. ئەگەر ئۇلار اللەنىڭ شەرىئىتىگە قارشى كەلمەيدىغان باشقا سۆزلەرنىمۇ قىلغان بولسا ئىدى، بۇ سۆزگە قاتنىشىش ئۈچۈن كۈتۈۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ كۆرسەتسە بولار ئىدى. بىراق ئەھۋال شۇنچە ئېنىق تۇرسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرىدۇ؟!

ئۇلارنىڭ بىز ئۇلارغا ئىسلام ئاۋازىنى ئاڭلىتىمىز، بىز اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىشنى ئېنىق تۈردە رەت قىلىدىغانلىقىمىزنى جاكالايمىز، بىز رەسمىي مۇنبەردە تۇرۇپ، اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا چاقىرىمىز دېگەن باھانىلىرىنىڭ ھېچقايسى بۇ ئويۇنچۇق ئېتىقادى خاتالىقىنى ئاقلىيالمايدۇ...

ئۇلار تېخى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، اللەنىڭ سۆزىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشقان ئەمەسمۇ؟ دېيىشىدۇ.

توغرا، پەيغەمبەر ئۇلارنى اللەنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يىغىنلىرىغا بارغان، بىراق ئۇلارنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشمىغان!

ئەگەر اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۇنۇشقا چاقىرىدىغان مۇسۇلمان ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ يىغىنلىرىغا بېرىپ، تۈنجى جاھىلىيەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىجازەت بەرگەندەك

سۆزلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىسا؛ يىغىنغا بىرنىپ ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمان بۇنداق ئەھۋالدا يىغىنىنىڭ «ئەزاسى» بولماي، بەلكى اللەنىڭ قانۇنىغا ئەگىشىشكە چاقىرىش ئۈچۈن سىرتتىن كەلگەن دەۋەتچى بولىدۇ، بۇ چاغدا يىغىن ئۇنىڭ ئەزالىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇمۇ ئۆزىنى يىغىنىنىڭ ئەزاسى دەپ ھېساپلىمايدۇ... بەلكى بۇ ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش بولۇپ قايتىپ كېتىدىغان دەۋەتچى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۇرسەت تېپىش باھانىسى بىلەن يىغىنىنىڭ ئەزالىقىغا قاتنىشىش، بۇ اللەنىڭ دىنىدىن قىلچە پاكىت تاپقىلى بولمايدىغان بىر ئىش!

ئىككىنچى خاتالىق «خەلق» لەرگە نىسبەتەن مەسىلىنى بۇرمىلاش...

بىز خەلقلەرگە ھەر بىر مۇناسىۋەتتە اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىش خاتا، اللەنىڭ شەرئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان «قانۇن» دىن باشقا ھەر قانداق قانۇنى ئېتىراپ قىلىشقا بولمايدۇ دەيمىز.... ئۇنىڭدىن كېيىن خەلقلەر بىزگە قارايدۇ: ئۇلار ئۆزىمىز قاتنىشىشقا بولمايدۇ دەپ تەشەببۇس قىلىۋاتقان جايلارغا قاتناشقانلىقىمىزنى كۆرگەندە، نەتىجە قانداق بولىدۇ؟

ئەگەر بىز كىشىلەرگە ئۆزىمىز خاتا دەپ جاكالاۋاتقان تۈزۈملەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆزىمىنى ئاقلايدىغان سەۋەپلەرنى تاپساق، ئۇنداقتا بىز قانداقمۇ خەلقلەرنىڭ ئاشۇنداق تۈزۈملەرگە ئورتاقلاشماسلىقىنى كۈتەلەيمىز؟ ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى بولغان اللەنىڭ ھۆكۈمىدىن باشقا ھەر قانداق ھۆكۈمنى رەت قىلىدىغان، اللەنىڭ ھۆكۈمىدىن باشقا ھەرقانداق ھۆكۈمگە قاتنىشىشنى رەت قىلىدىغان «بازا» زادى قانداق قۇرۇلىدۇ؟

بىز پارلامېنتقا كىرىش ئارقىلىق «ئىسلامىي بازا»نىڭ قۇرۇلۇشىنى ئاسانلاشتۇرۇدىغان خىزمەتلەرنى ئۆتەۋاتىمىز. چۈنكى بىز كىشىلەرنى «بازا» قۇرۇشقا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كۈچلۈك تەسىرچانلىققا ئىگە رەسمىي مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ چاقىرىمىز دەپ ئويلايمىز . . . بىراق ماھىيەتتە اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىدە بىز پەيدا قىلغان بۇ خىل قايمۇقتۇرۇش بىلەن بۇ «بازا»نىڭ قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ قويىمىز . . . چۈنكى بۇ ئىشتا ئۆتەشكە تېگىشلىك، ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ ئىنىق تەسەۋۋۇرى خەلقنىڭ ئېڭىدا ئايدىڭلاشمايدۇ . . . خەلقلەرنىڭ ئېڭى پىشىپ يېتىلمىگۈچە، خەلقلەر ھەرقانداق ھۆكۈمەتنى قويۇپ پەقەت ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش؛ اللەنىڭ ھۆكۈمىدىن باشقا ھەرقانداق ھۆكۈمىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئېتىقادىي نۇقتىدىن كەسكىن بىلىپ يەتمىگۈچە «بازا» ھەرگىزمۇ ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەرلىك ھەجىمدە شەكىللەنمەيدۇ . . .

ئۈچىنچى خاتالىق «دىپلوماتىيە ئويۇنى» . . . بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى «دىپلوماتىيە ئويۇنى»دا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەپ كېتىدۇ . ئاشۇ مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان جەرياندا ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنى «بىخوتلاشتۇرۇپ» ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە قەتئىي ئېرىشەلمەيدۇ .

دىپلوماتىيە ئويۇنىدا ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەرنىڭ ھەق-ناھەق ياكى ئاز-كۆپلۈك مۇناسىۋىتى بولمايدۇ .

خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن ۋە خەلقنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى گەرچە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولمىسىمۇ ئىچكى جەھەتتە ئەسكىرى كۈچ يۆلەپ

تۇرىدۇ . تاشقى جەھەتتە بۈگۈن يەرشارىدا مەۋجۇت بولغان شەيتانى كۈچلەردىن بىرەرى ئۇنىڭغا تايانچ بولىدۇ . . . بىراق ئېزىلگەن خورلانغان كۆپ سانلىق خەلق گەرچە كۆپ سانلىق ئاھالىنى تەشكىل قىلسىمۇ يەنىلا ئاجىزدۇر .

شۇ سەۋەپتىن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سىياسى تۈزۈملىرىگە قاتناشقان ئىسلام جامائەتلىرى دىپلوماتىيە ئويۇنىدا زىيان تارتىدۇ . دۈشمەنلەر بولسا پايدا تاپىدۇ ! دۈشمەنلەر مەيلى ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىق ئورناتقانلىقى ياكى قانداقتۇر بىر ئىشلاردا ئۇلار بىللە ئورتاقلاشقانلىقىنى خەلقلەر ئالدىدا كۆز-كۆز قىلىپ پايدا تاپسۇن ؛ مۇسۇلمانلار مەسىلىسىنى خەلقلەرگە بۇرمىلاپ كۆرسىتىپ ، ھەرىكەت سېپىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن نامايەن بولغان ، ئەتراپىدىكى سىياسەت جاھىلىيىتىگە قاتناشمايدىغان ، كىشىلەر ئۇلارنى جاھىلىيەت شۇئارلىرىنى توۋلاش ، اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم سۈنۈشنى رەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئىسلامى ئەخلاق ۋە ئىسلامى مەزمۇنلارنى ئۆز سىياسىتىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ، دۇنيا مەنپەئىتى ئۈچۈن تىنماي كۆرەش قىلىدىغان ۋە دۇنيا ھاياتىدىن باشقا ھېچنىمىنى ئۆزىگە كېرەك قىلمايدىغان باشقا سىياسىي تەشكىلاتلارغا قارىغاندا ئالاھىدە ئۈستۈن ، ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك مەسىلىلەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ دەپ چۈشىنىدىغان بۇ «پائالىيەتچىلەر »نىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقىنى يوقۇتۇپ پايدا تاپسۇن . . . ئىشقىلىپ دۈشمەن پەيدا تاپىدۇ . . . دىپلوماتىيە «ئويۇنى »دا ئاجىزلار بىرەر قېتىم بولسىمۇ دۈشمەنلەر ئىدارە قىلىۋاتقان سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشلارنىڭ بىرەر تەرىپىنىمۇ باشقۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى . چۈنكى بىر «چاق» رولىنىڭ ئايلىنىشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلمايدۇ بەلكى

www.uyghurkitap.com

ئايلانما رول «چاق»قا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ھاياتنىڭ بەزى تەرەپلىرىدە «ئىسلام پائالىيەتچىلىرى»نىڭ قولى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن قىسمەن «ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى»گە جاھىلىيەت بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ۋە قەتئىي چىدىيالمايدۇ. شۇڭا دەرھال ئۇنى يوقۇتۇپ ئىزىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ . . . يوقالماي ساقلىنىپ قالغان مەسىلىلەرنىڭ بۇرمىلىنىشى بىلەن پەيدا بولغان ناچار تەسىرلەر ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئورتاقلىنىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئازغىنا مەنپەئەتكە قارىغاندا ئۇنىڭ زىيىنى نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ، اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بۇ مەسىلىگە نېمە دېگەن ئۇيغۇن كەلگەن-ھە!

«بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە ئازغىنە پايدىسى بار. بىراق ئۇلاردىكى گۇناھ (زىيان) پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» (2: 219)

ئەمما جاھىلىيەتنىڭ بىخودلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ئاستا-ئاستا ھوقۇق مەركەزلىرىگە يېتىپ بارىدۇ. ھەمدە جاھىلىيەت ئاھالىسى بىخودلاشقان چاغدا ھوقۇق تارتىۋېلىپ ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. . . دەپ ئويلايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاتا گۇمانى بۇ ناھايىتى ئاددىي چۈشەنچە بولۇپ، بۇ قايتا چۈشەندۈرۈشكە ئەرزىمەيدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە ئەگەر كىمدۇ بىراۋلارنىڭ ئېڭىدا بۇ خىل گۇماننىڭ ئازراق ئورنى بولسا، ئۇنداقتا «سۇدان تەجرىبىسى» بۇ گۇماننىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىك مىسال بولالايدۇ.

× × ×

ئالدىراقسان ئادەملەردىن تەركىب تاپقان ئۈچىنچى گورۇھ «ئىلمىي ئىدىيە» ۋە «ئىلمىي تەتقىقات» تەشەببۇسچىلىرىدۇر. بۇ خىل يۈزلىنىش ياكى مەركەزلىك ئېقىم ھاسىل قىلىش

ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئەرەپ مۇسۇلمان ياشلىرىدا پەيدا بولدى. گەرچە ياۋروپا ياكى «ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى»دە ياشاۋاتقان باشقا كىشىلەردە ئاشۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ ئوخشاش ياكى شەكىلداش يېلتىزلىرى بولسىمۇ!...بۇ خىل ئېقىمنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ھەقىقەتەن «شەرق تەجرىبىسى» ئۆز رولىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ «تاقاق يول»غا كىرىپ قالدى. ئەمدى نۆۋەتتە ئىسلام خىزمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى يېڭىچە يول بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان، ئىلمىي ئىدىيە بىلەن ئويلايدىغان، ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىغا قۇرۇلغان، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسىنى تەقدىم قىلىدىغان، ئىسلامدىن ئېلىنغان يېڭى ئەقىللەرگە تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك... بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوق! دېيىشىدۇ.

بىز چىن قەلبىمىزدىن ئىلغار يېڭى رەھبەرلىكنى ئارزۇ قىلىمىز... بىراق ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مۇشۇ «يول»دىكى خاتالىقلار ئۈستىدە «ئىلمىي»ۋە «ئەمەلىي» تەتقىقات ئېلىپ بارىمىز....

بۈگۈن كىشىلەردە ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئىسلامى يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى تونۇش كەم بولىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەسىلىنى ئىسلامى يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ كاپىتالىزىم ۋە سوتسىيالىزىم يول بىلەن ھەل قىلىشقا قارىغاندا كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلسە، چۈشەنسە ۋە چىن قەلبىدىن قايىل بولسا، ھەمدە ئىسلامى يولىنىڭ نەزەرىيە، شۇئار ۋە نۇتۇق ئەمەس بەلكى ئەمەلىي ھەل قىلىش يولى ئىكەنلىكىگە كەسكىن ئىشەنسە، بۇ چاغدا ئۇلار ئىككىلەنمەي ئىسلامغا يۈزلىنىدۇ ۋە ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇپ چىقىدۇ... دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش... ناھايىتى ئېنىقكى بۇنداق تەسەۋۋۇر ھەرقانداق ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش، تەجرىبە

قىلىش ۋە تەشەببۇس قىلىش ئەركىنلىكى بار . . . كىشىلەر بىر نەرسىدىن قانائەتلەنگەن چاغدا رىئال دۇنيادا ئۇنى ئەمەلىلەشتۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ ۋە دېموكراتىيە ئاپپاراتى يولى ئارقىلىق ئۇنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ . . . بۇنداق ئېھتىماللىق ھامان مەۋجۇت دەپ قارايدىغان غەرب دېموكراتىيە سايىسىدىكى ئاشۇ ياشلارنىڭ ھاياتىدىن كېلىپ چىقتى . (31)

بىز مۇنازىرە نۇقتىسىدىن «ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى»دىكى كىشىلەردە ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئىسلامنىڭ ئەمەلىي يولى بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى چۈشىنىش بەك كەم بولىۋاتىدۇ . ئەگەر ئۇلار ئىسلامنىڭ كاپىتالىزىم ۋە سوتسىيالىزىمغا قارىغاندا ئېخىمۇ ئىلغار ھەل قىلىش چارىسىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىدىغانلىقىغا كۆڭلىدە قايىل بولسا ، ۋە كەسكىن ئىشەنسە ، شۇ ھامان رىئاللىقتا ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ دەپ پەرەز قىلايلى !

. . .

بىز مۇشۇنداق پەرەز قىلىپ . . . ئىمام شەھدىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ۋە جاللاتنىڭ قانلىق قىرغىنلىرىنىڭ كىشىلەرگە نىسبەتەن ھېچ قانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئاچچىق ساۋاقلارنى نەزەردىن ساقىت قىلايلى . چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا اللەنىڭ شەرئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش «لاالە الاالله مۇھەممەدۇن رسول الله» ئەقىدىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ھېلىھەم ناھايىتى ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا ، بۇ ئەقىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تەرەپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقى ئىلاھى سۈرىتىدە ئەكس ئەتكەنگە قەدەر ئۇ ھېلىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك چۈشەندۈرۈشكە ، دەۋەت قىلىشقا ۋە تەربىيىلەشكە مۇھتاج !

بىز مۇشۇنداق پەرەز قىلايلى ! . . . ئىسلامنىڭ ئەمەلىي ھەل



www.uyghurkitap.com

قىلىش چارىسىنى مەزمۇن قىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلارنى كىشىلەرگە سۇنۇشنىڭ ئۆزىلا كىشىلەرنى ئىسلامغا ۋە «ئىسلامى يول بىلەن ھەل قىلىش»نىڭ زۆرۈرلىكىگە قانائەتلەندۈرىدۇ. كىشىلەر شۇئان ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىشقا ئاتلىنىپ ياكى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىشنى ئىزدەيدۇ . . . دەپ پەرەز قىلايلى، ئۇنداقتا نەتىجە قانداق بولىدۇ؟! . . .

روسىيە ۋە ئامېرىكا: مۇسۇلمانلار ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىلمىي تەپەككۇر يولى بىلەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىگە قانائەت قىلغان بولسا، بۇپتۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئىزدەۋاتقان ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇرۇۋالغىلى قويۇڭلار دەپ سۈكۈت قىلارمۇ ياكى ھازىر قىلىۋاتقاندەك يەرشارىدىكى ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى «كۆز»دىن يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يالاقچىلىرىنى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشكە، قانلىق باستۇرۇشقا، سۈرگۈن قىلىشقا ۋە جازالاشقا كۈشكۈرتەرمۇ؟!

ئەنە شۇ چاغدا يالغۇز «قانائەت»ياكى يالغۇز «ئىلمىي تەپەككۇر» اللەنىڭ شەرئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى ئىزدەۋاتقان مۇسۇلمانلارغا كېلىۋاتقان ۋەھشى ئازاپلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك بولامدۇ؟ ياكى ئىشلار «ئەقىدە»گە مۇھتاج بولامدۇ؟ . . ئەقىدە بۇ ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش مەسىلىسى ئەمەس بەلكى ئىمان ۋە كۇپرى مەسىلىسى . . . بۇ دۇنيادا ھەل قىلىشقا مۇھتاج بولىدىغان ئەمەلىي قىيىنچىلىق مەسىلىسى ئەمەس بەلكى جەننەت ۋە دوزاخ مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چاكالايدۇ . ئەقىدە كىشىلەرگە ئەگەر ئۇلار اللەنىڭ شەرئىتىنىڭ غەيرىگە ھۆكۈم سۇنۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، اللەنىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھەر قانداق ھۆكۈمگە رازىلىق بىلدۈرسە ئۇلارنىڭ ھەرگىز مۆئمىن بولالمايدىغانلىقى ۋە قىيامەت كۈنى اللەنىڭ ئۇلارنى قەبۇل

قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇ . . . .

شەك-شۈبھىسىزكى ، ئىسلام ئۇ يالغۇز ئەقىدىلا ئەمەس بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دىنى ، ئۇ ھەم ئەقىدە ھەم ھاياتنىڭ كامىل پرىنسىپى ، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى پۈتكۈل ئېھتىياجلىرى ئۇنىڭ دائىرىسىگە تەۋە بولىدۇ . بەلكى ئىنسانلار ھاياتىنى زۆرۈرىيەت دەرىجىسىدىن يۈكسەلدۈرۈپ ھەر بىر ئىشتا «گۈزەللىك »ۋە «ياخشىلىق »دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشنى ئوخشاشلا دىنىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ .

«اللە ھەر بىر ئىشتا ياخشى قىلىشنى پەرز قىلدى ، ئەگەر ئۆلتۈرسەڭلار ئۆلتۈرۈشنى ياخشى قىلىڭلار ، بوغۇزلىساڭلار ياخشى بوغۇزلاڭلار ، ھەر بىرىڭلار پىچىقىنى ئىتتىكلەتسۇن ، بوغۇزلىغان ھايۋانىنى قىيناپ قويمىسۇن»*

بۇ ئېھتىياجلارنىڭ تەلىۋى ، تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ئىلغار ۋە گۈزەل پرىنسىپنى تەقدىم قىلىدۇ .

«ئۇلار ئىسلامنى قويۇپ جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىنى ئىزدەۋاتامدۇ ؟ چىن قەلبىدىن ئىشىنىدىغان مىللەت ئۈچۈن ھۆكۈمدە اللەدىن ئادىل كىم بار ؟ . . . (5: 50)

بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا . . . بىراق قانداقتۇر بىر سەۋەپتىن اللە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئالدى بىلەن توغرا ئېتىقادنى قۇرۇپ چىقىشقا ، كىشىلەرگە ئىلاھىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق ئېچىپ بېرىشكە اللە تەرەپتىن كەلگەن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى چىڭ تۇتۇش مۇشۇ توغرا ئەقىدىنىڭ بىردىنبىر تەلىۋى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئوچۇق بايان قىلىشقا بۇيرىدى . . ئۇنىڭدىن كېيىن-مۇشۇ ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن

---

* مۇسلىم ، ئەبۇداۋۇت ، تىرمىزى ، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان



www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنىڭ «ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسىنى»نازىل قىلدى ھەمدە بۇ خىل «چارە»نى چىڭ تۇتۇشنى ئىمان ۋە كۇپرى، جەننەت ۋە دوزاخ مەسىلىسى دەپ بېكىتتى.

«پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆزلىرى بىرلىككە كېلەلمىگەن ئىشلاردا ساڭا ھۆكۈم سۇنمىغىچە مۆئمىن بولالمايدۇ» (4: 65)

«كىمكى اللە نازىل قىلغان قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلمىسا ئەنە ئاشۇلار كاپىرلاردۇر» (5: 44)

«پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قانۇنغا ئەگىشىڭلار، اللەنىڭ قانۇنىنى قويۇپ، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلدىغان «دوستلار»غا ئەگەشمەڭلار» (6: 3)

«ئەجىبا ئۇلارنىڭ اللە رۇخسەت قىلمىغان دىننى ئۇلارغا قانۇن قىلىپ بەلگىلەپ بېرىدىغان مەبۇدلىرى بارمۇ؟!» (21 :48)

اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ياكى ئىجرا قىلماسلىق بولسا، ئىمان ۋە كۇپرى مەسىلىسى شۇنداقلا جەننەت ۋە دوزاخ مەسىلىسى . . . دىگەن ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئېنىق ئايدىڭلاشماي تۇرۇپ، ئەگەر بىز ئۇلارغا «ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسى»نى تەقدىم قىلساق ئۇنداقتا ئىشلار تەتقىقاتچىلار ئويلىغان سۇرەتتە ئەمەلگە ئاشامدۇ؟! . . . سىز كىشىلەرنى ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات يولى ئارقىلىق ئىسلام تۈزۈملىرىنىڭ ئەڭ ئىلغار تۈزۈم ئىكەنلىكىگە قانائەتلەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار سىزگە: «بىز قايىل بولدۇق، بىز ئىسلامنىڭ كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئۈچۈن بۇنداق يۈكسەكلىك، ئەتراپلىق ۋە تەڭداشسىز كۈچ بىلەن ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسى تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى قەتئىي ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمىز، بوپتۇ، ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇڭلار، دۆلىتىڭلارنى قۇرغان چېغىڭلاردا بىز تۇنجى

بولۇپ سىلەرگە ئاۋاز قوشىمىز»دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا بۇنىڭغا نىمە دېيىش كېرەك؟!

ئىسلام دۆلىتى مۇشۇ خىل شەكىلدە قۇرۇلامدۇ؟!

يالغۇز ئەقلىي جەھەتتە قانائەتلىنىش رىئال دۇنيادا ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ياۋۇزلارچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش مەزگىللىرى ئۇياقتا تۇرۇسۇن، تېنچ ۋە خاتىرجەم ۋاقىتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. سوقرات ۋە ئارىستوتېلنىڭ دەۋرىدىن باشلانغان بۇ «پەلسەپە» بۈگۈنگىچە يەرشارىدا بىر نەرسىنى ئۆزگەرتەلىدىمۇ؟.. پەقەت ئەقىدە بولۇشى كېرەك، ياكى ئەقىدە يادرو قىلىنغان بولىشى كېرەك، ئەنە شۇ چاغدا ئەقىدە ئىنسانلارنىڭ رىئاللىقىنى ئۆزگەرتىدۇ.

«ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى»دىكى تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ ئەقىدە ئەڭ ئالدى بىلەن تۈزىتىشكە مۇھتاج... چۈنكى بۇ ئەقىدە بىر نەچچە ئەسىرلەر جەريانىدا، بولۇپمۇ ئاخىرقى دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىدىن يىراقلاشتۇرىۋېتىلدى.

شۇڭا كىشىلەرنىڭ بارلىق ساھەلەردىكى-سىياسەت ۋە ھۆكۈمرانلىق، ئىجتىمائىيەت ۋە ئىقتىساد، ئىلىم ۋە ئىدىيە قاتارلىق ساھەلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە-ئەمەلىي ھەرىكىتىنى «لااله الاالله»نىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئەقىدىنىڭ ماھىيىتىنى ئۇلارغا ئوچۇق چۈشەندۈرۈش ۋە كىشىلەرنى مۇشۇ ھەقىقەتنىڭ تەلىۋى بويىچە تەربىيىلەش كېرەك!

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بىز ئىلمىي تەتقىقاتچىلارغا «ئەمدى تەتقىق قىلماڭلار»دىمەيمىز، بەلكى بىز بۇندىن ئىلگىرى ئېچىلمىغان ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى نامايەن قىلىۋاتقان بارلىق چوڭقۇر تەتقىقاتلاردىن ئىنتايىن خوشالىمىز... بىراق تەتقىقات نىمە

ئۇستىدە بولىدۇ؟ ۋە قايسى خىل ئۇسۇلدا ئىلىپ بېرىلىدۇ؟

ئېنىقكى بۇ جايدا ئىنسانلار ھاياتىدا-ئىسلامدىمۇ شۇنداق-تۇراقلىق ۋە ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر مەۋجۇت.

الله ئېنىق بېكىتكەن ۋە كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا شۇ خىل سۈرەتتە بېكىتىشكە بۇيرۇغان بىر تۈركۈم تۇراقلىق مەسىلىلەر بار، مەسىلەن، الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ئەتراپلىق مۇكەممەل مەنىسى ۋە الله بېكىتكەن قانۇن تۈزۈملەرنى چىڭ تۇتۇش ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان «لاالـه الا اللـه مۇھەممەدۇنرسول اللـه»... ئەقىدىسى؛ ئابستىراكت ۋە كونكىرت چۈشەندۈرۈلگەن ئىبادەتلەر، چەكلىمىلەر، ۋە قانۇنشۇناسلار ئېنىق ئايرىپ چىققان باشقا مەسىلىلەر..

ئۇنىڭدىن باشقا بىر تۈركۈم ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر بار، الله، پەيغەمبەر بۇ مەسىلىلەر ئۇستىدە ئىزدىنىشكە رۇخسەت بەرگەن، بىراق ئۇنىڭغا دائىملىق ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇراقلىق ئىدىيە ۋە مۇستەھكەم ئاساسلار بويىچە چەك-چېگرا بەلگىلەپ بەرگەن، ئۇ خىل مەسىلىلەر كىشىلەر ھاياتىدا يېتىلىنىپ تۇرىۋاتقان ئىشلارغا ماس ھالدا ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققى قىلىشى جەريانىدا ئاشۇ بەلگىلەپ بېرىلگەن «چېگرا»دىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك!

بىز بۈگۈن ھازىرقى قىيىنچىلىقلار ئۈچۈن رېئال ئىسلامى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۇستىدە ئىزدەنگەن ۋاقتىمىزدا نېمە ھەققىدە ئىزدىنىمىز؟ تۇراقلىق ئاساسلار ھەققىدىمۇ ياكى ئۆزگىرىشچان تەپسىلاتلار ئۈستىدىمۇ؟ ئەمما تۇراقلىق «ئاساس»لار ھەققىدە ئىزدىنىش بۇ ۋاجىپ شۇنداقلا ئۇ بۇ دىنغا زۆرۈر بولغان

«پىقھى»نىڭ * بىر تەركىۋى قىسمى. كىشىلەرنىڭ دىنى ھەقىقەتلەرنى بىلىشى ئاشقانسېرى بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنۋاتقان يولىنى تۈزلىۋېلىشىدا ئىنتايىن زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىراق ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر بولۇپمۇ بۈگۈن كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلە دەپ قارالغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە ئىزدەنگەن چېغىمىزدا تەتقىقاتنى ئېنىق قىلىپ كىمگە سۇنىمىز؟ تەتقىقاتتا كىمنىڭ «ئۆلچىمى»گە ئاساسلىنىمىز؟ ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قايسى بىر مىللەتنىڭ قايسى بىر دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىشى قىلىمىز؟

بىز ھازىر مىلادى 1986- يىلى (ھىجىرىيە1406-يىلى)دا تۇرىۋاتىمىز، ئەگەر بىز ئىقتىسات مەسىلىسى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئىسلامنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا كاپىتالىزىم ۋە سوتسىيالىزىم تۈزۈملىرىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئىلغار ئەمەلىي ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۇرسەك... ئۇنداقتا تەتقىقات نەتىجىسىنى كىمگە تەقدىم قىلىمىز؟ مۇسۇلمانلارغىمۇ؟ ياكى ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكىنىڭ غەيرى مۇسۇلمان ئاھالىسىگىمۇ؟...

بۇ سوئال دەسلەپتە ئانچە توغرا ئېيتىلمىغاندەك كۆرۈندۇ، چۈنكى بىز تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئەلۋەتتە مۇسۇلمانلارغا تەقدىم قىلىمىز-دە! بىراق بىز ئەمەلىيەتتە بۇ سوئال ئارقىلىق، ئۇنىڭ دائىرىسىنى ئېنىق بىلمەيۋاتقان بىر ئىشقا يېڭى رەھبەرلىكنى ئاگاھلاندۇرماقچىمىز. بۈگۈن پۈتكۈل يەر شارىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى جاھىلىيەتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ ئۇنى ئىسلامى ئاساس بويىچە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بۇ تەتقىقاتنىڭ

---

* ئىسلام قانۇنى

مەزمۇنىنى رىئاللىقتا ئەمەلىلەشتۈرىدىغان مۇسۇلمانلار قەيەردە؟!

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز نەزەرىيە ئۈستىدە ئەمەس بەلكى ئەمەلىيەت ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ جايدا ھازىر ئۇنى ئەمەلىلەشتۈرىدىغان ئادەم بولمىسا، ئۇنداقتا بىز رىئال دۇنيادا ئەمەلىلەشمەيدىغان ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى چىقىرىشتا تىرىشچانلىق ۋاقىت ۋە كۈچىمىزنى ئىسراپ قىلىپ ئەھمىيەتسىز ئىش قىلغان بولمامدۇق؟! ئۇنىڭ رىئاللىقتا ئەمەلىلەشمەسلىكى، ئۇنىڭ ئەمەلىلىشىشىنى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىنىڭ بولماسلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ بولمىغانلىقى ياكى ئۇلاردا ئەمەلىلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ تېخى ھازىرلانمىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بەزى كىشىلەر قىلچە ئىككىلەنمەستىن شۇنداق دېيىشىدۇ؛ بىز تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالدىن تەييارلانغان زاپاس بايلىق سۈپىتىدە ساقلاپ قويىمىز. ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغان چاغدا، ئىشەنچلىك، ئىنچىكە تەتقىق قىلىنغان ۋە تەكشۈرۈلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دۆلەت دەرھال ئىجرا قىلىدۇ. دۆلەت يېڭىدىن قۇرۇلغان چاغدا گاڭگىراپ قالمايدۇ، دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈم ۋە ئەقىدىسىنىڭ تەلىۋى بويىچە ھەل قىلىشقا ئىقتىدارى يەتمەيدىغان ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايدۇ...

قارىماققا خېلى بىر ئالاھىدە گەپتەك تۇيۇلغان بۇ گەپ ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئىلمىي نۇقتىدىن قارىغاندا قىممىتى يوق گەپتۇر.

چۈنكى بىرەر ئادەم ئىشەنچ بىلەن ياكى پەرەز بىلەن بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىسلام دۆلىتىنىڭ قاچان قۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەمدۇ؟

www.uyghurkitap.com

بىرەر ئادەم ئېنىق قىلىپ ياكى پەرەز قىلىپ بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغان چاغدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنىڭ سۈرىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمدۇ ؟

بىز قاچان يېتىپ كېلىشىنى ئېنىق بىلمەيدىغان مەسىلەرنى ، ئىسلامى يول بىلەن ھەل قىلماقچى بولغان كۈنىمىزدە ئۇنىڭ ھەجمى ۋە شەكلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان كەلگۈسىدىكى نامەلۇم دەۋرنىڭ قىيىنچىلىرى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسىنى ھازىر تەتقىق قىلىساق ، ئۇنداقتا بىز ئەھمىيەتسىز ئىش قىلغان بولمامدۇق ؟ !

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار مەسىلىسى ھازىرقى دۇنيادا ئەڭ كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىۋاتقان مەسىلە . . ئەگەر بىز بۈگۈن يەنە 10 يىلدىن كېيىن ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈتىمىز دىسەك ، (بۇ ھېچ قانداق «ئىلمىي» پاكىتقا ئاساسلانمىغان قۇرۇق گەپ ) ئۇنداقتا بىز ھازىردىن باشلاپ ئەمەلىي ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى (10 يىلدىن كېيىن قۇرۇلماقچى بولغان ) دۆلەتكە ئالدىن تەييارلاش ئۈچۈن ، بىز ئاشۇ ئاساستا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بۈگۈننىڭ قىيىنچىلىقلىرىنىڭ يەنە 10 يىلغىچە قەتئىي ئۆزگەرمەي تۇرىدىغانلىقىغا ئىلمىي نۇقتىدىن كاپالەت بېرەلەمدۇق ؟ !

ئەگەر بىز ئىسلامى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يەنە 25 ياكى 50 يىل ۋاقت كېتىدۇ دەپ پەرەز قىلساق (ئەمەلىيەتتە بۇ ھېچبىر ھەقىقى «ئىلمىي» پاكىتقا تايانمىغان قارغۇلارچە ئېيتىلغان گەپ ) ئۇنداقتا دۆلەت قۇرۇلغان ھامان يولغا قويىدىغان زاپاس چارە ئۇسۇللارنى تەييارلاش ئۈچۈن ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار (25 ياكى 50 يىلغىچە ) بىز بۈگۈن تەتقىق قىلىۋاتقان سۈرىتىدىن قىلچە ئۆزگەرمەي تۇرارمۇ ؟ !

كاپىتالىزىم دۇنياسىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ھازىرغا قەدەر بىزنىڭ پۈتكۈل تەتقىقاتىمىزنىڭ يادروسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئىسلام دۆلىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇلغان چاغدىكى قىيىنچىلىقلىرى ھازىرقى كاپىتالىزىم دۇنياسىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ دەپ ئېيتالامسىلەر؟

ھازىرقىدەك ئېسىمدە، سۇغۇرتا قىيىنچىلىقىنى ئىسلام نۇقتىسىدا تۇرۇپ، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن چوڭ بىر ئىسلام ئىقتىسادى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى، سۇغۇرتا ھالالمۇ ياكى ھاراممۇ؟ ئەگەر بىز ئىقتىسادىي ھاياتىمىزنى ئىسلاملاشتۇرماقچى بولساق، بۇ خىل ھاياتنىڭ ئىسلامى كۆرۈنۈشى قانداق بولىدۇ؟

مەن گەرچە ئىقتىساتشۇناسلاردىن بولمىسام‌مۇ ئاشۇ كۈنى قۇرۇلتايدىكىلەرگە مۇنداق دېدىم، بىز تىرىشچانلىقىمىزنى ئىقتىسادىي رېئاللىقىمىزغا بېسىم پەيدا قىلىۋاتقان كاپىتالىزىم جاھىلىيىتى بۈگۈن بىزگە تېڭىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىپ قويمىساق بولاتتى، ئەمەلىيەتتە ئىسلامى دۆلەت قۇرۇلغان چاغدا بۇنداق سۇغۇرتا قىيىنچىلىقى دېگەنلەر قەتئىي مەۋجۇت بولمايدۇ. ھازىرقى سۇغۇرتا قىيىنچىلىقىنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ «دۆلەت خەزىنىسى» خىزمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى قېنى كىم ئېيتالايدۇ؟ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ، «دۆلەت خەزىنىسى» خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەن چاغدا، ھازىرقىدەك سۇغۇرتىغا بولغان ئېھتىياج پۈتۈنلەي يوقالغان بولىدۇ، ئۇنداقتا بىزنىڭ ھازىرقىدەك ئاجىز ئەھۋالدا سۇغۇرتا ھالالمۇ ياكى ھاراممۇ دەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز ئەھمىيەتسىز بىر ئىشلار ئۈچۈن تىرىشچانلىقىمىزنى زايا قىلغانلىق بولامدۇ؟ لېكىن قۇرۇلتاي ئەزالىرى تەبىئىيلا بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا دىققەت قىلمىدى. ئالاھىدە «ئىلمىي» تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ

www.uyghurkitap.com

سۇغۇرتا قىيىنچىلىقنى تەتقىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، ئاخىرقى نەتىجە شۇ بولدىكى «شۇغۇرتا ھازىرقى كۆرۈنىشى بىلەن ھارام، ھازىرقى كۆرۈنىشنى قاپلاپ كەتكەن جازانە ياكى جازانە شەكىلدىكى جىنايەتلەرنى يوقىتىدىغان ئىسلامى شەكىلنى تېپىش كېرەك» دىگەن قاراش قۇرۇلتاي ئەزالىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىشىغا ئېرىشەلمىدى .

بىز يەنە بىر تەرەپتىن مۇنداق پەرەز قىلايلى ! . . الله ئىسلامى دۆلەت قۇرۇشتا يەرشارى قانۇنىيىتىنى يۇرگۈزمەي بەلكى ئۆزىنىڭ شەپقىتى ياخشىلىقى ۋە سېخىلىقى بىلەن مۆجىزە خاراكتىرلىك قانۇنىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرسە بىز ھەممىدىن بىخەۋەر قىلىپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھېچبىر تەييارلىق قىلالمىغان ۋە ياكى ئۆزاقتا قالماي دۆلەت دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنىڭ ئەمەلىي ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئالدىن تەييارلاپ بولالمىغان ھالىتىمىزدە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ قالسا . . . ئۇنداقتا بۇ پەرەز ئاشۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ئەمەلىي ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، بۇگۈن كۈچىمىزنى ئىسراپ قىلىشىمىزغا سەۋەپ بولالامدۇ ؟ !

ياق ! ھەرگىز سەۋەپ بولالمايدۇ ! چۈنكى الله ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنىيىتىنى يۇرگۈزگەن چاغدا، قىيىنچىلىقلارنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەل قىلىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنىيەت بىلەن يوكىمىزنى بىراقلا يەڭگىللىتىدۇ !

بىز گەرچە ھەر ۋاقىت اللەنىڭ شەپقىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولساقمۇ، بىراق مەسىلىلەرگە يەنىلا يەرشارى قانۇنىيىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلدۇق، ئاشۇ «قانۇنىيەت» ھەققىدە الله بۇيۇك كىتاۋىدا بىزگە مۇنداق دەيدۇ :

«الله سىنى ئۆزىنىڭ ياردىمى ۋە مۆئمىنلەر ئارقىلىق

كۆچلەندۈرىدۇ» (8: 62)

«دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە تەييارلىق قىلىڭلار.» (8: 60)

يۇقارقى ئايەتتە بىزنى مۇنداق مۇھىم ئىككى ئىشقا دىققەتىمىزنى قارىتىدۇ. بىرىنچى، جىھات قىلغۇچى مۆئمىنلەر بولۇشى كېرەك. ئۇلار يەرشارىدا اللەنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن پەردە بولىدۇ، ئىككىنچى، ھەقىقەتنىڭ غەلبە قىلىشى ئۈچۈن ئاشۇ مۆئمىنلەر ئۆز ئىقتىدارىدىكى بارلىق كۈچ بىلەن تەييارلىق قىلىش كېرەك!

... ئەنە شۇ چاغدا اللەنىڭ ياردىمى يېتىپ كېلىدۇ... بۇ اللەنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كۆچى ۋە تىرىشچانلىقىسىزلا ئۆز دىنىغا ياردەم بېرىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس-اللە بىر نەرسىنى «بارلىققا كەل» دەپلا بارلىققا كەلتۈرۈلەيدۇ-بەلكى مۇشۇنداق بىر قانۇنىيەتنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى ئۈچۈندۇر.

«ئەگەر اللە خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياردەم بېرەتتى، بىراق اللە ئەلۋەتتە بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئارقىلىق سىنايدۇ» (القتال 4)

«ئەگەر سىلەر اللەقا ياردەم بەرسەڭلار، اللە سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ ۋە جەڭ مەيدانىدا قەدەمىڭلارنى مۇستەھكەم تۇرغۇزىدۇ...» (القتال 7)

گەرچە بىز ھەر ۋاقىت اللەنىڭ شەپقىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولساقمۇ، بىراق بىز مۇئامىلە قىلىشقا بويرۇلغان قانۇنىيەت شۇكى، ئالدى بىلەن ئەقىلگە ئۇيغۇن ھەجىمدە مۆئمىن مۇسۇلمانلار تايانچ بازىسى قۇرۇپ چىقىش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنى ئاشۇ بازا يەرشارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇنى ماراپ ياتقان جاھىلىيەت بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلغاندىن كېيىن

ئاندىن ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشىمىزنى ئۇمىد قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا سىناقتا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان جىھات قىلغۇچى مۆئمىن مۇسۇلمانلار تايانچ بازىسى قۇرۇش خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇپ، ھازىرقى زامان قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسىنى تەتقىق قىلىش ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەھمىيەتسىز ئىش قىلغانلىق بولمامدۇ؟

بىز بەزىدە مۇنداق سۇئالغا دۇچ كېلىمىز: بىزگە بۇ سوئالنى قويغانلارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن ئىخلاسمەن ۋە نىيىتى ياخشى ئادەملەر بولسىمۇ، بىراق يەنە بەزىلىرى نىيىتى بۇزۇق، سۇيىقەستىنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. ئۇلار بىزدىن شۇنداق سورايدۇ: «سىلەر ئىسلام تۈزۈمىنى يولغا قويغان ۋاقتىڭلاردا، بۈگۈنكى دەۋر قىيىنچىلىقلىرىغا قانداق تاقابىل تۇرىسىلەر؟ مەسىلەن: سىياسى، ئىقتىسادى ياكى ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسەڭلار قانداق قىلىسىلەر؟ سىلەرنىڭ بىرەر ئەمەلىي ھەل قىلىش چارە-ئۇسۇلۇڭلار بارمۇ؟!

ياخشى نىيەت ياكى يامان نىيەت بىلەن بىزگە تاشلانغان بۇ سوئال بىزگە يېتىپ كەلگەن ھامان بىز «ئىسلام دۆلىتىنى قانداق قۇرىمىز؟» دەيدىغان بۈگۈنكى ۋاقىتتا تەپەككۇرىمىزنى داۋاملىق غىدىقلاشقا تېگىشلىك بىرىنچى سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇنماستىن، بەلكى ئاڭسىزلارچە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغان چاغدا ھازىرقى زامان قىيىنچىلىقلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتا دۆلەت قانداق قىلىدۇ؟ دەيدىغان كېيىن جاۋاپ بېرىشكە تېگىشلىك باشقا بىر سوئالغا جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ، دىققىتىمىزنى شۇنىڭغا قارىتىۋالىمىز.

بەلكى بىز ئاشۇنداق سوئالغا دۇچ كەلگەنسېرى ئاڭسىزلارچە

بىزنىڭ ئىككىنچى سوئالغا جاۋاپ بېرىشىمىز بىرلا ۋاقىتتا بىرىنچى سوئالغا جاۋاب بەرگەنلىكىمىز بولىدۇ دەپ ئويلايمىز يەنى بىز بۇگۈنكى قىيىنچىلىقلارنىڭ ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسىنى تەقدىم قىلغان ۋاقتىمىزدا شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىدىغان «ئىسلامىي بازا»نى مەيدانغا كەلتۈرگەندەك ھېس قىلىمىز.

بۇ بىر قۇرۇق خىيال، بىز ئىلگىرى بۇنىڭغا قارىتا مۇنازىرە ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلىدۇق... مۇسۇلمانلار الله نازىل قىلغان قانۇن بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامنى گۈللەندۈرۈشتىن ئۈلارنى چەكلەش ئۈچۈن ئۈلارنى ماراپ ياتقان دۇنيادىكى بارلىق دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان ھازىرقىدەك ئاجىز ئەھۋالدا ئىسلامنىڭ ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسىنى تەقدىم قىلىشتىكى ئىقتىدارىغا ئەقلى جەھەتتىن قانائەتلىنىش ھەرگىزمۇ ئاشۇ زەھەرخەندە دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم ئامىل بولالمايدۇ، بەلكى ئۇ ئامىل كىشىلەرگە بۇ مەسىلە ئىمان ۋە كۇپرى مەسىلىسى شۇنداقلا جەننەت ۋە دوزاخ مەسىلىسى دەپ ئۇچۇق جاكالايدىغان ئەقىدە بولىشى كېرەك!

كىمكى ئەقىدە دەرۋازىسىدىن... «لااله الاالله»نىڭ ھەقىقى دەرۋازىسىدىن... كىرمىسە ئۇنداقتا ئۇ ئىسلام كۆرىشىگە... ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان، ۋە بۈگۈن بولمىسا ئەتە مۇسۇلمانلارنى قاتنىشىشقا مەجبۇرلاۋاتقان زۇرۇر، دەھشەتلىك كۆرەشكە... قاتناشماستىن ئىسلامدىن ۋە ئىسلامنىڭ ھەل قىلىش چارىسىدىن «خوشاللىنىپ» يۈرۈۋېرىدۇ.

ئىسلامنىڭ ھەقىقىي روھىدىن خالى ئادەم ئۇنىڭ قانائەتلىنىش دەرىجىسى، پاكى ئۇنىڭ «ئەمەلىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى»نى تەقدىم

قىلىش ئىقتىدارى قانداق بولسۇن ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىدىغان «كۈچ» بولالمايدۇ. بەلكى ئۇ ھۆكۈمەتنى اللە رۇخسەت قىلغان چاغدا توغرا ئېتىقاد ئىگىلىرى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ توغرا ئېتىقاد ئىگىلىرى شۇنىڭغا كەسكىن ئىشىنىدۇكى، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۇلارنىڭ «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى» دىگەن سۆزىنىڭ تەبىئىي تەلىپى، يەرشارىدا اللەنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش يولىدا ئۇلارغا يەتكەن ئۆلۈم ۋە ئازاپ ئۇلارنىڭ يولىنى قىسقارتىدۇ. تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتكە بارىدىغان يولغا كاپالەتلىك قىلىدۇ...

«شۈبھىسىزكى، اللە مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلار اللەنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ، (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھات قىلىپ شەھىد بولىدۇ.) جىھات قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان اللەنىڭ راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە اللەدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ اللە بىلەن قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خوشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر. ㉜» (9: 111)

ھازىرقى زامان قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسىنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئىسلام خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا ئالدىراۋاتقان يېڭى رەھبەرلىك كىشىلەرنىڭ سوئاللىرى ئالدىدا قايمۇقۇپ، بىرىنچى سوئالغا جاۋاب بېرىشنى تاشلاپ ئىككىنچى سوئالنىڭ جاۋابى ئۈستىدە ئىزدىنىپ يۈرمەي، ئىنسان روھىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى رىئاللىقنى چوڭقۇر كۆرۈپ يېتىشى كېرەك!

× × ×

ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدا بۇ ھۆكۈمەتكە تايانچ بولىدىغان ۋە بۇ ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ئاساس بولىدىغان مۇجاھىدلاردىن تەركىب تاپقان «مۇسۇلمانلار بازىسى» قۇرۇش ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەتلىك، نەتىجىسى ئاستا، پۈتۈن كۈچىنى سەرىپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك يول . . . تەربىيە يولى . . . غا كىرىش كېرەك. . . بىز يۇقاردا ئالدىراقسان ئادەملەر ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا قوللىنىۋاتقان ئۈچ خىل ئۇسۇلغا قارىتا مۇنازىرە بايان قىلغان تەتقىقاتىمىزدا، گەرچە ئىشلار سىرتقى كۆرۈنۈشتە تۇرغۇنلۇق ھالەتنى پائالىيەتكە ئۆزگەرتىدىغان «ھەرىكەت»دەك تۇرىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى «بارسا كەلمەس يول»غا باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق !

مەسىلەن : جىھات قىلغۇچى ئاڭلىق مۇسۇلمانلاريەت بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا قارشىلىشىش زوراباستۇرۇشنىڭ ياخشى باھانىسى تېپىپ بەرگەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ۋاھالەنكى كىشىلەر كۆرەش ھەقىقىتىدىن بىخەۋەر قالىدۇ، ھەممە ئاشۇ زوراۋانلارنىڭ مەلۇم بىر ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىش ۋە يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلامغا قارشى تۇرىۋاتقان يەھۇدى-خىرىستىئانلار بىلەن ئېغىز بۇرۇن يالىلىشى ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىپلاسلىقلىرىدىن بىخۇد ھالەتتە قالىدۇ .[33]

جىھات قىلغۇچى ئاڭلىق مۇسۇلمانلار تايانچ بازىسى بارلىققا كەلمەي تۇرۇپ سىياسى ئاپپاراتلارنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىش خەلقلەرنىڭ ئېڭىدا مەسىلىلەرنى بۇرمىلاش ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتى ئۇنىڭسىز بارلىققا كەلمەيدىغان بازانىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر پىشىپ يېتىلىشىنى كېچىكتۈرۈۋېتىشتىن باشقا ھېچقانداق

ئەھمىيىتى يوق خىزمەتتۇر . بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بازا بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇگۇنكى دەۋر قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش تىرىشچانلىقىنى ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلغاندىن باشقا ، مەيداندا خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۈچىنى دەسلەپكى تۈنجى مەيداندىن بىر تەرەپلىمە مەيدانغا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ . كۈچنى خورىتىدۇ . ۋاھالەنكى ئۇلار ھېچقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ . پائالىيەتچىلەر ئۆزلىرىنى «خىزمەت» قىلىۋاتقاندەك بەلكى زۆرۈر خىزمەتنى ئورۇنداۋاتقاندەك ئويلايدۇ . ئەگەر خىزمەت قىلغۇچىلارغا بىھۇدە ۋە ئەھمىيەتسىز ئىش قىلغۇچىلار دەپ قارالمىسا ، ئۇنداقتا ئۇلار دەسلەپكى تۈنجى مەيداندا سادىر قىلىۋاتقان كەمچىلىكلەرنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ .

بىز جىھات قىلغۇچى ئاڭلىق مۇسۇلمانلار بازىسى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن تەربىيە كېرەك دېگەن ۋاقتىمىزدا ، كۆپلىگەن سوئال ۋە تەسەۋۋۇرلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ .

- بىز يېتەرلىك تەربىيىلىنىپ بولدۇق !

- بىز قاچانغىچە «ھەرىكەت» قىلماي تەربىيىلىنىۋېرىمىز ؟

- ھەر قېتىم بىر ئەۋلات كىشىلەرنى تەربىيىلىسەك دۈشمەنلەر ئۇلارنى يوقىتىۋەتسە ، بۇنداق تەربىيىلەشنىڭ نىمە پايدىسى ! ؟

- تەربىيىنىڭ مەقسىتى زادى نىمە ؟

بىز ھازىر تەربىيىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتمەكچى بولساقمۇ ، بىراق اللەنىڭ رۇخسىتى بىلەن نەتىجە بېرىدىغان زۆرۈر ، توغرا تەرەپنى بايان قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ بەزىلىرىنى تۈزىتىشىمىز كېرەك دەپ قارايمىز .

بىز يېتەرلىك تەربىيىلىنىپ بولدۇق دەۋاتقان كىشىلەر بولسا ،



www.uyghurkitap.com

مەيداندىكى كۆپلىگەن رىئال ھەقىقەتلەردىن بىخەۋەر قالغان كىشىلەردۇر .

بۇگۈنكىچە مەيدانلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ئىلغار تەربىيە ئىمام شەھىد ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلىگەن «پائالىيەتچان قېرىنداشلار» ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بارغان تەربىيە بولسا كېرەك . بۇ تەربىيەنىڭ ئەڭ ئىلغار تەرەپلىرى ئىمام شەھىد ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدە يېتىلدۈرگەن كۈچلۈك قېرىنداشلىق روھى ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە سىڭدۈرۋەتكەن راستچىل پىداكارلىق روھى ، ۋە ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىدا بىخلاندۇرغان جەڭگىۋار ئەسكەرلىك روھى ئىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى «لااله الا الله» نى سوپىزىم ۋە ئىرجائى ئېقىمىنىڭ خاتا-چۈشەنچىلىرىدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى رىئال ھەرىكەت ۋە پائالىيەتكە ئۆزگەرتتى .

بىراق بىز كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ تەربىيەنىڭ كۆپلىگەن تەرەپلىرىدە يەنىلا يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ، ئىمام شەھىد ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بۇ خىل يېتەرسىزلىكنىڭ ئىسلام خىزمىتىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى (يۇقۇرىدا) كۆرۈپ ئۆتتۇق .

ئەگەر ئىمام شەھىدنىڭ ئۆمرى يار بەرگەن بولسا ، ئۇ بۇ يېتەرسىز تەرەپلەرنىڭ قانچىلىكىنى تولۇقلاپ ، قانچىلىكىنى تۈزىتىدىغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز . . . بىراق بىز رىئال مەيداندا ئەسكەرلەرنىڭ پەقەت ئەسكەر بولۇش ئۈچۈنلا تەربىيىلىنىپ ، رەھبىرى بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغان رەھبەر بولۇش ئۈچۈن تەربىيىلەنمىگەنلىكىنى بايقايمىز . ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى پەيغەمبەرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئىلغار ئەسكەرلەر

بولۇش شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پەيغەمبەر اللەنىڭ دەرگاھىغا كەتكەندىن كېيىن «ئىككىنچى سەپ» بولۇش ئۈچۈن تەربىيىلىگەن، شۇنداقلا توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەر ئۈممەتكە رەھبەرلىك قىلغان بولسا، باشقا ساھابىلەرمۇ ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان مەيدانلاردا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

ئىمام شەھىد ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ ھازىرقىدەك ئاجىز ئەھۋالدا ئىسلام خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان جامائەت ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان «ئىككىنچى سەپ»نىڭ يوقالغانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇقلا بايقايمىز، ئاندىن ئەمەلىي رېئاللىقتا بۇ تەربىيە تەرەپلىرىدە يېتەرسىزلىك بولغانلىقىنى بىلىمىز. بىز دەۋەت پەرشارىدا ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىلگىرى دەۋەتنىڭ ئۆمرى بىر نەچچە ئەۋلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇزاق مۇساپە ئۈچۈن تاييارلىق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى چۈشىنىشىمىز كېرەك!

بىز ئالدىنقى بۆلۈملەردە تەييارلىق قىلىشتىكى ئالدىراقسانلىق، ھەرىكەتتىكى ئالدىراقسانلىق ۋە رەھبەرنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدىكى ئەسكەرلەر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ھەم رەھبەر ھەم تەربىيىلەنگۈچىلىك رولىنى ئۆتەيدىغان دەۋەتچىلەرنى مۇناسىپ «سان»غا يەتكۈزۈپ تەربىيىلەشتىن بۇرۇن خەلقلەرنى ھەرىكەت سېپىگە قوشۇلۇشقا ئەركىن قويۇۋېتىشتىكى ئالدىراقسانلىق . . .نى مۇلاھىزە قىلدۇق . . . بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىگە قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟!

بىز ئۇزاق مۇساپىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا كەسكىن ھالدا مۇشۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە تۇنجى ھەرىكەتتە كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزۈتىشىمىز كېرەك، يەنى تەربىيە ئۇسۇلىنى ھەرىكەتنىڭ نىشانىغا، مۇساپىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا، يولنىڭ

جاپا-مۇشەققىتىگە ۋە دۈشمەنلەرنىڭ سۈيىقەستىــــگە ماس ھالدا ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك ! . . . .

ئەگەر بىز مەيدانلارغا قارىساق بەزى تەرەپلەردە خىلمۇ-خىل ئىلغارلىقلارنى بايقىساقمۇ ، بىراق يەنە بىر تەرەپتە تەربىيىدىكى زور نۇقسانلارنى كۆرىمىز ، بىز بىر تۈركۈم ياشلارنى ئۇچرىتىمىز ، بۇ ياشلار «لااله الا الله» ئوقۇمى بىلەن ئۇنىڭ اللەنىڭ شەرئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى كۈچلۈك مۇناسىۋىتىنـــــى ياخشـــى چۈشىنىدۇ . . . يەنى بۇندىن ئىلگىرى كۆپلىگەن دەۋەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئېنىق ھېس قىلالماي ئۇقۇمسىز ھالەتتە تاشلاپ قويغان «ھاكىمىيەت» مەسىلىسىنى بەك ياخشى چۈشىنىدۇ ، يەنە بىــر تۈركۈم ياشلارنى ئۇچرىتىمىز ، بۇ ياشلار كۇرەشنىڭ خاراكتىرىنى ، كۇرەشتە دۈچ كېلىدىغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قوراللارنىــــڭ خاراكتىرىنى ؛ ھەرقايسى ئاپپاراتلارنىڭ مائارىپ پروگراممىسى ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق دەۋەتكە قارشى تۇرۇش ، كىشىلەرنى ئىسلامدىن چېكىنىشكە يۈزلەندۈرۈپ ، ئىزچىل تۇردە ئۇلارنـــى ئىلاھى مەنبەدىن قوبۇل قىلىشتىن يىـــراقلاشتۇرىدىغان مەلۇم سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى قوزغاشتىكــى رولىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنىدۇ . . . بىراق بۇ ياشلاردا كۆپ ۋاقىتتا توغرا ئۇيۇشۇش تولىمۇ كەم ، ئۇلار چېچىلاڭغۇ كىچىك جامائەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ ، بىرى يەنە بىرىگە سۇيىقەست قىلىدۇ ، ياكى بىر-بىرىنى نازارەت قىلىدۇ . ۋە ياكى دوسلۇق روھى بىلەن ئەمەس بەلكى دۈشمەنلىك مۇددىئاسى بىـــلەن ئۆز-ئارا تالاش-تارتىش قىلىدۇ ، كىچىـــك جامائەت بىـــرەر ئايەتنـــى چۈشەندۈرۈش ياكى بەرەر مەسىلىنى تۈزىتىشتە بىـــرلىـــككە كېلەلمىگەن چاغدا تېخىمۇ كىچىك جامائەتلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشى مۇمكىن . . . مانا بۇلار شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇكـــى ، ئۇلاردا

www.uyghurkitap.com

جامائەتلىشىش تەربىيىسى ھەقىقەتەن كەم «ئۆزۈمچىلىك» خاھىشى بەك كۈچلۈك، ئەمەلىيەتتە جاھىلىيەتكە تۇنجى قېتىم ئاقابىل تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئەۋلاتلار ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارنى يېتىشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر تەربىيە جامائەت ئەزالىرىدا «ئۆزۈم»چىلىك روھى بىلەن جامائەتلىشىش روھى تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىشى كېرەك. نەتىجىدە بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق جامائەتلىشىش روھىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق «ئۆزۈم»چىلىك روھىنى قۇربان قىلىۋەتمەيدۇ ۋە ياكى چەكتىن ئاشقان «ئۆزۈم» چىلىك خاھىشىنى ئۆستۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئىدىيىسى، ئۆز كاللىسى ۋە ئىشلارغا قارىتا ئۆزىگە خاس «باھا»سى بىلەن پەخىرلىنىدىغان، نەتىجىدە ئۇلاردىن ھېچبىر جامائەت شەكىللەنمەيدىغان ياكى سالمىقى بار بىرەر جامائەت ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشمايدىغان ... ئىشلار قەتئىي يۈز بەرمەيدۇ.

شۇنداقلا بۇ ياشلاردا كۆپلىگەن ۋاقىتلاردا ھەرىكەت تەجرىبىسى تولىمۇ كەم. (ۋاھالەنكى ئۇ ھەرىكەت تەجرىبىسى تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى) شۇنداق تۇرۇپ، بۇ ياشلار ئىدىيە خاراكتېرلىك كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى بۇرۇنقى ئەۋلاتلارغا قارىغاندا بەك ياخشى چۈشىنىدۇ. دەل شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ھاكىمىيەت بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا قارشىلىشىشقا، ئەمەلىي ئۇنۇم ھاسىل قىلالمايدىغان ياكى مۇسۇلمانلار ھازىرقىدەك ئاجىز ئەھۋالدا ھېچنەرسىنى ئۆز يۆنىلىشىدىن ئۆزگەرتەلمەيدىغان چوڭ ۋە خەتەرلىك مەسىلىلەردە كۈچ كۆرسىتىشكە ئالدىرايدۇ...

بىر قېتىم ئىسكەندىرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر تۈركۈم دىنىي جامائەت ياشلىرى ئۇنىۋېرسىتېت مەمۇرىيىتى دىنىي جامائەتلەرگە بولۇپمۇ ئومۇمىي ئىسلام روھىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزمەكچى بولغان يىغىلىشنى كۈچ كۆرسىتىپ چەكلەش ئۈچۈن

سەپەرۋەرلىككە كەلدى .

. . . گەرچە «يىغلىش» رەسمى كۆن تەرتىپىگە قويۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىسىمۇ ، بىراق دىنى جامائەت ياشلىرى يىغلىش ئۆتكۈزۈشنى چەكلەشتە ئەمەلىيەتتە مۆۋەپپەقىيەت قازاندى ، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ناخشا ، تانسا ، يالىڭاچ ئۇسۇل . . . يىغلىش ئۆتكۈزۈلمىدى . . .

مانا بۇ ئۇنۇپرستىتىكى دىنى جامائەتلەر ئېلىپ بارغان بىر قىسىم ھەرىكەتلەرنىڭ مىسالى . . . بىراق ئۇنىڭ توغرا يۈزلىنىشى قايسى ؟

بۇ خىل رەۋىشتە كۈچ كۆرسىتىش ئەمەلىيەتتە «غەرپلەشكەن» ئەر-ئايال ئوقۇغۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى . . .

شۇڭلاشقا . . . ئۇلگىنىش ۋاقتىدىمۇ دىن ، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن ئاتېزىمچى ، كاپىر ياۋرۇپا قىزلىرى ئۇلگىنىش ۋاقتىدا خىجىل بولغانچىلىك خىجىل بولمايدىغان ، گويا تانسخانىدىكى ئۇسۇلچى قىزلاردەك ياكى مودا كىيىم كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان مودىل قىزلاردەك بولۇپ كەتكەن ئۇنۇپرستىتت قىزلىرىنىڭ ھېچقايسى بۇ قېتىمقى ناخشا-ئۇسۇل كېچىلىكىنى ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى ! شۇنداقلا «غەرپلەشكەن» ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەمەل ئورۇندۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «ئىدىيۋى ئەركىنلىك» ياكى «ئۇنۇپرستىت روھى» نامى بىلەن دىن ۋە ئەخلاققا ھۇجۇم قىلغىنىدا ، ئۇلارنى قوغدايدىغان «ئومۇمىي نىزام»نى ھىمايە قىلغاندەك بىر «دىنسىز» كومۇنىستىك ياش ياكى بىرەر «دىنسىز» ئوقۇغۇچى ئىسلامغا ئوچۇق-ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشقا ياكى ئىسلامنى مەسخىرە قىلىشقا پېتىنالمىدى .

توغرا ، بۇ ئىشلار شۇنداق بولدى ! بىراق . . .

ئەگەر ئاشۇ دىنى جامائەت ئۇنۇپرستىتلاردا داۋاملىق مەۋجۇت بولسا، ھەمدە بۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ (دىنى جامائەتنىڭ) ئەخلاقنى بۇزۇش، ئوغۇل-قىز ياشلارنى دىنى قىممەتلەردىن ئايرىپ تاشلاش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەخلاقى چۈشكۈنلۈكنى كەڭرى تارقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلار، ئاتېزىمچىلار ۋە «غەرپلەشكەن» لەرنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرىدىغان ئىزچىل داۋاملاشقان قارشىلىق كۈچى بولسا، ئۇنداقتا بۇ مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلغان بىر ھەرىكەت بولىدۇ.

ئەمما ئەگەر ئاشۇ جامائەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىر ئۆتكۈنچى ھادىسە بولسا بىز كېيىنكى قۇردا بايان قىلماقچى بولغىنىمىزدەك ئۇنداقتا بۇ قېتىملىــق ھەرىكەت ماھىــيەتتە بۇزۇق ئەر-ئايال ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتىدا بىر نەرسىنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟ ياكى ئاشۇ جامائەت مەلۇم بەلگىلىك ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرستىگە ئىگە بولغاندا كۈچنى ئىسلام پرىنسىپلىرى بويىچە ھەقىقى تەربىيىلەشكە قاراتسا بۇ پايدىلىق بولامدۇ؟ بۇ جامائەت ھەر بىر ئوغۇل قىز ياش ھەر بىر ئوقۇتقۇچى، ئۇستازنى ئۇلار چۆكۈپ كەتكەن پاتقاقتىن پاكلىق ۋە ساپلىققا قۇتقۇزۇپ چىقسا مانا بۇ دەۋەتنىڭ نەتىجىســى شۇنداقلا پەيغەمبەر ئېيتقاندەك «دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشى» بولغان نەتىجىلىك خىزمەت بولىدۇ.

«ئەگەر الله سەن ئارقىلىق بىر ئادەمنى توغرا يولغا باشلىسا، بۇ سەن ئۈچۈن دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشى بولىدۇ ياكى قىزىل تۆگىدىن ياخشى بولىدۇ»

ھەقىقەتەن ئاشۇ دىنى جامائەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاشكارلاپ

قويغان «ئويۇن» شوكى ئەينى چاغدا هاكىمىيەت * كومۇنىستىك دولقۇننىڭ كۈچلۈك بېسىمىغا ۋە كومۇنىستلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقان ناسىرچىلار** دولقۇننىڭ كۈچلۈك بېسىمىغا دۇچ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ۋاقتىنچە ئىسلامى دولقۇنغا تولۇچۇن مەيدان هازىرلاپ بېرىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن مەنتىقىگە ئۇيغۇن بىر ئىش بولغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى هەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزۈبېرستىنى بۇزۇقچىلىق، ئاتىزىمچىلىق، كاپىرلىق ۋە ئەخلاقى چۈشكۈنلۈكتىن پاكلاش ياكى دۆلەت ئىچىدە دۆلەتنى ئاشۇ كىر-قاسماقلاردىن تازىلايدىغان ئىسلامى هەرىكەتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن بولماستىن بەلكى ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان ئەمەلىي بېسىمنى ئۆزىدىن چېكىندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا رازۋېتكا ئورگانلىرى ئارقىلىق ياشلاردىكى يوشۇرۇن كۈچنى تېپىپ چىقىپ، «ئويۇن» ئاخىر بېرىپ ئۇلارنىڭ هەرىكىتىنى پالەچ هالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ياكى ئۇلارنى بىر پۈتۈن يوقىتىش ئۈچۈن ئىدى.

بىز يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يىغىلىش هادىسىدە كۈچ كۆرسىتىش مۇشۇ «ئويۇن»غا قارىتا مۇناسىپ هەرىكەت بولغانمۇ؟ ياكى ئويۇننى تېز ئاخىرلاشتۇرۇپ زەربىنى ئوتتۇرغا چىقىرىشنىڭ سەۋەپچىسى بولغانمۇ؟ هەربىي تۈرمىنىڭ باشلىقى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك زەربىنىڭ كېلىدىغانلىقى هەقىقەتەن ئېنىق «هاكىمىيەت بېشىدىكىلەر» ئىسلامى دولقۇننىڭ كۈچىيىشىگە باشلىغانلىقىنى هېس قىلىسىلا يەهۇدى، خىرىستىئانلار ۋە يەرشارىدا ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان «مالاي»لار ئەندىشە قىلىۋاتقان قورقۇنچلۇق خەۋپلەرنى يوقۇتۇشنىڭ زۆرۈرلىكىگە

* جامال ئابدۇناسىردىن كېيىن تەختكە چىققان ئەنۋەر سادات هۆكۈمىتى.
** ناسىرچىلار-جامال ئابدۇناسىرنى ياكى ئۇنىڭ سىياسىتىنى ياقلىغۇچى گورۇهلار

قارىتا دەرھال ھەرىكەت قوللىنىدۇ .

بىراق ئاشۇ جامائەتلەر ئۆتەۋاتقان ھەر قانداق «خىزمەت» ئەخلاقى ساپ ، كىرقاسماقتىن پاك ، پاكلىق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ، بۇلغانمىغان بىر تۈركۈم ياشلارنى تەربىيىلەش بولغان چاغدا ئەھۋال ئوخشىمايدۇ . . . ھۆكۈمرانلار ئۇلارغا زەربە بېرىشتە كۆپ ئىككىلىنىدۇ ، ئۇلارنى ئازاپلاش ئۇچۇن ۋەھشى ئۇسۇللارنى ئىشلىتىشتە يەنە ئىككىلىنىدۇ ، چۈنكى بۇ چاغدا ھۆكۈمرانلار ئۆزىنىڭ ۋەھشى قىلمىشىنى خەلق ئالدىدا ئاقلايدىغان باھانە تاپالمايدۇ .

بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ بىرەر مەسىلىنى توقۇپ چىقىپ كىشىلەر قەتئىي ئۇرۇنۇپ باقمىغان ، ئۇرۇنۇش ھەققىدە ئويلىنىش تۈگۈل ، ئېسىگىمۇ كېلىپ باقمىغان جىنايەتلەرنى ئۇلارغا دۆڭگەپ ، ياۋۇزلارچە ئازاپلاش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۇلارنى قەتئىي ئويلاپ باقمىغان جىنايەتلەرنى «ئېتىراپ» قىلىشقا مەجبۇرلاش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىدىن بىز گۇمانلانمايمىز . ㉞ . . . . بىراق خەلقلەر بۈگۈن 20 ياكى 30 يىل بۇرۇنقىدەك مۇنداق بىخۇدلۇق ئىچىدە ئەمەس ! بۈگۈن ئۇلار بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنى ياخشى دەپ ئويلاشتىن كۆرە ئەسكى دەپ ئويلاشنى ئالدىنقى قاتارغا قويىدىغان بولۇپ قالدى ، ھۆكۈمرانلارنىڭ «ئىسلام تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ باردى» دىگەن جىنايەت بىلەن بىر جامائەتنى يوقۇتىشى ، خەلقنىڭ غەزەپ نەپرىتىدىن خاتىرجەم ھالدا ۋەھشىلەرچە ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى جازالىشى ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ ، ماھىيەتتە ئاشۇ زوراۋانلارغا نىسبەتەن خەلقنىڭ غەزىۋى ئانچە مۇھىم ئەمەس . . . بىراق ئۆز مەنپەئىتىدىن باشقا ھېچنىمىنى ئويلىمايدىغان بۇ زالىملار مالايلىرىنىڭ خەلق ئالدىدا رەسۋا بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ ، چۈنكى بۇ ئاخىرقى ھېساپتا «ئويۇن»نى بۇزۇپ قويىدۇ ، ۋە كۆزلىگەن نىشانغا

يېتىشكە تۇسقۇنلۇق قىلىدۇ ، بەلكى ئۇلار بەزى چاغلاردا بۇ «كونا مالاي»نىڭ رولىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، يېڭى رەھبەرنى ئوتتۇرغا چىقىرىدىغانلىقىنى قارار قىلىپ بولغان چاغدا ئالدىدا ساداتقا[35]ئۇنىڭدىن كېيىن نىمەيلىغا[36] قىلغاندەك ئۇنى بىراقلا خەلقنىڭ غەزىۋىنى قوزغايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ .

بىز يۇقۇرىدا ۋاقتى كەلگەندە ئۆزلىكىدىن ھەل بولىدىغان ۋە ئەمەلىيەتتە ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان مەسىلىلەرگە كۈچ سەرپ قىلىشنىڭ مىسالىلىرىنى بايان قىلدۇق ، ئۇنىۋېرسىتېتىكى دىنى جامائەت ناھايىتى تېزلا يوقىتىلدى ، بۇزۇق ئەر-ئاياللار ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك بۇزۇقچىلىققا قايتىپ كەلدى .

بىز ھازىر ئىسلام شەرئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش مەسىلىسىگە ئوخشاش ، ھەقىقىي خەتەرلىك مەسىلىلەرنىڭ مىساللىرىنى بايان قىلىمىز ، بۇ مەسىلە پۈتكۈل ئۇممەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە نىسبەتەن ئاساسلىق مەسىلىدۇر ، اللەنىڭ شەرئىتىگە ھۆكۈم سۇنۇشقا ئاتلىنىش «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى» دەيدىغان ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭسىز ئىپلان قىلغىلى بولمايدىغان ئاشۇ بۈيۈك «سۆز»نىڭ بىۋاستە تەلىۋىدۇر .

توغرا ! بىراق !

ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئىپلان قىلغاندىن كېيىنكى بوران-چاپقۇنلارغا قارشى تۇرىدىغان جىھات قىلغۇچى ئاڭلىق مۆئمىنلەر تايانچ بازىسى مەۋجۇت بولۇشتىن ئىلگىرى يەر شارىدا ھەقىقەتەن اللەنىڭ شەرئىتى قەد كۆتۈرۈپ تۇرالامدۇ ؟ . .

. ۋاھالەنكى بوران-چاپقۇننىڭ باشلىنىشى ئاپغانىستاندا بولۇپ ئۆتكەندەك يەھۇدى خىرىستىئانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدۇر .

ئەگەر ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىۋاتقان خەلق ئاپغانىستان خەلقى قىلغاندەك جىھاتقا تەييارلىق قىلمىسا ؛ قورقۇنچ ، ئاچلىق ۋە ئىقتىسادتا زىيان تارتىش ، جاندىن ئايرىلىش ۋە مۈلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى . . . قاتارلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلمىسا ، ئۇنداقتا ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن «خەلقنىڭ بېسىمى» يېتەرلىك بولامدۇ ؟

«ئى مۆئمىنلەر سەبرى ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار ، الله ھەقىقەتەن سەبرى قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر . الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (شەھىدلەر)نى ئۆلۈك دىمەڭلار . بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر ، لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن قەھەتچىلىك بىلەن ماللىرىڭلارغا جانلىرىڭلارغا ، باللىرىڭلارغا ، ۋە زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز ، سەبرى قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن» (2: 152-155)

ئەنە شۇنداق زۆر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان «مۇسۇلمانلار تايانچ بازىسى» قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىش ، ئەلۋەتتە بۇ كۈچنى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ماھىيەتتە ھېچقانداق نەتىجە ئېلىپ كېلەلمەيدىغان ، بەلكى «خاتا تەككەن ئوق»قا ئوخشاش رىئاللىقتا ھېچ ئىش قىلالماي سىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىڭنى دۈشمەنگە ئاشكارلاپ قويىدىغان ئاغزاكى شۇئارلارغا سەرپ قىلغاندىن كۆپ پايدىلىق ئەمەسمۇ ؟ !

ھەقىقەتەن مەسىلە ئىسلام شەرئىتىنى ئەمەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خەلقلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغۇتۇش ئەمەس ! چۈنكى بۇ خىل قىزغىنلىق ھېچنىمىگە يارىمايدۇ ، رىئاللىقنى بىر نەرسىنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ ، ئۇزۇندىن بۇيان بۇ خەلقلەر ئاشۇنداق

ھېسسىيات قىزغىنلىقىدىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىگە بولالماي كەلدى . بۇ خىل ھېسسىيات قىزغىنلىقى قانداق تېز يالقۇنلىغان بولسا شۇنداق تېز ئۆچۈپ قالىدۇ . . . بەلكى ئاشۇ خەلقلەر شەرىئەتنى ھۆكۈمەت قانۇنى قىلىشنى «لاالله الا الله مۇھەممەدۇن‌رسول الله»دىگەن سۆزنىڭ بىۋاستە تەلىۋى دىگەن چۈشەنچە ئاساسىدا ، بۇ مەسىلە ئۈچۈن ئۆزىنى «پىدا» قىلغان چاغدا ، ئاندىن رىئاللىق ئۆزگىرىدۇ .

رىئال ھەرىكەت مەيدانىدا ھېچقانداق ئەمەلىي نەتىجە ئېلىپ كېلەلمەيدىغان ھېسسىيات قىزغىنلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلە ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار . بۇ چوڭ پەرق مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ مۇساپىلىرىنى بايقاشتىكى ئەڭ ئىنچىكە ھەم خەتەرلىك پەرقتىن كېلىپ چىققان . . . كىشلەر ئۆز ئېڭىدا شەرىئەتنى ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى قىلىشى ئۇلارنىڭ دىنىنى تولۇقلايدىغان «تولۇقلىما» بىراق ئۇلار گەرچە اللەنىڭ شەرئىتىدىن باشقا قانۇنغا رازى بولۇپ ، كۆڭۈللىرى سىقىلماي ئۇنىڭغا ھۆكۈم سۈنسىمۇ ، ئوخشاشلا بىز «مۇسۇلمان» دەپ ئويلىغان چاغدا ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەقدىم قىلىدىغىنى ئەنە ئاشۇ ھېسسىيات قىزغىنلىقى بولۇپ بۇ خىل قىزغىنلىق زوراۋانلار اللەنىڭ شەرئىتىنى ھۆكۈمەت قانۇنى قىلىش چاقىرىقىغا قارشى تۇرۇشتا قوللىنىدىغان ياۋۇزلارچە قىيىن-قىستاقتا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . . . ئەمما كىشلەر ئەگەر ئۇلار اللەنىڭ شەرئىتىدىن باشقا قانۇنغا رازى بولسا ، اللەنىڭ ئۆلچىمىدە ھەرگىز مۇسۇلمان بولالمايدۇ ؛ ئەگەر ئۇلار ئىنسانلار اللەنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆزلىرى توقۇۋالغان قانۇنلارغا رازى بولۇپ ، ھۆكۈم سۇنغان چاغدا ، ئۇلارنىڭ ئىمانى كەمتۈك بولمايلا قالماستىن بەلكى قەتئىي مەۋجۇت بولمايدۇ . . . دىگەن ئۇقۇمنى ئېنىق بىلگەن چاغدا . . . ئەنە شۇ چاغدا كىشلەر بۇ مەسىلە ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىنى پەيدا قىلالايدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان ۋە الله رازى بولغان ئىمانىنى تولۇقلايدىغان «تولۇقلىما» مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىمان ۋە كۇپرى مەسىلىسى ئىكەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىدۇ!

كىشىلەر بۇ مەسىلە ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پەيدا قىلمىغۇچە، ئۇنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا قۇربانلارنى بەرمىگۈچە يەرشارىدا اللەنىڭ شەرئىتى ھەرگىزمۇ قەد كۆتۈرمەيدۇ. ئەمما ھېسسىيات قىزغىنلىقىنىڭ سىرتقى قىياپىتى دەۋەتچىلەرنى قانچىلىك ھاڭ-تاڭ قالدۇرسۇن، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلامغا قاراتقان دەھشەتلىك كۈرەشتە ھەقىقى سۇنماس «كۈچ» بولالمايدۇ!

× × ×

مانا بۇ مىساللارنى بىز كۈچىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تېگىشلىك ئورنىغا ئىشلەتمەسلىك ياكى ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ئورنىغا ئىشلىتىشتە كەمچىلىك ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىگە قارىتا بايان قىلىۋاتىمىز، بۇ مىساللار ئىسلامىي ھەرىكەت مەيدانىدا مەۋجۇت بولىۋاتقان تەربىيە خىزمىتىدە ھەقىقەتەن يېتەرسىز تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سەۋەبى توغرا ھەرىكەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئاتلىنىش، خاتا ھەرىكەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن چېكىنىش مۇشۇ دەۋەتكە كېرەكلىك «ئەقىل-پاراسەت»نىڭ بىر قىسمى شۇنداقلا ئۇ ئۆز رولى بىلەن دەۋەتچىلەرنى بولۇپمۇ ئۇلارغا سۈيقەست قىلىۋاتقان، ئۇلارنى ئەڭ ناچار دائىرىدە نازارەت قىلىۋاتقان جاھىلىيەت بىلەن تونجى قېتىم ئۇچرىشىش ۋەزىيىتىنى ئۈستىگە ئالدىغان «قەھرىمان ئەزىمەتلەر»نى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان توغرا تەربىيەنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا دەۋەت خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان كۆپلىگەن ياشلار بەزى «مەسئۇل»لاردا دەۋەتكە قارىتا دەۋەتنىڭ ھەقىقى مەنپەئەتىنى

كۆزلەيدىغان يېتەرلىك سەمىمىيەتنىڭ كەملىكىدىن ؛ ئۆزىنىڭ شەخسى ئىمتىيازى نام چىقىرىش ۋە كۆپلىگەن قوللىغۇچىلارغا ئىگە بولۇش قىزغىنلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرمايۋاتقانلىقىدىن قاقشاۋاتىدۇ .

ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تارازىغا سالساق . . . ئۇنداقتا كىمدۇ بىراۋلارنىڭ بىز يېتەرلىك تەربىيىلىنىپ بولدۇق دېيىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ ؟

× × ×

بىز قاچانغىچە «ھەرىكەت قىلماي» تەربىيىلەۋېرىمىز دەيدىغان كىشىلەرگە ھازىردىن باشلاپ 10 يىل ياكى 20 يىل دىگەندەك ۋاقتى ئېنىق جاۋاپلارنى بىز بىرەلمەيمىز ، چۇنكى بۇ ئېنىق دەلىلىگەن ئاساسلانمايدىغان قارىغۇچىلارچە ئېيتىلغان گەپ بولىدۇ . بەلكى بىز ئەقىلگە ئۇيغۇن ھەجىمدە لاياقەتلىك بازا شەكىللەنگەنگە قەدەر تەربىيىلەشنى داۋاملاشتۇرۇمىز دىيەلەيمىز . . .

شۇنىسى ئېنىقكى بۇنىڭغا مەلۇم «ۋاقت» ياكى مەلۇم «ھەجىم»نى كۆرسىتىدىغان ئوچۇق جاۋاپ بەرگىلى بولمايدۇ . ئەمەلىيەتتە يەرشارىدا بۇنىڭغا ئوچۇق جاۋاب بېرەلەيدىغان ھېچ بىر ئىنساننى تاپقىلى بولمايدۇ . چۇنكى بۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ ئېنىق بەلگىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان غەيبى* ئامىللار مەۋجۇت .

. .

ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھبەرلىكىدىكى تۇنجى جامائەتنىڭ ئىككى قەدىمىنى ۋەھى ئالغا سىلجىتاتتى . . . الله پەيغەمبەرنى دەسلەپتە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرىدى ، پەيغەمبەر مەلۇم مەزگىل كىشىلەرنى الله تەرەپكە

---

* اللەدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان

يوشۇرۇن دەۋەت قىلىشقا باشلىدى ، ئۇلاردىن يەتكەن ئازاپ-ئوقۇبەتنى سەبرى ۋە ئۈمىد بىلەن يەڭدى ، ئوزاققا قالماي ئاشكارا دەۋەت قىلىش ھەققىدىكى ئىلاھى بۇيرۇق نازىل بولدى ، پەيغەمبەر بۇيرۇقنى كەسكىن جاكالىدى ، مۆئمىنلەرگە خاپىلىقلار كەلدى ، بەزىلەردە ئازاپقا قارىتا رەددىيە بېرىش ھېسسىياتى قوزغالدى شۇئان ۋەھى نازىل بولۇپ ئۇلارغا ھاي ، قۇلۇقلارنى يىغىڭلار دىدى ، ئۇلار جىم تۇرۇپ باتۇرلۇق بىلەن ئازاپلارنى ئۈستىگە ئالدى ، ۋاقتى كەلگەندە الله ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بەردى .

«ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە ) رۇخسەت قىلىندى الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر .» (22: 38 )

ئۇنىڭدىن كېيىن الله مۇشرىكلار ئىچىدىن پەقەت مۆئمىنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان كىشىلەر بىلەنلا ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى .

«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھات قىلىڭلار ، تاجاۋۇز قىلماڭلار ، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ .» (2: 189 )

ئۇنىڭدىن كېيىن الله مۇشرىكلار بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى .

«مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك ، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار» (9: 35 )

بۈگۈن ئەلچىلىك ئۈزۈلۈپ پەيغەمبەرلىك ئاخىرلاشتى ، شۇڭا ھەرگىزمۇ قايتىدىن ۋەھى نازىل بولۇپ ، مۇسۇلمانلارغا پالانى يىلغىچە قولۇڭلارنى يىغىڭلار ، پالانى يىلى ئۇرۇش قىلىڭلار دىمەيدۇ . بەلكى يەرشارىدا مەۋجۇت بولغان شارائىتلار ۋە ئىنسانلار ھاياتىدا الله ئۆز تەقدىرىنى يۈرگۈزىدىغان تەبىى قانۇنىيەتلەر بويىچە

ئىزدىنىشكە ۋە بىكىتىشكە توغرا كېلىدۇ .

بۇ قانۇنىيەتلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، ئىسلام ئۇممىتىنى قاپلىۋالغان ؛ ھەتتا بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدە ئىسلامنى تونجى قېتىم غېرىپ بولغاندەك ، قايتا غېرىپلىق ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغان بۇ زۆر ئېغىش پۈتكۈل ئۇممەت ياكى ئاشۇ ئۇممەت ئىچىدىن چىققان بىر توپ جامائەت توغرا يولغا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر داۋاملىشىدىغان ئالاھىدە تىرىشچانلىققا ۋە ئۇزاق زامانلارغا مۇھتاج .

. . . بۇ جامائەت ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلغۇچى دۇنياۋى كۈچلەر بىلەن تىركىشىش ۋە قارشىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ . نەتىجىدە الله ئۇلارنى غەلىبىگە ئىگە قىلىدۇ . ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى زورايتىدۇ . ئۇلارغا كۈچلۈك ئىمان ، مۇستەھكەم ئىرادە ، ھەققانىيەت يولىدىكى باتۇرلۇق ، دۇنيا ھۇزۇرى ئالدىدىكى تەقۋادارلىق ۋە اللەنىڭ ئاخىرەتتىكى ھۇزۇرىنى سېغىنىش . . . قاتارلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ . ئۇلار بۇ خىل كۈچنىڭ تۆرتكىسى ئاستىدا بۈگۈن ئاپغانىستان مۇجاھىدلىرى قىلىۋاتقاندەك باتۇرلۇق ۋە ئۇمىدۋارلىق بىلەن قىيىنچىلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ . مۇناپىقلار ، ئىمانى ئاجىزلار ۋە جاھاتتىن يېنىۋالغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان بىر توپ ئادەملەرنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ كىر-قاسماقلىرىنى تازىلاپ ، كىشىلەرگە ئۆرنەك بولغۇدەك ئالىي ئۇلگە بىلەن ئۇلارنى يۈكسەلدۈرىدۇ .

«پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان ، اللەنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆئمىنلەردۇر . ئۇلار مۇكەممەل رەۋىشتە ناماز ئوقۇيدۇ . بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل-مالدىن (الله يولىدا) سەرىپ قىلىدۇ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلەردۇر ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ

دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋە، مەغپىرەتكە، ئېسىل رىزىققا ئېرىشىدۇ» (8: 2-4)

«مۆئمىنلەر ئىچىدە (رەسۇلۇللا بىلەن غازاتقا چىقىشقا) ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغۇرلۇق) اللەغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى. بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە. ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن) ۋەدىسىنى ھەم ئۆزگەرتكىنى يوق» (23: 33)

«اللە (ئۇنىڭ ئورنىدا) اللە ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان ئۇلارمۇ اللەنى دوست تۇتىدىغان، مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللە يولىدا جاھات قىلىدىغان ۋە ئەيىپلىگۈچىنىڭ ئەيىپلىشىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ» (5: 53)

«نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن اللەغا سادىق ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار اللە يولىدا يەتكەن كۆلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى. اللە ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ» (3: 146)

«دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار اللە يولىدا (جىنىنى، پۇل-مېلىنى پىدا قىلىپ) جاھات قىلسۇن! كىمكى اللە يولىدا جاھات قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز.» (

دېمەك، تەربىيە ئۇچۇن كېتەرلىك ۋاقىت دۈشمەنلەر بىلەن كۆرەش قىلىش مەسئۇلىيىتى ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان تاللانغان جامائەتنىڭ روھى دۇنياسىدا مۇشۇ سۈپەتلەرنى مۇستەھكەملەشكە

كېتەرلىك ۋاقىتتۇر . بۇ ۋاقىتنى ھېچبىر ئىنسان ئېنىق بەلگىلىيەلمەيدۇ . چۈنكى ئۇ بىر غەيبى ئىش . يەنە كېلىپ ئۇنىڭدا ھەر بىر قېتىم ئۇنىڭ تۈرى ۋە مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، نەتىجىنى ئۆزگەرتىدىغان ئۆزگەرتكۈچى ئامىللار مەۋجۇت .

بىرىنچى ئامىل : مۇشۇ ئاساسلىق نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ، بىز كۆرسىتىشكە تېگىشلىك تىرىشچانلىق . بىز قانچىلىك زور تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك ۋاقىتنىڭ يېقىنلىشىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلساق بولىدۇ . ئەمما ئەگەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە سەل قارىساق ياكى توغرا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالمىساق ، ئۇنداقتا ۋاقىت شەكسىز ئۇزىراپ كېتىدۇ .

ئىككىنچى ئامىل : بىز دەۋەت قىلىۋاتقان ۋە تەربىيىلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاۋاز قوشۇش دائىرىسى . بىراق بۇ قەتئىي ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس .

«ھەقىقەتەن سەن ئۆزەڭ ياخشى كۆرگەن ئادەمنى توغرا يولغا باشلىيالمايسەن . بىراق اللە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ . اللە توغرا يولغا ماڭىدىغان كىشىلەرنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ» (56 :28)

اللە بىزنى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلدى . ھەممە نەتىجىلەرگە ئۆزى كاپالەتلىك قىلدى . چۈنكى نەتىجە اللەنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بويىچە تاماملىنىدۇ . ئەگەر بىز ھەر دائىم اللەنىڭ شەپقىتى ۋە ياردىمىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولساق ، ئۇنداقتا بىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتە راستچىل بولالىساق ، شۇ چاغدا اللە دەۋەتكە پايدىلىق نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ . اللەغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بىر ئادەمنىڭ شەھىد بولۇشى بۇ دەۋەت ئۈچۈن مىڭلىغان نۇتۇق ، مىڭلىغان دەرس ، مىڭلىغان كىتابلار

قىلالمايدىغان ئاجايىپ ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئاللاھقا يۈزلىنىش، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئاللاھقا ئىشىنىشتە راستچىل بولغان چاغدا ئاللاھ بېرىشنى ۋەدە قىلغان ياردەمدۇر.

ئۈچىنچى ئامىل: دەۋەتنى ۋە دۈشمەنلەرنى ئوراپ تۇرىدىغان: لاياقەتلىك بازىغا مۇناسىپ ھەجىمنى ئۆز رولى بىلەن بەلگىلەيدىغان شارائىت. ئاللاھ مۇۋاپىق شارائىتنى ياراتقان چاغدا، بىر ئويلىغاندىمۇ كىچىكرەك بىر بازا يەرشارىدا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇرالايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا تايانچ بولالايدۇ. ئاللاھنىڭ تەقدىرى-ئاللاھ ئىرادە قىلغان ھېكمەت سەۋەبىدىن. باشقىچىرەك بولغان چاغدا، بىر مەلۇم مەزگىللەردە پەرزە قىلغاندىمۇ ھەجىمى چوڭراق بىر بازاغا مۇھتاج بولىمىز. بۇ ئىشتىكى ھۆكۈم مەيلى بازاغا كېرەكلىك ھەجىمنى مۆلچەرلەشتە بولسۇن ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان شارائىتنى مۆلچەرلەشتە بولسۇن ئىجتىھات (ئىزدىنىش) قا قالدۇرۇلغان مەسىلىدۇر.

يۇقارقىدەك بىر نەچچە خىل ئۆزگەرتكۈچى ئامىللار-ۋە باشقا كۆپلىگەن ئامىللارمۇ بار- سەۋەبىدىن ھېچبىر ئىنسان ئېنىق بىر ۋاقىتنى بەلگىلەپ، «بىز پالانى يىغلىچە تەربىيىلىنىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ،ھەرىكەت، باشلايمىز» دەپ ئېيتالمايدۇ.

بىراق بىزنىڭ ئىدىيىمىزدە ھەر قانداق ۋاقىتتا تەربىيىنىڭ قەتئىي توختاپ قالمايدىغانلىقى ئېنىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ تەربىيە گەرچە ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ بولسىمۇ- ئۈممەتكە نىسبەتەن ئەبەدىيلىك نىشان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۆلەت قۇرۇلغان چاغدىمۇ ساھابىلىرىنى تەربىيىلەشتىن توختاپ قالمىدى. بەلكى ئاخىرقى مىنۇتقىچە ئىزچىل تۈردەك ئۇلارنى تەربىيىلىدى. مەسىلەن، سىز پەيغەمبەرنىڭ «ۋىدالىشىش ھەج»ىدە سۆزلىگەن

ئۇتقىغا قارالڭ !

. . . پەيغەمبەردىن كېيىنكى يېتەكچى خەلىپىلەرمۇ پەيغەمبەرنىڭ «يولى» بويىچە ئۇممەتنى قۇرئان ۋە ھوقۇق بىلەن تەربىيىلەپ ماڭدى . . .ئۇممەتنىڭ ئېغىپ كېتىشى تەربىيە ئۆلچەملىك بولمىغان ۋە توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن چاغدا باشلاندى . . .

بىزنىڭ بۇ جاۋابىمىز پۇتكۈل ۋاقىت ۋە تىرىشچانلىقنى قاچانغىچە زۆرۈر بولغان تەربىيە خىزمىتى ئۇچۇنلا سەرپ قىلىمىز دەپ سوراۋاتقان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلدى . . .

× × ×

ئەمما تەربىيەنىڭ پايدىسى نېمە؟ بىز ھەرقاچان بىر ئەۋلات ياشلارنى تەربىيىلىسەك ، دۈشمەنلەر ئۇلارنى يوقىتىۋاتىدۇ دېگەن كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا قارىتا بىز يوقىرىدا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان رېئاللىقتىن جاۋاب بەردۇق . ئەمەلىي رېئاللىق شۇنداق جاكالايدۇكى ، دۈشمەنلەر ئېلىپ بېرىۋاتقان قانلىق قىرغىنلار ياشلاردىن تەركىب تاپقان يېڭى «سەپ»لەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ . بۇ سەپلەر بوشلۇقنى توشقۇزۇپ قالماستىن بەلكى ئىزچىل تۇردە بازانى ئەتراپقا كېڭەيتىدۇ .

بىز غەيبنى بىلمەيمىز . . . .بىز بۈگۈن تەربىيىلەۋاتقان ياش ئەته ئۆلەمدۇ ياكى ئۇزاقراق ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆلەمدۇ بۇنى بىلمەيمىز شۇنداقلا بۇ ياش مېڭىۋاتقان يولدا مۇستەھكەم تۇرامدۇ ياكى دىندىن ئازغىنىپ كېتەمدۇ بۇنى بىلمەيمىز . . . بىراق شۇنداقتىمۇ توغرا پرىنسىپ بويىچە ئۇنى تەربىيىلەش ئۇچۇن بارلىق كۈچىمىزنى چىقىرىشىمىز كېرەك . ئەگەر الله بۇ ياشقا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىشنى خالىسا ، ئۇنداقتا بۇ دەۋەتنىڭ كۈچى ۋە ياردىمى بولىدۇ . ئەگەر الله ئۇنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشنى خالىسا ، بۇمۇ

. ئوخشاشلا ـ دەۋەتنىڭ كۈچى ۋە ياردىمى بولىدۇ. ئەمما ئەگەر ئاللە بۇ ياشنىڭ دىندىن ئازغىنىشىپ كېتىشىنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇنداقتا كىم ئاللەنىڭ تەقدىرىگە قارشى تۇرالايدۇ؟ كىم بۈگۈن ياكى ئەتە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلەلەيدۇ؟!

دېمەك، ئۇنداقتا بىز بارلىق ئەھۋاللاردا تەربىيىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە تەربىيىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا نىشانغا يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر يول ئىكەنلىكىگە كەسكىن ئىشىنىشىمىز كېرەك!... گەرچە تەربىيە يولى جاپا-مۇشەققەتلىك، نەتىجىسى ئاستا، ئۇزاققا سوزۇلغان «يول» بولسىمۇ!.....

× × ×

.... پەقەت بولمىغاندا زۆرۈر تەربىيىنىڭ بەزى قەدەم باسقۇچلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر «سۆز» نى دېيىشىمىز كېرەك!... ئۇنداقتا بىز «ھازىرقى رېئاللىقىمىز» ھەققىدە سۆزلەۋاتقان بۇ كىتابتا تەربىيەنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى توغرىلىق ئازراق سۆزلەپ ئۆتمىسەك ھەرگىز بولمايدۇ. بىراق شۇنداقتىمۇ تەربىيىنىڭ پۈتكۈل مۇساپىسى ياكى تەربىيە ئۇسۇلى ھەققىدە تەپسىلى سۆزلەپ بولالمايمىز. چۈنكى بۇ مەخسۇس تەتقىقات مەسىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇ كىتابتىن يېتەرلىك سەھىپە ئاجرىتالمايمىز....

بىز كۆپلىگەن باسقۇچلار ۋە خىلمۇ-خىل ساھەلەر ئىچىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىغان «ئۈچ باسقۇچ»نى سۆزلەپ ئۆتىمىز. گەرچە پۈتكۈل تەربىيە باسقۇچلىرى تەلەپكە لايىق بازا قۇرۇشقا نىسبەتەن ھەقىقەتەن مۇھىم بولسىمۇ، بىراق ئاشۇ «ئۈچ باسقۇچ» تەكىداشىسىز ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى باسقۇچ:

ئۇلۇغ ۋە پاك ئاللە مۇنداق دەيدۇ:

«ھەقىقەتەن اللە رىزىق بەرگۈچى ، كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر »
(51: 58)

ئەگەر سەن «يول » دا كېتىۋاتقان قايسى بىر ئادەمدىن ساڭا رىزىقنى كىم بېرىدۇ ؟ دەپ سورىساڭ ، ئۇ ئەلۋەتتە ساڭا قىلچىلىك ئىككىلەنمەستىن «اللە » دەپ جاۋاب بېرىدۇ .

بىراق سەن بۇ ئادەمگە قارا . ئۇنىڭ رىزىقى قىسسىپ قويۇلغان چاغدا ، ئۇ «پالانى مېنىڭ رىزىقىمنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى » دەيدۇ . ئۇنداقتا بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇمى نېمە ؟

بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇمى شۇكى ، ئۇ تىلى بىلەن سۆزلىگەن بۇ ئوچۇق ھەقىقەت ئەسلىدە ئۇنىڭ قەلبىدىكى «چىن ئىشەنچ » ئەمەس ، بەلكى كاللىسىدىكى «ئوچۇق چۈشەنچە » بولۇپ قالغان ئىدى . بۇ خىل چۈشەنچە تىنچ ۋە خاتىرجەم ۋاقىتتا كاللىدا ئورۇنلاشسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن چاغدا دەرھال تەۋرەپ كېتىدۇ .

بۇ ئىنسان دەۋەتنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى ئۈستىگە ئالالامدۇ ؟

اللە رىزىق بەرگۈچى ، كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى ، اللە تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى ؛ اللە زىيان يەتكۈزگۈچى ۋە مەنپەئەت بەرگۈچى ؛ اللە بەرگۈچى ۋە چەكلىگۈچى اللە پىلانلاپ باشقۇرغۇچى ، پۈتكۈل شەيئى اللەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا . . . دېگەن كەسكىن ئىشەنچ ئۇنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇن ئالمىغان ھەرقانداق شەخس ئاشۇ زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا يارامدۇ ؟

ئەگەر ئىشەنچ بىر مىنۇت تەۋرەپ كەتسە نىمە ئىش يۈز بېرىدۇ ؟ بىز كامىرلاردا بەزى كىشىلەرنى كۆرەتتۇق . بۇ ئىشەنچ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە غىل-پال تەۋرەپ كېتەتتى . ئاندىن ئۇلارنىڭ «يول »دىكى قەدەملىرىمۇ تەۋرەيتتى ! ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە پالانى ياكى

پوكۈنى مەنپەئەت ياكى زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن دېگەن خىياللار كېچەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇلارنى قورشاپ تۇرىۋاتقان قىيىن-قىستاقتىن ئاشۇ «پالانى» قۇتقۇزىۋالىدىغاندەك ھېس قىلىپ ،ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتاتتى . . . نەتىجىدە ئۇلار توغرا يولدىن تېيىلىپ كېتەتتى-دە ، ئۇلارنىڭ دەۋەتچىلىكى رولى ئاخىرلىشاتتى . لېكىن اللەغا تەۋبە قىلىپ ، اللەنىڭ كەچۈرىمى ۋە يېتەكلىشىگە ئىگە بولغانلار بۇنىڭ سىرتىدا )

ئىنسان ئۆز قەلبىدە « . . . الله پىلانلاپ باشقۇرىدۇ ، ئىنسان ھاياتىدا ئارلىشىدىغان ئىنسانىيەت اللەنىڭ تەقدىرىنىڭ ئىجرا بولۇشى سەۋەپلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ، بۇ ئىنسانىيەت ئىنسانغا زىيان يەتكۈزگەن چاغدا ، الله تەقدىر قىلغان زىياننى يەتكۈزىدۇ . ئىنسانغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن چاغدىمۇ ئوخشاشلا الله بەلگىلىگەن مەنپەئەتنى يەتكۈزىدۇ . شۇڭا ئۇ ئىنسان مەيلى ئاشكارا ياكى يۇشۇرۇن ھالەتتە بولسۇن ، اللەدىن باشقىغا يۈزلەنمەيدۇ . ئۇ شۇنى ئېنىق بىلىدۇكى ، ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان بۇ مەخلۇقلار ئىنساننىڭ زىيان ياكى مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ئىگە بولالمايدۇ . ئەگەر ئۇ ئىنسان بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقسا-ۋاھالەنكى دەۋەت يولى تىكەن ۋە قان-ياشلار بىلەن تولغان-اللەدىن ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرغۇزۇشنى تىلەيدۇ . ئۆزىگە يەتكەن ھەرقانداق ئىشقا الله تەرىپىدىن پۈتۈۋېتىلگەن تەقدىر دەپ قارايدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر ئۇ ئىمان يولىدا مېڭىۋاتقانلا بولسا ، ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن «تەقدىر»نىڭ ھەممىسىنى ياخشىلىق دەپ قارايدۇ . چۈنكى مۇئمىنىنىڭ بارلىق ئىشى ياخشى ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە ، ئۇ اللەغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ . بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە ، ئۇ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىدۇ . بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ . . . بىراق



www.uyghurkitap.com

مۆئمىندىن باشقا ھېچكىمگە ئۇنداق بولمايدۇ . . . » دىگەن كەسكىن ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇش ئۇچۇن قانچىلىك سۆھبەت . . . قانچىلىك دەرس . . . قانچىلىك نەسىھەت . . . قانچىلىك يولىيورۇقلار . . غا نەقەدەر مۇھتاج ـ ھە ! ! !

ئەگەر ئۇ ئىنسان ئەمەلىي ھەرىكەتنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدىغان كەسكىن ئىشەنچكە ئىگە بولالمىسا ، ئۇنداقتا ئۇ دەۋەتنىڭ زور مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالامدۇ ؟ !

بۇ ئەقىدىنى ئۆز قەلبىدە كەسكىن ئىشەنچ دەرىجىسىدە مۇستەھكەملەشكە بىر شەخس قانچىلىك مۇھتاج ؟ ئومۇمىي كىشىلەر قانچىلىك مۇھتاج ؟ بۇ ئادەملەردىن دەۋەت بىناسى ، ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت بىناسىغا ـ اللە رۇخسەت قىلغان چاغدا ـ ھۇل بولىدىغان كۈچلۈك «بازا» تەشكىللەش «كەسكىن ئىشەنچ »گە نەقەدەر مۇھتاج ـ ھە ؟ !

پەقەت مۇشۇ ئىش ئۇچۇنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە تولۇق ئون ئۈچ يىل ئۇنىڭدىن كېيىن مەدىنىدە بىر قانچە يىل تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ باردى . ئۇ مەككىدىكى ۋاقتىدا : «ئۆز كۆڭلىدە بىز قاچانغىچە «ھەرىكەت »قىلماي تەربىيىلەۋېرىمىز ؟ » دىمەستىن تەربىيە خىزمىتىني داۋاملاشتۇردى . چۈنكى پەيغەمبەر پەرۋەردىگارىنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن شۇنى ئېنىق بىلەتتىكى ، چوقۇم بۇ ھەرقانداق خىزمەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئاساسلىق «خىزمەت» . . . بۇ بولسا «ئەقىدە» . . . بۇ بولسا «اللە بىر» دەيدىغان كالىلىدىكى ئىقرار ئەمەس ، بەلكى قەلبدە ئورۇنلاشقان ھەقىقى «لااله الا الله» . . . گەرچە بۇ جاھىلىيەتتىكى ئەرەپلەرگە قىيىن تۇيۇلغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇنى زىھنىدا ئېتىقاد قىلىش نىمە دىگەن ئاسان ـ ھە ! . . .

گەرچە جاپا ـ مۇشەققەت ئەقىدىگە ئارلاشقان ھەرقانداق

خاتالىقلارنى ئاشكارلايدىغان كۈچلۈك قورال بولغان بولسىمۇ، بىراق قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىق ھالىتىدە ئوخشاشلا ئەمەلىي ھەرىكىتىنى باشقىسىدا ئاشكارا بولمايدىغان بۇ «خىيالى» ئېتىقادقا ئارىلىشىپ قالغان روھى ۋە ھىسى «چىرىندىلەر» ھامان ساقلىنىپ قالىدۇ.

«بەزى كىشىلەر ‹اللەغا ئىمان ئېيتتۇق›، دەيدۇ. اللەنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى اللەنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ.» (29: 9)

«ئىنسانلار ‹ئىمان ئېيتتۇق›، دەپ قويۇش بىلەنلا سىناققا دۇچ كەلمەيمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق. اللە ئىماندا راستچىللارنى ۋە ئىماندا يالغانچىلارنى چوقۇم بىلىدۇ.» (29: 2-3)

پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن دارىل ئەرقەمدە ئۇچرىشىپ ئۇلارنى تەربىيىلىگەن ۋە ئۇلارغا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارغان... ئۇلارغا توغرا ئەقىدىنى ئۆگىتىپ شۇ ئاساستا تەربىيىلىگەن چۈنكى ئەقىدە كاللىغا قاچىلاپ، شۇ جايدا ئورۇنلاشتۇرىدىغان خىيالى ئۇقۇم ئەمەس! بۇ خىل ئۇقۇملار رېئال دۇنيادا ھېچنەرسىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. ۋە ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ... ئۇ خۇددى «پىل چىش قىرغىقى» پەلەسەپىسىگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ رېئاللىقىدا ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ... بەلكى ئۆزگەرتىدىغىنى «ئەقىدە»دۇر... ئەقىدە قايتا-قايتا... ئارقا-ئارقىدىن مۇستەھكەملىنىپ، نەتىجىدە قەلبىدىكى كەسكىن ئىشەنچىگە ئايلىنىدۇ. قەلبىنىڭ تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پەرۋاز قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە ئىجرا بولىدۇ.

«ئەقىدە» رېئال دۇنيادا مۇشۇ خىل كۆرۈنۈشتە خىزمەت قىلىدۇ... ئۇ ئۆزگەرتىدۇ... يېقىتىدۇ ۋە قۇرۇپ چىقىدۇ..

باتىلىنى يىقىتىپ ئۇنىڭ ئورنىدا ھەقىنى بىنا قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى توغرا ئەقىدە بىلەن تەربىيىلىگەن چاغدا، ئۇ-اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن- ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولغان قەلبىدىكى ئاشۇ كەسكىن ئىشەنچىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. ھەممە بۇ ئارقىلىق اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ئاشۇ تەڭداشسىز روھلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەنكى بۇ روھلار اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن تارىخنىڭ تەڭداشسىز مۆجىزىلىرىنى ياراتتى...

قۇرئان... پەيغەمبەرنىڭ ئۇزۇلمەس يوليۇرۇقلىرى، كېيىنكى ئىبادەتلەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئەمەلىي ئۈلگىلىك ئىش-ئىزلار... جاپا-مۇشەققەتتە پەيغەمبەرنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بولۇشى...ۋە پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئۇلارغا ھەقىقى مېھرى-مۇھەببىتىنى بېغىشلىشى...

ئەنە ئاشۇنداق بارلىق ۋاستىلار بىلەن «ئەقىدە» ئاشۇ تەڭداشسىز ئەۋلاتنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتتى نەتىجىدە ئۇ ئاجايىپ ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن كۈچلۈك «ئىنىرگىيە»بولۇپ قالدى.

. .

ئىسلام ئىككىنچى قېتىم غېرىپ بولغان بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامنىڭ تۇنجى غېرىپلىق مەزگىللىرىدە مۇھتاج بولغان ئىشلارغا بىز نەقەدەر مۇھتاج-ھە! گەرچە بەك يۇقىرى سەۋىيە بىلەن بولمىغاندىمۇ، بەلكى ئىنسانلار ئىسلامنىڭ غېرىپلىقىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىككىنچى قېتىملىق كۆرىشىدە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئوتتۇراھال سەۋىيە بىلەن بولسىمۇ!

بۇ ئىشلارغا قانچىلىك ۋاقت كېتەر؟!... مەن بۇنى بىلمەيمەن. بىراق مەن شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى بۇ كەسكىن ئىشەنچ ھەقىقەتەن زۆرۈر... تەلەپكە لايىق بازا «لااله الا الله»دا ئەكس

www.uyghurkitap.com

ئەتكەن مۇشۇ «ئېتىقاد»ئۇستىگە قۇرۇلىشى كېرەك . بۇ ئېتىقاد كىشىلەر قەلبىنى ئىشەنچىگە توشقۇزۇپ ، ئۇنىڭدىن ئەمەلىي ھەرىكەت شەكىللىنىدۇ .

× × ×

ئىككىنچى باسقۇچ :

ئۇلۇغ ۋە پاك اللە مۇنداق دەيدۇ :

«مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداش» (49: 10)

قېرىنداشلىق ئىنسان بۇ ھەقتە سۆزلەش مۇمكىن بولغان ئەڭ «گۈزەل»مەنىلەرنىڭ بىرى . ئۇ نۇردەك سۈزۈك ۋە پارلاق ، قەلبلەر ئۇچۇن ئىللىق ۋە سۆيۈملۈك ! . . . بىراق اللەنىڭ كىتاۋىدا كۆرسىتىلگەن «قېرىنداشلىق»قايسى ؟

ئىككى ئادەم كەڭرى يولدا تېنچ ۋە خاتىرجەم ۋاقىتتا قېرىنداش بولۇپ ، بىللە ماڭالايدۇ . قولنى قېرىندىشىنىڭ بىلىكىدىن ئۆتكۈزۈپ قول تۇتۇشۇپ بىللە مېڭىپ كېتەلەيدۇ .

بىراق سەن بۇ ئىككى ئادەمگە قارا ! . . . يول بارغانسېرى تارايدى . يولغا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئادەم سىغمايدۇ . شۇڭا بىرى يەنە بىرىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ ! . . ئۇنداقتا كىمنى ئالدىدا قوياي ؟ ! . . . ئۆزۈمنى ئالدىدا قويايمۇ ؟ ياكى قېرىندىشىمنى ئالدىغا چىقىرىپ ، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەيمۇ ؟

ئۇنىڭدىن كېيىن يولغا قارا . يول تېخىمۇ تارىيىپ كەتتى . ئەمدى يالغۇز بىر ئادەمدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەم يولغا سىغمايدىغان بولۇپ قالدى ! . . . بۇ بىرلا پۇرسەت ! . . . يا ماڭا مەنسۇپ ياكى قېرىندىشىمغا . . . . كىمنى ئالدىدا قويۇشۇم كېرەك ؟ . . . بۇ مېنىڭ پۇرسىتىم ، ئۇ ئۆزىگە پۇرسەت ئىزدىسۇن دەيمۇ ؟ ياكى بۇ پۇرسەتنى سەن ئال ، مەن ئۆزەم ئۇچۇن پۇرسەت ئىزدەي دېيىشىم كېرەكمۇ ؟ !

مانا بۇ «ھالقىلىق» مەسىلە ! . . .

قېرىنداشلىق تېنچ ۋە خاتىرجەم ۋاقىتتا ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدۇ . كۆڭۈلنىڭ ئارزۇلىرى بىلەنمۇ زىتلاشمايدۇ . . . بەلكى ئۇ قېرىنداشلىق ئىنسان ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەندە ، ھېس قىلىدىغان روھى خوشاللىق ئۇچۇن تىرىشىدىغان كۈچلۈك ئارزۇلارنىڭ بىرى .

ئەمما قىيىنچىلىق مەزگىلىدە ياكى مەنپەئەت مەسىلىسىدە قېرىنداشلىق ھەقىقى سىناققا دۇچ كېلىدۇ . بۇنىڭدا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بىلىش بىلەن ، ئۆز مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ؛ باشقىلارنى سۆيۈش بىلەن ئۆزىنى سۆيۈش بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ . بۇ خىل ئۆزىنى سۆيۈش ۋە ئۆز مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش تۇيغۇسى تېنچ ۋە خاتىرجەم ۋاقىتتا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېنىق بولىغان بولۇپ ، ئۆزىنى قېرىنداشلىقنى بارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ بولغان ھەقىقى «قېرىنداش» دەپ ئويلاپ قالىدۇ .

الله قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ :

«ئۇلاردىن-مۇھاجىرلاردىن مەدىنىدە يەرلىك بولغان ، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار- ئەنسارلار يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى يەنى مۇھاجىرلارنى دوست تۇتىدۇ . ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۇچۇن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ . ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتىدىن ) ئەلا بىلىدۇ . ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (59 : 9)

پەقەت مۇشۇ ئىش ئۇچۇنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ مەككىدە ئون ئۈچ يىل ۋە مەدىنىدە بىر قانچە يىل ساھابىلىرىنى تەربىيىلىدى . . .

ئۇ مەككىدىكى ۋاقتىدا ئۆز كۆڭلىدە «بىز قاچانغىچە ھەرىكەت قىلماي، ئاشۇ تۈيغۇلارنى تەربىيلەۋېرىمىز؟» دەپ ئويلىمىدى. چۈنكى پەيغەمبەر- پەرۋەردىگارنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن- شۇنى ئېنىق بىلەتتىكى ھەقىقەتەن بۇ اللە پەيغەمبەرنى قۇرۇشقا يېتەكلىگەن «مۆئمىنلەر تايانچ بازىسى»نى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك ئاساسلىق خىزمەت ئىدى... قېرىنداشلىق بولسا «مۇسۇلمان ئۇممەت»نىڭ يادرۇسى بولغان مۆئمىنلەر بازىسىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ زۆرۈر كاپالىتى بولغاندىن باشقا «لاالە الا اللە»نى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

.. شۇڭا «لاالله الا الله»قەلبىدىكى چوڭقۇر «تۈيغۇ»لار بولۇپ قالماستىن، بەلكى اللەنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئىدى. شۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر اللە تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن ھەرقانداق قانۇن-نىزاملارغا رىئايە قىلىش «لااله الا الله»نىڭ كۈچلۈك تەلىۋى ئىدى. اللە بۇنداق قېرىنداشلىقنى ياخشى كۆردى. ماختىدى ۋە ئۇنى مۆئمىنلەرگە ۋاجىپ قىلىپ بېكىتتى. بۇ ھەقتە نازىل قىلىنغان ئايەتلەر خىلى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكىسى ئاشۇ ئايەتلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكرەكى بولسا كېرەك!

«ئى مۆئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائەت يەنە بىر جامائەتنى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن! مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (اللەنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن. مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (اللەنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر-بىرىڭلارنى ئەيىپلىمەڭلار بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار. ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆئمىننى پاسىق) دەپ

ئاتاش نىمىدىگەن يامان-ھە ! (يۇنداق چەكلەنگەن ئىشلاردىن ) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر . ئى مۆئمىنلەر نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (گۇمانخورلۇق قىلماڭلار ) بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر . (مۆئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى ) ئىزدىمەڭلار . بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار . سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرمايسىلەر . اللەدىن قورقۇڭلار . الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان ).تەۋبىسىنى بەكمۇ قۇبۇل قىلغۇچىدۇر . (ئۇلارغا )ناھايىتى مېھرىباندۇر »

(49 : 10-12)

قۇرئان . . . سۆھبەت . . .ئارلىشىش . . ئىزچىل يولىيۇرۇق . . . پەيغەمبەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىكى ئۈلگىلىك ئىش-ئىزلار . . يۈكسەك قەلبىدىن ئۇلارغا تۆكۈلىۋاتقان مۇھەببەت . . . ھەر بىر شەخسكە گويا ئاللاھىدە ئادەملەر سۈپىتىدە كۆڭۈل بۆلۈش . . . جامائەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىمانىي تۇيغۇلارنى ئەمەلىي چىنىقتۇرۇش .

ئەنە شۇنداق بارلىق ۋاستىلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىقى بىلەن ئاجايىپ ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ جامائەتنى ئۇيۇشقان قېرىنداشلاردىن قىلىپ تەربىيىلىدى ۋە بىر-بىرىنى مۇستەھكەملەپ ، بىر-بىرىنى كۈچەيتىپ تۇرىدىغان ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ كۈچلۈك بىنانى قۇرۇپ چىقتى .

ئىسلام ئىككىنچى قېتىم غېرىپ بولغان بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامنىڭ تۇنجى غېرىپلىق مەزگىلىدە مۇھتاج بولغان ئىشلارغا بىز نەقەدەر مۇھتاج-ھە !

گەرچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە بولمىغاندىمۇ بەلكى ئوتتۇرا ھال دەرىجىدە بولسىمۇ ! . چۈنكى مۇناسىۋەت ھەرقانداق بىرسىنى

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرەلەيدىغان ھەرقانداق بېسىم ئالدىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدىغان ئەڭ بۇقىرى چەككە يەتمىسە، ئۇنداقتا جاھىلىيەتنىڭ بېسىملىرى ھەرقانداق مۇناسىۋەتنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ.

بۇ ئىشلارغا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟! مەن بۇنى بىلمەيمەن! بىراق مەن شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى بۇنداق «كۈچلۈك مۇناسىۋەت» ھەقىقەتەن زۆرۈر... جاھىلىيەتنىڭ پۈتكۈل سۈيقەستىگە تاقابىل تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان «بازا» «لاالە الا اللە» ئەخلاقىدىن كەلگەن بۇ «ئەخلاق»نى ئۆزىنىڭ رىئال ھە، بىكىتىدە جەزمەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك!... پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇ اللەنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ. قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۈچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر كېتىۋاتقان يولدا قېرىنداش بولۇپ بىر-بىرىنى يۆلەپ، بىر-بىرىنى قوللاپ ئالغا ئىلگىرلەيدۇ...

× × ×

ئۈچىنچى باسقۇچ

ئىسلام ئۈممىتىگە يۈزلەنگەن «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دىگەن سۆز تەكرارلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە... «ئىنتىزام» ئىنسانلار ھاياتىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى...

ئىسلام تارقالغان مۇھىتنىڭ ھەممىسى ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ئىسسىق بەلباغ ۋە مۆتىدىل بەلباغ رايونلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ خىل مۇھىت ئۆز تەبىئىتىدە ئىنتىزامسىز مۇھىت ھېسابلىنىدۇ!

كۆپىنچە ھالدا بۇ خىل مۇھىتتىكى ھايات كەڭرى ۋە ئازادە بولىدۇ. بىرەر ئادەمنىڭ ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن ئۆلۈپ كېتىشى بەك كەمدىن-كەم يۈز بېرىدۇ. ئازىراق يېمەكلىك بىلەنمۇ جاننى ساقلىغىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ جايدا كۈچنى خوراتىۋېتىدىغان ۋە يېڭى يېمەكلىك ئۈچۈن «يېقىلغۇ»غا مۇھتاج بولىدىغان دەھشەتلىك

سوغۇق مەۋجۇت بولمايدۇ . شۇنداقلا ئىنسان كاللىسىدا كەلگۈسىگە قارىتا تەدبىر ۋە پىلان تۈزۈشكە مۇھتاج بولمايدۇ . چۈنكى ئۇنىڭ ئېڭىدا كەلگۈسىمۇ بۈگۈن بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، بۈگۈننىڭ ئىشلىرى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەرتىپ ۋە كۆپ پىلان بولمىغان بىر خىل سۇرەتتە ئاخىرلىشىدۇ . . شۇ سەۋەپتىن ئىنسان كەلگۈسى ئۈچۈن «پىلان»تۈزۈشكە ، كۆزنى ياكى تەپەككۇرنى يىراق-يىراقلارغا تىكىشكە مۇھتاج بولمايدۇ . ئەگەر «ئەتە» ئۆز قىيىنچىلىقلىرى بىلەن يېتىپ كەلسە ، بىز بۈگۈنكى قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ھەل قىلىۋاتقان «ئىنتىزامسىزلىق»نىڭ ئۆزى بىلەنلا ئۇنى ھەل قىلىۋېتىمىز . شۇنداق بولغاچقا مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇ رايون ئاھالىسىنىڭ خاراكتىرى قاتتىق ئىنتىزامسىزلىق ۋە «چىدامسىزلىق» بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . چۈنكى ئۇلار چىدامچان روھنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىدە ھادىسىلەر يۈز بەرگەن چاغدا قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسە ، دەرھال ئۇنى تاشلاپ باشقا بىر ئىشنى قىلغۇسى كېلىدىغان «چىدامسىز» روھتىن قىلچە پەرىقلەندۇرەلمەيدۇ !

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى شۇكى بۇ مۇھىتتىكى كىشىلەر يالغۇز مۇھىتنىڭ تەسىرىگە تاشلاپ قويۇلغان چاغدا بىر غەلىتە مىللەت بولۇپ ، ئۇلار ئىنتىزامنى ئۆچ كۆرىدۇ . ئۇنى ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ۋە ئۇستىگە ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان ، نېرۋىلارنى چارچىتىدىغان ئېغىر يۈك دەپ قارايدۇ . بۇ ئىنتىزامسىز مىللەت پىلاننى ۋە يىراققا نەزەر سېلىشنى ئۆچ كۆرىدۇ . بۇلارنى زۆرۈرىيىتى يوق نېرۋىنى چارچىتىدىغان ئېغىر يۈك دەپ قارايدۇ ئۇلار ئاخىرقى ھېساپتا قىزغىنلىق ئوتىنى ۋاقىتلىق يورۇتۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى گويا يورۇپ باقمىغاندەك ئوچۇق قالىدىغان ۋە يېڭى تېما ئىزدەپ شاختىن-شاخقا سەكرەپ

يۈرىدىغان چىدامسىز مىللەتتۇر .

مۇھەممەدنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇ خىل خاراكتېرنى ئىسلام تاپشۇرىۋېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن باشقا بىر خەلقنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ .

دەسلەپتىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك بىر ئۈممەتنى قۇرۇپ چىقتى . . . بۇ ئۈممەت ئىنتىزامنى ئۈچ كۈرمەيدۇ . ئىنتىزامغا قارشى چىقمايدۇ . بەلكى ئۇنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايدۇ ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇنىدۇ . . . بىز بۇ يەردە مۇھەممەدنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئەسىرلەرنىڭ قالدۇقلىرى كۆمۈپ تاشلىغان بۇ ئۈممەتنىڭ خاراكتېرىنى ئىسلام ئۆزگەرتكەن چارە-ئۇسۇللارنى كۆپلەپ سۆزلىمەيمىز . . . مەن ھەرقاچان تەرجىمىھال كىتاپلىرىدا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى نامازغا خۇددى جەڭگە سەپكە تىزغاندەك سەپكە تىزاتتى» دىگەن سۆزلەرنى ئوقۇغان چېغىدا بۇ ئۈممەتنىڭ «ئىسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت» بولىشى ئۈچۈن بۇ بۈيۈك تەربىيىچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۈچۈن قانداق تەييارلاۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالاتتىم ۋە ھاياجانلىناتتىم بۇ دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا قانداق ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ دەسلەپتە «ساقايتىش تولىمۇ قىيىندەك تۇيۇلغان كېسەل» سۈپىتىدە ئاشكارا بولغان خاراكتېرنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىدىن ئەجەپلىنەتتىم !

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپنىڭ تۈپتۈز بولغانلىقىنى كۆرمىگىچە نامازنى باشلىمايتتى . ئۇنى بۇنىڭ مۈرىسىگە بۇنى ئۇنىڭ قەدىمىگە چاپلاپ مۇبارەك قولى بىلەن سەپنى تۈزلەيتتى . نەتىجىدە نامازنىڭ سېپىنى جەڭنىڭ سېپىگە ئوخشاش تۈزەيتتى . . . گويا مۇستەھكەم بىنادەك . . .

ئىسلام ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىرىغا مېرى-شەپقەت قىلىدىغان، ئەگەر ئۇلار خاتالىق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇۋالمىسىلا، ئۇلارنى ئەيىپلىمەيدىغان ئالىجاناپلىقىقا، ئىنسانىيەتنىڭ روھىنى مىخانىكا ۋە ئۈسكۈنە دەپ ئەمەس، بەلكى ھېس-تۇيغۇ دەپ قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈشنى تىلىمەيدىغان مېھرىبانلىقىقا ئىگە تۇرۇپ، پۈتكۈل ئىسلام تەرتىپ ۋە ئىنتىزامدۇر.

«تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللەنى ياد ئېتىدۇ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللەدىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نىمە دىگەن ياخشى-ھە!» (3: 134-135)

«اللە-دىنغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن سىلەرنى تاللىدى. سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۈشكۈللۈكنى قىلمىدى» (22: 78)

«اللە سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ. لېكىن اللە سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى پاك قىلىشنى ۋە نىمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ» (5: 6)

ئىنتىزام ئىبادەتلەردە ئالاھىدە رۆشەن گەۋدىلىنىدۇ ناماز، روزا، ھەج، زاكات... قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى بولۇپمۇ ناماز ۋە ھەج ئىنچىكە ئىنتىزام بولغاندىن باشقا ۋاقتى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

قۇرئان مۆئمىنلەرگە بىز بۇگۈن «ئىجتىمائى

ئەدەپ-ئەخلاقلار »دەپ ئاتاۋاتقان ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن قوشۇپ تەرتىپ-ئىنتىزامنى ئۆگىتىدۇ.

«ئى مۆئمىنلەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار. ۋەز-نەسىھەت ئېلىشىڭلار يەنى گۈزەل ئەدەب-ئەخلاقنى رىئايە قىلىشىڭلار ئۈچۈن بۇ يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بىرىپ كىرىش تۇيۇقسىز كىرىشتىن سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا، سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار. ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. اللە سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شەخسى تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان-سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر. اللە سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.»

(24: 26-29)

«ئى مۆئمىنلەر پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلار دىلا كىرىڭلار (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلايۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار. (تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇش) پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ. پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ. اللە ھەقنى (ئېيتىشتىن) خىجىل بولمايدۇ. سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسىنى سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار. مۇنداق قىلىش

سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ .»

(33: 52)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى تەربىيىلىگەن ئىسلام تەربىيىسى ئۇلار ئىچىدىن مىخانىكا ئاساسىدا ئەمەس ، بەلكى «ئىنسانى» ئاساستىكى تەرتىپ-ئىنتىزامغا ئىگە مۇنتىزىم بىر ئۇممەتنى مەيدانغا كەلتۈردى . . . مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئالاھىدىلىگى ، چۈنكى ئۇ ئىسلام پۈتكۈل تەرەپلەردە ئىنساننى ماشىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويماستىن بەلكى ئىنساننىڭ ئىنسانلىقىنى قوغداپ ھاياتنى ئىنتىزاملاشتۇرىدۇ . نەتىجىدە خىزمەت ئۆزىنىڭ ئادا قىلىنىشىكى نىشانى ھېساپلانغان روھى ئۇقۇملىرىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ . بەلكى ئىنسان ئىزچىل تۈردە تەرتىپ ۋە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق نىشانىنى بايقايدۇ . نىشان تەرەپكە ئۇسكۈنىگە ئوخشاش مەجبۇرى ئىتتىرىلمەيدۇ . بەلكى ھەر قېتىمدا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كېلىدۇ . . .

ئىنتىزامغا رىئايە قىلغاندا ئىسلام ئۇممىتىنىڭ خىزمەت سۈرىتىدە قالايمىقانچىلىق كۆرۈلمەيدۇ . چۈنكى ھەر بىر خىزمەتنىڭ يوللۇق قائىدە-تۈزۈملىرى بار . ھەربىر خىزمەتتە شەرىئەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك «مەقسەت»لىرى بار . . . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەر بىر ھەرىكەتتە ئۇنىڭ ھەرىكىتى رۇخسەت قىلىنغان ھالال دائىرىدە كېتىۋاتامدۇ ياكى بۇ دائىرىدىن چىقىپ كەتتىمۇ . . . بۇلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك ! شۇنداقلا قىلىۋاتقان خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسىگە قاراپ ، ئۇنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسىتى بىلەن ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشى كېرەك ! . . .

تەرتىپ-ئىنتىزام ، قائىدە-تۈزۈم ۋە نەتىجىلەرنى تەكشۈرۈش

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئىسلام يىراقنى كۆرەلەيدىغان چىدامچان «روھ»نى تەربىيىلىدى . . . چۈنكى بۇ جايدا ھەر بىر شەخسنىڭ يىراق بىر نىشانى شۇنداقلا پۈتكۈل ئۈممەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك نىشانلىرى مەۋجۇت .

ئىسلام شەخسنى يالغۇز دۇنياغىلا قارىماستىن يالغۇز بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەستىن ، خىزمەت قىلىدىغان ئاساستا تەربىيىلىدى . . . بەلكى ئۇنىڭغا بىر نىشاننى بەلگىلىدى بۇ نىشان پۈتكۈل رېئال دۇنيادىن ، پۈتكۈل ھاياتلىق ئالىمىدىن ھالقىپ ، غەيبى دۇنياغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە باغلىنىدۇ . . . نەتىجىدە ئىنسان بۇ دۇنيادا ، مۇشۇ ۋاقىتتا پۈتكۈل ھىسسى دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن ئەڭ يىراق بىر دۇنياغا قاراپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىدۇ . . . ئۇ ئاشۇ يىراق دۇنيانى يۈرىكىدە گويا كۆز ئالدىدا كۆرگەندەك كۆرىدۇ . . گويا مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەمەلگە ئېشىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر مىنۇت ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان ئاشۇ يىراق نىشان جەننەت ۋە اللەنىڭ مەمنۇنلۇقىدۇر . . . پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىچىدا بۇنىڭدىن يىراقراق بىر نىشاننىڭ تېپىلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ! شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر دائىم ئاشۇ نىشان بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ . ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئاشۇ نىشان بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ؛ ئۆبىسىۋاتقان ھەر بىر قەدەمنىڭ ئاشۇ يىراق نىشانغا قاراپ كېتىۋاتقان يولدىكى قەدەم ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇرىدۇ . . .

ئىسلام ئۈممەتنى شۇ ئاساستا تەربىيىلىدىكى ، ئۈممەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ چەكلىك مۇستەقىل مەۋجۇدىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ياكى ھازىرقى ھالىتىدە ياشاش ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ . بەلكى ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا سوزۇلغان ۋە بۇ

دۇنيادىن ئاخىرەتكە سوزۇلغان بىر نىشانى بار . . . بۇ نىشان پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئىلاھى نۇرغا چاقىرىش يەرشارىدا ئاللەنىڭ كەلمىسىنىڭ ئۈستۈن بولىشى ۋە مۇشۇ ئۈممەتنىڭ قىيامەت كۈنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە گۇۋاھچى بولىشى ئۈچۈن جاھات قىلىشقا چاقىرىش نىشاندۇر .

«شۇنىڭدەك- سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك- كىشىلەرگە-ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە-شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولىشى ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق .» (2: 142)

«دىن يولىدىكى ئازاپ ئاخىرلاشقان ۋە دىن پۈتۈنلەي ئاللە ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار .» (8: 38)

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان : ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائەت بولسۇن ! ئەنە ئاشۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەر .»
(3: 103)

ئىسلام ئۈممىتى تولۇق ئون ئەسىرگە يېقىن ۋاقت مۇشۇ نىشاندىن قەتئىي ئايرىلماي ياشاپ كەلدى . ئۇلارنىڭ بۇ نىشانىغا بولغان قىزغىنلىقى سۇسلاپ قالمىدى . ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات نىشانىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولغان جاھاتتىن قەتئىي يالتايمىدى . مانا بۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تارىخىدىكى «ئەڭ باتۇرانە روھ !» . . .

بىراق بىز يۇقىردا كەڭ دائىرىلىك سۆزلەپ ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈممەت ھاياتىدىكى تەسىرلىرىنى بايان قىلغان ئۇزۇلمەس ئېغىش قەدىمى ئىسلام ھەقىقەتلىرىدە ۋە ئۇ ھەقىقەتلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىغا بولغان تەسىرچانلىقىدا ئىزچىل چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . . . نەتىجىدە كىشىلەر ئاستا-ئاستا مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتتى . . . سەۋەبىي ، روھىيەتنى كونترول

قىلىدىغان جانلىق ئېتىقاد يوقالغان چاغدا ، ئۇ ھەتتا ئۇ بىردىنبىر تەسىر كۆرسەتكۈچى بولۇپ قالىدۇ . . . دەل شۇ سەۋەبتىن ئىسلام ئۈممىتى قانۇن-تۈزۈمنى ئۆچ كۆرىدىغان چوۋالچاق خاراكتېرغا ، پىلاننى ئۆچ كۆرىدىغان ئىنتىزامسىزلىققا ، يىراقنى نەزەرسىلىشنى ياقتۇرمايدىغان ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان غايىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان «چىدامسىزلىق»قا قايتىپ كەتتى . . .

ئەگەر ئۈممەتنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەتقىق قىلغۇچىلارغا ئېنىق بولغاندەك ئۇنداقتا ئۇنى كىم تۈزەيدۇ ؟ ! . . .

غەرىپ بىلەن ئېغىز بۇرۇن يالىشىۋاتقان سىياسىي پارتىيىلەر تۈزەپ بېرەمدۇ ؟ ۋاھالەنكى ئۇلار بۇ خىل «ۋەزىپە»نى ئۆزلىرىنىڭ پراگىراممىسىغا كىرگۈزمىگەن ؛ يەنە كېلىپ ئۇلار «شۇنداق قىلايلى»دىسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلىشقا ئۇلارنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ . . . . بۇ تولۇق بىر ئەسىردىن بۇيانقى تەجرىبە ، ئۈممەت ئاشۇ بىر ئەسىر ئىچىدە غەرپكە تەقلىد قىلىشقا ۋە غەرىپنىڭ «ۋارىيانتى»بولۇشقا ئۆزىنى ئاتقان بولسىمۇ ، بىراق غەرىپ بىلەن ئىتتىپاقلاشقان ۋە غەرپلىشىشكە چاقىرىۋاتقان پارتىيىلەر بۇ ساھەدە ھېچنەرسىنى تۈزىيەلمىدى . ئۈممەت ئىزچىل تۈردە-ئېغىش كۈچىيىپ كەتمىگەنلا بولسا- ئۆزىنىڭ ئىنتىزامنى ئۆچ كۆرىدىغان ، قانۇن-تۈزۈمنى ياقتۇرمايدىغان چۇۋالچاق ۋە تەرتىپسىزلىكى ؛ ئۆتنەك قىزغىنلىقى بىر نەچچە مىنۇت قوزغىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆچۈپ قالىدىغان ئىرادىلەر سۇنۇپ ، تىرىشچانلىق بىكار بولىدىغان چىدامسىزلىقى ئىچىدە ياشاپ كەلدى . . .

كومىنىستىك پارتىيە بۇنى تۈزەپ بېرەمدۇ ؟ ! . . . ۋاھالەنكى ئۇلار بۇنى ئۆزىنىڭ پروگىراممىسىغا كىرگۈزمىگەن ، يەنە كېلىپ

ئۇلار «شۇنداق قىلايلى»دىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلىشقا ئۇلارنىڭ قۇربىي يەتمەيدۇ... مانا بۇلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ كومونىزىم بالاسىغا ئۇچرىغان ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ئوتتۇز يىللاردىن بۇيانقى تەجرىبە... ئەگەر ئۇلاردا ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئېغىشنى كۆچەيتىشۋەتتى دىمىگەندىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىدىن ھېچ نەرسىنى تۈزىتەلمىدى!...

بۇ خىل مۇھىتنىڭ تەسىرلىرىنى ئەقىدىن باشقا ھېچنەرسە يوقۇتالمايدۇ. ھەمدە توغرا ئىسلام تەربىيىسى بىلەن تەربىيىلىنىپ، ئەقىدىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن توغرا ئېتىقاد ئىگىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا ئىقتىدارى يەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى دەل ئاشۇنداق تەربىيىلىدى. بۇ تەربىيە تۈنجى قېتىمدىكىدەك ئىنتىزامچان روھلارنى، مەسئۇلىيەتچان باتۇر «روھ»قىلىپ يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ باتۇر «روھ»لار ئېغىپ كېتىش تەسىرلىرىنى يوقۇتۇپ، ئۇممەتنى تۈنجى قېتىم ئىسلام ئۈستىدە تۇپتۇز تۇرغان ۋاقىتتىكى ھالىتىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بىراق بۇ زۇرۇر «ئىسلاھات» ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»غا يۈزلىنىش نىشانى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇممەتنى اللەنىڭ يارىتىش مەقسىتىدىكى «ياخشىلىق»قا قايتۇرۇپ كېلىش نىشانى بويىچە بولىدۇ.

«سىلەر ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولدۇڭلار، چۈنكى سىلەر ياخشىلىققا بۇرۇپ، يامانلىقتىن چەكلەيسىلەر، اللەغا چوڭقۇر ئىشىنىسىلەر» (3: 110)

بۇ نىشان ھەر قانداق «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»دىن ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ يىباھا... دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئوخشاشلا ھالقىپ كېتىدۇ!

www.uyghurkitap.com

بىر شەخس، بىر توپ جامائەت ۋە «بازا» ئالدى بىلەن مۇشۇ «ئۇقۇم»نى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارغا ئۇنى تەقدىم قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن سۆھبەت كۆپلىگەن دەرس كۆپلىگەن نەسىھەت ... ۋە كۆپلىگەن يولىيورۇقلارغا نەقەدەر مۇھتاج-ھە؟!... نەتىجىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پۈتكۈل ئۇممەتنىڭ ياكى شۇ ئۇممەت ئىچىدىن ئاۋاز قوشقان كىشىلەرنىڭ ھازىرقى كىرزىستىن قۇتۇلۇپ، يۈكسەكلىككە ئىگە بولىشى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇشۇ سۈپەت ۋە مۇشۇ زۆرۈر ئەخلاق بويىچە تەربىيىلەپ چىقىدۇ.

× × ×

ئەنە ئاشۇ ئوخشىمىغان ساھەلەر ئىچىدىكى كۆپلىگەن باسقۇچلار ئىچىدىن تاللانغان تەربىيىنىڭ مۇھىم ئۈچ باسقۇچى! ئۇ قانداقتۇ خىيالى ئۇقۇم ياكى «توقۇنۇش» ئەمەس! بەلكى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن ماراپ ياتقان جاھىلىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان تەلەپكە لايىق «بازا» قۇرۇپ چىقىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى.

بىز تەربىيە ھەققىدە ۋە مېڭىشقا تېگىشلىك ئۇزاق يول ھەققىدە سۆزلىگەن چېغىمىزدا، مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر قىسىم مىساللىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەن بۇ زۆرۈر باسقۇچلارنى مەقسەت قىلىمىز. بۇ مىساللار- ۋە بىز تېخى سۆزلىمىگەن باشقا مىساللار- دىن شۇنى ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تەربىيە مەيدانىدا ناھايىتى ئۇزاق بىر يول بار. بىز «ئەمدى نىمە ئىش قىلىمىز» دىگەن سوئالنى قويۇشتىن ئىلگىرى بۇ يولدىن ماڭمىساق قەتئىي بولمايدۇ.

بىز تەربىيەنىڭ بەزى مەيدانلىرىنى كېسىپ ئۆتتۇق ۋە تېخى يولنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ بارمىدۇق... يەنە بەزىلىرىنى تېخى

مېڭىشقا باشلىمىدۇق . . . تەربىيە مەيدانىدىكى ھەرقانداق ئالدىراقسانلىق ياخشىلىقنى ئېلىپ كەلمەيدۇ . چۈنكى بۇ ھۆلسىز ياكى پۇختا بولمىغان ھۆل ئۆستىگە بىنا قۇرغانغا ئوخشايدۇ . . . بىنا ئۆستىگە كۆتۈرۈلگەنسىرى يىقىلىپ چۈشۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ .

يولنى ئۇزاق ھېساپلاپ ، بۇ جايدا ئەڭ قىسقا بىر يول بار دەپ قارايدىغان كىشىلەر تەجرىبىدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك ! بۇ تەجرىبە مەيلى ھامات پاجىئەسى بولسۇن ياكى سۇداندىكى «سىياسى» تەجرىبە بولسۇن ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك ! ئەگەر بىز ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئالمىساق ، ئۇنداقتا بۇ بىزنىڭ تەربىيىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە «داۋالاش»قا مۇھتاج ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ .

بىز يۇقاردا ئىسلام مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى «ئىختىلاپ»نىڭ سەۋەپچىسى بولغان ئاساسلىق ئىككى مەسىلە ئۈستىدە كەڭ دائىرىلىك سۆزلەپ ئۆتتۇق . ئەمدى تۆۋەندە «ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى سۆزىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى مەيداندا يۈز بېرىۋاتقان باشقا بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە تېز ھەم قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمىز .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## رەھبەرنىڭ يولىيورۇقىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش

بۇ مەسىلە ئىسلام مەيدانلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان جامائەتلەر ئىچىدە بۆلۈنۈش پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ جامائەتلەرنىڭ كۆڭلىگە سىغمىغان ھەرخىل قاراشلاردىكى «ئىختىلاپ»نى تۈگىتىش مەقسىتىدە بىز بۇ مەسىلىنى سۆزلەيمىز. چۈنكى جامائەت ئەزالىرىغا «ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇش» بىلەن جامائەتتىن ئايرىلىپ كېتىش ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلدى. ياكى ئەگەر ئۇلار «ئاڭلىمىسا ۋە بويسۇنمىسا» ئايرىلىپ كېتىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق تەھدىت سېلىندى نەتىجىدە بەزىلەر تەھدىتكە دۇچ كەلگەنلىكتىن كۆڭلىدىكى ئويخشىمىغان نۇقتىنەزەرلەرنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يەنە بەزىلەر يېڭى بىر ئىسلام جامائىتى تەشكىللەش ئۈچۈن ياكى پۈتكۈل ئىسلام خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ يوقۇلۇش دولقۇنلىرىغا غەرىق بولۇش ئۈچۈن جامائەتتىن ئايرىلىپ چىقىشنى تاللىدى.

«ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇش»مەسىلىسى ماھىيەتتە تەربىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى.. بىراق بۇ جايدا بۇ مەسىلىنى ئىلاھى بازا ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەربىيە باسقۇچلىرى. .دىن بەك يىراقتا قويۇپ سۆزلەشكە توغرا كەلدى... چۈنكى بىز ئەگەر سۆزىمىزنى ئۇزىراپ كېتىدۇ. دىمىگەن بولساق، ئەلۋەتتە بۇ جايدا بىر قىسىم گەۋدىلىك مىساللارنى سۆزلەپ ئۆتۈشنى تاللىۋاتقان بولاتتۇق!...

بۇ جايدا ھەقىقەتەن مۇنداق بىر سوئالنى سوراشقا توغرا كېلىدۇ. بىز قورۇپ چىقىشنى ئويلاۋاتقان- مۇۋاپىق شارائىت يار بەرگەن ۋاقىتتا- دۆلەت قانداق دۆلەت؟!

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئۇلۇغ رەھبەر (خەلىپە) قۇرۇپ چىققان «شۇرا دۆلىتى»* مۇ ياكى پۇقرالارنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، ئىجرا قىلىشتىن باشقا ھوقۇقى بولمايدىغان؛ دۆلەتنىڭ يولىيورۇق ۋە ھەرىكەتلىرى توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشىش پۇرسىتى ئۇلارغا قەتئىي بېرىلمەيدىغان ھەممە ئىشنى ئەسكىرى كۇچكە تايىنىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان مۇستەبىت دۆلەتمۇ؟!

كۆپلىگەن جامائەتلەرنىڭ قارىشىچە بۇ جامائەت ئىچىدە پەقەت جامائەت «مەسئۇل»لىرىلا ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىشكە ھوقۇقلۇق ئەگەر ئۇلار بىر قارارنى چىقارسا، بارلىق جامائەت ئەزالىرى بۇ قارارنى قوبۇل قىلىشى لازىم. ئاشۇ «مەسئۇل»لاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىراز بىلدۈرمەستىن بۇ قارارنى ئاڭلىشى ۋە بويسۇنۇشى لازىم... ئەگەر بۇ جامائەتلەر «ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇش»نى رەت قىلسا، جامائەتتىن «ئايرىۋېتىش»تىن ئىبارەت قارىشىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان «جازا»غا ئۇچرايدۇ...

بىز سۆزلىمەكچى بولغان مۇنداق بىر ھەقىقەتنى قەتئىي بولمايدىغان مۇنداق بىر ھەقىقەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك! ئەگەر جامائەت رەھبىرىنىڭ ئەزالىرىغا ئۆزىنىڭ سۆزىنى «ئاڭلىتىش ۋە بويسۇندۇرۇش»ھوقۇقى بولمىسا، ئۇنداقتا بىرمۇ جامائەت ئەمەلىيەتتە بارلىققا كەلمەيدۇ. بىز مۇنداق بىر تارىخىي ھەقىقەتنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتىشىمىز كېرەك! ئەلى-اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن-نى مەغلۇپ قىلىۋەتكىنى ئۇنىڭ پىكىرىگە قوسۇلمىغان ئەسكىرى ئىدى. بۇ ئەسكەر قوماندان بىلەن مۇنازىرىلىشىپ تەكشۈرمىگىچە ئۇنىڭ

* شۇرا دۆلىتى-دۆلەت رەھبىرى خەلقلەر بىلەن ئورتاق پىكىرلىشىش ۋە مەسلىھەتلىشىش ئاساسىدا بېكىتىدىغان ۋە قارار چىقىرىدىغان؛ پۇقرالار رەھبەرنىڭ خاتالىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئوچۇق ئېيتالايدىغان «كېڭەش دۆلىتى»

بۇيرۇقىغا بويسۇنمىدى . قۇماندان ئۆز پىلانى بويىچە چىقارغان قارارىنى بۇ ئەسكەر بۇزۇۋەتتى .

بۇ ھەقىقەت . . . بىراق يەنە بىر تەرەپتىكى ھەقىقەت شۇكى ، جامائەت ئىچىدىكى بىر نەچچە ئادەمنىڭ «مەسئۇل »لۇق سالاھىيىتى بىلەن ھوقۇقنى كونترول قىلىۋېلىپ ، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ۋە ئىتىراز بىلدۈرمەستىن ئۆزىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىشى شەرىئەتكە قارشىلىق قىلىش بولغاندىن باشقا،بۇلارنى ھازىر بايان قىلىمىز-مۇشۇ جامائەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى «ئەسكەر» تەربىيىلەيدىغان ؛ ئەمما رەھبەر تەربىيىلىيەلمەيدىغان بىرىنچى رەھبەر دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئىككىنچى سەپنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئىقتىدارى يەتمەيدىغان قىلىپ قويىدى .

تەربىيەدىكى تەلەپ-بىز يۇقاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك-رەھبەرگە بويسۇنىدىغان ئەسكەرلەر بولىدىغان شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رەھبەر دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان رەھبەرلەر بولالايدىغان جامائەت تەربىيىلەشتۇر . ھەرقانداق رەھبەر بىر كۈنلەردە بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ . بۇ پەيغەمبەرنىڭ تۇتقان يولى پەيغەمبەر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ باتۇر ئەسكەرلەرنى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك رەھبەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدە ئىنسان روھىنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغان شەخسى تەرەپ بىلەن ئىجتىمائىي تەرەپنى ئوخشاشلا يېتىلدۈرگەن . توغرا ، ئىجتىمائىي تەرەپنى يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن شەخسى تەرەپكە بېسىم ئىشلىتىش ئىتائەتمەن ئەسكەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ . ئۇلار قۇماندانغا بويسۇنۇپ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدۇ ، ئەمما مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا يارايدىغان

شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمايدۇ .

دۆلەت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى دەۋەت خىزمىتى يولىنىڭ ھەربىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا ئاشكارا بولىدىغان زۆر مەسئۇلىيىتى بار خىزمەت . ئەگەر شەخسلەر بويسۇنۇش ۋە ئىجرا قىلىشتىن باشقىنى ياخشى قىلالمىسا ، ئۇنداقتا «مەسئۇل»لارنىڭ خاتالىشىشى سەۋەبىدىن پۈتۈن جامائەتنىڭ «تۇيۇق يول»غا كىرىپ قىلىشى نىمە دىگەن ئاسان -ھە !

بىز يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن «شەرىئەتكە قارشىلىق قىلىش»دىگىنىمىز ، ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇش چوقۇم شەرىئەتنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولىشى كېرەك دىگەنلىكىمىزدۇر . چۈنكى «بويسۇنۇش ياخشى ئىشقا قارىتىلغان» ! ! !

«مەسئۇل»لارغا بويسۇنۇش شەرتسىز ئەمەس ! . . . شۇنداقلا مۇنازىرە ، سۆھبەت ۋە مەسلىھەتسىزمۇ ئەمەس ! . . .

بىز ئىسلام خىزمىتىنىڭ رىئاللىقىدىن ئىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ۋە مۇشۇ قىيىنلىق تەرەپتە تەربىيىدىكى يېتەرسىزلىكنىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر نەچچە مىساللارنى كەلتۈرىمىز :

جامائەتلەر ئىچىدىن بىر جامائەت «بىز كىمكى ‹لااله الا الله › دىسە ، گەرچە ئۇ ئىسلام ئەمەللىرىدىن ھېچقانداق ئەمەل قىلمىسىمۇ ئۇ مۆئمىن دەپ ئېتىقاد قىلىمىز»دىسە ،- بۇ قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاشكارا قارىشى كېلىدىغان ئىرجائى ئېقىمدىكى ئازغۇنلارنىڭ سۆزى- ئۇنىڭدىن كېيىن ئەزالىرىنى مۇشۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىسا ياكى قارشىلىق قىلغۇچىلارنى جامائەتتىن ئايرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالسا . . .

جامائەتلەر ئىچىدىن يەنە بىر جامائەت سۈننەت مۇھىم ئەمەس . بىزنىڭ سۈننەت ھەققىدە «ئىجتىھات» (تەتقىق قىلىش)

ھوقۇقىمىز بار . بىز بۇرۇنقىلار ئىشەنچىلىك دەپ ھۆكۈم قىلغان ھەدىسنى ئىشەنچىلىك ئەمەس بۇرۇنقىلار ئىشەنچىلىك ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلغان ھەدىسنى ئىشەنچىلىك دەپ قارايمىز . گەرچە ھەدىسشۇناسلار ئىشەنچىلىك ۋە كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە ھەدىس دەپ قارىغان بولسىمۇ ، بىراق بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا ماس كەلمەيدىغان ھەدىسلەرنى بىز رەت قىلىمىز . . دىسە ، ئۇنىڭدىن كېيىن جامائەت ئەزالىرىنى مۇشۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا زورلىسا ياكى قارشىلىق قىلغۇچىلارنى جامائەتتىن ئايرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالسا . . .

جامائەتلەردىن بىر جامائەت اللەنىڭ شەرئىتىنى ئىنكار قىلىدىغان ، بۈگۈنكى دەۋردە كىشىلەرنىڭ شەرئەتكە ئاساسلىنىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايدىغان ، ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى پرىنسىپلىرىدىن بىر پرىنسىپ دەپ قارىماستىن ، بەلكى سوتسىيالىستىك ئەرەپ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان پارتىيىلەر ئىچىدە ئەكس ئەتكەن شەيتانلار بىلەن ئىتتىپاقلىق ئورنىتىپ ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئەزالىرىنى بۇ ئىشتا ئۆزىنى قوللاشقا ۋە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىسا ياكى قارشىلىق قىلغۇچىلارنى جامائەتتىن ئايرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالسا . . .

مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن چاغدا بىز «ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇش» پرىنسىپىنى شەرئەت ۋە تەربىيە تەرەپتىن ياخشىراق مۇزاكىرە قىلىپ بېقىشىمىز كېرەك ! . . . شەرئەت تەرەپتىن قارىغاندا «بويسۇنۇش» شەرئەتتىكى «توغرا ئىشلاردا بويسۇنۇش لازىم» دىگەن پرىنسىپقا ئۇيغۇن بولىشى كېرەك ! شۇنداقلا بۇ جامائەتنىڭ ئاساسى پروگراممىسىدا ياكى تەربىيە نىزامىدا مەسئۇللار شەرئەتكە قارشى خاتالىقلارنى سادىر قىلغاندا ، ئۇلارنى

بۇ خاتالىقتىن چەكلەيدىغان پرىنسىپلار بولىشى كېرەك! تەربىيە تەرەپتىن قارىغاندا- بۇ شەرىئەت تەرەپ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك -ئەزالار قاچان بويسۇنۇپ، قاچان بويسۇنۇشنى رەت قىلىدىغانلىقنى مەسئۇللارنى ھەقىقەتكە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قاچان ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇلار چوقۇم اللەنىڭ دىنىدا ئالىم بولىشى كېرەك! شۇنداقلا ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇش تەرەپتىن قارىغاندا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالىغۇدەك دەرىجىدە تەربىيىلىنىشى كېرەك! چۈنكى ئۇلار «توغرا مەيدان»غا قارشىلىق قىلىپ تۇرۇپ، ئېجرا قىلغان ھەرقانداق ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇشلىرىدىن اللە ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. شۇنداقلا ئۆزلىرى تەشەببۇس قىلىۋاتقان دەۋەتكە اللە ئالدىدا مەسئۇل بولىــــدۇ. ئۇلارنىڭ «بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىــرىمـــــزغا بويسۇندۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى» (33: 66) دىگەن سۆزلىرى اللە ئالدىدا سەۋەپ بولالمايدۇ.

جامائەت مەسئۇللىرى-ئۇلارنى ھەقىقى ساپ دىل كىشىلەر دەپ قارىغاندىمۇ-جامائەت ئەزالىرىنى قىينايدىغان ئىشلارنى قىلىۋەرسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەزالارنى ئاڭلاشقا ۋە بويسۇنۇشقا زۆرلىسا ياكى قارشىلىق قىلغۇچىلارنى جامائەتتىن ئايرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالسا، ئۇنداقتا بۇندىن ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم پەيدا بولغان چوڭ بۆلۈنۈشلەر داۋاملىق پەيدا بولىدۇ توغرا شەرىئەت قانۇنلىرىغا رىئايە قىلمىغۇچە ئىسلام خىزمىتى داۋاملىق چېچىلىپ كېتىدۇ. خىزمەت قىلىۋاتقان جامائەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدە يېتىلدۈرگەن ھەقىقــى ئىـــسلام روھــــنـــى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن داۋاملىق يىراقتا قالىدۇ...

# لاياقەتلىك رەھبەرلىك

بىز يۇقاردا ئىسلام خىزمىتىنى پاچىلايدىغان ۋە ئۇنى بۆلىۋېتىدىغان سەۋەپلەرنىڭ بىرى كىشىلەر قايىل بولۇش، ياخشى كۆرۈش، قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەش تۇيغۇسى بىلەن چىن قەلبىدىن خۇشاللىنىپ ۋە بويسۇنۇپ ئەگىشىدىغان چوڭ رەھبەرلىكنىڭ يوقۇلىشى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق... چوڭ رەھبەرلىك يوقالغان چاغدا بىر - بىرىگە قارشى تۇرىدىغان، بىر - بىر مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىدىيىسى ۋە ئۆز مەيدانىدىن پەخىرلىنىپ، بىرلىك ۋە ئۇچرىشىش ھاسىل قىلالمايدۇ.

بىز يەنە ئاشۇ لاياقەتلىك چوڭ رەھبەرلىكنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان بىرەر «ۋاستە»گە ئىگە بولالمايمىز. بەلكى بىز بۇ ئىشتا اللەغا بولغان ئىخلاسمەنلىك ۋە ساپدىللىقنى چىڭ تۇتۇپ، اللەغا تايىنىمىز، نەتىجىدە اللەنىڭ بىزنى نىشانىمىزغا يەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالىشىمىز مۇمكىن... دىدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بويىچە ئىمتىھان ۋە سىناقلار جەريانىدا رەھبەرلىك نامايەن بولىدۇ ۋە ئايرىلىپ چىقىدۇ، دىدۇق.

«اللە يامانلىنى ياخشىدىن-مۇناپىقنى مۆئمىندىن- ئايرىمىغىچە، مۆئمىنلەرنى» سىلەرنى-ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ. اللە سىلەرنى غەيبىدىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ» (3: 178)

بىز بۇ جايدا بۇ ئىش توغرۇلۇق يېڭى بىر مەزمۇننى قوشۇمچە قىلمايمىز. بەلكى بىز بۇگۇنكى ۋاقىتتا ئىسلام خىزمىتىگە «مەسئۇل» بولالايدىغان لاياقەتلىك رەھبەرلىك ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمىز... بىزنىڭ دىمەكچى بولغىنىمىز شۇكى،

خىزمەتتىكى ئاجىز شارائىتلار بىردەك ئىچكى ـ تاشقى ئامىللار سەۋەپلىك غايىگە نىسبەتەن بەك نازۇك مەسىلە ، ئىچكى جەھەتتىن بىز يۇقاردا كۆرسىتىپ ئۆتكەن «نادانلىق»ھالىتى مەۋجۇت . بۇ نادانلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىسلامنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق غېرىپلىق مەزگىلىدىكى ئاساسلىق سەۋەپ ، تاشقى جەھەتتە سۇيىقەستچى زەھەرخەندە يەھۇدى ـ خىرىستىئانلارنىڭ دۈشمەنلىگى مەۋجۇت بۇ دۈشمەنلەر ئىسلام خىزمىتىگە زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ئۇنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ئۈچۈن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيلا قالماستىن بەلكى تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ ئىسلامغا قارىشى زەھەرلىك پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ .

بۇنداق نازۇك ئەھۋالدا ئىسلام خىزمىتى مەيدانىدا بىر مۇنچە «مۇرەككەپ قىيىنچىلىقلار»پەيدا بولىدۇ .

ياشلار ئىسلامنىڭ ھەقىقى كۈچىنى يەنى ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى قۇرئان ۋە ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك تونجى ئەۋلات مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئەمەلىيلەشكەندەك قوبۇل قىلغان چاغدا ؛ ھەمدە ياشلار بۈگۈنكى مەۋجۇت رىئاللىقنىڭ مۇشۇ ھەقىقەتلەردىن تولىمۇ يىراقتا قالغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا . . .ئۇلارنى ئوتتەك قىزغىنلىق چىرمىۋالىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى چۈشەنگەن ھەقىقەتكە بولغان ئىخلاسمەنلىگى ئۇلارنى بۇ رىئاللىققا سوكۇت بىلەن قاراپ تۇرماسلىققا ئۈنى كۈچ بىلەن يوقۇتۇش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشكە ئۈندەيدۇ . مانا بۇ جايدىن تۇنجى خەتەر كېلىپ چىقىدۇ . بۇ دەل ئىسلام دۈشمەنلىرىگە ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى «تىرورچى» دىگەن تۆھمەت بىلەن يوقۇتۇش پۇرستىنى ئېلىپ كېلىدۇ . بۇ چاغدا ياشلارغا : «ھەي ، قولۇڭلارنى يىغىڭلار . . . ھۆكۈمەتلەر بىلەن ئاشكارا قارىشىلاشماڭلار . . . چۈنكى بۇ قىلچە ئەھمىيىتى يوق بىر

ئىش . . . ياخشىسى تەربىيىگە قايتىڭلار» . . . دېيىلسە ، شۇئان ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى يوقۇلىدۇ . ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى (بۇ يولدىن ) چېكىنىپ ، باتۇرانە قىياپەتتە بىر چەتكە چىقىپ قاراپ تۇرىدۇ . . . ئۇزاق ئۆتمەي دولقۇنلار ئۇلارنى يۇتۇپ كېتىدۇ - دە ، ئاستا - ئاستا يوقۇلىدۇ .

هازىرقىدەك ئاجىز شارائىتتا ئىسلام خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغان لاياقەتلىك رەھبەرلىك كىشىلەرگە تولۇق تەربىيىۋى ئېنېرگىيەنى بېرەلەيدىغان ، شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە ئۇلارغا «بويسۇنىدىغان ھەمدە كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىسلام خىزمىتىگە بولغان قىزغىنلىقىنى ئۆچۈرۈۋەتمەي ، كېتىۋاتقان يولىدىن قاچۇرىۋەتمەي ، ئۇمىتسىزلىكنىڭ يۇتۇپ كېتىشىگە يوقۇلۇشىنىڭ يەپ كېتىشىگە تاشلاپ بەرمەي ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدىغان رەھبەرلىك بولىشى كېرەك !

بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر ۋە مۇرەككەپ قىيىنچىلىق . . . بىراق بۇ مەككىدىكى تۇنجى غىرىپلىق مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلغان قىيىنچىلىقنىڭ دەل ئۆزى شۇ ! . . ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تولۇق تەربىيىۋى ئېنېرگىيەنى قوبۇل قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە قورەيشلەرنىڭ چىدىغۇسىز ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىگە ئۇچرايتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ۋەھىينىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن «قولۇڭلارنى يىغىڭلار» دەيتتى . . . ئۇلار ئىتائەتمەنلىك ۋە ئۇمىدۋارلىق بىلەن سۈكۈت قىلاتتى . ئېنېرگىيە ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەيدىغان ۋە يوقالمايدىغان جانلىق كۈچ ئىدى . ئۇلار رەھبەرلىككە بويسۇنۇشتىن قەتئىي چېكىنمەيتتى . بەلكى رەھبەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئاللاھنىڭ شەپقىتىگە كۆز تىكەتتى . . .

بۈگۈن بۇ جايدا تەبىئىيلا پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى



www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەرنىڭ تەڭداشسىز رەھبەرلىكى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدىكى رەھبەرلىك ھەرگىز مەۋجۇت بولمايدۇ. بىراق «پەيغەمبەرنىڭ يولى» ئىنسانى دەرىجىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

«سىلەرگە ـ اللەنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە اللەنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ اللەنىڭ ئەلچىسى ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» (33: 20)

بىراق پەيغەمبەردىن «ئۈلگە»نى قوبۇل قىلىدىغان ۋە «پەيغەمبەرنىڭ يولى»نى ئۆزىنىڭ توغرا سۈرىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان رەھبەر... الله تۈنجى غېرىپلىقنى پەيغەمبەرنىڭ قولىدا يوقاتقاندەك، ئىككىنچى قېتىملىق غېرىپلىقنى ئۇنىڭ قولىدا يوقۇتۇشى ئۈچۈن، ھازىرقىدەك ئاجىز شارائىتتا كېرەكلىك ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن؛ رەھبەرلىككە مۇناسىپ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن تەڭداشسىز ئىنسان بولىشى كېرەك!... مانا بۇ قايسى خىل ئەھۋالدا بولمىسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەندەك، «غېرىپ»لارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر.

«غېرىپلارغا مۇبارەك بولسۇن! ئۇلار مېنىڭ كىشىلەر بۇزغۇنچەتكەن يولۇمنى تۈزەيدۇ» *

بۇ رەھبەرلىك ھازىرقىدەك ئاجىز شارائىتتا ماسلىشالايدىغان دەرىجىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر بىلەن بارلىققا كەلگەن چاغدا... مەيداندا چىچىلىپ كەتكەن ھەر قايسى جامائەتلەر توغرا يولنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇزاققا قالماي، مۇشۇ رەھبەرلىك ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ.

---

* تىرمىزى رىۋايىتى

جاھىلىيەت بۇ رەھبەرگە چىدىيالمىغان چاغدا، بۇندىن ئىلگىركى دەۋەت يېتەكچىلىرىنى ئۆلتۈرگەندەك، رەھبەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن دەۋەتنىڭ يېڭى قوللىغۇچىلىرى تۇغۇلىدۇ. توغرا يول ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىكەن «مەشئەل» مەڭگۈ ئۆچۈپ قالمايدۇ!

www.uyghurkitap.com

## جاھىلىيەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇشقا بولامدۇ؟

ئۆزىنى دەۋەتكە بېغىشلىغان بىر تۈركۈم ئىخلاسمەن قىزنىڭقان ياشلاردىن خەتەرلىك بىر كۆرنۈش كېلىپ چىقىۋاتىدۇ . . .

مەلۇم بىر ياشنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتى ئاخىرقى يىلغا قەدەم قويغان چاغدا ، ئۇ تۇيۇقسىزلا ئوقۇش تاشلايدۇ . چۈنكى بۇ (ئۇنىڭ نەزىرىدە ) جاھىلىيەت ھېساپلىنىدۇ . . . ئۇنىڭدىن كېيىن كۈندىلىك تۇرمۇش چىقىمىغا يەتكۈدەك ئاددى خىزمەتتىن بىرنى تېپىپ ئىشلەيدۇ . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بوشلۇقنى «مەن ئۆزەمنى تېزگىنلىدىم ، كۆڭلۈمنىڭ قىزىقىشلىرىنى يەڭدىم . دۇنيا ھاياتىنىڭ گۈزەللىكلىرى ئۈستىدىن غەلبە قىلدىم ، اللە ۋە دەۋەت ئۈچۈن «ئىخلاسمەن »بولدۇم . مەن ئۆزەمنى ھەقىقى «ئۆلگە »گە ئايلاندۇردۇم » دىگەن ھېسسىياتلار توشقۇزىدۇ .

بىز يۇقاردا ئىدىيۋى ھۇجۇم ھەققىدىكى سۆزىمىزدە مائارىپ پروگراممىلىرىنى يولغا قويۇش ئىدىيىۋى جەھەتتە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ خەتەرلىك ۋە ئەڭ چوڭ ئامىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك بىز مەكتەپ ۋە ئىنىستىتۇتلاردىكى «ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى »نىڭ دۈشمەنلىرىمىز بىزنى ئىسلامدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئورناتقان ئوپئوچۇق جاھىلىيەت ″پروگراممىلىرى″ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمايمىز . ئەگەر بۇ پروگراممىلارنىڭ دائىملىق ۋەتەن ، مىللەت ، ئەلمانى ۋە سوتسىيالىزىم . . . تەشەببۇسلىرىنى تارقىتىش ۋە اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەرنى ھەر دائىم خەلققە تونۇشتۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق رولى بولمىغان تەقدىردىمۇ ، ئەلۋەتتە بۇ گۇناھ جەھەتتە يېتەرلىك بولغان بولاتتى .

بىراق ئەمەلىيەتتە بۇ خىل باسقۇچلاردىن قانداقتۇ بىرەر باسقۇچتا توختاپ قالمايدۇ . بەلكى ئاخىرقى ھېساپتا بەندىلەرنى اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋاز كەچۈرۈشنى نىشان قىلىدىغان دىنغا قارشى ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنى قۇرۇپ چىقىدۇ .

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا بۇ جاھىلىيەت مەدەنىيىتىدىن چېكىنىشنى ۋە جاھىلىيەت مائارىپىدىن تۇيۇقسىزلا قول ئۈزۈشنى قارار قىلغان بۇ ياشنىڭ ئىخلاسمەنلىكىدىن بىز گۇمانلانمايمىز . . . گەرچە بۇنىڭدا ئاڭدىكى يېتەرسىزلىكنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئېغىر خاتالىقتا يول قويۇلغان بولسىمۇ ! . . . بىز بۇ تەتقىقاتتا بىر قانچە قېتىم يالغۇز ئىخلاسمەنلىكنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك بولمايدۇ . اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەندەك ئىخلاس بىلەن بىرگە پاراسەت بولۇش كېرەك . دېدۇق .

«ئېيتقىنكى بۇ مېنىڭ يولۇم . مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر كىشلەرنى اللە تەرەپكە ئاڭلىق تۇردە دەۋەت قىلىمىز . اللە پاك مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»

(11: 108)

مۇشۇ خىل شەكىلدە ئوقۇش تاشلاۋاتقان ياشلار بىخەۋەر قالغان ئىش مۇنداق بىر نەچچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

بىرىنچى تەرەپ : ئەگەر بىز جاھىلىيەت ئىلمي ۋە جاھىلىيەت مەدەنىيىتى دىگەن باھانە بىلەن ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچسەك ، ئۇنداقتا بۇ دۈشمەنلىرىمىز بىزگە قارشى پايدىلىنىدىغان قوراللاردىن بىرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولىمىز . چۈنكى كىشلەرنىڭ ئېڭىدا نادانلىق دەۋەت بىلەن ، ئىلىم دىندىن چېكىنىش ۋە دىننى رەت قىلىش بىلەن باغلانغان . (يەنى كىشلەر دىنى ئالىملار مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار دىنسىز بولىدۇ دەپ قارايدۇ ) مانا بۇ دەل ئىسلام ئويغىنىش

ھەرىكىتى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ھالەت ئىدى. دۈشمەنلەر كىشلەرنى دىندىن نەپرەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاشۇ ھالەتتىن ياخشى پايدىلانغان ئىدى.

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىگى- بىز ئۇ ھەقدىكى سۆزىمىزنىڭ باشلانمىسىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك- شۇكى يېڭى دەۋەتنى ئېلىپ بارغۇچىلار «يېڭى مەدەنىيەت» ۋە تەرەققىياتنى قوبۇل قىلغان ئەپەندىلەر ئىدى بىراق ئۇلار شۇنداق تۇرۇپ دىنغا قايتتى ۋە دىنى دەۋەت ئېلىپ باردى... بۇ دۈشمەنلەر ئۈچۈن چىدىغۇسىز تاساددىبىلىق بولدى. يەنە كېلىپ كۆپلىگەن دۈشمەنلەرنى ئۆز پىلانىدىن گۇمانلاندۇرۇپ قويدى. ھەمدە ئۇلارنى ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك بولغانلىقتىن- ئىسلام خىزمىتىگە ۋەھشىلەرچە زەربە بېرىدىغان قىلىۋەتتى. ئاخىرىدا بۇ زەربىلەرنىڭ نەتىجىسىدە اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بازا تېخىمۇ كېڭىيىپ كۆپلىگەن ياشلار ئىسلامغا يۈزلەندى.

ئەگەر بىز بۈگۈن قانداقتۇ باھانە سەۋەپ بىلەن مەدەنىيەت ۋە بىلىمدىن ۋاز كەچسەك، ئۇنداقتا ئىسلامى ھەرىكەت ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قاباھەتلىك كۆرەشتە ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىنىرگىيە ئامىللىرىدىن بىر ئامىلىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. ھەمدە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىدىن ئىلگىركى ۋەزىيەتكە قايتىپ كېتىدۇ... شۇنداق بولغاندا بىز دۈشمەنلەرنىڭ كىشلەرنى دىندىن نەپرەتلەندۈرۈشىگە- بىلمەي ۋە ئويلانماي- ياردەم بەرگەن بولىمىز!

ئىككىنچى تەرەپ، بۈگۈنكى مەكتەپ ۋە ئۇنۋېرسىتىتلاردا ئۆگىتىلىۋاتقان بىلىملەرنىڭ ھەممىسى زەھەر ئەمەس، ھەممىسى زىيانلىق ئەمەس. ھەممىسى بىز ئۆگەنمىسەكمۇ بولىدىغان بىلىملەر ئەمەس!

توغرا، ئۇلار جاھىلىيەت روھىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

. . شۇڭا بىز ئىلمىي نەزەرىيە كىتابلىرىمىزدا ئىلمىي ھەقىقەت شۇكى ، الله ياراتتى . الله «ھەممە نەرسىگە ئۆزىگە مۇناسىپ شەكىل ئاتا قىلدى . ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى ۋە پايدىلىنىش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتتى» * دىگەنىنىڭ ئورنىدا «تەبىئەت» ياراتتى . تەبىئەت پالانى مەۋجۇداتقا مۇنداق خۇسۇسىيەتنى بەردى . . . دەۋاتىمىز . بىز «تەبىئەت قانۇنىيىتى» ھەققىدە سۆزلىگەن چىغىمىزدا ، ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ ئۇلۇغ ۋەرنى توختىتىشقا ، ئۇنى ياكى ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئىقتىدارى يەتمەيدۇ دىگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرۈپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىمىز ۋە بۇ گەپلەرنى ياۋرۇپا مەنبەلىرىدىن تەرجىمە قىلىۋاتقان ئىلىم - پەن كىتابلىرىدىن قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ ئىسىملىرىمىزنى يېزىۋاتىمىز . بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلمايۋاتىمىزكى ، ياۋرۇپادىكى چىركاۋلارنىڭ مەيدانى شۇ جايدىكى ئىلىمنى ئاشۇنداق دىننى دۈشمەن دەپ قارايدىغان روھنى قوبۇل قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان . بىراق بۇ روھ ھەقىقى ئىلىم ئەمەس ! بەلكى ئۇ ئاشۇ ئىلىم بىلەن ئارلاشقان ئىدىيىۋى خاھىش ۋە بۇزۇق خىيال ئىدى .

بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا . . . بىراق بۇ دىگەنلىك بىز دوختۇرلۇق . ئىنژىنىرلىق ، ماتىماتىكا ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەر تۈرلۈك بىلىملەرنى ئۆگەنمىسەكمۇ بولىدۇ دىگەنلىك ئەمەس ! شۇنداقلا بىز ئاشۇ بىلىملەرنى ھاياتىمىزدىن چۆرۈپ تاشلىۋەتسەكمۇ ، بىزنىڭ ھاياتىمىز ئوخشاشلا ساغلام بولىۋېرىدۇ دىگەنلىك ئەمەس ! . . مەسىلەن بۇ بىلىملەر تىرىكلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن زۆرۈر . ئەگەر بىز قانداقتۇ بىر باھانە بىلەن بۇ

---

* (20: 50)

بىلىملەرنى ئۆگىنىسەك بىز مەۋجۇتلۇقىمىزدا مۇكەممەل بولالايمىز. شۇنداقلا زىمىندا خەلىپە بولۇش، يەرشارىدا هۆكۈمرانلىق قىلىش، زىمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت اللەنىڭ بىزنى يارىتىشتىكى مەقسىتىنى ئورۇنداشتىن ئاجىز كەلگەن بولىمىز. دەل شۇ سەۋەپتىن الله ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بارلىق ئىسىملارنى ئۆگەتتى. ئادەم بالىلىرىغا قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى.

«الله سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى. الله سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.» (16: 77)

ئۈچىنچى تەرەپ: بۇ ئۇممەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش.

«دەل شۇنىڭدەك- سىلەرنى ھىدايەت قىلغاندەك -سىلەرنىڭ كىشىلەرگە -بۇرۇنقى ئۇممەتلەرگە- گۇۋاھچى بولۇشىڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە گۇۋاھچى بولىشى ئۈچۈن بىزىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق.» (2: 142)

بۈگۈن يەرشارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىسلام ھەرىكىتى ئازغۇن ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئەجەبا ئۇ ئومۇمەن ھاياتتا، خۇسۇسەن بۈگۈنكى ھاياتتا مۇھىم تەرەپلەردىن بىر تەرەپتە نادان تۇرۇپ ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلەمدۇ؟ ياكى ئۇ ھازىرقى زامان جاھىلىيەت مائارىپىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى نادانلىق يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلىم يولى ئارقىلىق تۈزىتىش كېرەكمۇ؟ !..

ۋاھالەنكى نادانلىق ھېچنەرسىنى قەتئىي توغرا يولغا باشلىيالمايدۇ!

مەن ئۆزەمنىڭ شەخسى تەجرىبەم ھەققىدە سۆزلەيمەن:

مېنىڭ ئالىي مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىكى فىرۇئىد ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىم مېنى ھازىرقى زامان ياۋرۇپا ھاياتىدىكى بۇزۇقچىلىق ۋە غەربىي ئىدىيىسىدىكى ئېغىپ كېتىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى بىلىشكە يۈزلەندۈرگەن ھەمدە تەربىيە ساھەسىدە، پىسخولوگىيە ئىلمىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ساھەلەردە توغرا ئىسلامى پرىنسىپنى تونۇۋېلىشىمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئاچقۇچ بولغان ئىدى.

مەن اللە بىزنى بۇيرىغانداك «جىمى ھەمدۇ سانا بىزنى ئۇنىڭغا يېتەكلىگەن اللەغا بولسۇنكى، اللە بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپالمىغان بولاتتۇق» * دەيمەن.

مەن يەنە بىر تەرەپتىن شۇنداق دەيمەن: ئەگەر مەن غەربىي بىلىملىرىگە خەۋەردار بولۇشتىن قەلبىم ۋە ئىدىيەمنى چىڭ تاقىۋالغان بولسام. مەن ئۇنىڭدىكى «چاتاق» تەرەپلەرنى قەيەردىن بىلىمەن؟ توغرا يول بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، ئىزدىنىشكە قەيەردىن كىرىشىمەن؟!

ياق! بۇنداق «ئىستىل» دىن پەقەت مۇشۇ دىنىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن باشقا ھېچكىم پايدا ئالالمايدۇ!

* سۈرە رغراف 42 ـ ئايەت

# بىز «جاھىلىيەت جەمئىيىتى»دە قانداق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيمىز؟!

بىز «جاھىلىيەت جەمئىيىتى» دېگەن ۋاقتىمىزدا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق بايان قىلىشىمىز كېرەك! چۈنكى ئىسلامنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئاجىزلىق دەۋرىدە كىشىلەرنى قورشاپ تۇرىۋاتقان ئىدىيىۋى «دولقۇنلار» ئىچىدە ناھايىتى تېزلا بۇ «سۆز»نى خاتا چۈشىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

يۇقارىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىز بۈگۈن ياشاۋاتقان جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي جاھىلىيەت جەمئىيىتى. چۈنكى بۇ جەمئىيەتلەر اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنمايدۇ. بەلكى جاھىلىيەت پرىنسىپلىرى ۋە جاھىلىيەت قانۇنلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. اللە قۇرئاندا ئېنىق بايان قىلغاندەك- جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىدۇر.

«ئۇلار جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھۆكۈمدە اللەدىن ئادىل كىم بار؟» (5: 50)

ئايەتنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى ئېنىق. ھۆكۈم اللەنىڭ نەزىرىدە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ ئۈچىنچىسىنى قەتئىي تاپقىلى بولمايدۇ. يا اللەنىڭ ھۆكمى يا جاھىلىيەتنىڭ ھۆكۈمى...

بۇ جەمئىيەتلەر اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن. بىز ئۇنى جاھىلىيەت جەمئىيىتى دەپ سۈپەتلىدۇق. بىراق بۇ سۆزنىڭ ئاشۇ جەمئىيەت ئاھالىسىنىڭ ئېتىقادى بىلەن ئەلۋەتتە مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى بۇ جەمىيەتتە مۇسۇلمانلارمۇ، كاپىرلارمۇ بار. مۇسۇلمان ۋە كاپىرلاردىن

ئارلىشىپ ياشايدىغانلارمۇ بار . جەمئىيەت سوۋىتى ھەمىشە ئاشۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ قانداق ئەقىدە بىلەن ياشاۋاتقانلىقىدىن قەتئىنەزەر ، شۇ جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھۆكۈمەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . . . بۇ خۇددى بىر «دىيار»نى شۇ «دىيار» ئاھالىسىنىڭ * ئەقىدىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ ، ئۇ دىياردا قايسى خىل ھۆكۈمنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگەللىگىنىگە قاراپ «ئىسلام دىيارى»ياكى «كۇپرى دىيارى» دەپ ئاتىغانغا ئوخشايدۇ . مەسىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ، شۇ جايدا اللەنىڭ ھۆكمىنى يۈرگۈزگەن چاغدا ، دەسلەپتە مەدىنە ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي سانىغا نىسبەتەن مۇسۇلمانلار ئاز بولسىمۇ ، بىراق مەدىنە «ئىسلام دىيارى»دەپ ئاتالدى . مۇسۇلمانلار مىسىرنى پەتھى قىلىپ ، مىسىردا اللەنىڭ شەرئىتىنى يۈرگۈزگەن چاغدا مىسىر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ ، بىراق مىسىر يەنىلا «ئىسلام دىيارى» دەپ ئاتالدى . مۇسۇلمانلار ھىندىستاننى ئازات قىلىپ ، ئۇ يەردە اللەنىڭ شەرئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا سەككىزلاپ كەلگەن مۇسۇلمانلار ئومۇمىي ھىندىستان ئاھالىسىگە نىسبەتەن ئاز بولسىمۇ . ھېلىھەم شۇنداق . بىراق ھېلىھەم ئەكسىچە خىرىستىئانلار ئىسلام دۇنياسىدا ئىككى يۈز يىلغا يېقىن داۋاملاشقان خىرىستىئان دۆلەتلىرىنى قۇرغان چاغدا شۇ جايدىكى كۆپ سانلىق ئاھالىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە قارىماي بۇ دۆلەتلەر كۇپرى دىيارى دەپ ئاتالدى .

ئەگەر بىز بۇلارنى چۈشەنگەن بولساق ، ئۇنداقتا بۇ جەمئىيەتلەردە اللەنىڭ شەرئىتىنى قانۇن قىلمىغانلىقى سەۋەپلىك

---

* شەھەر ، زېمىن ، ۋەتەن ، تۇپراق

بىز ئۇلارنى جاھىلىيەت جەمئىيىتى دەپ سۈپەتلىگەن ۋاقتىمىزدا، دەرھال قوزغىلىدىغان «بۇ جەمئىيەتلەردىكى كىشىلەرگە قانداق ھۆكۈم قىلىمىز»؟ دىگەن مەسىلە توغرۇلۇق توختىلۇپ ئۆتەيلى!

بىز يۇقاردا بۇ مەسىلە ھەققىدىكى قارىشىمىزنى ئېنىق بايان قىلىپ، «بىز ھازىر تەلىم ـ تەربىيە باسقۇچىدا، ھەرگىزمۇ كىشىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىش ئورنىدا ئەمەس» دىگەن بولساقمۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىدىكى اللەنىڭ ھۆكمىنى بىلىۋېلىشى ۋە اللەنىڭ ھۆكۈمىنى بىلىۋالغان ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىنى بەلگىلىشى ئۈچۈن اللەنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ھۆكۆمىنى ئېنىق بايان قىلىشىمىز لازىم!

جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتى شۇكى، بۇ جايدا جەمئىيەتكە سايە تاشلاپ تۇرىۋاتقان، اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىقتىن ئىبارەت «جاھىلىيەت سايىۋىنى» مەۋجۇت. . . بۇ سايىۋەن ئۇنىڭ ئاستىدا تۇرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە سايە تاشلايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە اللە تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچىلارمۇ بار. ئەمما سايىۋەن ئاستىدا تۇرىۋاتقان كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغاندەك ـ ئۇلارنىڭ سايىۋەنگە تۇتقان مەيدانىدىن كېلىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا رازى بولسا، ئۇنىڭ قاتارىدىن كىمكى ئۇنى ئىنكار قىلسا ئۇنىڭ ئۆزگىچە ھۆكمى بار.

«. . . كىمكى ئۇلارغا قولى بىلەن جاھات قىلسا ئۇ مۆئمىن كىمكى ئۇلارغا تىلى بىلەن جاھات قىلسا ئۇ مۆئمىن كىمكى ئۇلارغا قەلبىي بىلەن جاھات قىلسا ئۇ مۆئمىن بۇنىڭ ئارقىسىدا قىچىرنىڭ دانىسچىلىك ئىمان يوق»*

---

* مۇسلىم رىۋايىتى

www.uyghurkitap.com

«. . .كىمكى ئۇنى ئۈچ كۆرسە (گۇناھتىن) پاك بولدى. كىمكى ئۇنى ئىنكار قىلسا (اللەنىڭ جازاسىدىن) ساقلىنىپ قالىدى. بىراق كىمكى رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشسە (ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، اللەنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ)»*.

ئەگەر جەمئىيەتنىڭ ھۆكمى ۋە اللەنىڭ ئاشۇ جەمئىيەت ھەققىدىكى ھۆكمى يۇقارقىدەك بولسا، ئۇنداقتا ئاشۇ جەمئىيەتتە ۋەزىپە ئۆتەشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ئەسلىدە «مۇسۇلمانلار»يەنى اللەنىڭ قانۇنىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشىنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەر ئىمكان قەدەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىدىكى جاھىلىيەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىسىمىدىن يىراقراق تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بىراق بۇ پۈتكۈل ئەھۋالدا يۈز بىرسەنت بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن تۇرمۇش شارائىتى مۇشۇ بىسىمنىڭ ئاستىغا كىرىشكە زۆرلايدۇ. بۇ-سەن كۆرۈۋاتقاندەك-كۆپلىگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن زۆرۈر. بۇ زۆرۈرىيەت ئاستىدا ئۇلار قايسى ۋەزىپىلەرنى ئۆتسە بولىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە بۇ توغرۇلۇق ئېنىق بىر جاۋاپنى تاپقىلى بولمايدۇ . . . بىراق بىز ئومۇمىيۈزلۈك قىلىپ شۇنداق دەيمىزكى، ۋەزىپە «ھاكىمىيەت»كە قانچىلىك يېقىنلاشسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنى بۇ ۋەزىپىدىن شۇنچە يىراق بولىشى كېرەك! مەسىلەن: مۇسۇلمان دوختۇر دوختۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىسە بولىدۇ. . . ئۇ ھەركىتىدىكى پاكلىق. قەلبىتىكى پاكلىق ۋە مۇئامىلىدىكى پاكلىق بىلەن ئىسلامدىكى كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر قىلىدىغان «ئۈلگە»تىكلىيەلىشى مۇمكىن. . . شۇنىڭ

---

* مۇسلىم رىۋايىتى

بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە جاھىلىيەتكە بىۋاستە ئارلىشىشتىن يىراق ھالدا ، كەسپى پائالىيەت دائىرىسىدە چەكلەنگەن بولىدۇ . ئىنژىنىرمۇ ھەم شۇنداق ! . . . .

ئەمما ئوقۇتقۇچى ئۇ مەيلى ئۆزى دەرسلىك قىلىۋاتقان ئىسلامغا قارشى پروگراممىلاردا بولسۇن ؛ مەيلى اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان زۆراۋانلارنى كۆككە كۆتۈرۈش مەجبۇرىيىتى ئۇنىڭغا تېڭىلغان چاغدا بولسۇن ، ئوخشاشلا مەلۇم دەرىجىدە جاھىلىيەتنىڭ بېسىمىغا بويسۇنىدۇ . بىراق ئۇ پاك ھەرىكىتى ، يۈكسەك ئەخلاقى ، چاكىنىلىقتىن يىراق تۇرىدىغانلىقى ، ئۆزىدىن ، دىنىدىن ۋە ئەخلاقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقى ھەققىدە مىسال كۆرسىتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچى ۋە شاگىرتلار ئوتتۇرىسىدا ئىسلامنىڭ جاھىلىيەتتىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئەمەلىي سۈرەتتە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ .

بىراق ئاشۇ «ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەر» ئۆزى ئۆتەۋاتقان «ۋەزىپە» نىڭ تۈرىگە ئاساسەن جاھىلىيەتنىڭ بېسىمىغا يىراق ياكى يېقىن بولىدۇ .

بىراق ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇسۇلمان- جاھىلىيەتنىڭ ھۆكۈمىنى ئىنكار قىلىدىغان ئادەم - نىڭ مىنىستىر بولۇش قەتئىي توغرا ئەمەس . . . چۈنكى ئۇ بۇ چاغدا ئاجرىيالمايدىغان دەرىجىدە جاھىلىيەتنىڭ بىۋاستە بېسىمى ئاستىغا چۈشۈپ قالىدۇ . بۇنىڭدىن چوڭراقى ئۇ ئۆزى ئىنكار قىلىۋاتقان جاھىلىيەت ھۆكۈمىتى ياكى اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان زۆراۋانلار بىلەن دوسلۇق قەسىمى ئورنىتىدۇ . ھەمدە اللەنىڭ قانۇنىغا قارشى قانۇن بىلەن بىۋاستە مۇئامىلە قىلىش ئورنىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ . نەتىجىدە ئۇ بۇ چاغدا اللەنىڭ بۇيرىقىغا قارشى ئىش قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايدۇ !

www.uyghurkitap.com

يۇقاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇنى ئاقلاش ھەققىدە ئېيتىلغان ھەرقانداق گەپ ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئاقلىيالمايدۇ.

بىراق بەزى كىشىلەر يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان پادىشاغا مېنى مىسىر زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن مەن ھەقىقەتەن ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى بىلىدىغان ۋە ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن دېگەن سۆزىنى پاكىت قىلىدۇ. *

بۇ خىل ئەھۋالنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىغا قىياس قىلىش تۈپتىن خاتا! چۈنكى پادىشاھ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا «سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەقىقەتەن مەرتىۋىلىك، ئىشەنچىلىك ئادەمسەن» دېمىگىچە، يەنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆزى بۇيرۇق چۈشۈپ، كىشىلەرنى بويسۇندۇرىدىغان ئەمما پادىشاھقا بۇيرۇق قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنمايدىغان دەرىجىدە زېمىننى باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى پادىشاھ ئۇنىڭغا بەرمىگۈچە، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام پادىشاھقا «مېنى مىسىر زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن» دېمىدى.

تۆت كوچا ئېغىز دەل مۇشۇ يەردە!

بۇ جايدا اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان بىر جاھىلىيەت ھۆكۈمىتى بولۇپ، مۇسۇلمان ئادەمگە «بۇياققا كەل بىزگە مىنىستىر بولۇپ بەرگىن چۈنكى پىلاننى ئۆزۈڭ تۈزۈپ ئىجرا قىلىسەن. بىز سىنىڭ ئىشىڭغا ئارلاشمايمىز، بەلكى ساڭا سىنىڭ بۇيرۇقىڭنى ئىجرا قىلىشىپ بېرىمىز، دېسە...» مانا بۇ چاغدا مۇسۇلمان ئادەم بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلسا، ئۆزىدە ئاشۇ ۋەزىپىنى ئۆتىيەلەيدىغان ئىقتىدارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ مىنىستىرلىكنى

---

* (12: 55)

تاللىسا ، ئۆز ئورنىدا دەۋەتنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈك بولۇپ ، اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ . . . بىراق مۇشۇنداق ئىش بىزنىڭ بۇ دۇنيارىمىزدا يۈز بېرەرمۇ ؟ !

بۇنداق ئىش يۈز بەرمەيدىكەن ، ئۇنداقتا دەۋەت ئېرىشكەن ھەرقانداق ۋاقىتلىق نەتىجە-ئۇنىڭ ئېرىشكىنى شەكسىز ۋاقىتلىق نەتىجە بولىدۇ .-كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىنى بۇرمىلاشتىن ھەمدە ئىسلام ھۆكۈمىتى ئۇنىڭسىز قۇرۇلمايدىغان يەرشارىدا كۆچىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بوللالمايدىغان «مۇسۇلمانلار تايانچ بازىسى»نىڭ قۇرۇلۇشىنى كىچىكتۈرۈشتىن پەيدا بولغان زىياننىڭ ئورنىنى ھەرگىز تولدۇرالمايدۇ !

## بىز ئىسلام تۈزۈملىرىنىڭ «ئىلغارلىق» تەرەپلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىسلامغا قىزىقتۇرامدۇق؟

بەزى كىشىلەر ياشلارغا ئىسلام تۈزۈملىرىنىڭ ئىلغارلىق تەرەپلىرىنى سۆزلىگەنلىكىمىز ... بۇ «قىزىقتۇرۇش ... ياكى دىللارنى كۆندۈرۈش»نى مەقسەت قىلغان. چۈنكى ياشلار ئىدىيىۋى ھۇجۇم سەۋەبىدىن ـ ھازىرقى زاماندىكى ئېقىملار ـ دېموكراتىيە بولۇپمۇ سوتسىيالىزم ـ نىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچراۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئىسلامنى توغرا تونۇش يوقالغان چاغدا ئىدىيىۋى، ھۇجۇم پەيدا قىلىۋاتقان ئاشۇ «ئېزىقتۇرۇش»قا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام تۈزۈملىرىنىڭ ئاشۇ تۈزۈملەردىن ئىلغار ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. دېيىشىدۇ.

بىز ئىسلام تۈزۈملىرى ھەققىدە ئەسەر يېزىۋاتقان بىرەر يازغۇچىغا ئېتىراز بىلدۈرمەيمىز ...

بىراق بۇ جايدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە خاتالىق بولۇپ بۇلارغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك!

بىرىنچى خاتالىق: ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىش!

ئىسلامغا دۈشمەنلەر تۆھمەت چاپلىدى، بىز ئىسلامنى مۇدائىپە قىلىش ئۈچۈن دەرھال قەلەم تەۋرىتىشىمىز كېرەك دەپ قاراش ئۆيىراق بولۇشقا تېگىشلىك خاتا يول ... چۈنكى ئىلاھى تۈزۈم ئىنسانىنىڭ ئۇنى «تۆھمەت»تىن پاكلاش ئۈچۈن مۇداپىئە قىلىشقا ۋە كىشىلەرنىڭ تۆھمىتىدىن پاك ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشقا مۇھتاج ئەمەس. ئەگەر بىز بىرەر مىنۇت اللەنىڭ دىنى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئۇنىڭ مەيدانىنى پاكلاشقا مۇھتاج دەپ

ئويلساق ئۇنداقتا بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدا «چاتاق» بولغان بولىدۇ.

ئىنسانلار ھەمىشە دەۋەتچىلەرنىڭ ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى «بايان» قىلىپ بېرىشكە مۇھتاج!

«بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار بۇ قۇرئاننى پىكىر قىلىپ، ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ نازىل قىلدۇق» (16: 43)

ئۇنداقتا توغرا ئۇسۇل كىشىلەرگە ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش! چۈنكى ھەرقايسى دەۋىردىكى ئەۋلاتلار، بولۇپمۇ ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى بىلمەسلىك كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلام ئاجىزلىشىپ قالغان بۈگۈنكى دەۋىردىكى ئەۋلاتلار بۇ خىل «بايان» غا ئىنتايىن مۇھتاج!... ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش جەريانىدا بىلمەسلىك سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئۆزلىكىدىن پەيدا بولىدىغان ياكى دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنى دىندىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن قوزغاۋاتقان خاتا چۈشەنچىلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتسەك، ھەمدە ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، خاتا چۈشەنچىلەرنى ئېچىپ تاشلىساق تامامەن بولىدۇ.

ئەمما بىر قىسىم مۇسۇلمان يازغۇچىلار ئىسلامنى «موداپىئە قىلىش» خاتالىقىغا چۈشۈپ قالدى. — مەنمۇ ئۆزەمنى ئاقلىيالمايمەن؛ شەرىقشۇناسلار ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرى «زىيالى» ياشلارنى دىندىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن قوزغاۋاتقان قاباھەتلىك ئۆزۈلمەس ھۇجۇمغا قارىتا ئېچكى مەغلۇبىيەت تەسىرلىرى ھەمىشە دىگۈدەك كۆڭۈللەردە پەيدا بولغان چاغدا دەل ئاشۇنداق خاتالىق يۈز بېرىدۇ.

مەن دۈشمەنلەر قوزغاۋاتقان بىر قىسىم خاتا چۈشەنچىلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن خېلى بۇرۇنلا «خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ئىسلام» ناملىق كىتابنى يازغان ئىدىم. گەرچە بۇ كىتاپ ئەمەلىيەتتە

ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان «مۇداپىئە قىلىش»بولۇپ قالمىغان بولسىمۇ، بىراق ھازىرقى زامان ياۋروپا جاھىلىيىتىگە قارىتا كۈچلۈك ھۇجۇم بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ خىل ھۇجۇم ھازىرقى زامان شەرقشۇناس «ۋۇلفىردكانتۇل سىمىت»نىڭ قاتتىق چېلىشىغا تەگدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئىسلام» ناملىق كىتاۋىدا بىر قانچە قېتىم مېنىڭ كىتاۋىمغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئاشۇنداق تۇرۇپ مەن كىتاپىمنىڭ يەتتىنچى قېتىملىق (ۋە ئۇن بىرىنچى قېتىملىق) نەشرىنىڭ كىرىش سۆزىدە كىتاپىمنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا قارىتا قارىشىمنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدىم. * قوللۇنۇشقا تېگىشلىك توغرا «ئۇسلۇب» ھەقىقىدىكى قارىشىمنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئالدى بىلەن كىشىلەرگە ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى ئېنىق بايان قىلىش، ئەمما خاتا چۈشەنچىلەرنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا رەدىيە بەرمەسلىكنىڭ كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم ھەمدە كىتاپىمنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دىدىم: «ئەگەر بۇ كىتاپ مېنىڭ ئىجازىتىمسىز ۋە مېنىڭ خەۋرىمسىز كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ۋە بېسىلىپ كەتمىگەن بولسا؛ مەن بۇ كىتاپنى كىتاپلىرىمنىڭ تىزىملىكى ئىچىدىن چىقىرىۋەتمەكچى ئىدىم. بىراق ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا مەن ئۇنىڭ «ئۇسۇلۇب» ىدىكى خاتالىقنى ۋە مۇشۇنداق خاتا چۈشەنچىلەرگە نىسبەتەن توغرا «ئۇسۇل» قوللۇنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى شۇ پېتى قالدۇرۇپ قويدۇم.»

ئىككىنچى خاتالىق: يازغۇچىلارنىڭ ئىسلامنى مۇداپىئە

---

* ئاپتور بۇ كىتاپنىڭ 11 ـ قېتىملىق نەشرىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق يازىدۇ: «مېنىڭ كىتاپتا كەلتۈرگەن "مەلۇماتلار"غا قارىتا مەيدانىم ئۆزگەرمىدى بەلكى كىتاپنىڭ يېزىلىش "ئۇسۇلۇب"ىغا قارىتا مەيدانىم ئۆزگەردى. "خاتا" چۈشەندۈرۈلگەن ئىسلام» ناملىق كىتاب ئەرەپچە 7-بەت.

قىلىشقا قىزىققىپ، ئىسلامى بولمىغان چۈشەنچىلەرنى ئىسلام ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويۇش. مانا بۇ دەل دۇشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدىكى روھى مەغلۇبىيەت تەسىرلىرىدىن بىر تەسىر.

بىز ئىسلام ئاياللارغا «ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى» بەرگەن بارلىق ھوقۇقلارنى بېرىدۇ دىگەن ۋاقتىمىزدا...

بىز شەخسى مۈلۈكچىلىك زىيان كەلتۈرىدىغان ئەھۋالدا، ئىسلام دۆلەتكە ئىقتىساتلارنى يىغىۋېلىش ۋە ئۇنى خەلققە تارقىتىپ بېرىش - گەرچە بۇ يىغىۋېلىش توغرا بولسىمۇ - ھوقۇقىنى بېرىدۇ دىگەن ۋاقتىمىزدا...

بىز ئىسلام ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە تۈزۈملىرىگە قارىتا «ئېچىۋېتىش»نى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى رەت قىلمايدۇ... ئىسلام دىموكراتىك تۈزۈم ياكى سوتسىيالىستىك تۈزۈم دىگەن ۋاقتىمىزدا...

بىز بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىدا ياخشى نىيەت بىلەن كەلتۈرگەن مۇشۇنداق گەپلەرنى دىگەن ۋاقتىمىزدا- «مۇداپىئە»نىڭ ئۆزى اللەنىڭ كىتاۋىغا نىسبەتەن يىراقتىكى گەپ بولغاندىن باشقا-بىز بۇ خىل مۇداپىئە ئارقىلىق ماھىيەتتە ئىسلامغا خىزمەت قىلغان بولمايمىز. بەلكى نۇرلۇق ئىسلام ھەقىقىتىنى تۇمانلاشتۇرۇپ، ئىسلام ئىچىگە - ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا -ئىسلامدا يوق چۈشەنچىلەرنىي كىرگۈزۈپ قويغان بولىمىز.

ھازىرقى زامان جاھىلىيەت «مەدەنىيىتى» ئايالغا-خۇددى ئەرلەرگە بەرگەندەك - شەخسى ئەركىنلىك نامى بىلەن بۇزۇقچىلىق، ھاياسىزلىق ۋە رەسۋالىق... ھوقۇقىنى بەردى. ئىسلام ئەر ياكى ئايالنىڭ ئاشۇنداق بولۇشىغا يول قويامدۇ؟ بۇ مەدەنىيەت ئاياللارنىڭ مەۋجۇدىتىگە ئەرلەر بىلەن بارابەر بولۇش ئىدىيىنى سىڭدۈرۈپ، ئايالنى "ئەرلەشتۈرۈش" ۋە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاياللىقنى بۇزۇش خىزمىتىنى ئۆتەۋاتىدۇ . ئىسلام بۇنىڭغا قوشۇلامدۇ ؟ شۇنداقلا بۇ مەدەنىيەت ئەرلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئاياللارنىڭ يۈرىكى سىقىلىدىغان ئاياللار ئەرلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە ھۆرمىتىنى سۇندۇرۇۋاتقان دۈشمەنگە قارىغاندەك قارايدىغان ھالەتنى پەيدا قىلىدۇ . ئاشۇ جاھىلىيەت ئاياللارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە پەيدا قىلىپ ، الله ئەر - ئايال قىلىپ ياراتقان ھېكمەتتىن ئۇلارنى چىقىرۋەتكەن بۇ خىل زور ئۆزگىرىشنى ئىسلام قوبۇل قىلامدۇ ؟ ۋاھالەنكى الله ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاراملىق ۋە مېھرى - مۇھەببەتنى بارلىققا كەلتۈردى . ئەمما جاھىلىيەت ئۇنى تەۋرىنىش دۈشمەنلىك پاچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈشكە ئۆزگەرتىۋەتتى .

«ئاياللار بىلەن ئۇنىسى -ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (اللەنىڭ )ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى ، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا ) مېھرى - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللەنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر .» (30: 21)

ئىپلاس شەرقشۇناسلار ئاياللار مەسىلىسىدە ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ، ئىزچىل تۇردە : «ئىسلام ئايالىنى كەمسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىنسانى ھوقۇقىنى بەرمەيدۇ »دەيدۇ . ئۇلار بۇ ئارقىلىق بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ئوتتۇرغا چىقارماقچى بولىدۇ . بۇ ئادەملەر ياخشى نىيەت بىلەن ئىسلامنى «مۇداپىئە »قىلىپ ، «ياق ! ئىسلام ئايالغا ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بەرگەن بارلىق ھوقۇقلارنى بەردى .» دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەننىڭ ئالدىنئالا ئۇلارغا قۇرۇلغان «قاپقىنى»غا چۈشىدۇ . ئاياللارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەخلاقىدىكى بۇزۇلۇش پاجىئەسىنى ئىسلام سايىۋىنى ئاستىغا سۆرەپ كىرىدۇ . . . يەنە بىر تۈركۈم شەرقشۇناسلار

ئوتتۇرغا چىقىپ ـسۇيقەستىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ـئىسلام ئاياللارغا قارشى تۇرمايدۇ . ۋە ئۇنى كەمسىتمەيدۇ . بەلكى ئىسلام دىگەن تەرەققىيات ۋە ئىلگىرلەشكە ئىجازەت بېرىدىغان مەدەنىي تۈزۈم . چۈشەنمىگەن كىشىلەر ئېيتقاندەك ئۇدوگما ، قاتمال دىن ئەمەس . دېيىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى دەلىللەشكە ئالدىرايمىز ۋە «ئىنساپلىق»شەرىقشۇناسلارغا قاراڭلار ، ئۇلار ئىسلامنىڭ ئىلغار مەدەنىي تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى . . . دەيمىز !

ئىسلامدىكى «ئۇرۇش»نى مۇداپىئە ئۇرۇشى دېيىشىمۇ دەل ئاشۇنداق مەسىلىلەرنىڭ بىرى !

شەرىقشۇناسلار داۋاملىق ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئىسلام قىلىچ بىلەن تارقالدى دېيىشىدۇ . ھەممە بۇ ئارقىلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئوتتۇرغا سەكرەتمەكچى بولىدۇ . بۇ كىشىلەر - ياخشى نىيەت بىلەن ياق ! ئىسلام پەقەت دۈشمەننى چېكىندۈرۈش ئۈچۈنلا «مۇداپىئە» ئۇرۇشى قىلىدۇ . دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىدىن قۇرۇلغان قاپقانغا چۈشىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ دەۋەت تارقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان «جاھات»نى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ . چۈنكى ، بۇ جاھات ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنى قورقۇتىدىغان ئەڭ قورقۇتىدىغان خەتەر ھېسابلىنىدۇ .

ئىسلام- اللەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلىچىنى ئىشلىتىدۇ . بىراق بۇ ئېتىقادنى كىشىلەرگە زورلاپ تېڭىش ئۈچۈن ئەمەس . بەلكى ئۆز مەۋجۇتلۇقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى كۆرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان جاھىلىيەت تۈزۈملىرى يوقۇتۇلسا ، كىشىلەرگە ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلىدۇ . ئىسلام ئەقىدىسى ئۇلارغا تېڭىلمايدۇ . تارىختا قىبتىلار مىسىردا ، خىرىستىئانلار

سۈرىيە ۋە لىۋاندا ، ئاتەشپەرەسلەر ھىندىستاندا ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قالدى . ھېچكىم ئۇلارنى ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىمىدى .

كوممۇنىزم ئىسلامنىڭ شەخسى مۈلۈكچىلىككە رۇخسەت قىلىدىغانلىق تەرىپىنى تۇتۇۋېلىپ. كوممۇنىزىم شەخسى مۈلۈكچىلىككە قارىشى تۇرۇدۇ-ھەردائىم ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىدۇ . ھەمدە بۇ ئارقىلىق بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ئورنىدىن دەس تۇغۇزماقچى بولىدۇ . چۈنكى بۇ ئادەملەر دەرھال ئوتتۇرغا چىقىپ ياخشى نىيەت بىلەن ئىسلامنى «مۇداپىئە»قىلىش مەقسىتىدە ئىسلام «ئىجتىمائىي ئادالەت»نى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن دۆلەتكە ئىقتىسادىنى يىغىۋېلىش ۋە ئۇنى خەلققە تارقىتىپ بېرىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەنىنىڭ ئالدىدىن يېيىلغان «تورىغا» چۈشىدۇ ۋە «سوتسىيالىزىم»نى ئىسلام ئىچىگە سۆرەپ كىرىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ كوممۇنىزىمنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاساسلىق نىشانلىرىدىن بىرى . . . ھازىر مەۋجۇت پىلان روسىيىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە كوممۇنىزىمنىڭ ھۇجۇمىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسلامنى ئۆز ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا سوتسىيالىزم كىيىمىنى كىيدۈرۈش ئارقىلىق ، ئىسلام نامىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر تۈركۈم .كوممونىزم تەشۋىقاتچىلىرىنى ئىسلامنى قايتا «قۇرۇش»قا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت !

ئىسلام ئىجتىمائىي ئادالەتنى تۇرغۇزۇش ھەمدە جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە خىلاپلىق قىلىش سەۋەبىدىن بۇزۇلغان چاغدا ئۇنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس ئۇسۇل قوللىنىدۇ . بىراق ھالال يولدىن ئېرىشكەن ئىقتىساتنى مۇسادىرە

قىلىش * ۋە ئۇنى خەلققە تارقىتىپ بېرىش بۇ ئۇسۇللارنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ . . . بۇ جايدا بۇ مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق بايان قىلىشقا ئورۇن يوق . . . بىز پەقەت ياخشى نىيەت بىلەن ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالغان خاتا ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز . . .

ئىسلامنىڭ مەدەنىيەت ۋە تۇزۇملەرگە قارىتا «ئېچىۋېتىش» مەسىلىسىمۇ دەل ئاشۇنداق مەسىلە .

ئۇ ئىسلامنى بۇرمىلاش ئىسلامنىڭ ئۆزىدىن باشقا تۇزۇملەر بىلەن ئارلاشمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قېتىلمايدىغان ئىلاھىي تۇزۇم بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان تۇپ يىلتىزنى يوقۇتۇش چاقىرىقىدۇر .

«دەل شۇنىڭدەك سىلەرنى ھىدايەت قىلغىنىمىزدەك سىلەرنىڭ كىشىلەرگە (بۇرۇنقى ئۇممەتلەرگە) گۇۋاھچى بولۇشۇڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىد بولىشى ئۇچۇن سىلەرنى ئەڭ ياخشى ئۇممەت قىلدۇق .» (2: 142)

«اللەنىڭ دىندا چىڭ تۇرۇڭلار . اللەنىڭ دىندىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز اللەغا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز .» (2: 137)

«ئۇلار جاھىلىيەتنىڭ ھۆكۈمىنى ئىزدەمدۇ؟ اللەغا ھەقىقى ئىشىنىدىغان قەۋم ئۇچۇن ھۆكۈمدە اللەدىن ئادىل كىم بار؟» (5: 50)

بۇ خىل چاقىرىق ئىچىگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەر - ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا-غەربىي تۇزۇملىرى ئالدىدىكى روھى

---

* كومۇنىزمنىڭ 60 - يىللاردىن 70 - يىللارغىچە بايلاردىن مۇسادىرە قىلىپ يىغىۋالغان بايلىقىنىڭ سانىنى ۋە بايلىق يىغىش جەريانىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەملەرنىڭ سانىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ

مەغلۇبىيەتتىن ۋە كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا ئىسلامنى «چىرايلىق »كۆرسىتىشكە بولغان ئىنتىلىشتىن ، مۇشۇ تۈزۈملەرنىڭ توغرا ، ئۆز نىشانى بىلەن زىتلاشمايدۇ دەپ قارىغان تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ دەيدىغان گەپلەرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىدۇ . گويا ئۇلار-ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا - ئىسلام تۈزۈمىنىڭ مۇستەقىل سالاھىيىتىدىن گۇمانلىنىۋاتقاندەك ، ياكى بولمىسا ئەگەر ئۇلار ئىسلام باشقا تۈزۈملەرنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارلاشمايدۇ دىسە ، ئىسلامدىن قېچىۋاتقانلار تېخىمۇ بەكرەك يىراقلاپ ، دەۋەت ئاۋازىنى ئاڭلىماي قىلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك . . .

ئىسلامدا «قىزىقتۇرۇش» يولغا قويۇلغان . . . بىراق ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلاشقا ، ئىسلامدا يوق نەرسىلەرنى ئىسلام ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ . «دىللارنى كۆندۈرۈش »ئىلاھى كۆرسەتمىدىن يىراقلاۋاتقان بۇ جاھىلىيەت تۈزۈملىرى ئۈچۈن خوشامەت ۋە تەخسىكەشلىك قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەنمەسلىكى كېرەك !

«ئۇلار (ئالدى بىلەن ) سىنىڭ خوشامەت قىلىشىڭنى ، (ئاندىن كېيىن ) ئۆزلىرىنىڭ خوشامەت قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ . ( 68: 9) »

ھەقىقەتەن ئىسلامنى اللە نازىل قىلغاندەك ئومومىيۈزلۈك ئەتراپلىق ، مۇكەممەل ۋە نۇرلۇق سۈرىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش ، ھەرگىزمۇ اللەنىڭ پرىنسىپىدىن قېچىۋاتقان جاھىلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ پارچە لاتىسى بىلەن ياماق سېلىشقا مۇھتاج ئەمەس .

«بۈگۈن سىلەرگە دىنىڭلارنى تولۇق قىلدىم . نىمىتىمنى سىلەرگە تامام قىلدىم . ئىسلام دىنىنى سىلەرگە تاللىدىم .» (3 : 5 )

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلار ئۇلارنى مۇشۇ خىل قاراشقا گىرىپتار قىلىپ قويۇۋاتقان ئىنسانى ئىدىيىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئىلاھىي ئۆلچەم سۈپىتىدە - پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىسلام بىلەن ئىنسانى تۈزۈملەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئارلىشىش ۋە قېتىلىش مەۋجۇت بولمايدۇ. چۈنكى اللەنىڭ قۇدرىتى ئىنساننىڭ ئىقتىدارى بىلەن ئارلاشمايدۇ ۋە قېتىلمايدۇ. ئەگەر سىرتقى كۆرۈنۈشتە ئوخشاشلىق باردەك تۇيۇلغان بولسا، ئۇنداقتا بىر تەرەپتىن ئىسلام بىلەن دىموكىراتىيە ئوتتۇرىسىدا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام بىلەن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنگەندەك، ئىسلام بىلەن ئىنسانى تۈزۈملەر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق ياكى ئورتاقلىقنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

توغرا، بۇ تۈزۈملەر بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن مەلۇم ئوخشاشلىقلار بار. بىراق ئەڭ مۇھىمى - چىن تارىخىي نۇقتىدىن. ئىنسانىيەتنىڭ بەزى تۈزۈملىرى ئىسلامغا يېقىن تۇرىدۇ ياكى بەزى نۇقتىدا ئىسلام بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ دېيىلىشى كېرەك! ئەمما ھەرگىزمۇ بۇنىڭ ئەكسىچە (يەنى ئىسلام تۈزۈمى ئىنسانىيەتنىڭ تۈزۈملىرىگە ئوخشايدۇ) دېيىلمەسلىكى لازىم. گويا بۇ تۈزۈملەر ئىسلام تۈزۈمىنىڭ ئاساسى ۋە يىلتىزىدەك، ئىسلام ئۇنى دورىغان ياكى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلغاندەك!...

ئۇنىڭدىن كېيىن بىز مۇنداق دېيىشىمىز كېرەك: ئىنسانىيەتنىڭ بۇ تۈزۈملىرى بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سىرتقى ئوخشاشلىققا قاراپ، بۇ تۈزۈملەر ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان «ھۇل» بىلەن، ئىسلام ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان «ھۇل» ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ زور پەرقنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلامى «ھۇل»دا مەئبۇد ۋەقانۇن تۈگۈچى بىردەك اللە بولىدۇ. باشقا «ھۇل»دا مەئبود - اللە بىلەن قوشۇلغان ياكى اللە

تاشلىۋېتىلگەن هالدا ـ باشقا ئىلاھلار بولىدۇ. قانۇن تۈزگۈچى ئىنسان بولىدۇ. ۋاھالەنكى ئىنسان ئىدىيىۋى خائىشىغا، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بويسۇنىدۇ. ئەتراپلىق ئىلىمدىن ۋە كەڭ داۋىرلىك بىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئىنساننىڭ ئىنسانىيلىقى مەئبود ھەقىقى ئىلاھ بولغان چاغدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. اللەنى قويۇپ ۋەتەن، مىللەت، ئېقىم، داھى ياكى دوللار . . . ئىسىملىك باشقا ئىلاھلار مەئبود بولغان چاغدا ۋە بەزى كىشىلەر ـ قانۇن چىقىرىش يولىدا ـ بەزى كىشىلەرنىڭ قۇلى بولغان چاغدا بۇ خىل ئىنسانىيلىق زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. مۇكەممەل ئادالەت قانۇن تۈزگۈچى «ھەممىدىن خەۋەردار ھەممىنى بىلگۈچى»الله بولغان چاغدا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. قانۇن تۈزگۈچى ئىنسان بولغان چاغدا ئادالەتنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە زۇلۇم ئىزچىل تۈردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار بۇزۇلۇمنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىسىمۇ، بىراق ئۇنى ئۇزلۇكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىۋاتقان زۇلۇم ئارقىلىق ئۆزگەرتىدۇ.

ئۇچىنچى خاتالىق: ئالدىنقى بۆلۈملەردە بىز ئۇنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئۇ ئىسلام تۈزۈمىنىڭ ھازىرقى زامان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئىلغار ھەل قىلىش چارىسىنى تەقدىم قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇگۈن مەۋجۇت بولىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنىڭ «ئەمەلىي ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى»نى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىش!

بۇ ئىشتىكى خاتالىق ـ بىز يۇقاردا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ـ شۇكى، بۇ «ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسى» ماھىيەتتە ئەمەلىي چارە ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقى. ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشقا يارىمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى ئىسلام تۈزۈمى ماھىيەتتە پۈتكۈل مەۋجۇت تۈزۈملەردىن

نەچچە ھەسسە ئىلغار بولسىمۇ ، بىراق رىئاللىقتا بۇ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەملەر بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر . بىز كۆڭلىمىزدە بۇ ئەمەلىي ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىمىزگە قارىتىمىز دەپ ئويلاۋاتقان غەربپلىكەر بىزگە ھەرگىز قارىمايدۇ . بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىمايدۇ . چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس ! بىز غەربپلىكلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىلغار ھەل قىلىش چارىلىرىنى قولغا كەلتۈردۇق دەپ بولۇشىغا ۋاقىراپ باقايلى . غەربپلىكلەرنى ئىسلامدىن ئايرىپ تاشلايدىغان خىرىستىئان توسۇقى ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلىشىغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدۇ . غەربپلىكلەر ئىچىدىن مۇسۇلمان بولىدىغان ئادەملەر بىزنىڭ ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىمىز ئۈچۈن ئەمەس . بەلكى ئۆزلىرىنىڭ روھى «ئاچلىق»نى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولىدۇ !

ئەمما مۇسۇلمان ياشلار-ياكى ئىسلامدىن تەپرەتلىنىپ تۇرۇپ ئىسلام نامىنى كۆتۈرۈۋالغان ئازسانلىق كىشىلەر - نى ئىسلامنىڭ دىمۇكراتىيە ۋە كوممونىزىمغا قارىغاندا بۈگۈنكى دەۋر قىيىنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئىلغار ئەمەلىي ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىغا ئەقلى جەھەتتىن قايىل قىلىش ھەرگىزمۇ ئۇلارنى ئىسلامغا قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ ! مۇبادا ئەگەر ئۇلار راستىنلا قايىل بولۇپ قالسا ، ئۇلار ساڭا - بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك - بوپتۇ ، ئىسلام ھۆكۈمىتىڭلارنى قۇرۇپ ، ئىسلام تۈزۈمىڭلارنى ئورنىتىڭلار ، بىز شۇ چاغدا سىلەرنى قوللايمىز دەيدۇ . چۈنكى ئۇلار ئىجرا قىلىشقا ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئېتىقاد تەرەپتىن چاقىرىلمىدى . بەلكى ئۆز ئورنىدىن مىدىرلىتالمايدىغان ئەقلى پىكىر تەرەپتىن چاقىرىلدى . .

ھەرىكەتىنىڭ مەنىسى ئازاپ ، سۈرگۈن ، قۇربان بېرىش ۋە ئۆلۈم . . .گە دۇچ كېلىش بولغان چاغدا ، پىكىرنىڭ ئۇلارنى ئۆز ئورنىدىن قەتئىي مىدىرلىتالمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ! ساختا تۈزۈملەرنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان دۆلەتلىرى بار ، ئۇلارنىڭ كۈچى ، نوپۇزى ۋە ھوقۇقى بار . بىراق ئىسلام تۈزۈملىرىنىڭ - گەرچە بۇ ياشلار ئۇنىڭ ئىلغارلىقىغا قايىل بولسىمۇ - ھازىر كۈچ ، نوپۇز ۋە ھوقۇقىغا ئىگە دۆلىتى يوق . دەل شۇ سەۋەپتىن بۇ (ساختا )تۈزۈملەردىن خوشاللىق ھېس قىلىدىغان ئادەم كۆز ئالدىدىكى «دېموكراتىيە ماگىزىنى» ۋە «سوتسىيالىزىم ماگىزىنى»دا «نەخ بۇيۇم»نى تاپىدۇ . بىراق ئىسلامغا نىسبەتەن تېخى مەۋجۇت بولمىغان «بۇيۇم»لارنىڭ «ئىلان»لىرىنى تاپىدۇ . ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، بۇ «بۇيۇم» * ئاۋۇ «بۇيۇملاردىن» ** ياشى ئەمەسمۇ ؟ دېسە ، ئۇ - ئەگەر «ئىشىنىدىغان» ئادەم بولمىسا-ئاددىيلا قىلىپ : سېنىڭ بۇيۇملىرىڭنى ئېلىپ كەلگەندە سېتىۋالاي ، ئەمما ھازىر كۆز ئالدىمىزدىكى نەخ «بۇيۇم»نى سېتىۋالغاچ تۇراي دەپ جاۋاپ بېرىدۇ ! . . . ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەردائىم دەۋەتنىڭ دەرۋازىسى ئۇ ئەقىدە دەرۋازىسىدۇر . . . «لااله الا الله مۇھەممەدۇن رسول الله» دەرۋازىسىدۇر . كىمكى ئەقىدە دەرۋازىسىدىن كىرمىسە ئۇ ھەمىشە يىراقتىن «خوشاللىنىپ» يۈرىدۇ دەيمىز .

ئەمما مەيلى ئېتىقاد ياكى سىياسەت ياكى ئىقتىسات ياكى تەربىيە ۋە ياكى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا بولسۇن . . . مۇشۇ دىندىكى تۇراقلىق قىممەتلەرنى كىشىلەرگە ھەقىقەتەن ئېنىق بايان قىلىشىمىز كېرەك !

---

* ئىسلام تۈزۈمى

** دېموكراتىيە ياكى سوتسىيالىزم تۈزۈملىرى .



www.uyghurkitap.com

بۇ خىل بايان قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئەۋلاتنىڭ تەجرىبىلىرى ياكى باشتىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىقلىرىنى چۈرىدىگەن ھالدا ئۇلار چۈشىنىدىغان تىل بىلەن ئۇلارغا تەقدىم قىلىشقا تىگىشلىك «بايان»بولغاندىن باشقا، تارىختا مىسلىسىز بولغان.. . ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى پارچىلاپ، تۇيغۇسىنى گاڭگىرىتىۋاتقان . .. دولقۇنلار ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ ئەۋلاتقا نىسبەتەن ئىنتايىن زۆرۈر .

بۇ ئىشلارنى بىلىش . . . يەنى دىنى ھەقىقەتلەردىن بۇ ھەقىقەتنى بىلىش . . . مۆئمىننىڭ ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . . . گاڭگىراپ، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىخلاس بىلەن ئىزدىنىۋاتقانلارنى قۇتۇلدۇرىدۇ . . . نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى چۆل بايۋاندىن قايتۇرۇپ، توپتوغرا يولغا يېتەكلەيدۇ!

بەزى كىشىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: بىزنىڭ كىشىلەرگە سىياسەت ۋە ئىقتىساد قاتارلىقلاردىكى «تۇراقلىق ئاساسلار»ھەققىدە سۆزلىشىمىز بىلەن ئىنچىكە تەپسىلاتلار (تەتقىقاتلار) ھەققىدە سۆزلىشىمىز ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرىق بار؟ تەتقىقاتلار ھەققىدە سۆزلەش دىندىن يىراقلاپ كەتكەنلەرنى «ئىسلامنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىش چارىسى»نىڭ ئەھمىيىتىگە قايىل قىلىپ، ئۇلارنى ھەقىقەتكە قايتۇرۇشتا ياخشىراق نەتىجە ئېلىپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ . . !

ئىشلار ماھىيەتتە ئوخشىمايدۇ!

«ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسى» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى، ئۇ كۆپۈنچە ھالدا ناچار رېئاللىقنىڭ رامكىسى ئىچىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان «رېئالىزم»چى شەخستۇر. ئەگەر ئۇ «نەخ بويۇم»نى - ياكى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنغان رېئاللىقنى - تاپالمىسا، ئۇنداقتا ئۇ باشقا بىر «ماگىزىنغا» ماڭىدۇ. ئەمما

«ئاساسلار» ۋە «قىممەتلەر» ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى ئۇ ماھىيەتلىك ئىنساندۇر .

ئۇ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ . ئۇنى تاپقان چېغىدا ئۇنىڭ تەرىپىگە بۇرۇلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جاھات قىلىدۇ . . .

تۆتىنچى خاتالىق : دۈشمەنلىرىمىز ھەقىقەتنى تونۇۋېلىش ئەمەس . بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشۋاتقان نىشانىدىن ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈش مەقسىتىدە ، قوزغاۋاتقان مەسىلىلەردە ئۇلارغا ئەگىشىشىمىز ئۈچۈن بىزنى قاپقانغا چۈشۈرىۋاتىدۇ .

«سىياسى نەزىرىيە» ھەقىدىكى مىسالنى كۆرۈپ بېقىڭ ! . . . ئۇلار سىزگە : ئىسلامنىڭ سىياسىي نەزىرىيەسى يوق ، دەيدۇ ياكى دەۋەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسى نەزىرىيە توغرىسىدا ئېنىق تەسەۋۋۇرى يوق . ئۇنداقتا ئۇلار دۆلەتنى قانداق قۇرىدۇ ؟ » دەيدۇ .

بىر قىسىم ئىخلاسمەن ئادەملەر ئىسلامنىڭ سىياسىي نەزىرىيەسى بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئاشۇ مەسىلىگە قارىتىدۇ . ھەمدە ئۇنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ، پەيغەمبەرلىك ۋە توغرا خەلىپىلىك دەۋرىدىكى ئەمەلىي ئىجراسىنىڭ كۈچلۈك ئاساسلىرىنى بايان قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ . . . اللە خالىسا بۇ ھەقىقەتەن بىر ياخشى ئىش . . بىراق ! دەسلەپتە بۇ مەسىلىنى قوزغىغان ئادەملەر بۇ «مۇنازىرە» گە «كۈچلۈك» ئاساسقا ئىگە «ئوبېكتىپ» «ئىلمىي»جاۋاپ بىرىلگەنلىكىنى كۆرسە سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرارمۇ ؟ !

ياق ! چۈنكى ئۇلارنىڭ نىشانى بېشىدىن باشلاپ ھەقىقەتكە

ئېرىشىش ئەمەس !

ئۇلار يەنە دەيدۇ . (ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان ئېيتىپ بولدى ) سىلەر ئۆز دۆلەتلىرىڭلاردىكى مۇسۇلمان بولمىغان ئازسانلىق مىللەتلەرنى قانداق قىلىسىلەر (39) روسىيە ۋە ئامېرىكىنى قانداق قىلىسىلەر ؟ . . ئۇنى قانداق قىلىسىلەر ؟1 . . . بۇنى قانداق قىلىسىلەر ؟ . . .

ئەگەر سەن ئۇلاردىن : ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز ؟ ! دەپ سورىساڭ - ئەگەر ئۇلار سىياسىي «سالاھىيەت»نۇقتىسىدىن ئامېرىكا ياكى روسىيەنىڭ «گوماشتىلىرى»بولسا-ئۇنداقتا ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا سىنى ئاشۇ دۆلەتلەرگە بېقىندۇرماقچى بولىدۇ . ھەمدە سىنى «ئىلمىي مۇنازىرە» ياكى «ئوبىكتىپ تەتقىقات»نىڭ كەينىدىن مۇشۇ نىشانغا ئېتتىرىدۇ .

ئەگەر بىز ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى «بايان»قىلىشتىن ئىبارەت ئەسلى يۆلىنىشىمىزنى ئۇنتۇپ ، دۈشمەنلەر ئىزچىل تۈردە قوزغاۋاتقان ۋە ئۇنى قوزغاشتىن توختاپ قالمايدىغان مەسىلىلەرگە باغلىنىپ قالساق ، ئۇنداقتا بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان خاتالىق شۇكى ، تىرىشچانلىقىمىز ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن ئىسراپ بولىدۇ . (كۈچىمىز پارچىلىنىدۇ ) تەپەككۇر قىلىش ، ئىزدىنىش ۋە كىتاپ يېزىپ خەلققە سۇنۇش . .تىكى تۇپ نىشانىنى يوقىتىپ قويىمىز . . . مانا بۇ دەل دۈشمەن مەقسەت قىلىۋاتقان ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ، ۋە بىزنى «بارسا كەلمەس يول»لاردا «مارافۇنچە يۈگرەش»گە باشلاپ قويۇپ ، بىزنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقان ئىشتۇر .

ھەقىقەتەن مۇسۇلمان بولمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى . ئامېرىكا ۋە روسىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا

تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇت بولىشى . . . بۇلارنىڭ ھەممىسى يەرشارىدا اللەنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت ئىلاھى «تەكلىپ»نى ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتەلمەيدۇ . مۇشۇ قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن «مۇسۇلمانلار»بۇ تەكلىپنى ئورۇندىمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدىغان كىشىلەر اللەنىڭ «كۈچ ـ قۇدرەت»سۈپىتىنى ئىنكار قىلغاندەك ، ئىلىم ۋە ھېكمەت سۈپىتىنىمۇ ئىنكار قىلغان كىشىلەردۇر .

ئۇلار خۇددى الله ـ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك ـ يەرشارىدا ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى چەكلەپ قويىدىغان شارائىتلارنى بىلمەيدىغاندەك ياكى الله رىئاللىقتا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ، ھېكمەت بىلەن سىغىشالمايدىغان تۈزۈملەرنى مۇسۇلمانلارغا پەرىز قىلغاندەك ياكى ئامېرىكا بىلەن روسىيەنىڭ كۈچى اللەنىڭ كۈچىدىن زور بولۇپ ، الله مۆئمىنلەرگە ياردەم بېرىشتىن ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە ئىگە قىلىشتىن ئاجىز كېلىدىغاندەك ئويلايدۇ ! !

الله بىزنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە ۋە ئۆزىنىڭ يولىدا جاھات قىلىشىمىزغا بۇيرىدى . . . ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىشلارغا الله ئۆزى كاپالەتلىك قىلدى . . . بىز ئافغانىستاندا قورالدىن ئايرىلغان بىر مىللەتنىڭ ئۇرۇش تارىخىدىكى ئەڭ ياۋۇز ۋە ئەڭ چوڭ جاھانگىر (روسىيە) ئالدىدا تەڭ تۇۋالىشىدەك مۆجىزىگە ئوخشايدىغان ئىشلارنى كۆزىمىز بىلەن كۆرىۋاتىمىز . تولۇق داۋاملاشقان ئالتە يىلدا دۈشمەنلەر مۆئمىن مۇجاھىدلارنىڭ قارشىلىقىنى قەتئىي بويسۇندۇرالمىدى . ئىنكار قىلغاندەك ، ئىلىم ۋە ھېكمەت سۈپىتىنىمۇ ئىنكار قىلغان كىشىلەردۇر .

ئۇلار خۇددى الله ـ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك ـ يەرشارىدا ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى چەكلەپ قويىدىغان شارائىتلارنى بىلمەيدىغاندەك ياكى الله رىئاللىقتا ئەمەلگە

ئاشمايدىغان ، ھىكمەت بىلەن سىغىشمايدىغان تۈزۈملەرنى مۇسۇلمانلارغا پەرىز قىلغاندەك ياكى ئامېرىكا بىلەن روسىيەنىڭ كۈچىنى اللەنىڭ كۈچىدىن زور بولۇپ ، اللە مۆئمىنلەرگە ياردەم بېرىشتىن ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە ئىگە قىلىشتىن ئاجىز كېلىدىغاندەك ئويلايدۇ ! !

اللە بىزنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە ۋە ئۆزىنىڭ يولىدا جاھات قىلىشىمىزغا بۇيرىدى . . . ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىشلارغا اللە ئۆزى كاپالەتلىك قىلدى . . . بىز ئافغانىستاندا قورالدىن ئايرىلغان بىر مىللەتنىڭ ئۇرۇش تارىخىدىكى ئەڭ ياۋۇز ۋە ئەڭ چوڭ جاھانگىر (روسىيە) ئالدىدا تەڭ تۇرالىشىدەك مۆجىزىگە ئوخشايدىغان ئىشلارنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتىمىز . تولۇق داۋاملاشقان ئالتە يىلدا دۈشمەنلەر مۆئمىن مۇجاھىدلارنىڭ قارشىلىقىنى قەتئىي بويسۇندۇرالمىدى .*

جىدەلخورلار بىلەن تۈگىمەس جىدەلگە قاتنىشىش ھەرگىزمۇ ئۇلارنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ . ـ چۈنكى ئۇلار ھەقىقەت توغۇرلۇق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلمىدى !ـ ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى يوقوتالمايدۇ . ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر ئىسلامنى ئۆچ كۆرىدۇ . ۋە ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن بۇ توپ ياكى ئاۋۇ گەۋدىنى ئۆزىگە قول قىلىدۇ . . .

«ئۇلارنى ئۆزلىرى توزگەن ھىلە ـ مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن !» (6: 111)

---

* ئاپتور بۇ كىتاپتا 1986 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى ئاپغان مۇجاھىدلىرىنىڭ رۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قانلىق كۆرىشىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، بىراق 2001 ـ يىلى ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئافغانىستاننى بېسىۋېلىشى ھەرگىزمۇ بۇ كىتابتا سۆزلىنىۋاتقان ھەقىقەتنىڭ رىئاللىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ ، چۈنكى ئافغانىستان زېمىنى بېسىۋېلىندى . بىراق ئامېرىكا يوقاتماقچى بولغان «تالىبان» ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەر ۋە ئەسكەرلىرى «زېمىن»نى تاشلاپ بېرىپ ئۈنتىنسىز غايىپ بولدى . ئۇلار قاچان «باش» كۆتۈرۈپ چىقىدۇ بۇنى ياراتقۇچى اللە ئۆزى بىلىدۇ !

ئەڭ ئاخىرقى خاتالىق شۇكى، «ئىلمىي تەتقىقات» مەسىلىسى بىزنى قاپقانغا چۈشۈردى. ئاندىن ئىسلامى بازا قۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر تەربىيە خىزمىتىنى بىزگە ئۇنتۇلدۇردى. . بىز بۇلارنى يوقاردا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ۋاھالەنكى بىز. . . ئۇزاقتىن بۇيان بىز ئىزدىنىش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتىمىز. ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىۋاتىمىز. . . دەپ ئويلايمىز.

ھەرىكەت قىلىش كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ياكى تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىش. . . ئىقتىدارىغا قارىغاندا، خاراكتېرى ئەقلى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا تېخىمۇ بەكرەك ماس كېلىدىغان بىر تۈركۈم «تەتقىقاتچىلار» مەخسۇس مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. . . بىراق پۈتكۈل جامائەتنىڭ مۇشۇ «يول» غا كىرىۋېلىشى ۋە بىز ھازىر بۇ ئارقىلىق ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىسلام خىزمىتىنى ئۆتەۋاتىمىز. دەپ ئويلىشى. . .دەل ئېغىر خاتالىق. . . چۈنكى بۇ خاتالىق ئاخىرقى ھېسابتا ھەرىكەتنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بازانى تېخىمۇ تارلاشتۇرىۋېتىدۇ!

# تەرەپبازلىق

مەن تەبىئىتىمدە تەرەپبازلىقنى ياخشى كۆرمەيمەن . مەلۇم بىر ئىشتىلا ئەمەس ، بارلىق ئىشلاردا شۇنداق !

بىراق بۇ جايدا مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئېيتىشقا تېگىشلىك بىر قانچە سۆز بار .

بىرىنچى سۆز شۇكى ، بىر قىسىم ياشلاردىن ياكى ئىسلام مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم جامائەتلەردىن ئەمەلىيەتتە تەرەپبازلىق كېلىپ چىقىۋاتىدۇ . . . بىراق ئۇنىڭ ھەجمى قانداقتۇر بىر مەقسەتتە پۇتكۈل مەيدانغا تەرەپبازلىق ئوقىنى ئېتىپ ، ئۇنى قورقۇنچلۇق كۆرسىتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىدىن كۆپ تۆۋەن ھالەتتە تۇرماقتا !

نەپرەت پەيدا قىلىش ياكى كۇشكۇرتۇش ۋە ياكى قۇترىتىش ئۈچۈن ، تەرەپبازلىقنى تەسۋىرلەشتە مۇبالىغە قىلدىغان كىشىلەر ساقال قويغان بىرەر ياش ياكى يۈزىنى ياپقان بىرەر قىز ياكى اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىرەر تەلەپكارنى تەرەپبازلىق بىلەن ئەيىپلەيدۇ .

ساقال قويغان ھەرمىڭ ياش ، يۈزىنى ياپقان ھەرمىڭ قىز ، اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ھەرمىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر ئوغۇل ياكى بىر قىز تەرەپبازلىق قىلغان بولىدۇ . . . بىراق مىڭ ئادەمنىڭ ھەممىنى تەرەپبازلىق بىلەن ئەيىپلەش پۈتكۈل ئىسلام ھەرىكەتلىرى بىلەن ئومۇمىي «خەلق» ئوتتۇرىسىدا نەپرەت توسۇقى پەيدا قىلىش ئۈچۈن مەقسەتلىك قىلىنىۋاتقان بىر ئىش ! ئېھتىمال ئاشۇ ، ئىسلامى دولقۇنىنىڭ كېڭىيىشىنى توسالىشى ۋە ئىسلامى ھەرىكەتنى

مېڭىشتىن توختىتىپ قويالىشى مۇمكىن. زوراۋانلار اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا چاقىرىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىشنى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئاقلايدىغان باشقا بىر تۆھمەتنى پىلانلاشتىن ئاجىز كەلگەن چاغدا، پۈتكۈل ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە ئەنە شۇنداق تەرەپبازلىق تۆھمىتى بىلەن زەربە بېرىدۇ.

تەرەپبازلىققا قارشى ئەسەر يېزىۋاتقان ھەر بىر مۇسۇلمان يازغۇچى بەك كەڭ قورساق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ! - ئۆزى قىلىۋاتقان «سۆز»نىڭ قەيەردە كېتىۋاتقانلىقىغا، پۈتكۈل ئىسلام ھەرىكىتىگە قارشى تۈرۈش ئۈچۈن دۈشمەنلەرنىڭ بۇ «سۆز»دىن قانداق پايدىلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ باقسۇن!

اللە ھېكمەتلىك كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ:

«مۇشرىكلارنىڭ خودانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكتىن ھەددىدىن ئېشىپ اللەنى تىللايدۇ» (6: 107)

اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىۋاتقان ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى زەررىچىلىك ھەقىقەتكە تەۋە بولمىغان ساختا ئىلاھلار تۇرۇپ، ئەگەر ئۇلارنى تىللاش اللەنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ مۇقەددەسلىكىگە داغ تەككۈزۈشىگە سەۋەپ بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا اللە بىزنى ئاشۇ يالغان ئىلاھلارنى تىللاشتىن چەكلىدى. بىز تەرەپبازلىقنى ياقتۇرمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ياكى ئۆزىمىزدىن قالاقلىق تۆھمىتىنى يوق قىلىش ئۈچۈن باتىللىقنىڭ ھامىيلىرىغا قانداقمۇ قەلەملىرىمىز بىلەن ياردەم بېرىمىز؟!... بىز ئاخىرقى ھېساپتا ھەممىمىزگە قارشى ئوت ئاچىدىغان قورالنى قانداقمۇ ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىمىز؟!... بۇ خۇددى قەدىمقى ماقال-تەمسىللەردىكى «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كەپتۇ» دېگەندەك ئىش بولمامدۇ؟!...

ئىككىنچى سۆز شۇكى ، تەرەپبازلىق دىگەن باھانە بىلەن ياكى نورماللىق ۋە ئوتتۇرا ھاللىقتا قايتىش كېرەك دىگەن نىقاپ بىلەن «تەرەپبازلىق»قا قارشى تۇرىۋاتقانلار ماھىيەتتە مۇشۇ سەۋەپتىنلا ئۇنىڭغا قارشى تۇرمايدۇ . ھەمدە ئاللەنىڭ ئۆلچىمىدىكى ھەقىقى نورماللىققا قايتىشنىمۇ مەقسەت قىلمايدۇ . بەلكى تەرەپبازلىق ياشلارنىڭ ئاللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش تەلىۋىنى ۋە ئاللەنىڭ شەرىئىتىنى قانۇن قىلىشتىن باشقا ھەر قانداق ھەل قىلىش چارىسىنى قوبۇل قىلماسلىق تەشەببۇسىنى ئۇزلۇكسىز كۈچەيتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ . ئەمەلىيەتتە ياشلارنىڭ بۇ خىل تەلەپلىرىنى ئۇلار خالىمايدۇ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ . چۈنكى تەرەپبازلىققا قارشى تۇرىمىز داۋاتقانلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئىسلامنى ھەقىقى روھىدىن ئايرىپ ئۇنىڭ شەكلىنى قالدۇرۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ماھىيەتتە تەرەپبازلىققا ئەمەس بەلكى ئىسلامغا قارشى تۇرىدۇ . ئىسلامنى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا رىئاللىققا ئايلاندۇرۇش تەلەپلىرىنى چەكلەيدۇ .

ئىسلامغا قارشى تۇرىۋاتقانلار گەرچە تەرەپبازلىققا قارشى تۇرۇش نىقاۋىنى چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان بولسىمۇ ، بىراق ھەقىقەت ھامان ھەر قانداق نىقاپنى ئېچىپ تاشلايدۇ : ئۇلارنىڭ قارشى تۇرىۋاتقىنى ماھىيەتتە ئىسلام . ئۇلارنىڭ يوقاتماقچى ۋە يەرشارىدىن «تازىلىماقچى» بولغىنى دەل مۇسۇلمانلاردۇر .

«لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى : «سىلەر بۇ ئادەملەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار ، چۈنكى ئۇلار پاك ئادەملەر ئىكەن ، دىيىشتىن باشقىسى بولمىدى .» (7: 82)

ئاخىرقى سۆز شۇكى ، ماھىيەتتە تەرەپبازلىقنى پەيدا قىلغۇچىلار ۋە ھىلىھەم ئۇنى جانلاندۇرىۋاتقانلار دەل ئاللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان ، مۇسۇلمانلار ئاللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە

ھۆكۈم قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغان ۋە قانلىق باستۇرىدىغان ھۆكۈمەتلەردۇر .

شۇنداق ! . . . ئەگەر بۇ ھۆكۈمەتلەر اللە بېكىتكەن مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا ، ئۇنداقتا تەرەپبازلىق قەيەردىن كېلەتتى ؟ !

اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايۋاتقان بۇ ھۆكۈمەتلەر ـ ئەگەر ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە ـ اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىۋاتقانلارغا ـ ئۇنى تەشەببۇس قىلىش «لاالە الا اللە مۇھەممەدۇن رسۇل اللە» دېگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ـ ئادەتتىكى جىنايەتچىلەرگە مۇئامىلە قىلغانچىلىك مۇئامىلە قىلىپ ، ئۇلارغا ئۆزىنى قوغداش پۇرسىتى بەرگەن بولسا ، ئۇلارنى قىلغان ۋە قىلمىغان «جىنايەتلەر» نى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن دەھشەتلىك جازالاش (سوراق قىلىش) ئۇسۇللىرنى قوللانمىغان بولسا ؛ گەرچە زۇلۇم ۋە يولسىزلىق ئىچىدە بولسىمۇ ، ئۇلارغا ئادەتتىكى قانۇننىڭ تەلىۋى بويىچە ھۆكۈم قىلغان بولسا ؛ ئەگەر ئاشۇنداق قىلغان بولسا ـ ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە ـ تەرەپبازلىق قەيەردىن كېلەتتى ؟ !

بىزنىڭ كاللىمىزدا شۇ ئايدىڭ بولۇشى كېرەككى ، تەرەپبازلىقنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىكى بىردىنبىر چوڭ سەۋەب اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنى تارىختىن بۇيان مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە دەھشەتلىك ئازاپلار بىلەن جازالايدىغان ھۆكۈمەتلەردۇر ، بۇ ھۆكۈمەتلەر بىرلا ۋاقىتتا مۇنداق ئۈچ خىل جىنايەت سادىر قىلىدۇ .

1 ، اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمەت قانۇنى قىلىش بۇيرۇقىنى رەت قىلىدۇ .

‹2› «ئورمان قانۇنى» دىمۇ بەلگىلەنمىگەن دەرىجىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلتۈرۈش ۋە ئازاپلاش جىنايەتلىرىنى ئىشلەيدۇ.
‹3›، يۇقارقى ئىككى تۈرلۈك جىنايەتكە چاپان يېپىش ئۈچۈن، ياشلار ئوتتۇرىسىدا تەرەپبازلىق روھىنى جانلاندۇرىدۇ.

بىزنىڭ كاللىمىزدا يەنە شۇ ئايدىڭ بولۇش كېرەككى، تەرەپبازلىققا ئۈندەيدىغان ھەقىقى سەۋەپلەرنى يوقاتماي تۇرۇپ، تەرەپبازلىقنى يوقۇتۇش مۇمكىن ئەمەس!.. يەنى ھۆكۈمرانلار اللەنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىش بۇيرىقىغا ئاۋاز قوشمىغىچە ياكى- ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە- اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىغۇچىلارغا قاراتقان ياۋۇزلارچە مۇئامىلە قىلىشتىن قولىنى يىغمىغۇچە تەرەپبازلىق يوقالمايدۇ... چۈنكى يەرشارىدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان ھەرقانداق جازا مەيدانى تەرەپبازلىقنىڭ يېڭى يېقىلغۇسىدۇر. ئۇ اللەنىڭ ئىرادىسى بويىچە كەڭىيىدۇ.

شۇڭا، تەرەپبازلىقتىن قاقشاۋاتقان ۋە ئۇنى ھەقىقى تۈزىتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقانلار ئۆزلىرىنىڭ قايسى يولدا مېڭىۋاتقانلىقىغا قاراپ باقسۇن!

× × ×

بىز يۇقاردا ئىسلامى خىزمەت مەيدانىدا يۈز بېرىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتتۇق ھەمدە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا تارىخنىڭ بۈگۈنكى باسقۇچىدا دەۋەتنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مۇھىم مەسىلىلەرنى خۇلاسىلاپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق....

دەۋەت تەبلىغى مەجبۇرىيەت ۋە تەربىيىۋى مەجبۇرىيەت ۋەزىپىسىنى ئۆتىشى كېرەك. بۇنىڭدا مەككىدە ئېلىپ بېرىلغان دەۋەت مەزگىلىدىكى پەيغەمبەرنىڭ «يول»نى ئۆرنەك قىلىشقا توغرا

كېلىدۇ .

تەبلىغى مەجبۇرىيەت دېگەنلىك ـ ئومۇمىي خەلقلەرنى دەۋەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن چاغدا ـ ئۇلار بىلمىگەن «لاالله الا الله »نىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشتىكى زىچ مۇناسىۋىتىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ئۇلارغا يەنە شۇنى ئېنىق بىلدۈرۈش كېرەككى بۈگۈن مۇسۇلمانلار گىرىپتار بولغان خارلىق ، بىچارىلىق ، ئاجىزلىق ، قالاقلىق ۋە مەھكۇملۇق . . .نىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئۇلارنىڭ «لاالله الا الله » نى ھەقىقى مەزمۇنىدىن يىراقلاشتۇرىۋېتىپ ، ئۇنى پەقەت تىل بىلەن سۆزلىنىدىغان قۇرۇق «گەپ»كە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىدىن بولغان . . . ئەمەلىيەتتە الله نازىل قىلغان ئىسلام ھەرگىزمۇ بۇ ئەمەس بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە اللهنى رازى قىلدىغان ئىسلام «لااله الا الله مۇھەممەدۇن رسۇل الله »نى تىل بىلەن سۆزلەش ، ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە ئەمەل قىلىش ۋە پەرىزلەرنى ئورۇنداشتۇر .

. . مۇسۇلمانلار يەرشارىدا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، شەرىق ياكى غەرىپتىن ئىمپورت قىلىنغان قايسى بىر ئىقىم ياكى قايسى بىر «يول »غا ئەمەس بەلكى ھەقىقى الله تەرەپكە قايتىشى كېرەك . يەنى ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا بولسۇن ياكى ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا بولسۇن ياكى قايسى بىر ئىشتا اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا بولسۇن بىردەك شېرىكى يوق يالغۇز اللهغا ئىبادەت قىلىشى كېرەك ! شەرىق ۋە غەرىپنىڭ ئېقىملىرىنى قوبۇل قىلىش تولۇق بىر ئەسىردىن بۇيان مۇسۇلمانلارغا خار-زارلىق ، ئاجىزلىق ۋە مەھكۇملۇقتىن باشقىنى ئېلىپ كەلمىدى ، ھۆكۈمرانلىق ۋەئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى .

تەربىيىۋى مەجبۇرىيەت ماھىيەتتە دەۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىدۇر . چۈنكى تەربىيە-قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر . . . تەربىيە خىزمىتى ئىزچىل تۈردە داۋاملىشىدۇ . ھەرقانداق ئەھۋالدا بۇ خىزمەت قەتئىي توختاپ قالمايدۇ . . مەيلى قىيىنچىلىق ياكى پاراۋانلىق . . . .تا بولسۇن كەڭرىچىلىك ياكى قىستا-قىستاڭچىلىقتا بولسۇن تەربىيە مەسىلىسىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ .

ئىسلامى بازا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن زۆرۈر تەربىيە ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئەمەس بەلكى تەڭداشسىز ئۈلگىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ . بۇ ئۈلگىلەر كېيىنكى مەزگىللەردە بىنانىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىنادا مۇستەھكەم تۈۋرۈكلەرنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ .

بۇ ئالدى بىلەن غۇۋالىق بىدئەت ۋە ئېغىپ كېتىش بولمىغان سۈزۈك ئەقىدىگە مۇھتاج ، بۇ ئەقىدە تۇنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە ئوخشاش ساپ ئەقىدە بولۇپ ، ئۇ كېيىنكى دەۋرىدىكى ئەۋلادلار قوشۇۋالغان ۋە بۇنىڭ بىلەن ساپ تەۋھىد ئەقىدىسىدىن چىقىپ كېتىپ بۇددىزىم جاھىلىيىتىگە قايتىپ كېتىشكە تاس قالغان «قوشۇلما »لار ۋە ئازغۇنلۇقلاردىن پۇتۇنلەي خالىدۇر .

ئىككىنچىدىن بۇ ئەقىدىنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلىق چۈشىنىشكە مۇھتاج ، ئۇنىڭ تەلەپلىرى بولسا اللهنىڭ كىتاۋى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدە كەلگەن ھەرقانداق تەكلىپ ۋە يوليورۇقلاردۇر . . . بۇ تەكلىپ ۋە يوليورۇقلارنىڭ يۈكسەكلىكىدىن ، ئۇنىڭ روھىيەت ۋە ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىــــگە ئېلىــــشتەك ئومۇمىيلىقىدىن بۇ دىنىنىڭ يۈكسەكلىكى ، بۇ دىننى ئۈستىگە ئالغان ۋە بۇ ئارقىلىق تارىخ خاتىرلىگەن ئاشۇ زور رىئاللىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئۈممەتنىڭ يۈكسەكلىكى مەيدانغا كەلگەن . . .

ئۈچىنچىدىن بۇ ئەقىدىنــى رىئال دۇنيادا مەۋجۇت بولغان

ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدىغان تەربىيىگە مۇھتاج .

بۇ تەربىيە «ئۇلۇھىيەت»نىڭ مەنىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا مۇھتاج ، پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇ قەلبىدىكى كەسكىن ئىشەنچىگە ئايلىنىپ ، رېئال ھەرىكەتنىڭ پۇختا ئاساسى ۋە ھۇلى بولالايدۇ . . . بۇ خىل ئىشەنچنى بالايى-ئاپەتلەر تەۋرىتەلمەيدۇ . كەڭرىچىلىك ۋە پاراۋانلىقلار ئۇنى سۇسلاشتۇرالمايدۇ .

بۇ تەربىيە «لااله الا الله»نىڭ ئەخلاقىنى مۇستەھكەملەشكە مۇھتاج بولىدۇ . نەتىجىدە ئۇ ئەخلاق روھىيەتنىڭ ئىچكىرى قاتلاملىرىدىن ئۇزلۇكسىز ئېتىلىپ چىققان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ . «لااله الا الله»نىڭ ئەخلاقى ئىنساننىڭ پۈتكۈل ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغا دەرىجىدە كەڭرىلىك ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە مەسىلەن : قېرىنداشلىق «لااله الا الله»نىڭ ئەخلاقى ، ئۆز-ئارا كاپالەتلىك قىلىش «لاالهالاالله»نىڭ ئەخلاقى ، چىدامچانلىق ۋە باتۇرلۇق «لاالهالاالله»نىڭ ئەخلاقى ، جەڭگىۋارلىق «لااله الا الله»نىڭ ئەخلاقى ، ئىنتىزامچان ، مەسئۇلىيەتچان بولۇش «لااله الا الله»نىڭ ئەخلاقى ، ھەقىقەتنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش «لااله الا الله»نىڭ ئەخلاقى . . .

بۇ تەربىيە ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالى ، ئاجىز شارائىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ، دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلامغا قارىشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۈزۈلمەس سۇيىقەست ۋە ھىلە نەيرەڭلىرى ، ھەمدە ئىدىيىۋى ھۇجۇم ۋە باشقا ئۇرۇش ۋاستىلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنى خاراپلاشتۇرۇش . . . قاتارلىقلارنى چۈشىنەلەيدىغان سىياسى ئاڭغا مۇھتاج .

بۇ تەربىيە ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ئالدىراقسانلىق قىلمايدىغان ، ۋاقتى كەلگەندە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدىغان

ھەرىكەت ئېھتىياجلىق مۇھتاج .

بۇ تەربىيە شەخس بىلەن جامائەتنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى «ئۆزۆم»چىلىك خاھىشى بىلەن جامائەتچىلىك خاھىشىنى ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا مۇھتاج ، چۈنكى شۇنداق بولغاندا شەخس مۇستەبىت ۋە ھاكاۋۇر بولمايدۇ . ھەمدە كۆپچىلىك مەيلى توغرا قىلسۇن ياكى خاتا قىلسۇن ئۇلارغا ئۈنتىنسىز ئەگىشىدىغان «يۇمىلاق تاۋۇز»بولمايدۇ . جامائەت شەخسنىڭ شەخسىيىتىنى ئاياغ-ئاستى قىلىدىغان زوراۋان مۇستەبىت بولمايدۇ . ھەمدە ئۆز-ئارا بىرلىك ۋە رىشتە ئورناتمايدىغان ئايرىمچى بولمايدۇ . . .

بۇ تەربىيە شەخسنىڭ نىمىنى قىلىپ ، نىمىنى قىلمايدىغانلىقىنى ، قاچان ئاڭلاپ بويسۇنىدىغانلىقىنى ، ئاڭلاش ۋە بويسۇنۇشنىڭ قايسى ۋاقىتتا شەخسنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان پىقىھى (قانۇن) ئېھتىياجلىق مۇھتاج .

× × ×

بۇ تەربىيەنىڭ يۇقارقىدەك بىر مۇنچە تەلەپلىرى بولغىنى ئۈچۈن ، تەربىيە خىزمىتى قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك خىزمەت ، بولۇپمۇ ئىسلام پرىنسىپلىرىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغان ئۇممەت ئىچىدە تېخىمۇ شۇنداق . شۇڭلاشقا تەربىيە باسقۇچلىرىدا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ .

ئالدى بىلەن ئۆزلىرى توغرا پرىنسىپ بويىچە تەربىيىلەنگەن ھەمدە باشقىلارنىمۇ توغرا ئۇسۇلدا تەربىيىلەش رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان مەلۇم سانغا ئىگە دەۋەتچى ۋە تەربىيىچىلەر مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن خەلقلەرنى كەڭ دائىرىلىك دەۋەت سېپىگە كىرگۈزۈشتە ئالدىراقسانلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ . بۇ خىل ئالدىراقسانلىق دەۋەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلمايلا قالماستىن بەلكى ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق

بىزنىڭ كاللىمىزدا شۇ ئايدىڭ بولۇش كېرەككى، گەرچە خەلقلەرنىڭ ھېسسىيات قىزغىنلىقى مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە «ئىسلامى بازا» مەۋجۇت ئەمەس، ئىسلام تىلغا ئېلىنغان چاغدا پەيدا بولىدىغان ھەرقانداق قىزغىنلىق ھېسسىيات قىزغىنلىقى بولۇپ، ئۇ ھەقىقى بىنا قۇرۇپ چىقالمايدۇ. ۋە ھەقىقى ھەرىكەت شەكىللەندۈرەلمەيدۇ.. بەلكى بازا يېڭىدىن قۇرۇشقا مۇھتاج بولىدۇ... ھەربىر شەخس يېڭىدىن تەربىيىلىنىپ نەتىجىدە ئۇلاردىن پەيغەمبەرنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن تۇنجى جامائەتنىڭ بىناسىغا ئوخشاش مۇستەھكەم بىر بىنا پۈتۈپ چىقىدۇ. دەرىجىسى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولسىمۇ، بىراق پەيغەمبەر ماڭغان يولدىن مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى ۋە بىنانى ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر تەربىيىلىگەن جامائەتتىكى ئۈلگىلىك خۇسۇسىيەتتۇر.

× × ×

بىزنىڭ كاللىمىزدا يەنە شۇ ئايدىڭ بولۇش كېرەككى، ئىسلام بىلەن ئىسلام دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئاخىرلىشىدىغان تېز سۈرئەتلىك كۆرەش ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر نەچچە ئەۋلاتلاردىن ھالقىپ كېتىدىغان جاپا-مۇشەققەتلىك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆرەش. شۇڭا بۇ زور مەسئۇلىيەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن قۇرۇلىدىغان «بازا» چىدامچان، باتۇر، ئاللاغا بولغان ئىمانى چوڭقۇر، ئاللاغا قەتئىي تەۋەككۇل قىلىدىغان، ئاشۇ يولدا دۇچ كېلىدىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە ئالدىن تەييارلانغان، ھەمدە ئۆزىنىڭ كۈچى، ئىقتىسادى، قېنى ۋە ئىدىيىسىنى بېغىشلاپ، بۈگۈن ئىسلامنى قاپلىغان غېرىپلىقنى يوقىتىش، سەل دولقۇنلىرىدىن

«كىمە»نى قۇتقۇزۇۋېلىش، يەنە بىر قېتىم ئۇنى زېمىندا يىلتىزلىرى چوڭقۇر مۇستەھكەم ھالەتتە نامايەن قىلىش... تىكى توپ ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىنىشى كېرەك.

بازا تەلەپكا لايىق سۆپەت، مۇناسىپ ھەجىمدە قۇرۇلغان چاغدا الله كىشىلەرنىڭ رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتتى. الله يەرشارىدا يەنە بىر قېتىم ئۇلارنىڭ خەلپىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلار الله بىكىتكەن شەرتنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

«الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان، دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى خاتىرجەملىككە ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. (بۇنىڭ ئۈچۈن) ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىشى ۋە ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكى كېرەك.» (54 :18)

بىز كىلەركى بۆلۈمدە كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، «ئەتە»مىزگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرىمىز.

# كەلگۈسىگە نەزەر

ئىسلام دۇنياسى ھازىرقى ۋاقىتتا ئىنتايىن ناچار بىر مەزگىلنى باشتىن كەچۈرىۋاتىدۇ . . . ئىسلام دۇنياسى چېكىنىۋاتقان ئىقتىسادى ، سىياسى ، ئىجتىمائىي ، ئىدىيىۋى ۋە روھىي كىرىزىسلاردىن باشقا ، ئۇلارنى قاپلاپ كەتكەن ئاجىزلىق ، خار-زارلىق ، يوقۇلۇش ، ۋە مەھكۇملۇق . . . بىز يۇقۇرىدا ئېغىپ كېتىش تەسىرلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن ۋاقتىمىزدا ئىزاھلاپ ئۆتكەن پۈتكۈل شارائىتلارنىڭ نەتىجىسىدۇر .

يېقىن كەلگۈسىدە ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان پىلان بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە خەتەرلىك بولۇپ ، دۈشمەنلەر بۇندىن ئىلگىرى پەيدا قىلغان خانۇ-ۋەيرانچىلىقلىرى بىلەنلا بولدى قىلماستىن بەلكى ئىسلام دۇنياسىنى تېخىمۇ خاراپلاشتۇرۇپ ئۇلارنى قۇمدەك پارچىلاپ تاشلىماقچى . . .

دۈشمەنلەر ماھىيەتتە بۇندىن تۆت ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئەسىر ئىلگىرى باشلىغان «يول»نىڭ ئۆزىدىن مېڭىۋاتىدۇ . ئاشۇ چاغدا مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن يەرشارىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئاداۋەتخور خىرىستىئان ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇچۇن يېڭى «ئەھلى سەلىب» ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى . ئەمەلىيەتتە بۇ خىرىستىئانلار تۇنجى ئەھلى سەلىب ئۇرۇشىدا يولۇققان ئاچچىق مەغلۇبىيىتى ئۇچۇن مۇسۇلمانلاردىن قىساس ئېلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئېغىر دەرىجىدە تالان-تاراج قىلماقچى بولدى . (ئاشۇ چاغدىكى تۇنجى ئەھلى سەلىب ئۇرۇشىنى قىسقىغىنە ئەسلەپ ئۆتەيلى ) ئاشۇ چاغدا خىرىستىئانلار بۇ ئۇرۇش

ئۇچۇن جان ۋە ماللىرىنى ئايىماي سەرىپ قىلغان بولسىمۇ بىراق مۇسۇلمانلارنى قەتئىي ئارقىغا چېكىندۇرەلمىدى. بەلكى ئىسلام دۆلىتى ياۋرۇپانىڭ ئۆزىدە قۇرۇلۇپ، ئۈچ ئەسىرگە يېقىن ئىزچىل تۇردە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ كەلدى. ھەمدە خىرىستىئان شەھەرلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، خىرىستىئانلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇردى. بەلكى خىرىستىئان ئاھالىسىدىن ئون مىليون ئادەم ئىسلام ئەقىدىسى ئىچىگە كىردى!

(خىرىستىئانلار دەل ئاشۇ ئىچىنىشلىق مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان تا بۈگۈنگىچە مۇسۇلمانلارنى مۇستەملىكە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ) بىراق ئىسلام دۇنياسى مىلادى 20. ئەسىرنىڭ بېشى ياكى ئوتتۇرلىرىدا مۇستەملىكچىلىكىدىن قۇتۇلۇق، مەۋجۇدىيىتىمىزنى قايتۇرۇۋالدۇق. ۋەزىيەتلىرىمىزنى ياخشىلىدۇق، كۈنسىرى ئالغا ئىلگىرلەۋاتىمىز. يەنى كۈچ-قۇۋۋەت، مەدەنىيەت، تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىش تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىمىز دەپ ئويلىدى...

ئەمەلىيەتتە بۇ «گۇمان» راستمۇ؟

نادانلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي بەلگىسى بولۇپ قالغاندىن كېيىن مائارىپ كەڭرى تارقالدى، كېيىنكىلىك ھۆكۈمران كۈچكە ئايلانغاندىن كېيىن ساقلىقنى ساقلاش ۋەزىيەتلىرى ياخشىلاندى. بەزى خام ئەشيالارنى ياسايدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇلارغا كېرەكلىك بىر قىسىم بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ ياكى كىچىك تېپتىكى زاۋۇتلار بارلىققا كەلدى، ئەمەلىيەتتە بۇ ھەممە نەرسە سىرتتىن ئىمپورت قىلىنىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى نەرسىنىمۇ ياساشقا ئىقتىدارى يەتمەيدىغان قالاقلىقتىن كېيىنكى ئىشلار ئىدى. ئارمىيەلەر ئىپتىدائىي قوراللارنى تاشلاپ، زامانىۋى ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى

ئىشلىتىلىدىغان بولدى. سانائەت يېزا-ئىگىلىك ۋە بىناكارلىق ئىشلىرى ھازىرقى زامان ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. ماشىنىلار شەھەر كوچىلىرىغا تولۇپ تاشتى. تېلېۋىزىيە ئاپپاراتلىرى ئۆيلەرنى قاپلاپ كەتتى!

ئۇنىڭدىن باشقا مۇستەملىكىچى ئارمىيىلەر زېمىنلارنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكىرى كۈچى بىلەن كىشىلەرنىڭ يۈرىگىنى مۇجۇۋەتكەندىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ خېلى كۆپ شەھەرلىرىدىن ئەسكەر چېكىندۈردى. ئەمما مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئاشۇ جايلاردا ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي نوپۇزىنى ساقلاپ قالدى. ئىسلام ئەللىرىنىڭ «دىپلوماتىك» مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگەللىشىگە يول قويدى.

ئەمما بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى قارىماققا راستەك تۇيۇلسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بەزىسى راست، بەزىلىرى يالغان ئىدى. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئىشلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەھۋاللارنىڭ ئاقىۋىتىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ياخشى ئىدى. چۈنكى ھازىرقى رىئاللىق 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى تەرەققىيات كۆرۈنۈشلىرىدىن كېيىن بىر پۈتۈن چېكىنىشكە قاراپ يۈزلەندى.

بۇ قانداق پەيدا بولدى؟! نېمە ئۈچۈن ئەھۋاللار ئارقىغا چېكىنىپ كۈنسېرى ناچارلىشىپ كەتتى؟! بۇ ئىچكى ئامىلنىڭ تەسىرىمۇ ياكى سىرتقى ئامىلنىڭ تەسىرىمۇ؟ ياكى بولمىسا ھەر ئىككىسىنىڭ ئورتاق تەسىرىدىن بولدىمۇ؟!...

بىز ئالدى بىلەن ئىشنىڭ دەسلەپىدىكى سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ گۈزەل ھالىتىگە قاراپ باقايلى!...

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ياكى قوشۇلماسلىقىدىن

قەتئىيلەر مەلۇم دەرىجىدە ماددىۋى تەرەققىيات ھەقىقەتەن بارلىققا كەلدى . . .

بىز شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى ، مۇستەملىكچىلىككە قارشى ئىنقىلاپ روھى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى . شۇڭا ئۇلار بىلىم ئۆگىنىش ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە تۇرمۇشتا يارىمايدۇ دەپ قارىغان تەرەپلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى چىڭ تۇتتى .

بىراق بۇ جايدا ئاشۇ خەلقلەر تەرەققىيات ، مەدەنىيەت ۋە يۈكسىلىش ئۈستىگە «دۇم چۈشۈپ» دىققەت قىلمايۋاتقان تولىمۇ خەتەرلىك بىر ئىش بار .

ئاشۇ خەلقلەر مۇستەملىكچى دۆلەتلەر بىزنىڭ ئەسلى مەۋجۇدىيىتىمىزگە قارشى . . . ئىسلامغا قارشى . . پەيدا قىلغان زور سۇيىقەستلەرگە دىققەت قىلمىدى . شۇنداقلا مۇستەملىكچى دۆلەتلەر ئىسلام زىمىنلىرىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشتىن بۇرۇن ئاشۇ جايدا ئېلىپ بارغان «زەھەرلەش» ھەرىكىتىگە دىققەت قىلمىدى . . .

ئەمەلىيەتتە مۇستەملىكچىلەر ئىسلام دۇنياسىدا ھاياتلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە ئىسلامى بولمىغان ئاساسلار بويىچە «مەدەنىيەت» تارقىتىش خىزمىتىنى ئۆتەيدىغان «ئەلمانى» رەھبەرلەرنى (ئۆزلىرىنىڭ ئىز باسارى سۈپىتىدە ) ئوتتۇرغا چىقارماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ ئىسلام زىمىنلىرىدىن ئەسكەر چېكىندۈرمىدى .

مۇستەملىكچىلەر ئىسلام زىمىنلىرىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمان ئاياللارنى دىن ، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىدىن «ئازات قىلدى» ھەمدە ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ۋە ئەرلەرنى ئازدۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى كوچىغا ئېلىپ چىقتى .

ئۇلار يەنە ئەسكەر چېكىندۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىسلام زېمىنلىرىغا غەرىپ جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان زەھەرلىك ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسىنى چېچىۋەتتى. (بىراق غەرىپنىڭ ھالاكىتىنى كېچىكتۈرىدىغان ئىجابىي ئېنېرگىيە ئامىللىرىنى يەنىلا ئۆزلىرى ساقلاپ قالدى) جىنسىي قالايمىقانچىلىق، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، ئائىلىۋى پارچىلىنىش، روھىي يوقۇلۇش، پىسخىكا جەھەتتىكى يىمىرىلىش، بىئاراملىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، نېرۋا كېسەللىك، ھاراقكەشلىك، جىنايەت، چەكتىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، ماددىي ھالاۋەت ئىزدەپ ۋە ئۇنىڭغا غەرىق بولۇپ قىممەت قاراشلارنى دەپسەندە قىلىش... قاتارلىق زەھەرلەر ئىسلام زېمىنلىرىغا كەڭرى چېچىۋېتىلدى.

شۇنچە كۆپ زەھەرلىك ئۇرۇقلار چېچىۋېتىلگەن تۇرۇپمۇ بۇ خەلقلەرنىڭ ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە يۈكسىلىش لىنىيىسى بويىچە مېڭىشىنى كۈتۈش كېرەكمۇ؟

ياكى ماددىي تەرەققىياتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشلىرىگە مەپتۇن بولۇپ دائىملىق چېكىنىش ۋە ئىزچىل تۈردە ئاجىزلىشىشىنى كۈتۈش كېرەكمۇ؟

«دانىشمەنلەر» بۇ خىل خەتەرلىك سىگنال «ئاۋازى»نى خىلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولۇپ، خەلقلەرنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. بىراق بۇ خەلقلەرنىڭ ئىچىدە اللەنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ ئاۋازى ھوشىغا كەلتۈرەلمىدى. بەلكى ئۇلار چۆلدە قالغان «مەجنۇن»دەك ھاسىراپ زەھەر ئىزدەيدۇ. زەھەر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىغانسېرى ئۇلارنىڭ زەھەرگە بولغان خۇمارى شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ!.

بىز يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىيىۋى ھۇجۇم، ھۇجۇم

قىلىش قورالى ۋە ھۇجۇم قىلغۇچىلار ، ئۇقماي تۇرۇپ قىلىۋاتقانلار بىلەن «ھەق»لىق مالايلارنىڭ پەرىقى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاشۇ خەلقلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئۇزاق مەزگىللىك ۋەيران قىلىش ھەرىكىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدىكى سۆزىمىزنى بۇ جايدا قايتا ئىزاھلاپ ئولتۇرمايمىز .

ئاشۇنداق تۇرۇپ . . . يەنى غەرىپكە «قۇل» بولۇش ئېڭى ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىپ ، ماھىيەتتە ئازات بولالمىغان بۇ ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان مۇستەملىكچىلەر ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ ، ئۇلارنى قوغلاپ چىقاردۇق ، ئۆز شەھىرىمىزدە ئازات بولدۇق دىگەن تاتلىق خىياللىرىدىن كېيىن ، «ئىنقىلاپ» ئىرادىسىنىڭ سۇسلاۋاتقانلىقى ؛ ھەمدە مۇستەملىكچىلەر ئەسكەر چېكىندۇرۇشتىن ئىلگىرى قالدۇرۇپ كەتكەن زەھەرلىك تەسىرلەرنىڭ كۈچىيىشىدە بۇ خىل سۇسلىشىشنىڭ تۈرتكىلىك رول ئويناۋاتقانلىقى بىلەن تۇرۇپ ، ئىسلام رايونلىرىدىكى خەلقلەر قىزغىن قەدەم بىلەن ھالاكەت تەرەپكە ئۆزىنى ئاتماقتا ئىدى . بىراق ئۇ خەلقئارالىق مەيداندا يۈز بەرگەن كەسكىن ئۆزگىرىشلەردىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا كۆپ تۆۋەن ئىدى . چۈنكى مەيداندا گەۋدىلەنگىنى يېڭى كۈچلەر بولۇپ ، بۇندىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان ئاشۇ كۈچلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ رەھىمسىز ۋە تېخىمۇ يىرگىنىشلىك ئىدى .

× × ×

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يەرشارىدا مەۋجۇت بولغان «سىياسى تەركىپلەر» ئىچىدە كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى .

يەرشارىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان «چوڭ» ئىككى دۆلەت ئەنگىلىيە بىلەن فىرانسىيە ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەتلەر ماھىيەتتە ئاشۇ ئىككى دۆلەتنىڭ

«مۇستەملىكچىلىك» سىياسىتى ئاستىدا جان بېقىۋاتقان ئىككىنچى دەرىجىلىك دۆلەتلەر ئىدى . گەرچە ئۇ ئىككى دۆلەت بىلەن باشقا دۆلەر ئوتتۇرىسىدا ھەرقايسى ساھەلەردە مەلۇم رىقابەتلەر بولۇپ تۇرسىمۇ ! . . . ئاشۇ ئىككى دۆلەت ئۆز-ئارا ئىنتايىن قاتتىق رىقابەتلەشتى . ئاخىرى «سكېس-فىكوت كېلىشىمى»[38] ئىمزالىنىپ ، بۇ ئىككى دۆلەت رايونلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆز-ئارا بۆلىشۇلىش ئاساسىدا بىرلەشكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت پەسكويغا چۈشۈپ قالدى . . بىراق بۇ جايدا بارلىق رىقابەتلەشكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بىر مەسىلە بار . ئۆلار ئاشۇ مەسىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆزئارا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكلەرنى ئۇنتۇپ ، بىر-بىرىنى قوللايدىغان ۋە بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلاشقان بىرلا سەپ بولۇپ ئۇيۇشىدۇ . ئۇ بولسا دەل ئىسلامغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدۇر . بىز مىسال سۈپىتىدە شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى ئەھمىيەتلىك ھېسابلايمىزكى ، 1882-يىلى ئەنگلىيە مىسىرنى ئىشغال قىلىۋالدى . ھەمدە مۇھەممەد ئەلى (1849-1805) نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدىن باشلاپ خىدىۋ ئىسمائىل (1879-1863) نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگىچە مىسىردا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن فرانسىيەنىڭ سىياسى نوپۇزىنى سىقىپ چىقاردى . بىراق ئەنگلىيە فرانسىيەنىڭ مىسسىئونىرلاشتۇرۇش ئورگانلىرىغا ۋە «مەدەنىيەت» مۇئەسسەلىرىگە قەتئىي چېقىلمىدى ھەمدە ناپالىئون مىسىردا قالدۇرۇپ كەتكەن فرئەۋن ئاسار-ئەتىقە ئىنىستىتوتىنى شۇ پېتى قالدۇردى . چۈنكى ئەنگلىيە بۇ جايدا ئۆزىنىڭ فرانسىيىگە بولغان دۈشمەنلىكى ۋە ئۆچمەنلىكنى ئۇنتۇپ قالغان بولسىمۇ ، بىراق ئورتاق دۈشمەن (ئىسلام)نى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى .

ئۆلارنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۆكى فرانسىيەنىڭ مەدەنىيىتىنى ياقلايدىغان فرانسۇ سپەرەس تاھا ھوسەيىن «جاھىلىيەت دەۋرىدىكى شېئىرلار»نامىلىق كىتاۋىدا قۇرئان، ئىسلام ۋە بارلىق مۇقەددەس شەيئىلەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئەزھەر ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ بۇ كىتاپنى خەلقئارانىڭ تەكشۈرىشىنى ۋە ئۇنى مۇھاكىمگە قويۇشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، ئەنگىلىيەنىڭ باش ۋەكىلى ئوتتۇرغا چىقىپ تاھا ھۇسەيىننى قوغدىدى ھەمدە مىنىستىرلار رەئىسىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ مۇنداق دىدى: «بۇنداق بىمەنە ئىشلار قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟! تاھا ھۇسەيىنگە قارىتىلغان تەكشۈرۈش تېخى ئاخىرلاشمىدىمۇ؟!...» ئەزھەر سۈكۈتكە چۆمدى...

«تەكشۈرۈش ئاخىرلاشتى» «دوكتۇر» ساقلىنىپ قالدى!

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى يەرشارىدا ئىشلار ئەنە شۇنداق كېتىۋاتاتتى... ئاساسلىق ئىككى كۈچ ھۆكۈمران ئىدى. ئىككىنچى دەرىجىلىك دۆلەتلەر ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشەتتى بىراق ھەممىسى ئىسلام دۇنياسىغا نىسبەتەن ئىسلامغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشاندا ئۆزئارا بىر-بىرىگە تايىناتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇسۇلى... خىرىستىئان مۇستەملىكچىلىرى كونترول قىلىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىق سايىسىدا ئىدىيەۋى ھۇجۇم، ئائىلىلار ئازاتلىقى، جەمئىيەتنى بۇزۇش ۋە بارلىق ساھەلەردە «ئەلمانى» رەھبەرلەرنى ئوتتۇرغا چىقىرىش ئىدى.

بىراق ئۇرۇش بۇ «چوڭ»ئىككى دۆلەتنى ھالىدىن كەتكۈزىۋەتتى. ھەمدە ئۇلارنىڭ ئورنىدا تېخىمۇ ۋەھشى يېڭى ئىككى دۆلەتنى... ئامېرىكا بىلەن روسىيەنى مەيدانغا ئېلىپ چىقتى... تېخىمۇ مۇھىمى يەھۇدىلارنىڭ نوپۇزىنى ئوچۇق-ئاشكارا

گەۋدىلەندۇردى.

بىز باشقا بىر كىتاپتا* ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدەك جازانىخور يەھۇدىلارنىڭ قولىدا بىۋاسىتە مەيدانغا كەلگەن سانائەت ئىنقىلاۋىدىن بۇيان يەھۇدىلارنىڭ نوپۇزى غەربىي دۇنياسىدا ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق ئۇلار تېخى چوڭقۇرلاپ كىرەلمىگەن ۋە ئۆزىنى ئاشكارلىيالمىغان ئىدى. ئەمما ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇلار بىراقلا ئۆزىنى ئاشكارلاپ شەرق ۋە غەربتىكى ھەر ئىككى لاگېرغا تەڭ ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

خەلقئارالىق سىياسەت يەھۇدىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. يەھۇدىلار يېڭى ئىككى جاھانگىر دۆلەت- ئامېرىكا ۋە روسىيە-گە تايىنىپ بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىدۇ. بۇ سىياسەت بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدىكى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە ئىجرا قىلىنغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر ۋە نەچچە ھەسسە قاباھەتلىك بولىدۇ.

يەھۇدىلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزىگە كېلىپ پەلەستىندە ئۆز دۆلىتىنى قۇردى. ئاشۇ ئىككى جاھانگىر دۆلەت بۇنى قوللىدى، ئامېرىكا يەھۇدىلار دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلغان تۇنجى دۆلەت بولۇپ قالدى. ئۇن مىنۇتتىن كېيىن روسىيە ئوچۇقتىن ئوچۇق دىنىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان دۆلەت ئىسرائىلىيەنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە كومۇنىستىك ئېقىم بۇلارنىڭ ھەممىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

يەھۇدى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئاللەنىڭ تەقدىرى

---

* «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيۋى ئېقىملار» ناملىق كىتابىنىڭ «يەھۇدىلارنىڭ ياۋروپاغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىكى رولى» ناملىق بۆلۈمىگە قاراڭ

بىلەن مۇسۇلمان پىدائىلارنىڭ يەھۇدىلار بىلەن كۆرەش قىلىشىدىن ئىبارەت ئاشۇ تارىخىي ھادىسە يۈز بەردى يەھۇدىلار بىلەن خىرىستىئانلار بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق بىلىۋالدىكى ئەگەر ئىسلام ھەرىكىتى شۇ پېتى قالدۇرۇلسا، كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمىغاندىن باشقا، بۇ ھەرىكەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىككى دۈشمەن بىرلىشىپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزىدە قۇرۇپ چىقماقچى بولغان دۆلەتكە نىسبەتەن خەتەرلىك تەھدىت بولۇپ قالىدۇ.

ئەنە شۇ چاغدا بارلىق دۈشمەنلەر تارىختىكى ھەرقايسى دەۋرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى ياۋۇزلۇق بىلەن ئىسلام ھەرىكىتىنى قەتئىي يوقۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى ھەمدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا، روسسىيە ۋە خەلقئارالىق يەھۇدىلاردىن ئىبارەت ئۈچ كۈچنىڭ چوقۇم ھەمكارلىشىش كېرەكلىكى ئاساسىدا ئۇچراشتى.

مانا بۇ جايدا «يوقۇتۇش ھەرىكىتى»نى ئۆتمۈشتىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ياۋۇزلۇق بىلەن يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىدى. ھەمدە تۆۋەندىكى ئاساسلىق ئىككى خىل پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

(1) مۇسۇلمانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قانلىق باستۇرۇش.

(2) ئىسلام دۇنياسىدا خۇسۇسەن ئەرەپ دۇنياسىدا مەۋجۇت بولغان دۆلەتلەرنى ئىزچىل تۇردە پارچىلاش.

دەرۋەقە 1948-1949-يىللىرى ئەنگىلىيە يەھۇدىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋەھشىلەرچە قىرغىن قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار قاماققا ئېلىنىدى. ھەسەنۇل بەننا ئۆلتۈرۈلدى... ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئەنگىلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ قولدا بۇ جىنايەتلەر قايتا

www.uyghurkitap.com

تەكرارلىنىشى مۇمكىن ئىدى .

بىراق يېڭى كۈچ ھۇجۇم قىلىشى تېخىمۇ قاتتىق ، جامائەتنى ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى ئورۇنداشتا تېخىمۇ «ئىقتىدارلىق» بولغان يېڭى قورالنى ئىشقا سالدى . بۇ قورال مەنسەپ تاماسىدا يۇقىرىدىن بەلگىلەنگەن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان ، مەنمەنچىلىك ۋە باغرىتاشلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە كىشىلەردىن تاركىپ تاپقان ، مۇھىم ۋەزىپىگە «يارايدىغان»لار تاللىنىدىغان ھەربىي ئۆزگىرىش ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ۋەھشىلەرچە قىرغىن قىلىش ئۇزۇلمەي داۋاملاشتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى ساھەلەردە ئەخلاقنى بۇزۇش پائالىيىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى .

«ئاياللار ئازاتلىقى» دېگەن نىقاپ ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان جەمئىيەتنى بۇزۇش پائالىيىتى بۇزۇقچىلىقنىڭ ئۆزلىكىدىن كېڭىيىشى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئىپلاس نەتىجىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىدى . بىراق ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ قولى ئارقىلىق قەستەن جانلاندۇرۇلدى ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى .

جامال ئابدۇناسىر بىر قېتىم يەرلىك تىلدا يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلەپ ، نۇتۇقتا بىر جۈملە سۆزنى ئېيتقان بولۇپ ، ئاشۇ چاغدىكى كىشىلەر بۇ سۆزدىن ھەيران قالغان بىراق ئۇلار كېيىنكى مەرگىللەردە بۇ سۆزنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى ئېنىق بىلدى . جامال ئابۇناسىر ئۇنى قىستاۋاتقان㊴ ئىسرائىلىيە رەھبەرلىرىنىڭ بىرىدىن خاپا بولۇپ شۇنداق دېگەن : «ھەي ئىسرائىلىيە سەن بىزنى يەنە نىمە قىل دەيسەن . . . بىز ئاياللارنى ئازات قىلىپ بولغان تۇرساق ! »

دەل شۇنىڭدەك جەمئىيەتتە قىممەتلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش

پائالىيىتى جەمئىيەتكە چېچىلغان كۆپ خىل زەھەرلەرنىڭ نەتىجىسىدە ۋە دىنىي ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە تۈنجى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قولىدا ۋە ئاتالمىش «مۇستەقىللىق» مەزگىللىرىدە ئۆزلىگىدىن كەڭىيىپ كېتىشىنىڭ كاپالىتى ئىدى. بىراق ئۇ ئىسلامغا ۋەھشىلەرچە ھۇجۇم قىلىش، ھوقۇق ئورگانلىرىدىن ھەرقانداق پاك ۋە ساپ ئادەملەرنى يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زامانغا بېقىپ ياشايدىغان «خوشامەتچى» «يۇمىلاق تاۋۇز» لارنى دەسسىتىش نەتىجىسىدە ئەسكەرلەرنىڭ قولىدا قورقۇنچلۇك دەرىجىدە كەڭەيتىلدى... نەتىجىدە پارىخورلۇق جەمئىيەتتىكى تۇپ مەسىلىگە، ئالدامچىلىق مۇئامىلىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى. پۇرسەتپەرەسلىك ھېچكىم ئۇنىڭدىن ياتسىرىمايدىغان ھەممىگە تونۇشلۇق قىممەتكە ئايلىنىپ قالدى. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، ياخشىلىق يامانلىققا، يامانلىق ياخشىلىققا ئايلىنىپ قالدى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىلىيە ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئاچكۆز يەھۇدىلارغا تاقابىل تۇرۇشتا تايىنىدىغان بىرەر مۇستەھكەم كۈچنى قالدۇرماسلىق ئۈچۈن.. دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تەلەپ قىلىنغان «ئومۇمىي سىياسەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى.»

ئەمما «دۆلەتلەرگە» نىسبەتەن 1982-يىلى 14-فېۋرالدا يەھۇدىلارنىڭ «كىيىفونىم» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالە ناھايىتى كۈچلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە. «روجى جا رۇدى» ئۆزىنىڭ «ئىسرائىلىيە ئارخىپى، خەلقئارالىق زىئونىزىم تەتقىقاتى» ناملىق كىتاۋىدا ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئابزاسنى ئۈزۈپ ئالغان بولۇپ، ئۇ ئىسرائىلىيە ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنغان، لىۋاندا ئاللىقاچان ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان... ۋە باشقا دۆلەتلەردە كېيىنچە ئىجرا قىلىنىدىغان ... سىياسەتنى ئېنىق

www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

«سىنا يېرىم ئارىلىنى ئۇنىڭ بايلىقلىرى بىلەن قوشۇپ قايتۇرىۋېلىش بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانىمىز . بىراق داۋىدلاگىر كېلىشىمى ھازىر بىز بىلەن نىشانىمىز ئوتتۇرىسىدا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ . . . بىز نېفىت ۋە ئۇنىڭ پايدىسىدىن مەھرۇم قالدۇق . ھەمدە بۇ مەيداندا نۇرغۇن ئىقتىسادنى قۇربان قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق . بىز قاغىش تەككۈر ساداتنىڭ زىيارىتىدىن ئىلگىرى ۋە 1979- يىلى ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم ئىمزالاشتىن ئىلگىرى سىنادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ تۇرىۋاتقان ۋەزىيەتنى قايتۇرىۋېلىشىمىز كېرەك .

«مىسىردىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ، مىسىردا مەۋجۇت بولغان تۈزۈمنىڭ خاراكتىرى ۋە ئۇنىڭ ئەرەپ مىللەتچىلىك سىياستى . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىلىيىنى ئارلىشىشقا ئۈندەيدىغان بىر بۆلۈك شارائىتلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . . . مىسىر ئىچكى زىددىيىتى بىلەن بىزگە ئىستىراتىگىيىلىك قىيىنچىلىق شەكىللەندۈرەلمەيدۇ . بىز مىسىرنى 24 سائەت ئىچىدە 1967- يىلدىكى ئىيون ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ۋەزىيەتكە قايتۇرۇپ قويالايمىز . . . مىسىرنىڭ «ئەرەپ دۇنياسىنىڭ داھىسى» بولۇش خىيالى بەربات بولدى . مىسىر % 50 كۆچىنى يوقاتتى . . . ئۇ بىر گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . مىسىر جانسىز جەسەتكە ئايلىنىپ قالدى . ئەگەر بىز مىسىردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدا كۈنسىرى كۈچىيىۋاتقان قارشىلىقنى ئېتىبارغا ئالساق تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ . 80- يىللاردا مىسىرنى ئېنىق ئايرىپ تۇرىدىغان جۇغراپىيىلىك رايونلارغا بۆلىۋېتىش بىزنىڭ بىردىنبىر نىشانىمىز بولۇشى كېرەك !

«ئەگەر مىسىرنى پارچىلاش خىزمىتى تاماملانسا ۋە مىسىر

ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقاتسا ، ئۇنداقتا لىۋىيە ۋە سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ . باشقا شەھەرلەرنى پارچىلاشنىڭ ئاساسلىقىغا تېخىمۇ گەپ كەتمەيدۇ . يۇقىرى مىسىردا قىبتىلار ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەش ۋە رايون خاراكتېرلىك كىچىك ھۆكۈمەتلەرنى قۇرۇپ چىقىش تارىخى تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ تېنچلىق كېلىشىمى ھازىرچە ئۇنى كىچىكتۇرۇپ تۇرىۋاتىدۇ . ئىراق ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق .

«شەرقى رايون خەلقلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى غەربىي رايون خەلقلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ مۇرەككەپ . ماھىيەت رىئاللىقنىڭ دەل ئەكسىچە . لىۋاننى بەش رايونغا بۆلۈش ئەرەپ ئەللىرىدە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك سىياسەتنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ . ئىراق ۋە سۇرىيەنى مىللىي ياكى دىنى ئاساس بويىچە چېگرىلىنىدىغان رايونلارغا بۆلىۋېتىش بىزگە نىسبەتەن ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم نىشان بولىشى كېرەك ! . ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچىنى تارمار قىلىش .

«سۇرىيە ئاھالىسىنى پارچىلىنىش ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى قايتا تەشكىللەش دېڭىز بويلىرىدا شىيئە دۆلىتى قۇرۇشنى ، ھەلەب رايونىدا سۈننىلەر دۆلىتى قۇرۇشنى ، دەمەشىقتا يەنە بىر دۆلەت قۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . دەرەزىلار ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەش ، ئۇنى ھوران بىلە ئىئوردانىيە پادىشاھلىقىنىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىزگە تەۋە گولان ئىگىزلىكىدە بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئارزۇيىمىزغا ئۇيغۇن كېلىدۇ . . . بۇ دۆلەتلەر ئۇزاق مەزگىلگىچە ئاشۇ رايوننىڭ تېنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنىڭ كاپالىتى بولىدۇ . مانا بۇ بىزنىڭ

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك نىشان .

«ئىراقنىڭ نېفىت بايلىقى مول ئۇ ئىچكى كۆرەشنىڭ يەمچۈكى ، ئىراقنى پاچىلاش بىزگە نىسبەتەن سۈرىيەنى پاچىلاشتىنمۇ مۇھىم چۈنكى ئىراق ئۇزاق ئۆتمەي ئىسرائىلىيىگە خەتەرلىك تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ . سۈرىيە-ئىراق ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىشى ئىراق بىزگە قارشى چوڭ كۆرەشكە ئاتلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن ، ئۇنىڭ ئىچكى جەھەتتە يىمىرىلىشىدە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ . ئەرەپلەرنىڭ ھەرقانداق ئىچكى زىددىيىتى بىز ئۈچۈن پايدىلىق ئەرەپلەرنىڭ پارچىلىنىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . . . ئىراق-ئىران ئۇرۇشى ئەرەپ سەپلىرىدىكى ئاشۇ خىل پارچىلىنىش ۋە ئاجىزلىشىشقا ئالاھىدە ياردەم بەردى .

«ئىئوردانىيە نۆۋەتتىكى ئىستراتېگىلىيلىك نىشان ، ئۇ پارچىلىنىپ پادىشاھ ھۈسەيىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ ، ھوقۇق كۆپ سانلىق پەلەستىنلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۇ بىزگە ھېچقانداق خەتەر شەكىللەندۈرەلمەيدۇ . مانا بۇ ئىسرائىلىيە سىياسىتى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش . بۇ دىگەنلىك مۇشۇنداق ئۆزگەرتىش كۆپ سانلىق ئەرەپ ئاھالىلىرى قويۇق ئولتۇراقلاشقان غەربىي قىرغاقنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ دىگەنلىكتۇر . شۇڭا بۇ ئەرەپلەرنى تىنچلىق بىلەن ياكى ئۇرۇش بىلەن شەرقىقە كۆچۈرۈش ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئاھالىۋى گۈللىنىشنى توختىتىش كەلگۈسىدىكى بۇرۇلۇشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى . بىز ئاشۇ ئەمەلىيەتنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك !

«ئاپتونومىيە پىلانىنى نورمال ھەل قىلىش چارىسىنى ياكى بىرگە ياشاش چارىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەمدە ئىككى

ئۇممەتنى ئايرىۋېتىش يولىدا داۋان ھاسىل قىلىدىغان ھەرقانداق پىلاننى قەتئىي رەت قىلىشى كېرەك

«ئىسرائىلىيىلىك ئەرەپلەر (پەلەستىنلىكلەر) ئىئوردانىيەدىن باشقا جايدا ئۆلارنىڭ ۋەتىنى بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك . . . ئۇلار يەنە دېڭىز بىلەن ئىئوردان دەرياسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان زېمىنلارنىڭ ھەممىسىگە يەھۇدىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغۇچە خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك . . . بىز ئاتوم دەۋرىگە يېقىنلاپ قالغان مۇشۇ پەيتتە يەھۇدىي ئاھالىلىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنىڭ ئاھالىلىرى ئىنتايىن زىچ دېڭىز بويى رايونلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشىغا قوشۇلالمايمىز . بۇ ئاھالىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش بىزنىڭ ئىچكى سىياسىتىمىزدىكى تۈنجى مەجبۇرىيەتىمىز ، يەھۇدا ، سامىرە ، جەلىل تاغلىرى بىزنىڭ بىر ئۇممەت سۈپىتىدە ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر . ئەگەر بىز ئاشۇ تاغلىق رايونلاردا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلليەلمىسەك ، ئۇنداقتا بىزنىڭ ئاقىۋىتىمىز مۇشۇ شەھەرلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان «ئەھلى سەلىپ»لارنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولىدۇ .

«بىز ھەرقايسى رايونلارنى ئاھالە ئىستىراتېگىيە ۋە ئىقتىسادىي سەۋىيىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەك . ھەممە ئۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بولۇشى كېرەك . . . بۇ ئىش «بىر سەبئىي»دىن «جەلىل ئەئلا»غىچە بولغان رايونلاردىكى سۇ مەنبەلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ رايونلار بۈگۈنكى كۈندە يەھۇدىيلاردىن پۈتۈنلەي خالىي رايونلاردۇر . »

× × ×

ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىشلار مۇشۇ خىل رەۋىشتە كۈنسېرى

www.uyghurkitap.com

ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ . يېقىنقى بىر نەچچە يىل جەريانىدا تېخىمۇ كۆچىيىپ كېتىشى مۇمكىن ، چۈنكى يەھۇدى دۆلىتى بىر تەرەپتىن ئامېرىكىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا قوللىشى يەنە بىــــر تەرەپتىن رۇسىيەنىڭ مەخپى ياردىمى ئاستىدا ئورنىنــى مۇستەھكەملەپ ، ئەتراپقا كېڭىيىۋاتىدۇ . يەھۇدىلارنىڭ دۈشمەنلىكــى يۇز بەرگەن چاغدا رۇسىيە «ئەرەپ»لەرگە كۆيۈنگەن قىياپەتتە ئىسرائىلىيىنى ئەيىبلەش ئاۋازى بىلەن بولدى قىلغاندىن باشقا ، 1948- يىلدىن بۇيان تا ھازىرغىچە دۈشمەنلىگىنى توختىتىــــــدىغا . ياكــى دۈشمەنلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىگىنى چەكلەيدىغان ھېچ قانداق ئەمەلىي بىر ئىش قىلىپ باققىنى يوق ! ئەگەر سەن قولىغا پىچاق ئېلىۋېلىپ بىر ئادەمنى بوغۇزلىماقچى بولغان يەنەبىر ئادەمنىڭ يېنىــدىن ئۆتسەڭ ، ھەمدە «ھەي ئادەم ! بۇنداق قىــلساڭ بولمايدۇ» دەپ قويۇپ ھېچقانداق ئەمەلىي چارە قوللانمـــــساڭ ، ئۇنداقتا سەن ماھىيەتتە ئۇنىڭ ھەرقانداق توسۇقتىن خاتىرجەم ھالدا ئۆزىنىڭ قاتىللىق جىنايىتىنى بىمالال سادىر قىلــــشىغا ياردەم بەرگەن بولىسەن . . . . چۈنكى ئاۋاز بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ھاۋاغا سىڭىپ كېتىدۇ . جىنايەتچى ئۆز جىنايــــتىنــــــى ئەمەلگە ئاشۇرىۋېرىدۇ !

بۇ چوڭ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغاتۇتقان ھەقىقى مەيدانى ئەنە شۇنداق ! ئامېرىكا- بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك رۇسىيەگە بولغان ئۆچمەنلىگىدىن قەتئىي نەزەر ، ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىگىدىكى رايونلاردا ئىسلامغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن روسىيە ۋە كوممۇنىزىمغا ياردەم بېرىدۇ . ئىككى دۆلەت ئۆچ-ئاداۋىتىنى ئۇنتۇپ ، ئىسلامغا قارشى بىر-بىرىنــى قوللىغان ۋە بىر-بىرىگە تايانغان ھالدا بىر سەپ بولۇپ تۇرىدۇ . گەرچە بۇلارنىڭ ئەھۋالى ئۆتمۈشتىكى ئىككى چوڭ دۆلەت ئەنگلىيە

بىلەن فىرانسىيەنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغان بولسىمۇ ، بىراق هازىرقى دۈشمەنلەر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ياۋۇز ۋە نەچچە ھەسسە ئىپلاستۇر . ئىشلار ھەمكارلىشىش ۋە بىر-بىرىگە تايىنىشتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى ، رۇسىيە مۇسۇلمانلارنى قانلىق باستۇرىۋاتقان ئامېرىكا غالچىلىرىغا چاپان ياپسا ، ئامېرىكا شۇ خىل جىنايەتلەرنى ئىجرا قىلىۋاتقان كوممۇنىزم ئىتلىرىنى قوغدايدۇ . بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى خەلقئارالىق يەھۇدىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىسلامغا بولغان شەخسى ئۆچمەنلىك «كېسىلى»نى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ شىپا تاپقۇزىدۇ .

× × ×

يۇقارقى قۇرلاردىن بىزگە ئىسلام مەيدانىدىكى خىزمەتلەردە ئاز بولمىغان مۇرەككەپ قىيىنچىلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئايدىڭ بولدى . بۇ قىيىنچىلىقلار ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى مەيداندا خىزمەت قىلىۋاتقان جامائەتلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە پارچىلىنىشى بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىشى ، ئىسلام خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يولىنى بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە چوڭ رەھبەرلىكنىڭ يوقلىشى ھەمدە تەربىيە تەرەپلىرىدىن ئەڭ مۇھىم تەرەپلەردە يەنى ئەقىدە ، ھەرىكەت ئىدىيە ۋە سىياسەت . . . تەرەپلەردە زور نۇقسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى . . .دۇر .

بىر قىسىم كىشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۆنىېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ ، گويا يول تاقاقلىقتەك ، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ھىلىلا يىمىرىلىپ ، زۇلمەت قايتىدىن قاپلاپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ .

بۇ قەتئىي توغرا ئەمەس !

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن سۈيقەست قىلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ توغرا

ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ ! چۈنكى ئۇلار شۇنچە كۆچ سەرىپ قىلىپمۇ بۇ ھەرىكەتنى يوقۇتالمىدى . بەلكى ئۇلارنىڭ يوقۇتۇش پائالىيىتىدىن كېيىن بۇ ھەرىكەتنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئۇلار ئەنسىرمەكتە !

ئەگەر بىز ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى اللەنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپلا قالماستىن ، بەلكى ئەتراپقا كېڭىيىپ پۈتۈن دۇنيانى قاپلايدۇ . اللەنىڭ ئىجازىتى بىلەن ھەقىقەتەن «كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ» دىسەك ئۇنداقتا بىز قارىغۇلارچە سۆزلىگەن بولمايمىز . بەلكى بىز كۆز ئالدىمىزدىكى رىئال ئەمەلىيەتكە ۋە اللە مۇشۇ مەۋجۇدات ئىچىدە يۈرگۈزىدىغان ئىلاھى قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن سۆزلىگەن بولىمىز .

بىز ئالدى بىلەن ھادىسىلەرگە لىق تولغان كېيىنكى مەزگىللەردە اللەنىڭ مۇشۇ ئۇممەتكە بېكىتكەن تەقدىرىنى تەكشۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقايلى ! . . .

ئەگەر اللە مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئۆلۈشىنى ، يوقۇلۇشىنى ۋە تارىخ بېتىدىن ئۇنىسىز ئۆچۈرۈلۈشىنى تەقدىر قىلغان بولسا ، ئۇنداقتا ئاتاتۈرك مۇستاپا كامالنىڭ قولى ئارقىلىق خەلىپىلىكنىڭ يوقىلىشى دەل مۇشۇ تەقدىرنى ئىلگىرى سۈرگۈچى مۇھىم ئامىل ئىدى . چۈنكى ئاشۇ چاغدا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قاراڭغۇلۇق ۋە ئۈمىتسىزلىك قاپلاپ كەتتى . مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى گويا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم باللاردەك ھېس قىلىشتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدا قارىشلىق ئۈمىتسىزلىكنى قوزغايدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل ئىدى . . .

بىراق اللەنىڭ تەقدىرى بۇ ھادىسىنىڭ ئۆزىنى يېڭىدىن ئويغىنىش ۋە يېڭىدىن گۈللىنىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشقا تاللىدى .

ئەگەر الله دۈشمەنلەرنىڭ بۇ ئويغىنىش ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ ، ئۇنى يوقۇتۇش ۋە ئۇنىڭ تېنىقلىرىنى توختۇتۇشنى تەقدىر قىلغان بولسا ، ئۇنداقتا ئىككىنچى ئاتا-تۈرك جامال ئابدۇناسىرنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرۇشتىكى ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقلىرى بۇ ھەرىكەتنىڭ يوقۇلىشى ۋە تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرلىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ شارائىت ئىدى .

بىراق اللەنىڭ تەقدىرىدىن بىزنىڭ ھازىرغىچە كۆرۈۋاتقانلىرىمىز شۇكى ، يۈز بېرىۋاتقان ھەر قانداق قانلىق قىرغىن ئىسلام ھەرىكىتىگە يېڭىدىن قوشۇلىۋاتقان ياش ئاۋانگارتلارنى مەيدانغا كەلتۈرىۋاتىدۇ .

بەلكى بىز يۈزلىنىشنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ بولىۋاتقانلىقىنى ، ئىسلامنى- الله نازىل قىلغاندەك- ئۆز ماھىيىتى بويىچە ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىزغىنلىقىنىڭ ياشلاردىكى ئاپتوماتىك دىلقۇنغا ئايلانغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز . ئەمەلىيەتتە بۇ ياشلار بىرەر جامائەتكە تەۋە ئەمەس ، ئۇلار مەيلى بۇ جامائەتكە قوشۇلسۇن ياكى يەنە بىر جامائەتكە قوشۇلسۇن ۋە ياكى ھېچبىر جامائەتكە قوشۇلمىسۇن (40) پەرقسىز ھالدا ياشلاردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنتىلىشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

بىز «ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى» دىگەن بۆلۈمدە ھەقىقەتەن ئىسلام ئۇممىتىنىڭ دىنىغا قايتىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ، «بەلكى ئەجەپلىنەرلىك بولغىنى ئۇلارنىڭ دىنىدىن قېچىپ ، غەرپكە يۈزلىنىشى ! تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولغىنى بۇ خىل چېكىنىش ئۈستىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ تەبى يۈرەك سوقۇشىغا قايتىپ كېلەلمەسلىكىدۇر »دىگەن ئىدۇق .

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ خىل چېكىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەپلىرىدىن بىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ

ئېرىشتۇرۇشقا ئۇچراش ، ئەينى چاغدا «زىيالىلار» ئۆزئارا شۇنداق دەيتتى : ياۋرۇپا كاپىر ۋە ئاتېزىمچــى ، شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار كۈچلۈك ھەم مەدەنىيەتلىك ، ئۇلار يەرشارىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە . ئۇلار دىنسىز بولسىمۇ بىراق ئەخلاقلىق ! بىز بولساق دىندار خەلق بىراق بىز ئاجىز ھەم قالاق ، شۇنداق بولۇشقا قارىماي بىز يەنىلا ئەخلاقسىز مىللەت ! . . . شۇڭا بىز بۇنداق دىننى چۆرۈپ تاشلايلى ! ياۋرۇپا تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇش ئۈچۈن دىندىن چىكىنىپ چىققاندەك بىزمۇ . . . . چىكىنىپ چىقايلى ! . . . شۇنداق قىلىپ «زىيالىلار »بىز يۇقارقى «ئېغىپ كېتىشنىڭ تەسىرلىرى » دىگەن بۆلۈمىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن شارائىتلاردا نادان خەلقنى ئارقىسىدىن ئەگەشتۇرۇپ تۇيۇق يوللارغا باشلاپ كەتتى .

بۈگۈن ئاشۇ خىل سىلىشتۇرۇشنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە خاتالىق ئېنىق كۆرۈنىۋاتىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ خىل خاتالىق ئەينى ۋاقىتتا ئازغۇنلۇق باشلانغان كۈنلەردە تېخى ئېنىق بولۇپ كەتمىگەن ئىدى .

توغرا ، ياۋرۇپا كاپىر ۋە ئاتېزىمچى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى زورايتقۇچى ئامىللارنىڭ ھەممىنى ئۆز چاڭگىلىغا توپلىدى . بىراق ئۇلارنىڭ كاپىر ۋە ئاتېزىمچىلىقى تۈنجى قېتىم «زىيالىلار» ئويلىغاندەك ئۇلارنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى . بەلكى ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە مۇنداق ئىككى تەرەپتىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى . بىرىنچىسى ، بۇ «مەدەنىيەت» دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگەن ۋە «مەدەنىيەتنىڭ» كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆزلۈكسىز كۈچەيگەن «كېسەل» ئىككىنچىسى بۇ مەدەنىيەتنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئاقىۋەت ، بىرىنچىسى : روھــى ، نېرۋا ۋە ئىدىيىۋى «بىئاراملىق» چۈنكى ھەر بىر شەيئىنىڭ دەرۋازىسىنى

ئۇلارغا ئاچقان اللە ئىنسانلار- اللەنى ئۇنتۇپ قالغان چاغدا- ئىلاھى قانۇنىيەتنى يۇرگۇزۇش ئۇچۇن قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلارنى شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى ؛ ئەگەر ئىنسانلار پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلسا ، اللە ئۇلارنى تۇيدۇرماي جازالاش ئۇچۇن مەلۇم مەزگىللەرگىچە زېمىننىڭ بايلىقلىرى ئىچىگە ئۇلارنى غەرىق قىلىۋېتىدۇ . بىراق اللە ئۇلارغا بەرىكەت ۋە روھى خاتىرجەملىكنى بەرمەيدۇ . چۇنكى بۇ ئىككىسى- بەرىكەت ۋە روھى خاتىرجەملىك- ئىماننىڭ نەتىجىسى بولۇپ ، اللەغا يۈزلەنگەن ، اللەنى ئەسلىگەن ، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىلەردىن باشقىغا اللە ئۇنى ھەرگىز بەرمەيدۇ .

«ئەگەر كەنت ئاھالىسى ئىمان كەلتۇرگەن ۋە تەقۋادارلىق قىلغان بولسا ، ئەلۋەتتە بىز ئۇلارغا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىنى ئاچقان بولاتتۇق .» (7: 96)

«مۆئمىنلەرنىڭ قەلبى اللەنى ئەسلەش بىلەن ئارام تاپىدۇ . ئېسىڭلاردا بولسۇنكى دىللار پەقەت اللەنى ئەسلەش ئارقىلىقلا ئارام تاپىدۇ .» (: 28)

«بىئاراملىق» تۈنجى كۈندىن باشلاپ مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى بولۇپ قالدى . بىراق ئۇنىڭ نەتىجىلىرى كۈنسېرى ئۇچۇقتىن-ئوچۇق كۆپىيىۋاتىدۇ ، ئۇلارنىڭ ستاتىستىكىلىرىدا خاتىرلىنىشچە بىئاراملىق كۈنسېرى ئېشىۋېتىپتۇ . . . روھى ۋە نېرۋا كېسەللىك ، ساراڭلىق ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە خۇمار بولۇش ، جىنايەت پاتقىقىغا پېتىش ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ پارچىلىنىشى . . .قاتارلىقلار دەل ئاشۇ «بىئاراملىقنىڭ» ئەمەلىي ئىپادىسى ئىكەن .

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىسى : ئاخىرقى ھېسابتا بۇ «مەدەنىيەت» نى كۆتمۋاتقان يەنە بىر تەسىر «مەدەنىيەتنىڭ يىمىرلىشى» بولۇپ، ئاشۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىگىلىرى ھېسابلانغان «دانىشمەنلەر» گەرچە ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا كۈچى يەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئاشۇ مەدەنىيەتنىڭ يىمىرلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئالقاچان خەۋەر قىلدى . چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى يىمىرىلىۋاتقان مەۋجۇدىيەت ئىچىدە تۇرۇپ ، باشقىلارنى خەتەرلىك ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرىۋاتىدۇ .

ھەقىقەتەن بۈگۈن ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتى ، بىز يىمىرلىش ھەققىدە سۆزلىگەن چېغىمىزدا بەزى كىشلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسانلىقچە يىمىرلىپ كەتمەيدۇ ، چۈنكى ئۇلار مۇقەررەر يىمىرلىشنى كېچىكتۈرىدىغان كۈچ ۋە ئىجابىي ئامىللار . . . بىلەن ئۆزىنى قوغداۋاتىدۇ .

ئۇلاردا ئىلىم كۈچى ، چىدامچانلىق ۋە قېتىرقىنىپ ئىشلەش كۈچى ، ئىنتىزاملاشتۇرۇش ماھارىتى ، قىيىنچىلىقلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىكى ئەمەلىيەتچانلىق روھى . . . قاتارلىقلار بولغاندىن سىرت ، ئۇلار يەنە ھاياتنىڭ كۆپلىگەن تەرەپلىرىدە «جاپا» نى ئىنساننىڭ ئۆشىنىسىدىن ئېلىۋېتىپ مېخانىكىغا يۈكلەيدىغان ئىلغار شارائىتلارغا ئىگە .

. . . گەرچە بۇ مەدەنىيەتنى «ھالاكەت» كە ئۇندەيدىغان «سەۋەبلەر» مەۋجۇت بولسىمۇ ، بىراق ئاشۇ «كۈچ» لەرنىڭ ھەممىسى يىقىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان مەۋجۇدىيەتنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى تېز يىمىرىلىشتىن توسۇپ قالىدۇ . . . توغرا . . . بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىرقى مۇقەررەر ئاقىۋەتنى توسۇپ قالالمايدۇ . . . چۈنكى ئۇ اللەنىڭ قانۇنىيىتى .

ئەمما «ئەخلاق» مەسىلىسىدە ئۇنىڭ ھەقىقى ئەخلاق ئەمەس

بەلكى «مەنپەئەت»ئەخلاق بولغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ . . . ئاشۇ ئاتالمىش «ئەخلاق»نىڭ سىرتقى قىياپىتى بەكلا گۈزەل بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭ يىلتىزى يوق . چۈنكى يىلتىز ئەخلاقنىڭ ھەقىقى بولىقى بولغان دىندىن ئۈنۈپ چىقىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن (دىننى مەنبە قىلمىغان) «ئەخلاق» (يىلتىزى يوق دەرەخكە ئوخشاش) ئاللىقاچان قۇرۇپ قېلىشقا باشلىدى . ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىر تۈركۈم ئەۋلاتلار مەيدانغا كېلىپ ئاستا-ئاستا ئاشۇ ئەخلاقتىن چېكىنىپ چىقىشقا باشلىدى . ئۇلار يا جىنايەت تەرەپكە ماڭدى ، يا پەرۋاسىز ھالدا قالايمىقانچىلىق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى . نىسبەت كۈنسېرى ئاشماقتا !

يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ئېنىق بولىۋاتىدۇكى ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ئاقىۋىتى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس . . . بەلكى يىللاردىن بىرى «لااله الا الله»نىڭ ھەقىقى ئۇقۇمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، پۈتكۈل ئىسلامنى روھى يوق قۇرۇق ئەنئەنىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتەك ئېغىر خاتالىقلارنى سادىر قىلىش نەتىجىسىدە ئىسلامنىڭ ئاساسلىق چۈشەنچىلىرىنى ئاستا-ئاستا ئەسلى ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرىۋېتىشىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىدۇر .

بىر تەرەپتىن غەرب مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاخىرقى ئەسىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رىئاللىقىغا نىسبەتەن بۇ ھەقىقەتنىڭ نامايەن بولۇشى «ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى»گە شەكسىز تەسىر كۆرسەتتى . . . چۈنكى ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆزلەر ئېنىق كۆرگەن چاغدا ، كىشىلەر ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى قۇرئان ، ھەدىس ، ۋە تۇنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپكى ھايات ئەمەلىيىتىدە ئىجرا بولغاندەك چۈشەنگەن چاغدا ۋە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بۈگۈنكى ۋاقىتتا دىنىنىڭ

ئەسلى ماھىيىتىدىن قانچىلىك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن چاغدا . . . (ھەقىقەتنىڭ نامايەن بولۇشى )ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ كۈنسېرى زورىيىۋاتقان يېڭى ئاۋانگارتلار ئارقىلىق بۇ ھەرىكەتكە كۈچ قوشىدىغان مول ئېنېرگىيە مەنبەسىدۇر .

بۇ ھەقىقەتنى- ھەر ئىككى تەرەپتىن- مۇشۇنداق چۈشىنىشنى ھېچ نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ !

دىمەك ياۋروپا اللە نازىل قىلغان ھەر بىر ھەقىقەتكە قارىتا ئاسىلىق مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىكەن ، ئۇنداقتا ئىلاھى قانۇنىيەت بويىچە يىمىرلىش ئاقىۋىتىدىن قەتئىي ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدۇ .

«لااله الا اللە »نىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ۋە اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان دىنىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش . . .نى بۈگۈن قەتئىي چەكلەش مۇمكىن ئەمەس ، چۈنكى ئۇ مۇسۇلمان ئوغۇل-قىز ياشلارنىڭ ئېڭىدا ئاللىقاچان ئويغۇنۇپ ھەقىقەتكە ئايلىنىپ كەتتى .

× × ×

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكۈچى ئامىللاردىن بىرى كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتا سىرتتىن ئىمپورت قىلىنغان تۈزۈملەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا ۋە ئۈممەتنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ، ئەلمانى رەھبەرلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ .

مانا بۇ ياۋروپانىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى تۈزۈملەرنى سۈرەپ كىرىپ تولۇق بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىنكى ئەمەلىي رىئاللىق !

«مۇسۇلمانلار » تەرەپ كۈنسېرى ئاجىزلاشماقتا . . . دۈشمەنلەر تەرەپ بولسا كۈنسېرى كۈچىيىپ دۈشمەنلىكىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا . . .

چوڭ ئىسلام دۆلىتى پارچىلاندى ، ئىسلام دۇنياسى بىر نەچچە بۆلەككە . . . ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئۇششاق بۆلەكلەرگە

بۆلۈنۈپ كەتتى . . . بۈگۈن ھەرقايسى گۇرۇھلار پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈشنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۆزئارا قىرغىن قىلىشماقتا . . .

«سوتسىيالىزىم» سايىسىدا خىيالى بايلىقلارنى ئۆز قولىغا توپلاپ ، ئاشۇ خەلقلەرنىڭ رىزقىغا چاڭگال سېلىپ ، ئۇنى بۆلاپ-تالايدىغان مونوپول قىلغۇچى يېڭى سىنىپنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن نامراتلىق كۈچىيىپ ، ئادەتتىن تاشقىرى ئۆسۈم قەرزلىرى دۆۋىلىنىپ كەتتى .

ئەخلاق يىمىرىلدى ، قىممەتلەر ۋەيران بولدى . خەلقلەر مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈك مۇناسىۋەتنى يوقۇتۇپ ، شەخسىيەتچىل شەخسلەرگە ياكى دۈشمەن جامائەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى ، شەھەرلەردە خاتىرجەملىك يوقۇلۇپ ، قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۈگىمەس بىئاراملىققا چۈشۈپ قالدى . . .

يەھۇدى دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ۋە مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە ئىسلامغا تەۋە بولمىغان غەيرى دۆلەتتىن بىرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ تەييارلىقلىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۈرىكىدىن بىر پارچە مۇقەددەس زېمىن بۆلۈۋېلىندى . . .

ئاپغانىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان قاقشاتقۇچ ئۇرۇشلار ، ۋە كوممۇنىزىم دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلاغا يۈرگۈزۈلگەن تۈگىمەس زوراۋانلىقلاردىن باشقا . . . ھىندىستان ، ئېفىئوپىيە ، ئارتىرىيا ، سومالى ، ئوگاندا ۋە فىلىپپىن . . . قاتارلىق يەرشارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۆلەتلەردە مۇسۇلمانلارغا قارىتا يېقىلغان دۈشمەنلىك ئوتلىرى كۈنسېرى لاۋۇلداپ كۆيمەكتە . . .

سىرتتىن ئىمپورت قىلىنغان تۈزۈملەر نىمە قىلالىدى؟ ئەلمانى رەھبەرلەر نىمە ئىش قىلىپ بېرەلىدى ؟ ! . . . ئەمەلىيەتتە مۇشۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇلار مەۋجۇت بولغىنى

ئۆچۈن كېلىپ چىقتى ، ياكى شۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق يۈز بەردى . بەلكى ئۇلار جىنايەتنىڭ بىر قانتى ياكى ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەپچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى .

ئىنسانلار بۇ تۇزۇملەردىن ۋە بۇ داھىلاردىن ئۇمىتسىزلەنگەن چاغدا قەيەرگە يۈزلىنىدۇ ؟ !

ئەنە ئاشۇ دەل ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ياردەم بەرگۈچى ئامىللاردىن بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس !

سىرتتىن ئىمپورت قىلىنغان بۇ تۈزۈملەر ھەمىشە ئىككى لاگىر- كاپىتالىزىم ۋە كوممۇنىزىم لاگىرى-دىكىلەرنىڭ بىرى ئۈچۈن يۈشۈرۈن ياكى ئاشكارا قول بولۇشنى بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ ، قۇللۇق گۇللىنىشنى پەيدا قىلالمايدۇ . قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلالمايدۇ ، ياكى قىسمەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىسىمۇ بىراق ئاخىرقى ھېساپتا ئۇممەتنى بىر ئازگالدىن قۇتقۇزۇپ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق يەنە بىر ئازگالغا چۈشۈرمەكچى بولىدۇ . . . نەتىجىدە ئۇممەت قەتئىي قۇتۇلغىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىدۇ .

ساختىپەز داھىلار * خەلقلەرنى ھەقىقى قۇتقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ . چۈنكى بۇ دەسلەپتە ئۇلارنى ھوقۇق تەختىدە ئولتۇرغۇزغان ۋە ئۇلارنىڭ سىياسەت نىزامىنى تۈزۈپ بەرگەن . . . خوجايىن ** لارنىڭ مەنپەئىتىگە تۈپتىن زىت كېلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشى ھەرگىزمۇ «قۇللار»نىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولماستىن بەلكى «خوجايىن» لارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر . شۇڭا خوجايىنلار

---

* بەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ، دۆلەت ئىچىدىكى ھوقۇقدارلار .
** دۆلەت سىرتىدىكى تاجاۋۇزچىلار ، خەلقئارا سىياسەت ۋە ۋەزىيەتنى كونترول قىلغۇچىلار

ئاشۇ رەھبەرلەرنىڭ ھەقىقى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا يول قويمايدۇ . چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ مەنپەتىگە تۈپتىن زىت كېلىدۇ . يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ خوجايىنلىرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ مۇۋەپپەققىيەت قازىنىشىغا جۈرئەت قىلالمايدۇ . چۈنكى ئۇلارنى ھوقۇق تەختىدە ئولتۇرغۇزغان خوجايىنلار بىر كۈنلەردە ئۇلارنىڭ كۆتىگە تېپىپ ، تەختىنى ئۇلاردىن تارتىۋېلىشتىن يانمايدۇ .

خوجايىنلار ئىسلام دۇنياسىدا خەلقلەرنىڭ كۆزىنى بويايدىغان قەھرىمانلىق پەردىسى ئاستىدا ، خوجايىنىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋە خەلقلەرنىڭ كۆڭلىدە خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدىغان «مەڭگۈلۈك داھى» تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ئاشۇ مۇرەككەپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلماقچى بولدى بىراق سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان قەھرىمانلىق ئويۇنلىرى بىلەن خەلقلەرنىڭ كۆزىنى بوياۋاتقان چاغدا ، بىردىنلا ئويۇننىڭ مەقسىتى كىشلەر ئۈچۈن ئايدىڭ بولۇپ قالدى-دە ، خەلقلەر مەڭگۈلۈك داھىلارنىڭ ئۇلارنى ئار-نومۇس ، نامراتلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ قالدى ، چۈنكى داھىلار ھەر يىلى خەلققە مىڭلىغان ۋەدىلەرنى بەرسىمۇ بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان ئىدى . . .

ئاخىرقى ھېسابتا خەلقلەر ئويۇن ۋە ئويۇنچىلاردىن زىككەن چاغدا كۆنسېرى ئېشىۋاتقان قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش ساداسى ئىچىدە ئىسلامغا يۈزلىنىدۇ !

× × ×

ئىسلام زېمىنلىرىدا يەھۇدىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكۈچى ئامىللارنىڭ بىرى !

لورد كامبىل دوكلاتىدىن كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك ، «ھەر قېتىم

گىگانت ئورنىدىن تۇرماقچى بولسا ، ئۇنىڭ پۈتىغا سانجىلىدىغان تىكەن بولۇش» ئۈچۈن ، يەھۇدى خىرىستىئانلارنىڭ ئورتاق سۈيىقەستى ئىچىدە يەھۇدى دۆلىتى مەيدانغا كەلدى .
بۇ دۆلەت ئۆزىنىڭ رىئاللىقتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى . . . ۋە ھېلىھەم جارى قىلدۇرىۋاتىدۇ . . . .
بىراق . . . ئىنسانلار يەھۇدىلارنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردىكى سىياسى ، ھەربىي ، ئىقتىسادى ، ئىدىيىۋى ۋە مەدەنى . . . ھۆكۈمرانلىقىدىن جاق تويغان چاغدا ، ئۇلار قەيەرگە يۈزلىنىدۇ ؟ !
ھەقىقەتەن يەھۇدىلار- گەرچە بەك ئەقىللىق بولسىمۇ- بىراق ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىگە قارشى ھالدا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ . ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى چىرمىۋالغان قاپقارا ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىشتىن توختاپ قالالمايدۇ !
«يەھۇدىلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆئمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن !» (5: 82)
يەھۇدىلار ئەرەپ ئەللىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتىدۇ ، ئۇلارنى بوزەك قىلىشتا بىرەر دائىرىدە توختىمايۋاتىدۇ ، چۈنكى ئۇلار ھۆكۈمرانلىق ۋە كېڭەيمىچىلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىۋاتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىزچىل تۈردە ئېشىۋاتقان ئۈزۈلمەس قايتۇرما ھۇجۇمنى شەكىللەندۈرىۋاتىدۇ .
بىز يۇقىرىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا يەھۇدىلار ئىجرا قىلماقچى بولغان زەھەرلىك «پىلان»نى كۆرۈپ ئۆتتۇق ، ئۇلار بۇ جىنايى ھەرىكىتىنى توختۇتۇپ ، ئۆزلىرىگە : بىز ئەمدى توختاپ قالايلى ، خەتەرلىك قايتۇرما ھۇجۇم كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن ئەقىلگە ئۇيغۇن دائىرىدە توختاپ قالايلى دېيەلەرمۇ ؟

ياق ! . . . ئۇلار مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن ئەمدى توختاپ قالالمايدۇ ، چۈنكى شەيتان دۈشمەنلىكىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئارقىغا چېكىنمەسلىكىنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى .

قايتۇرما ھۇجۇم پەيدا بولغان چاغدا ـ ھامان بىر كۈنى پەيدا بولىدۇ ـ ئىنسانلار كىم تەرەپكە يۈزلىنىدۇ ؟ !

ئۇلار سېنىڭچە غەرب بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىـــــۋاتقان پارتىيىلەرگە يۈزلىنەرمۇ ؟ ۋاھالەنكى غەرب ـ غەربنىڭ باش رولچىسى ئامېرىكا ـ ئىسرائىلىيەنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بېرىپ ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا كۈشكۈرتىۋاتىدۇ !

ياكى ئۇلار سىنىڭچە كومۇنىستىك پارتىيـــــــــەلەر تەرەپكە يازلىنەرمۇ ؟ ۋاھالەنكى بۇ پارتىيەلەر قولىدا پىچاق كۆتۈرۈۋېلىپ ، ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىلىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ «ھەي ئادەم بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ» دىگەندىن باشقا ھېچ قانداق ئەمەلىي تەدبىر قوللانمايدۇ . ھەمدە قاتىللارنىڭ ھەرقانداق چەكلىمىدىن خاتىرجەم ھالدا قاتىللىق قىلىشقا يول قويىدۇ .

دىمەك ، ئىنسانلارنىڭ ئىسلامدىن باشقا يۈزلىنىش نىشانى بولمايدۇ !

يەھۇدىلار بۇنى ئېنىق بىلىدۇ گاھىدا ئۇنى ئاشكارلاپمۇ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئەندىشىگە چۈشۈپمۇ قالىدۇ ! بىـراق ئۇلارنىـــــڭ يۈرىكىدىكى قاپقارا ئۆچمەنلىك : ھوقۇق ۋە كېڭەيمىچىلىككە بولغان ساراڭلارچە قىزىقىش ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكەتلەرنى توختىتىشقا ئىمكان بەرمەيدۇ ھەمدە ئۇلارنى داۋاملىق رەزىللىك ۋە زوراۋانلىقنى ئاشۇرۇشقا ئۈندەيدۇ !

× × ×

بۇ جايدا ھادىسىلەرنى ئېنىق بىر يۈزلىنىشكە . . . ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى يۈزلىنىشكە ئۈندەيدىغان يۈكسەك بىر تەقدىر

بار . . .

ھەقىقەتەن «ئويغىنىش»قا تۈرتكە بولىدىغان بارلىق ئامىللار مەۋجۇت بولۇپ ، بەزىلىرى مۇشۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت يەنە بەزىلىرى بىلەن كېتىۋاتقان يولىمىزدا ئۇچرىشىمىز .

دۇشمەنلەر- بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك- مۇشۇ ئامىللارنىڭ ھېچبىرىگە ئىگە بولالمايدۇ . . . يەنى ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىنى يىمىرىلىپ كېتىشتىن توسۇپ قالالمايدۇ ، خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى دەپ قارىلىدىغان رايونلاردىكى «مالاي»لىرىمۇ (غەرب سىياسىتىنى ھىمايە قىلغۇچى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ ) ئوخشاشلا غەربنىڭ ھالاكىتىنى چەكلەپ قالالمايدۇ ، ھەمدە يەھۇدىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان دۇشمەنلىك ۋە زوراۋانلىقىنى توختىتىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ .

ھەقىقەتەن ئۇلار- اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن- بىر ئىشقا يەنى ئۆلتۈرۈش ، قىرغىن قىلىش ، سۈرگۈن قىلىش ، ئازاپلاش ۋە قىيناش . . .قا ئىگە بولالايدۇ ، بىراق بۇ ئىسلام ھەرىكىتىنى يوقاتماقتا يوق ئەكسىچە ئۇنى پاكلايدۇ ۋە ساپلاشتۇرىدۇ ھەمدە ھەر قانداق قارشىلىققا تاقابىل تۇرالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە قىلىدۇ !

ئىشلارنى اللە پىلانلايدۇ . . .

اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن خەلقئارالىق شارائىتلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ كۈچىنى زورايتىش ئۇنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش ۋە ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئوپ-ئوچۇق «يولغا»ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ .

اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن اللەنىڭ دۇشمەنلىرى ئۆزلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان «تەبىئى» پائالىيەت جەريانىدا ۋە ئىسلامغا قارىتا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن قاپقارا ئۆچمەنلىكىنىڭ تۈرتكىسى

بىلەن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ كۈچىنى زوّرايتىش ۋە ئۇنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش . .تىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنداۋاتىدۇ . . .

بۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېرىشىدىغانلىرى قانداقتۇر كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان گۈزەل ساياھەت ياكى ئۇلارنىڭ ماڭىدىغانلىرى قىزىل گۈللەر بىلەن ئورالغان «يول»لار بولماستىن بەلكى تەر ۋە ياشلار، قان ۋە ئازاپلار، چىدىغۇسىز جاپالار، قورقۇنچ بىلەن قورشالغان ۋە قان ئىچىگە غەرق قىلغۇچى ياۋۇزلۇقلار بىلەن تولغان ئېگىز-پەس يوللار بولىدۇ . . . بىر شەھىدتىن كېيىن يەنە بىر شەھىد يەرگە يىقىلىدۇ . . . بىراق كارۋان ئۆتتەك ئىسسىقلاردا ۋە زىمىستان سوغۇقلاردا ئالغا ئىلگىرلەۋېرىدۇ . . مېڭىشتىن توختاپ قالمايدۇ . . .

«جىھاتتىن بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر ئەگەر سىلەر جەڭدە يارلانغان ۋە شېھىد بولغان بولساڭلار، دۈشمەنلەرمۇ (جەڭدە) ئوخشاشلا يارلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى . بىز غەلبە مەزگىللىرىنى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز، بۇ اللەنىڭ ھەقىقى مۆئمىنلەرنى (ساختىپەز مۇناپىقلار)دىن ئايرىشى ئۈچۈندۇر . شۇنداقلا سىلەرنى شەھدلەردىن قىلىشى بەزىڭلارنى شەھىدلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر . اللە زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ . مۆئمىنلەرنى ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق ئۇلارنى پاكلىشى ۋە كاپىرلارنى يوق قىلىش ئۈچۈندۇر . ئى مۆئمىنلەر جامائەسى ! اللە سىلەردىن ھەقىقى جىھات قىلغانلارنى ۋە جىھاتنىڭ جاپا مۇشەققەتلىرىگە چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (ئايرىماي) تۇرۇپ (پەقەت ئېغىزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دىيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىمىز دەپ ئويلامسىلەر ؟ !»

(3: 138-142)

ئاخىرىدا ئاللاھ ئۆز جەڭچىلىرىگە ياردەم بېرىدۇ، زېمىندا ئۇلارنىڭ كۈچىنى زورايتىش ھەققىدە ئېيتقان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ .

«ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى؛ ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى؛ ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىشى ۋە ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكى كېرەك!» (24: 55)

بىز «مۇستەھكەم قىلىش»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھازىر بىلمەيمىز ... چۈنكى ئۇ غەيب ئىش ... بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن بۇ خىل «مۇستەھكەملىك»نىڭ قىسمەن بەلگىلىرىنى كۆرىۋاتىمىز .

يەھۇدىلار بۈگۈن يەرشارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ ھەمدە دۇنيا سىياسىتىنى بەلگىلەۋاتىدۇ . ئۇلار ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا خۇسۇسەن ئىسرائىلىيە ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارغا .... قارشى سۇيقەستلىك پىلانلارنى تۈزىۋاتىدۇ .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار يەھۇدىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، يەھۇدىلارنى ئۆلتۈرمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ ... ئەگەر يەھۇدى تاش ۋە دەرەخنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنىۋالسا، تاش بىلەن دەرەخ ئاۋاز چىقىرىپ «ھەي مۇسۇلمان» ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، مانا بۇ يەھۇدى مېنىڭ ئارقامدا، كەل ئۇنى

ئۆلتۈر» دەپ توۋلايدۇ. *

يەھۇدىلار بۇ ھەدىسنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «... بىراق غەرقەد دەرىخى ئۇنداق دەپ توۋلىمايدۇ، چۈنكى ئۇ يەھۇدىلارنىڭ دەرىخى...» يەھۇدىلار بۇ ھەدىسنىڭ سەھىلىكىگە ** ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن پەلەستىندە ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىغا غەرقەد دەرىخىنى تىكىۋاتىدۇ.

بىز بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىملىق كەسكىن كۈرەشنىڭ پارتلايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەلەيمىز.... بۇ كۈرەشتە مۇسۇلمانلار ئەرەپچىلىك ياكى مىللەتچىلىك ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايراقلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئىزچىل تۇردە «لااله الا الله» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ... بۇ كۈرەشتە مۇسۇلمانلار اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن كەسكىن غەلبە قىلىدۇ... مانا بۇ تارىخنى ئۆزگەرتىدىغان تارىخى ھادىسىلەردىن بىرى بولۇپ قالىدۇ...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھىينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋرىدىن باشلانغان كەلگۈسى تارىخىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرلىك سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا اللە خالىغان مۇددەتكىچە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن اللە خالىغان مۇددەتكىچە خەلىپىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن اللە خالىغان مۇددەتكىچە ئۇنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلىك پەيغەمبەرلىك يولى بويىچە بولىدۇ. اللە خالىغان مۇددەتكىچە ئۇنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلىك ئۆزئارا تالىشىدىغان ھوقۇققا ئايلىنىدۇ. ئۇ اللە خالىغان

* مۇسلىم رىۋايىتى

** ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە

مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن الله خالىغان مۇددەتكىچە ئۇنى كۆتۈرىۋېتىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن خەلپىلىك زوراۋان پادىشاھلىققا ئايلىنىدۇ ، ئۇ الله خالىغان مۇددەتكىچە مۇۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ئۇنىڭدىن كېيىن الله خالغان مۇددەتكىچە ئۇنى كۆتۈرىدۇ ، ئۇندىن كېيىن خەلپىلىك پەيغەمبەرلىك يولى بويىچە بولىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن . . . » پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سۈكۈتكە چۈمدى (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

بىز بۇنىڭدىن شۇنى بايقايمىزكى ، بۇ جايدا مۇسۇلمانلار ھاياتىدىكى كەلگۈسى دەۋر ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ ، بۇ دەۋردە پەيغەمبەرلىك يولى ئاساسىدىكى نوغرا خەلپىلىك مەيدانغا كېلىدۇ . بۇ دەۋرىدە بۈگۈن ئىسلام دۇچ كېلىدىغان ئاجىزلىق يوقۇلۇپ ئۇممەت مۇستەھكەملىنىككە قايتىپ كېلىدۇ .

بىز بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەۋجۇت بولىۋاتقان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە قاراپ باقايلى ! ئەنە ئاشۇ دەل ۋەدە قىلىنغان «مۇستەھكەملىنىشنىڭ يولى . . . » مۇ ؟

بۇ بىر غەيىب ئىش بولۇپ ، ئىنسانلار ئۇنى ئالدىن بىلەلمەيدۇ . بەلكى بىز دەيمىزكى ئۇ پەقەت «يولدىكى بىشارەتلەر» خالاس . . . ئەگەر بۇ ئويغىنىشنىڭ يۈرىكىدە اللەقا بولغان ئىخلاسمەنلىك ساپلىق ، راستچىل ئىمان ۋە كەسكىن ئىرادە بولسا ، ئۇنداقتا الله بۇ «ئويغىنىش»نىڭ يولىنى تۈزلەپ ، ئۇنى مۇھىم ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا بەلگىلەيدۇ . . .ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىۋېتىدۇ :

«ئەگەر سىلەر دىنىدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار ، الله سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەرگىز سىلەرگە ئوخشاش اللەقا ئاسىيلىق قىلمايدۇ» (قىتال :38)

پۈتكۈل ئەھۋالدا ئاللەنىڭ تەقدىرى ئىجرا بولىدۇ :

«ئاللە ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ ئاللە ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار ، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى .»

× × ×

ئاللە يەرشارىدا مۇسۇلمان ئۈممەتىنىڭ كۈچىنى زوراليتقان چاغدا ، ئىنسانىيەت ھاياتىدا كەسكىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ .

ئاللە ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا گۇۋاھچى ، پەيغەمبەرنىڭ ئۇلارغا گۇۋاھ بولۇشى ئۈچۈن ئوتتۇرا ھال ئۈممەت قىلىپ ياراتقان مۇسۇلمان ئۈممىتى ئاللەنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن ، ئاللە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەھۋالىنى مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىغا باغلىدى . ئەگەر بۇ ئۈممەت توغرا يولدا ماڭسا ۋە يەرشارىدا ئۇنىڭ كۈچى زورايسا ياخشىلىق بۇ ئۈممەتنى ئومومىيۈزلۈك قاپلايدۇ ، ياۋرۇپا شەرق ۋە غەربتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن سۈركىلىش نەتىجىسىدە زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گۈللىنىشنىڭ دەسلىپىدە دىندىن مەدەت ئالغاندەك ياخشىلىق بۇ ئۈممەت ئارقىلىق يەرشارىنىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ بۇشقاقلىرىغا تارقىلىدۇ . ئەگەر بۇ ئۈممەت دىندىن چېكىنىپ چىقىپ ، پەرۋەردىگارىنى ئۇنتۇسا ، بەختسىزلىككە ، گىرىپتار بولىدۇ ۋە ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەتنى بەختسىز قىلىدۇ ، بۈگۈن ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ياۋرۇپا جاھىلىيىتىنىڭ يەرشارىدىكى بۇ خىل زوراۋان مەۋجۇدىيىتى پەقەت ئىسلام ئۈممىتى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىن ۋاز كېچىشى نەتىجىسىدىلا ئەنە شۇنداق جانلىنىپ كەتتى ، ياۋرۇپانىڭ ھەرقانداق جانلىنىشى مۇستەملىكچىلىك ، دۈشمەنلىك ۋە زوراۋانلىق شەكلىدە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە مەيدانغا كەلدى .

بىز باشقا بىر كىتاۋىمىزدا * كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ياۋروپا جاھىلىيىتىنىڭ ھاياتىدا مەۋجۇت بولغان يوچۇقلاردىن يەھۇدىلار سىڭىپ كىرىپ ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلدى ھەمدە بارلىق ئىنسانلارنى الله شەيتان خەلقلەر (يەھۇدىلار )نىڭ مىنىشى ئۈچۈن ياراتقان «ئېشەكلەر »دەپ قاراپ بۇنداق سارائلارچە دۈشمەنلىك قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختسىزلىكىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتتى .

ئىسلام ئۈممىتى ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىسلامىغا قايتىپ ، الله ئۆزىنىڭ راستچىل ۋەدىسىگە ئاساسەن يەرشارىدا ئۇلارنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن چاغدا ، يەرشارىدىكى تۆبىلىگەن كۆرۈنۈشلەر ئۆزگىرىدۇ

« J. H .دىنسون » «تۈيغۇلار مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى »

Emotionsos the Basis of civilization

نامىلىق كىتاۋىدا ئىپادىلىگەندەك ئىسلام تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن چاغدا ئىنسانىيەت ھالاكەت ھاڭىنىڭ گىرۋىكى ئۈستىدە ئىدى .

«بەشىنچى ۋە ئالتىنچى ئەسىرلەردە شەھەرلەشكەن دۇنيا ھالاكەت ھاڭىنىڭ بىر گىرۋىكىگە يېقىنلاپ قالغان ئىدى . چۈنكى مەدەنىيەت قۇرۇپ چىقىشنى بەلگىلەيدىغان ئېتىقادلار يىمىرىلىپ كەتكەن ئىدى يىمىرىلگەن ئېتىقادنىڭ ئورنىنى باسالىغۇدەك بىرەر چۈشەنچىنى ئۇ جايدىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇنى قۇرۇپ چىقىشقا تۆت مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقت سەرپ قىلىنغان ئاشۇ چوك

* «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى-ئېقىملار» نامىلىق كىتاب

مەدەنىيەتنىڭ يىمىرلىش ۋە پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى ئېنىق كۆرنۈپ تۇراتتى . ئىنسانىيەت ئىككىنچى قېتىم بۇرۇنقى ياۋايىلىق ھالىتىگە قايتىشقا يېقىنلاپ قالغان ئىدى . چۈنكى قەبىلىلەر ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ دۈشمەنلەشمەكتە ئىدى . قانۇن ، تۈزۈملەر يوق ئىدى . ئەمما خىرىستىئان دىنى ياراتقان تۈزۈملەر بىرلىك ۋە تەرتىپنىڭ ئورنىدا بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىش رولىنى ئۆتەيتتى . مەدەنىيەت پۈتكۈل دۇنياغا سايە تاشلاپ تۇرىۋاتقان ، شاخلىرى ئەتراپقا كەڭەيگەن چوڭ بىر دەرەخكە ئوخشاپ قالغان بولۇپ ، ھەر تەرەپكە دەلدەڭشىمەكتە ئىدى . ھالاكەت ئۇنىڭ قان-قېتىغىچە سىڭىپ كىرمەكتە ئىدى . . . مۇشۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك بۇزۇلغان كۆرنىشلەر ئىچىدە پۈتكۈل دۇنيانى بىرلەشتۈرگەن بىر ئادەم تۇغۇلدى » ! !

بۈگۈن ئىنسانىيەت ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا يەنە بىر قېتىم پارچىلىنىش ۋە يىمىرلىش تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ .

. . .گەرچە «جاھىلىيەت»نىڭ دۈشمەنلىرى پات-پات ياڭراپ تۇرىۋاتقان ئۈزۈلمەس سادالار ئىچىدە ئۇنى ئىسپاتلاپ تۇرىسىمۇ ، يىراق ئۇ ئىنسانىيەتنى چىرمىۋالغان ئەسەبىي دولقۇنلار ئىچىدە يوقۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ .

ئىنسانىيەتنى ھالاكەتتىن پەقەت ئىسلاملا قۇتقۇزالايدۇ . . .

شۇنداق ! . . . ئىنسانىيەتنى تۇنجى قېتىم ئىسلام قۇتقۇزغاندەك ، بۈگۈنمۇ ئۇلارنى ئىسلام قۇتقۇزىدۇ . . . بىراق بىرلا تەرەپ ئۆتمۈشكە ئوخشىمايدۇ ؛ بۈگۈن ئىسلام يولىدا ماراپ ياتقان دۈشمەنلەر تۇنجى قېتىمقىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ياۋۇز ، بۈگۈن مەۋجۇت بولىۋاتقان جاھىلىيەت دەسلەپكى قېتىمقىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە يىرگىنىشلىك . . .

شۇنداق بولسىمۇ، بۈگۈنكىدەك كىرزىس ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىنسانىيەتنى قاپلاپ كەتكەن يوقۇلۇش ھەر يىلى ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، ئاسىيا* ۋە ئافرىقىدا قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتقان مىڭلىغان ئادەملەرنى ئىسلامغا كىرىشكە ئۈندىمەكتە . . .

ئەگەر ئىسلام مۇشۇ مىنۇتتا ھەقىقى ئىسلام جەمىيىتىدە ئەكس ئەتكەن بولسا، بۇ مىڭلىغان ئادەم ئەلۋەتتە نەچچە مىليون ئادەمگە ئايلانغان بولاتتى. ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر قىيىنچىلىقىنى ھەقىقى ھەل قىلغان بولاتتى . . .

بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ تۈنجى قىيىنچىلىقى- غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ سايىسىدا- ئىلاھىي كۆرسەتمىگە ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، چۈنكى دىن ياۋروپا چىركاۋلىرىنىڭ قولىدا كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادى، روھىي ۋە ئەقلىنى يەپ كېتىدىغان ئۇلارنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشتىن چەكلەيدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاخىرەتكە قارىتىپ قويىدىغان قورقۇنچلۇق ئېزىتقۇ شەكلىدە كۆرسىتىلدى.

ھايات پرىنسىپلىرىنى سىزىپ چىقىشتا ئىنسانلارنىڭ «ئەقىللىرى» ياكى ئېغىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقان ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشلىرى ۋە ئارزۇ-ھەۋەسلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن چاغدا، پۈتكۈل بەختسىزلىك مۇشۇ ئاساسلىق مەركىزى نۇقتىدىن كېلىپ چىقتى. . مەيلى كاپىتالىزىم ياكى كوممۇنىزىمدا بولسۇن، شەخسىيەتچىلىك ياكى كوللىكتىۋىزىملىقتا بولسۇن؛ مەنپەئەت ئەخلاقى ياكى ئەخلاقسىزلىقتا بولسۇن ئوخشاشلا ئىنسانىيەت خارلىق ۋە ئىزىلىش ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

* بۈگۈن ياپونىيە ۋە كورىيەدە كۆپلىگەن جامائەتلەر ئىسلامغا كىردى.

ئىنسانىيەت ئىلاھى شەرىئەت ۋە ئىلاھى كۆرسەتمىنى يوقۇتۇپ قويۇپ، جىنسىي قالايمىقانچىلىق، ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق، ماددى قىممەت ۋە ياۋۇزلارچە تىركىشىش ئىچىدە كۈنسىرى ناچارلىشىپ كەتتى....

بۇ ئاساسلىق مەركىزى قىيىنچىلىقنى پەقەت ئىسلاملا ھەل قىلىدۇ...

چۈنكى دىن «ئىلاھ»نىڭ ھەقىقى قەدرى-قىممىتىنى نامايەن قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانىيەتنى اللەنىڭ ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ؛

«ھەقىقەتەن بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق. ئۇلارنى دېڭىزدا كىمىلەرگە چىقاردۇق. قۇرۇقلۇقتا ئۇلاغلارغا مىندۇردۇق. پاك يىمەكلىكلەرنى رىزىق قىلىپ بەردۇق. كۆپلىگەن مەخلۇقلىرىمىزدىن ئۈستىن قىلدۇق.» (17: 70)

دىن ئىنسانلار قەلبىنى اللە بىلەن چوڭقۇر مۇھەببەت ئارقىلىق باغلىغاندىن باشقا ھۆرمەت ۋە قورقۇش تۇيغۇسى بىلەنمۇ باغلايدۇ. ئىبادەتنى بەندىلەرگە بىسىم قىلمايدۇ. بەلكى ئىبادەت ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆرمەت، يۈكسەكلىك، پاكلىق ۋە سۆزۈكلۈككە ئىگە قىلىدۇ.

دىن ئىنسانلار روھىنى ھايۋانى چىرىندىلەر ئىچىدىن ساپلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روھنى قوزغاتقۇچى ئامىللارغا قارشى تۇرمايدۇ. چۈنكى اللە بۇ روھنى جاپاغا قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقان، بىراق بۇ روھ «ئىنسان»غا لايىق ئەڭ ئالىي «ئۇپۇق»تا پەرۋاز قىلىدۇ.

دىن ئىنسانلارنىڭ ئىبادەتكە بولغان تەبى ئىنتىلىشى بىلەن ئىلىمغا بولغان تەبى قىزىقىشى ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتمەيدۇ. ھەمدە ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى پەيدا

قىلمايدۇ . چۈنكى بۇ ئىككىسى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى قوشكېزەك ئېنېرگىيە بولۇپ ، ئىككىسى بىرلىكتە خىزمەت قىلىپ ، ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ .

دىن ئىنسانلار ھاياتىنىڭ سىياسى ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ، ئىدىيىۋى ، روھى ، ئەخلاقى ۋە سەنئەت . . . قاتارلىق بارلىق يۈزلىنىشلىرىدە ئۇلارغا يولىيورۇق بېرىدىغان ئىلاھى «پرىنسىپ» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . . . بۇ پرىنسىپنى ھەممىدىن خەۋەردار ، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله نازىل قىلغان ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ روھىنى ياراتتى . ۋاھالەنكى ئۇ روھنى ئىسلاھ قىلىدىغان ، روھقا ئۇيغۇن كېلىدىغان (قائىدە-تۈزۈملەرنى ) روھقا كېرەكلىك ئامىللارنى ۋە روھنى ساپلاشتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ .

بىرلا ۋاقىتتا ئىنسانىيەتنى مۇشۇ دىندىن توسۇدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ . . .

ياۋروپا چېركاۋلىرى ئىسلامغا قارىتا تارقاتقان خىرىستىئان روھى مۇشۇ ئامىللارنىڭ بىرى . . .

يەھۇدىلارنىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكى مۇشۇ ئامىللارنىڭ بىرى .

چېركاۋلارنىڭ قولى ئارقىلىق «دىن» چۈشەنچىسىنىڭ بۇزۇلىشى مۇشۇ ئامىللارنىڭ بىرى .

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ روھى دۇنياسىدا پەيدا قىلغان چۈشكۈنلۈك مۇشۇ ئامىللارنىڭ بىرى .

ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەسلىك مۇشۇ ئامىللارنىڭ بىرى .

بىراق بۇگۈنكى ، مۇسۇلمانلارنىڭ رىئاللىقى ھەمدە مەيلى تەسەۋۋۇر ياھەركەتتە بولسۇن ئۇلارنىڭ ئىسلام ھەقىقىتىدىن قاتتىق يىراقلاپ كېتىشى ئەلۋەتتە كىشىلەرنى ئىسلامدىن توسۇۋاتقان ئەڭ

كۆچلۈك ئامىللارنىڭ بىرى .

ئىسلامنى چىڭ تۇتقان تۇنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكىتى يەرشارىنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغا ئىسلامنىڭ كەڭرى تارقىلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولغاندەك، بۈگۈن ئىسلامغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى قالاقلىقى ۋە پۈتكۈل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى ئەخلاقسىزلىقى باشقا كىشلەرنى ئىسلامدىن توسىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى .

بىز مۇسۇلمانلاردىن ئىجادىيەت ۋە ئىلىم-پەندە ياۋروپادىن ئېشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلماقچى ئەمەسمىز، ھەمدە پەقەت شۇ چاغدىلا ياۋروپا ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ دىمەكچىمۇ ئەمەسمىز . چۈنكى غەربلىكلەردە كەم بولۇۋاتقىنى ئىلىم ۋە ئىجادىيەت ئەمەس ! بەلكى ئۇلاردا كەم بولۇۋاتقىنى ھاياتنىڭ توغرا «پرىنسىپى . . .» ئىنسان بۇ پرىنسىپنىڭ يالغۇز بىرلا تەرتىپىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ۋە ئەتراپلىق قوبۇل قىلىدۇ . ئىنسانى ئېنېرگىيەلەر ئەركىن خىزمەت قىلىدۇ . بىراق تەڭپۇڭلۇق ۋە بىرلىك ئىچىدە بولىدۇ . . .

ئۇلاردا كەم بولۇۋاتقىنى، يەنە شۇكى، ئۇلار ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى ئىچىدە ئىلاھلاشتۇرۇۋەتكەن . . . مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىلاھى، ئىلىم ئىلاھى، ئەقىل ئىلاھى، ماددى مەھسۇلات ئىلاھى، جىنسىيەت ئىلاھى، سۆيگۈ ئىلاھى، شەھۋەت ئىلاھى . . . قاتارلىق بارلىق يالغان ئويدۇرما ئىلاھلارنى ئۆز ھاياتىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاپ شېرىكى يوق، يالغۇز بىر اللەغا ئىبادەت قىلىشى كېرەك . ھەمدە ئۇنىڭ پرىنسىپىنى ھېچقانداق «پرىنسىپ» لارغا ئارلاشتۇرۇۋەتمەي مۇستەقىل ئىجرا قىلىشى لازىم . . . ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن بارلىق ئىجابى ئېنېرگىيەلەر «قۇرغۇچى كۈچ» بولىدۇ . چۈنكى ئۇ ئىلاھى كۆرسەتمە بىلەن توغرا

يولغا قاراپ ماڭىدۇ . . .ئۇ ھەرگىزمۇ بۇگۈنكى كۈندىكىدەك يەرشارىدا كۈچ تاپقانسېرى ئۇلارنى اللەنىڭ يولىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقىنى ئاشۇرۇپ ، كۈنسېرى ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋەيران قىلغۇچى ئازغۇنلۇق بولمايدۇ .

يالغۇز بىر اللاغا ئىبادەت قىلىش ئۇستىگە قۇرۇلغان ۋە يالغۇز بىر اللەغا ئىبادەت قىلىشنى ئۆزىگە باش مەنبە قىلغان بۇ «يول» نى ئىسلام تەقدىم قىلىدۇ . . . مۇسۇلمانلار توغرا يول ئۇستىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان چاغدا ، بۇ پرىنسىپنى ئىنسانىيەتكە سوغا قىلىدۇ ۋە ئىنسانىيەتنى بۇ پرىنسىپ تەرەپكە يېتەكلەيدۇ .

بىز ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىدە ئىنسانىيەتكە يولنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بۇ «تۇپتۇزلۇك» (توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش ) نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىشانىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلىمىز .

بىراق بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىسلامنى ماراپ ياتقان زور دۈشمەنلىكلەر ، ئىسلامغا ئاشكارا قارشى تۇرغۇچى زەھەرلىك ئۇرۇش ، ئۇممەتنىڭ ئۆز دىنىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەسلىگى ھەم تەسەۋۋۇر ياكى ھەرىكەتتە بولسۇن دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلاپ كېتىشى قاتارلىق بىرمۇنچە سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن بۇ ئانچە ئاسان ئەمەلگە ئاشمايدۇ .

چۈنكى بىز يۇقاردا ئېيتقاندەك ، بىشارەتلەر توسۇقلاردىن كۆپ ئاستا . . .

ھەقىقەتەن توسقۇنلۇقلار مۇشۇ مىنۇتتا مەۋجۇت بولىۋاتقان بۇگۈندە ئەكس ئېتىۋاتىدۇ . شۇنداقلا ئاداۋەتخور يەھۇدى-خرىستىئانلارنىڭ قولى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان يېقىن كەلگۈسىدىمۇ ھەم ئەكس ئېتىدۇ . . .

بىراق بىشارەتلەر ئىسلام ئۇممىتىنى كۈتىۋاتقان شۇنداقلا ئىنسانىيەتنى كۈتىۋاتقان ئەڭ بۇيۇك كەلگۈسىدە ئەكس ئېتىدۇ . .

بىشارەتلەر توسۇقلارغا قارىغاندا كۆپ ئاستا . . . چۈنكى ئۇ تارىخى پاكىتلار بىلەن . . . يەنى غەربىي مەدەنىيەتنىڭ يىمىرىلىدىغانلىقىنى جاكالايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ نامايەن بولۇشى پاكىتى بىلەن زىچ بىرلىشىدۇ .

توسقۇنلۇقلار بۈگۈن مەۋجۇت ، يېقىن كەلگۈسىدىمۇ ھەم مەۋجۇت بولىدۇ . چۈنكى غەرب مەدەنىيىتى تېخى بىر پۈتۈن يىمىرىلىپ كەتمىدى . شۇنداقلا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىمۇ تېخى پۈتۈنلەي مۇكەممەللىشىپ كەتكىنى يوق . ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش بۇ خىل سۈرەتتە يۈز بەرگەن چاغدا غەلبە تۈنجى قېتىمدا ماددى كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچكە مەنسۇپ بولىدۇ . گەرچە ئۇيىقىلىپ چۈشۈشكە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ ! چۈنكى ھەقكە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچ تېخىچە ئاجىزلىق ۋە سىناق باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ .

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلاھى قانۇنىيەت ئۆز ئېقىنى بويىچە ماڭىدۇ ، مۆئمىنلەر كۈچلۈك ، جاھات قىلىدىغان ، باتۇر ، ئۈمىدۋار ، ئىمانلىق بازا ئىچىدە ئاجىزلىقتىن زورىيىش تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ . بۇ مۆئمىنلەر تايانچ بازىسى جاھىلىيەت بىلەن روبىرو ئۇچرىشىدۇ . الله ئۆز ياردىمى ئارقىلىق جاھات قىلغۇچى مۆئمىنلەر توپىنى قوللايدۇ . ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي مۇشرىكلار ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ .

« (ئى يەھۇدىلار جامائەسى ! بەدىردە جەڭ ئۇچۇن ) ئۇچراشقان ئىككى گورۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار . بىرى الله يولىدا ئۇرۇشىۋاتقان گورۇھتۇر . يەنە بىرى مۇسۇلمانلار (سانىنى ) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گورۇھىدۇر .

(يەنى اللە كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن كاپىرلارغا مۇسۇلمانلار سانىنى جىق كۆرسەتتى ) اللە خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار.» (3: 13)

بۈگۈن يۈز بېرىۋاتقان ئاپغانىستان ئۇرۇشى * كەلگۈسىدىكى ئەھۋالنىڭ قانداق داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ ئۈلگىسىدۇر . .

پۈتكۈل دۇنيا-شەرق ۋە غەرب- ئاپغان مۇجاھىدلىرىنىڭ رۇسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئوچۇقتىن-ئوچۇق دۈشمەنلىك قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلار شۇنى ئېنىق بىلىدۇكى، ئەگەر بۇ ھادىسە غەلىبىلىك ئاخىرلاشسا تارىخنىڭ ئېقىمىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ . . .

گەرچە بىز ئۈستۈنلۈك ۋە غەلىبىنىڭ ئاپغانلارغا مەنسۇپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلساقمۇ، بىراق ھازىر بۇ ئۇرۇشنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەمما بىز شۇنداق دەيمىزكى، ئەگەر مۇجاھىدلارنىڭ غەلىبىسىنى چەكلەش مەقسىتىدە ئاتىزىم، گۇپرى لاگېردىكىلەر بىلەن ئۆز ئارا ھەمكارلاشقان خىرىستىئانلار بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىپ ئۆز ئىناۋىتىنى ساقلاپ قالغان- ئۆزلىرى ئېيتقاندەك ،- ھەمدە ماھىيەتتە بۇ ھادىسىنىڭ ئۇلارنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان كېيىنكى نەتىجىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىدىغان زور تارىخى ئاقىۋەتتىن قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تارىخى ئۇقۇمى ھامان مەۋجۇت بولىدۇ. ھەمدە ئۇ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك، ئىمانلىق ۋە جەڭگىۋار «بازىسى»نى مۇكەممەل قۇرۇپ چىققان چاغدا ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن

* 1986-يىلدىن بۇرۇنقى ئاپغانلارنىڭ رۇسلار بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى.

يالماپ يۇتىدىغان جاھىلىيەت بۈگۈنكى ئاپغانىستاندا يۈز بەرگەندەك كىچىككىنە بىر خەلق بىلەن ياكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ قايسى بىر بۇلۇڭ پۇچقىقىدىكى مەلۇم بىر جامائەت بىلەن ئەمەس بەلكى پۈتكۈل «ئىسلام ئۇممىتى» بىلەن ئۇچرىشقان چاغدا . . . دەھشەتلىك قارىشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ ھامان پارتىلايدىغانلىقىدىن ئىبارەت «ئۆلگە» سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . . .

يەھۇدى-خىرىستىئانلار بۇ ئىشتىن ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ ھەمدە بۈگۈن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تېڭىۋاتقان ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇزاق مەزگىل ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بازا مۇكەممەل قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى پاچاقلاپ تاشلاشقا ئۇرىنىۋاتىدۇ . . .

بىراق تارىخنىڭ ئۇقۇمى ئۇلار ئارزۇ قىلىۋاتقان يۈزلىنىشتە بولمايدۇ . . .

بۈندىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بىرتىراند رۇسىل ئېيتقاندەك ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ئاخىرلاشتى . . . بۇ ئۇلارنىڭ ھەربىي ، ماددىي ۋە ئىلمىي كۈچكە ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھاياتقا ئۇيغۇن كېلىدىغان «ئۆزۈق» قا ئايلاندۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر . . .

شەك-سۈبھىسىز بۇ «ئۆزۈق»قا پەقەت ئىسلاملا ئىگە بولالايدۇ . . .

ئىنسانىيەت ئىسلامغا يۈزلەنگەن چاغدا ، ئىلمىي ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى ھازىرقىدەك ئىنسانىيەتنى روھى ۋە ئەخلاقى چۈشكۈنلۈككە شۇنداقلا ھالاكەتكە ئۇندەيدىغان ناچار ھالەتتىن قۇتۇلۇپ ، ئالغا ئىنتىلدۇرگۈچى ۋە توغرا خەلپىلىككە ياردەم بەرگۈچى «كۈچ»كە ئايلىنىدۇ . . .

غەربىنىڭ ماددى مەدەنىيىتى زاۋاللىقا يۈزلەنگەن ۋاقىتتا

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى بۇگۈنگىچە گەۋدىلەندۇرگەن تارىخى پاكىت كەلگۈسىنى كۆرسىتىدىغان اللەنىڭ غالىپ تەقدىردۇر . . .

كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ . . .

مانا بۇ تارىخى پاكىت . . .

تارىخ ئۆز ماھىيىتىدە يەرشارى رىئاللىقىدا ئىلاھى قانۇنىيەتنىڭ ئىقىنى بويىچە داۋاملىشىدۇ . . .

پۇتكۈل جاھىلىيەت اللەنىڭ تەقدىرىگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان چاغدا كىم غالىپ ، كىم مەغلۇپ بولىدۇ ؟ !

«اللە (لەۋھۇلمەھپۇزدا ) ‹مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلبە قىلىمىز › دەپ يازدى . اللە ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر ، غالىپتۇر . » (58: 21)

«اللە خالىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر . لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى ئۇقمايدۇ . » (12: 21)

# ئىزاھاتلار:

① ئاپتور بۇ كىتابنى ئاساسلىقى "مىسىردىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى" توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى، مەزمۇنى ۋە ئارقا كۆرۈنىشىنى ئەتراپلىق، ئېنىق ۋە تەپسىلىي چۈشىنىش ئۈچۈن «ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى» مەيدانغا كەلگەن جاي- مىسىر-نىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ۋە مىسىر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قىسقىچە يىلنامىسىنى «ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى»نىڭ باشلامچىسى ھەسەنۇل بەننا ۋە ئۇ تەربىيىلىگەن جامائەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1798- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى فىرانسىيە ئارمىيىسى مىسىر زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ھەمدە مىسىردا تەجرىبىخانا، كىتابخانا ۋە باسما زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ، مىسىر خەلقىنى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن تونجى قېتىم ئۇچراشتۇردى. ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنىڭ بىر ئۆلكىسى ھېساپلانغان مىسىرنىڭ غەرب تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنىش تارىخى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى. خەلىپىلىك تەرىپىدىن مىسىرنىڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەنگەن مۇھەممەد ئەلى (1805-1849 تەختتە ئولتۇرغان) فىرانسىيەنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مىسىرنى

خەلىپىلىكنىڭ باشقۇرۇشى ۋە تەۋەلىكىدىن ئايرىپ چىقىپ، مىسىرنى مۇستەقىل دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇندى. ھەممە يەرشارىدا تۇنجى قېتىم خەلىپىلىككە قارشى چىقىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كىچىك «دۆلەتچاق» بولۇۋېلىشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىپلا قالماستىن بەلكى مىسىردىن فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيىگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ مىسىردا غەرپ مەدەنىيىتىنى كەڭرى تارقىتىشنىڭ ئىشىكىنىمۇ ھەم ئاچتى. مۇھەممەد ئەلى (1805ـ1849)دىن كېيىن ئابباس (1849ـ1854)ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد سەئىد (1854ـ1863)؛ ئۇنىڭدىن كېيىن خىدىۋ ئىسمائىل (1863ـ1879)قاتارلىقلار تەختكە چىقتى. خىدىۋ ئىسمائىل مۇھەممەد ئەلىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ 1879ـ يىلى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، تەۋپىق (1879ـ1892) تەختكە چىقتى. 1882ـ يىلى تەۋپىق خىيانەت قىلىپ، ئۇرابى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلاۋىغا قارشى ئىشغالىيەتچى ئارمىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيىلىكلەر مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى... شۇنىڭدىن باشلاپ مىسىر ئىككىنچى قېتىملىق مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىگە قەدەم قويدى. 1892ـ يىلى تەۋپىق تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا خىدىۋ ئابباس (1892ـ1914) ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ھۆسەيىن كامىل (1914ـ1917) تەختكە چىقتى. 1917ـ يىلى ھۆسەيىن كامىل تەختتىن چۈشۈپ پادىشا فۇئاد (1917ـ1936) تەختكە چىقتى.

ئەمەلىيەتتە پادىشاھ فۇئاد مىسىردا پادىشاھلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئەنگلىيە يۆلەپ تەختكە چىقارغان تۇنجى قورچاق پادىشاھ ئىدى . 1936ـ يىلى پادىشاھ فۇئاد تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلى فارۇق (1936ـ1952 ) قايتىپ كېلىپ ، دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى .

مانا بۇ مەزگىللەر مىسىرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش ئەڭ كۆپ يۈز بېرىۋاتقان ؛ خەلىقلەر ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە فارۇق خاندانلىقىغا قارشى كۆرەش ئوتىنى ئۇلغايتىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى .

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتى»دەل مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە قۇرۇلدى ، كىچىكىدىن باشلاپ مۇتىئىزىم دىنى تەربىيە بىلەن تەربىيىلەنگەن قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ مىسىرنىڭ ئىسمائىلىيە رايونىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا بەلگىلەنگەن 22 ياشلىق ھەسەنۇل بەننا (1906ـ1949 ) 1928ـ يىلى ئاپرىلدا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ئۇيۇشمىسىنى قۇردى . ساپ ئىسلام روھى ۋە ئىسلام تەربىيىسىنى ئاساس ، ئىسلام دۆۋلىتى قۇرۇشنى نىشان قىلدىغان بۇ جامائەت قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە كۈنسېرى زورىيىپ ، مىسىرنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي سەھنىسىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە چوڭ پارتىيەنىڭ بىرى بولۇپ قالدى . جامائەت ئەزالىرىنىڭ سانى 40ـ

www.uyghurkitap.com

يىللارغا كەلگەندە 500 مىڭدىن 48- يىللارغا كەلگەندە 700 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى . مىسىردىلا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ 300 مىڭدىن ئارتۇق شۆبە تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن باشقا ، سۇدان ، سۈرىيە ، ئىئوردانىيە ۋە پەلەستىن قاتارلىق دۆلەتلەرگە كەڭەيدى . ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى فارۇق خاندانلىقىنىڭ ئوردىسى بۇ خىل ئەھۋالدىن چۆچۈپ ئالاقىزادە بولۇپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ فارۇقنىڭ باش ۋەزىرى نوقراش 1948- يىلى 11- ئايدا يوقلاڭ باھانە بىلەن قېرىنداشلارنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىنى قاماققا ئالدى ھەمدە 12- ئاينىڭ 3- كۈنى قېرىنداشلار جامائىتىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى جاكالاپ نۇرغۇن ئەزالىرىنى قاماققا ئالدى ۋە مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى . مانا بۇ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ تۇنجى قېتىم قاماققا ئېلىنىشى ۋە باستۇرۇلۇشى ئىدى .

1948- يىلى 12- ئاينىڭ 28- كۈنى باش ۋەزىر نوقراش سۇيىقەستىكە ئۇچراپ ئۆلدى . ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىبراھىم ئابدۇلھادى (1948-1952) قېرىنداشلارغا «نوقراشنى ئۆلتۈردى» دىگەن تۆھمەتنى چاپلاپ ، ئۇلارنى ئىككىنچى قېتىم شىددەتلىك تۈردە قانلىق باستۇردى ھەمدە 1948- يىلى 2- ئاينىڭ 12- كۈنى مەخپى ئادەم ئەۋەتىپ ھەسەنۇل بەننانى ئۆلتۈرگۈزىۋەتتى . قېرىنداشلارنىڭ تۇنجى يېتەكچىسى ھەسەنۇل بەننا (1928-1949) جامائەتكە 21 يىل رەھبەرلىك قىلىپ شەھىد

قىلىنغاندىن كېيىن ، جامائەت ئۇستاز ھەسەن ھۇزەيبىنى (1891-1973)نى ئىككىنچى قېتىملىق رەھبەرلىككە سايلىدى . 1952- يىلى مىللەتچى پارتىيە «ئەركىن ئوفىسترلار»تەشكىلاتى غەلىبە قىلىپ ، فارۇق خاندانلىقىنى ئاغدۇرغۇەتتى ھەمدە جامال ئابدۇناسىر (1952-1970)تەختكە چىقتى ئۇ كۆرنۈشتە ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ ، مىسىرنى مۇستەقىللىققا ئىگە قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ ، بىراق ماھىيەتتە غەرىپ مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مىسىردا قالدۇرۇپ قويغان مالىيى ۋە سادىق ئىتى ئىدى . بەلكى يەھۇدى خىرىستىئان مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ پىلانى ۋە سىزىپ بەرگەن سىزىقى بويىچە دۆلەت باشقۇرىدىغان قورچاق داھى ، ئەنگلىيىنىڭ غالچىسى ئىدى .

جامال ئابدۇناسىر تاجاۋۇزچىلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قېرىنداشلارنى يوقۇتۇشنى پىلانلىدى . ئاشۇ پىلان بويىچە 1954- يىلى ئىيۇندىن باشلاپ ئەرەپ گۇندىپايلىرىنىڭ سوراق قىلىش ۋە ئازاپلاش تاكتىكىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن گېرمانىيىنىڭ قاماق لاگېرلىرىدا گېتلېر ئىشلەتكەن «ناتسىتلار» تەكلىپ بويىچە كېلىپ ، ئۇلارنى مەخسۇس تەربىيىلىدى . ھەمدە بەش ئاي تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن 1954- يىلى 26- ئۆكتەبىردە جامال ئابدۇناسىر «ئىسكەندىرىيە ۋەقەسى»نى باھانە قىلىپ ، قېرىنداشلارنىڭ 20 مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسىنى قاماققا ئېلىپ ئۇلارنى شىددەتلىك تۈردە ۋەھشىلىك بىلەن قانلىق باستۇردى . ئاشۇ باستۇرۇشتا مەزكۇر

كىتابىنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد قۇتۇپ ئاكىسى سەئىد قۇتۇپ ۋە ئاچىسى ئەمىنە قۇتۇپلار تۈرمىگە قامىلىپ نەچچە يىل تۈرمىدە ياتتى .

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ كۈنسىرى كۈچىيىپ كېتىشى مىسىر ھۆكۈمرانلىرىنى ۋە پەردە ئارقىسىدىكى يەھۇدى-خىرىستىئان مۇستەملىكىچىلىرىنى ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى . دەسلەپكى يوقۇتۇشتىن قانائەتلەنمىگەن بۇ قانخورلار شۇنچە باستۇرۇلسىمۇ ، ئۆلتۈرۈلسىمۇ ۋە قىرغىن قىلىنسىمۇ يوقالمىغان بۇ «يىمىرىلمەس كۈچ»نى قايتا يوقۇتۇش ئۈچۈن 1965- يىلى جامال ئابدۇناسىر ھۆكۈمىتى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ رەھبەر ۋە ئەزالىرىنى يەنە قاماققا ئېلىپ ۋەھشىلەرچە قىرغىن قىلدى . سەئىد قۇتۇپ ، يۇسۇپ ھاۋاش ، ئابدۇل پەتتاھ ئىسمائىل قاتارلىق بىر قانچە رەھبەرنى ئاشكارا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەندىن باشقا نۇرغۇن قېرىنداشلارنى سوراق جەريانىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتتى . نەفىسە قۇتۇبنىڭ ئوغلى رەفئەت بەكرى تاغىسى سەئىد قۇتۇپنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋېتىلدى . نۇرغۇن ئۇستاز ۋە داھىلار نەچچە ئون يىل تۈرمىگە قامالدى . جۈملىدىن ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ، سىڭلىسى ھەمىدە قۇتۇب ۋە زەينەپ غەززالى ئاشۇ قېتىم قاماققا ئېلىنىپ ، تاكى 70- يىللارنىڭ بېشىغىچە قاماپ قويۇلدى .

. . مانا بۇلار «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ تۆتىنچى قېتىم قانلىق باستۇرۇلىشى ئىدى .

www.uyghurkitap.com

ئۇستاز ھۆرەيبىدىن كېيىن قىرىنداشلار ئۆمەر تىلمىسانى (1904ـ1986)نى ئۇچىنچى قېتىملىق رەھبەرلىككە سايلىدى. ھاكىمىيەت سىپىدىمۇ زۆرتۈك ئالماشتى. يەنى 1970ـ يىلى 9ـ ئاينىڭ 28ـكۈنى قانخور جاللات جامال ئابدۇناسىر ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئەنۋەر سادات (1970ـ1981) تەختكە چىقتى. ئۇ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىۋېلىش ئۈچۈن «قىرىنداشلار»غا كەڭ قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ نىشانىغا يېتىۋالغاندىن كېيىن، 1981ـ يىلى 9ـ ئاينىڭ 3ـ كۈنى قارا نىيىتىنى بىراقلا ئاشكارىلاپ، «مۇسۇلمان قىرىنداشلار»نىڭ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسىنى ۋە ئۇلارنىڭ باش يېتەكچىسى ئۆمەر تىلمىسانى (1970ـ1986)نى قاماققا ئالدى. بۇ قېتىم ئەمىنە قۇتۇب (سەئىد قۇتۇبنىڭ سىڭلىسى)نىڭ ئېرى كامال سەنانىرى قاماققا ئېلىنىپ ساداتنىڭ تۈرمىسىدە شەھىد بولدى... بۇ قېتىمقى زەربە قىرىنداشلارنىڭ 5ـ قېتىم ياستۇرۇلىشى ئىدى.

1981ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 6ـ كۈنى سادات ھەربىي پاراتنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا «جىھاد تەشكىلاتى»تەربىيىدىن جەھەننەمگە ئۇزۇتۇپ قويۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مۇبارەك (1981ـ؟) تەختكە چىقتى. مۇبارەك تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن سادات تەربىيىدىن تۈرمىگە قامالغانلارنى قويۇۋېتىپ ۋاقىتىنچە ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى ۋە جىددى ھالەتنى پەسكويغا چۈشۈردى ئەمما

قېرىنداشلارنىڭ سىياسىي ساھەلەردە ياكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ھەرىكەت قىلىشىنى چەكلىدى. پات-پات قېرىنداشلارنى ئانچە-مۇنچە جازالاپ تۈرمىگە قامايدىغان ئىشلار ھېلىھەم ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق.

1986-يىلى ئۆمەر تىلمىسانىدىن كېيىن قېرىنداشلار مۇھەممەد ھامىد ئەبۇ نەسرى (1920-؟)نى تۆتىنچى قېتىملىق رەھبەرلىككە سايلىدى. «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» قۇرۇلغان 1928-يىلدىن باشلاپ تا بۈگۈنگىچە جەمئىي 77 يىل ئۆتتى. بۇ جەرياندا قېرىنداشلارغا ھەسەنۇل بەننا (1928-1949)، ھەسەن ھۇزەيبى (1949-1970)، ئۆمەر تىلمىسانى (1970-1986) ۋە مۇھەممەد ھامىد ئەبۇ نەسرى (1986-؟)دىن ئىبارەت تۆت رەھبەر يېتەكچىلىك قىلدى.

سېلىشتۇرۇپ ئېيتقاندا بولساق مىسىرنىڭ ھاكىمىيەت تەختىدىمۇ تۆت زۇڭتۇڭ ئالماشتى. بۇ جەرياندا دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جاھىلىيەت ۋەكىللىرى بىلەن جامائەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىسلام ۋەكىللىرى ئالماشقان بولسىمۇ، بىراق كۇپرى بىلەن ئىسلامنىڭ جاھىلىيەتچى ھۆكۈمەت بىلەن مۇسۇلمان خەلقنىڭ كۈرىشى قەتئىي ئۆزگەرمىدى ۋە ئاخىرلاشمىدى.

ھۆكۈمەت تەختىگە چىقىۋالغان قانخورلار «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نى پۈتۈن كۈچى بىلەن قانلىق باستۇرۇۋاتقان بولسىمۇ بىراق شەھىدلەرنىڭ قانلىق ئىزىدىن مېڭىلغان ئىسلام ئويغىنىش

ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىرى مەيدانغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەندىشە ۋە ساراسىملىرىنى كۆچەيتمەكتە. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىنىڭ سالمىقىنى بارغانسېرى زورايتماقتا!

② بىز بۇ يەردە مىسىردىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ھەققىدە سۆزلەيمىز. چۈنكى بىز مىسىرلىقلارنىڭ ئىسلامدىن چېكىنىپ چىقىپ، قايتىدىن ئىسلامغا يېنىپ كەلگەنگە قەدەر بولۇپ ئۆتكەن تەجرىبە-ساۋاقلارنى تەتقىق قىلىشنى لايىق تاپتۇق. شۇڭلاشقا بىز مەلۇم مەزگىل مىسىر ئويغىنىش ھەرىكىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى توغرۇلۇق ياكى ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا مەۋدۇدىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان «ئىسلام جامائىتى ھەرىكىتى»ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى زامان ھەرىكەتلىرى توغرۇلۇق سۆزلىمەيمىز. بىراق قايسى بىر ئىسلام شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئوقۇرمەن بىزنىڭ كىتاپلىرىمىزدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئۆز شەھىرىدە يۈز بەرگەن ئىدىيىۋى ھۇجۇم ياكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى... گە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

③ دېڭىز ساھىللىرىنىڭ بىرىدە سۈرەتچى بىر قىزنىڭ قۇم ئۈستىدە سۇ ئۈزۈش كىيىمى بىلەن تۇرغان ھالىتىنى سۈرەتكە تارتماقچى بولدى. بىراق قىز بۇنداق يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە سۈرەتكە چۈشۈشتىن بىرئاز خىجىللىق ھېس قىلدى. سۈرەتچى خىجىل بولماقتا يوق، ئەكسىچە بۇ قىزغا ئۆزىنى تېخىمۇ ئەركىن تۇتۇشنى

ئېيتتى. بىراق قىز بۇنى رەت قىلدى. . . سۈرەتچى بۇ قىزنى تىرىكتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا «سىز دېھقانمۇ نېمە؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن قىز باشقىلار ياقتۇرمايدىغان «قالاق» دېگەن تۆھمەتكە قالماسلىق ئۈچۈن سۈرەتچىنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ، ئېچىلىپ، يېيىلىپ سۈرەتكە چۈشتى.

④ياپونلار ياۋروپالىقلارنىڭ پەن-تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ ئۆگىنىپ ھەرخىل زامانىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ بازارغا سالغاندىن كېيىن، ياپونىيە مەھسۇلاتلىرى ياۋروپا بازارلىرىنى قاپلىدى. نەتىجىدە ياۋروپالىقلار بازار رىقابىتىگە ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىپ، قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئەگەر بۈگۈن مۇسۇلمانلار ئوقۇشنى ئېچىپ، يوقالغان مەۋجۇدىيىتىنى يەنى ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلاردىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان خام-ئەشيالارنى ھەمدە مۇسۇلمانلارنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ نوپۇزىغا بويسۇندۇرۇش قەستىدە بولىۋاتقان سىياسىي ھوقۇقىنى قايتۇرىۋالسا، ياۋروپالىقلار بۇ «قىيامەت»نىڭ جاپاسىنى ئەمدى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا چېكىدۇ. . . بۇ كەلگۈسى «خەۋپ»نى ئەپلەت ۋە زەئىپلىك ئىچىدە قالغان مۇسۇلمانلار ھېس قىلمىغىنى بىلەن، غەربلىكلەر ئالدىنقاچان ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى.

⑤ ماراكەشتە ياشاۋاتقان بۇ يەھۇدىلار ئەسلىدە ئىسپانىيىدىكى قانخور سوت مەھكىمىسىنىڭ ناھەق جازاسىدىن قېچىپ ماراكەشكە پاناھلىنىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ماراشكە

كېلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارغا مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرگۈزۈلۈپ، يوشۇرۇنچە بولغان (ياۋروپانىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايون)غا كېلىپ يەرلىشىش بۇيرۇقى چۈشتى. ئۇلار شۇ جايدا تۇرۇپ، ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنى يوقۇتۇشتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى.

⑥ رۇسلار ئورتودوكس ئېقىمى -كاتولىك چېركاۋىدىن ئايرىلىپ چىققان خرىستىئان چېركاۋىغا تەۋە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەرمەنلەر بىلەن بىر ئېقىمغا تەۋە بولۇشتەك مۇناسىۋىتى بولغاچقا، رۇسلار خەلىپىلىك دۆلىتىگە قارشى ئەرمەنلەرنى قۇتراتتى.

⑦ ئەگەر سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان خرىزىلنىڭ پەلەستىندىن زېمىن سېتىپ بېرىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلسا، خرىزىل سۇلتان ئۈچۈن مۇنداق بەش تۈرلۈك ئىشنى قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى:

1. 150 مىليون ئەنگلىيە ئالتۇن دىنارى بېرىش.

2. ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ قەرزلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىش.

3. ئوسمانىيە دۆلىتى ئۈچۈن ھاۋا ئارمىيىسى تەشكىللەپ بېرىش.

4. قۇددۇستا ئوسمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇپ بېرىش.

5. ئابدۇلھەمىدخاننىڭ سىياسەتلىرىنى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ھىمايە قىلىش. («قىزىل راك» 55-بەت دوكتور ئابدۇللا ئەززام)

⑧ لوۋرېنس توما Lawrence (1888-1935) ئەنگلىيىلىك

www.uyghurkitap.com

ئوفتىستىر ۋە يازغۇچى ئۇ ماسۇنىيە- يۇشۇرۇن تىرورىزىمچى يەھۇدىي تەشكىلاتى-نىڭ ئەزاسى ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئەرەب دۇنياسىغا كېلىپ، ئەرەبلەرنى ۋە ئىسلامنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا باشلىغان ئۇ ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، بولۇپمۇ مەككىنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋالىسى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى (1908-1916)نىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئىشەنچىگە ئىگە بولغان. ئۇ ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئەرەب ئەللىرىدىكى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن ئۇلارنى قۇترىتىپ، ئەرەبلەرنى تۈركلەرگە قارشى مىللىي ئىنقىلاپ قىلىشقا چاقىرغان ھەمدە (1916-1918) ئەرەبلەرنىڭ خەلىپىلىككە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىدا ئەرەبلەرگە ياردەم بەرگەن. (ماھىيەتتە بۇ يەھۇدىيلارنىڭ خەلىپىلىكنى يىقىتىش تەدبىرى) نەتىجىدە مەككە ۋە ھىجازنىڭ خەلىپىلىك تەرەپتىن بەلگىلەنگەن ۋالىسى ھۈسەيىن ئەلى شۇ جايدىكى تۈركلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزىنى ھىجازنىڭ پادىشاھى ۋە خەلىپىسى دەپ جاكارلىغان... لوۋرىنىس «ئەرەب لاۋرىنىسى» «تاج كەيمىگەن ئەرەب پادىشاھى» دەپ ئاتالغان ئۇنىڭ «يەتتە ھېكمەت تۈۋرۈكى» ناملىق ئەسىرى بار.

⑨ «ۋىلىيەم كار» ئۆزىنىڭ «شاخمات تاختىسىدىكى ئورۇقلار» ناملىق كىتاۋىدا «يەھۇدىيلار يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئوسمانىيە دۆلىتىنى يوقۇتۇش مەقسىتىدە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى پەيدا قىلدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىمۇ ئەمەلىيەتتە دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىدى . . »دەيدۇ . ۋىلىيەم كارنىنىڭ يەھۇدىلار ھەققىدىكى كۆپتۇرمىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەندە ، بۇ خىللا توغرا مەيداندا تۇرۇپ ئېيتىلغان گەپ ، يەھۇدىلارنىڭ ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئىككى قېتىمقى ئۇرۇشتىن ئوبدانلا پايدىلانغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ .

⑩ دۈشمەنلەر ئىسلامنى يوقۇتۇش پىلانىدا خۇسۇسەن تۈركىيە ۋە مىسىرنى مەركەز قىلدى .

⑪ جامال ئابدۇناسىر ئۆزىنىڭ ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالغا تولىمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن .

⑫ 1948- يىلى پەلەستىن زىمىندا ئۆتكۈزۈلگەن «كومىدىيە» ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە ئەرەب ئارمىيىسىنى ئۆزۈق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشنى راستىنلا توختاتتى . شۇنىڭ بىلەن ئالدىن كېلىشۋىلىنغان پىلان بويىچە ئۇرۇش توختىدى .

⑬ «ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى»نامىلىق بۇ كىتاپ ئاپتۇرنىڭ «بىزنىڭ ھازىرقى رىئاللىقىمىز»نامىلىق كىتاۋىنىڭ ئاخىرقى قىسمى بولۇپ ، ئاپتۇر بۇ كىتابىنىڭ ئالدىنقى بۆلۈملىرىدە ساھابىلەر دەۋرى ، ئۇمەمەۋىيلەر ،ئابباسىيلار دەۋرى ۋە ئوسمان خەلىپىلىگى دەۋرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن خەلىپىلىكنىڭ ئاغدۇرلىشى ، فىرانسىيە ، ۋە ئەنگلىيەنىڭ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە مىسىرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ،

ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋەزىيىتى ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشى، غەرىپ مەدەنىيىتىگە دۇم چۈشۈش دەۋرلىرى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتىدۇ ھەمدە مىسىرنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي سەھنىسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قىسىم شەخسلەر جۈملىدىن سەئىد زۇغلۇل، مۇھەممەد ئەبدۇ ۋە رەفائەت تەھاۋىنىڭ مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى، غەرىپنىڭ مەدەنىيىتىنى مىسىردا ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، دىنغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەيدۇ.

سەئىد زۇغلۇل (1857-1927) مىسىرنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي سەھنىسىدە بەلگىلىك رول ئوينىغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى. ئۇ سىپى ئۆزىدىن مىللەتچى. مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئاساس قىلىدىغان «ئەلۋەفد» پارتىيىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئاستىدا 1906-يىلى مىسىرنىڭ مائارىپ مىنىستىرى بولغان، ئەزھەرنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن (غەرىپنىڭ ئەندىزىسى بويىچە) ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ئۇ «ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتى»نىڭ قوللىغۇچى داھىلىرىدىن بىرى. مىسىرلىق زىيالىي ياش قاسىم ئەمىن فىرانسىيەدە ئوقۇپ فىرانسىيەنىڭ «ئاياللار ئازادلىقى»نى مىسىرغا كۆتۈرۈپ كېلىپ، «ئاياللار ئازادلىقى»ناملىق كىتاۋنى يازغاندىن كېيىن مىسىردا غۇلغۇلا قوزغىلىپ كېتىپ، سىرتقا چىقالماي ئۆيىدە بىكىنىۋېلىشقا

مەجبۇر بولىدۇ. دەل ئاشۇ پەيتتە سەئىد زۇغلۇل قاسىم ئەمىننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، «قورقما يىگىت، مەن سېنى قوغدايمەن دادىل ئىشلە، ھېچكىم ساڭا چېقىلالمايدۇ» دەپ ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدۇ. سەئىد زۇغلۇلنىڭ مۇھەممەد ئەبدۇ بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار. سەئىد زۇغلۇل، لۇتپى سەيىد، مۇھەممەد ئەبدۇ، قاسىم ئەمىن ۋە مۇستاپا پەھمى قاتارلىق مىسىرنىڭ چوڭلىرى ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئەينى چاغدىكى مىسىرنىڭ داڭدار ناخشا چولپانلىرىدىن مارى زىيا، ھۇداشەئراۋى، ۋە نىزىنلى قازىل قاتارلىقلارنىڭ كۇلۇپلىرىغا بېرىپ بىرلىكتە كۆڭۈل ئاچىدۇ. ھەتتا سەئىد زۇغلۇل رامىزاندا كۈندۈزلىرى ئاماق يەپ، ھاراق ئىچىپ يۈرىدۇ.

⑭ «ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم» ناملىق كىتابتا مىسسىئونېرلارنىڭ بىرسىنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن: «ياۋروپا ‹كېسەل كۆرپىسى›دىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئۈچ يۈز مىليون ئادەم بولۇپ، ئۇ بىر بارمىقىنى شىلتىغان ھامان ئۇلار جاھانغا ئاتلىنىشقا تەييارلىنىپ بولاتتى»

⑮ دۈشمەنلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا، تۈركىيە بىلەن مىسىردا ئىسلامنى يوقىتىشقا كۆپرەك كۈچ چىقاردى. چۈنكى تۈركىيە خەلىپىلىكنىڭ بۆشۈكى ھەمدە سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ مەركىزى دەپ قارالسا؛ مىسىر ئەزھەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

بۆشۈكى ھەمدە ئىلىم نۇرى ۋە مۇسۇلمانلار روھىنىڭ مەركىزى ھېساپلىناتتى.

⑯ ئەنگلىيە 1882- يىلدىن تاكى 1954- يىلغىچە (72 يىل) مىسىرنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن كېيىن مىسىر زېمىنىدىن ئەسكەر چېكىندۈردى.

⑰ ئەنگلىيەبۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرىلا بۇ خەتەرنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەچكە، ئاستا، كۈچلۈك، تەسىرچانلىققا ئىگە تىنچ ئۇسۇللار بىلەن بۇ خەتەرنى يوقۇتۇش ئۈچۈن مىسىردىكى سىياسەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۈنجى پىلانى مىسىرنى ئەرەب ئىسلام دۇنياسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ چىقىش ھەمدە دىنى تۇيغۇلارنى ئۆلتۈرىدىغان ئىرادىلەرنى سۇندۇرىدىغان چۈشكۈنلۈك ۋە ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقنى كەڭرى تارقىتىش ئارقىلىق ئالدىنقى بۆلۈملەردە سۆزلەپ ئۆتكەندەك پىرئەۋنچە روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلاپىنى قوزغاش بولدى... بىراق «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ ھەرىكىتى مەيدانغا كېلىپ، مىسىردىن خوشنا ئەرەب ئەللىرىگە كەڭەيگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە قاھىرەدە «ئەرەب ئۇنىۋېرسىتېتى»قۇرۇپ چىقىشقا؛ مىسىرنى «ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ ئانىسى» «ئەرەب دۇنياسىنىڭ داھىسى» ۋە ئەرەب دۇنياسىدىكى «رايونلارنىڭ ئەڭ چوڭى»غا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ئاتلاندى. ئۇلار ئىسلام بايرىقىنى كىشىلەرگە قورقۇنچلۇق، كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئەرەب مىللەتچىلىك

بايرىقىنى چىقىرىپ ، كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئاستىغا توپلىماقچى بولغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇلارنىڭ ئەرەب مىللەتچىلىك تەشەببۇسلىرى ۋە ئىسلامنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەش ئۈچۈن قوللانغان باشقا ئۇسۇللىرى ئاقمىغانلىقتىن ، ئەنگلىيىلىكلەر يۇقاردا بايان قىلىنغاندەك ئەنە شۇنداق ۋەھشىلىكلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى .

⑱ جامال ئابدۇناسىرنىڭ بالىلىق چاغلىرى قاھىرەدىكى يەھۇدىلار مەھەللىسىدە ئۆتكەن . چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ئەينى چاغدا يەھۇدىلار مەھەللىسىدىكى پوچتىخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى . يەھۇدى يازغۇچى «موريس مىزراھى»نىڭ «مىسىردىكى يەھۇدىلار ئارخىپى»ناملىق كىتاۋىدىن سۆزۈپ ئېلىنغان بىر نەچچە ئابزاسنى مەلۇم بىر «ژورنال»نەشر قىلدى . ئاشۇ بىر نەچچە ئابزاسنىڭ يەتتىنچىسىدە (1985- يىلى 8- ئاينىڭ 28-كۈنىدىكى 290-سانىغا بېسىلغان ) ئېيتىلىشچە مەدام يەقۇب پەرىج شىمۇئىل ئىسىملىك بىر يەھۇدى خانىم مىسىردا جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى يەھۇدى ئۈچۈن ئارىغا چۈشۈپ جامال ئابدۇناسىردىن ئۇ ئىككىسىنى تىلىۋالغان . چۈنكى جامال ئابدۇناسىرنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى خانىم كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ۋە ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ باققان ئىدى . دەل شۇ سەۋەپتىن ئۇ بۇ خانىمنى ناھايىتى چوڭ كۆرۈپ ، ئۇنى ئۆزىگە تولىمۇ يېقىن تۇتاتتى . . . بىراق بىر جامال ئابدۇناسىرنىڭ يەھۇدىلار بىلەن

بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەمدە 1949- يىلدىكى فالۇجا مۇھاسىرىسى جەريانىدا جامال ئابدۇناسىر بىلەن ئىيجال ئالۇن ئوتتۇرىسىدا فالۇجادىكى ئۇچرىشىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل «ھوقوقپەرەسلىك، ياۋۇزلۇق ۋە ئىسلامنى ئەشەددى ئۆچ كۆرۈشتەك»، «ئالاھىدىلىكلەر»نى يەھۇدىلارنىڭ قاچان بايقىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە بىلمەيمىز.

⑲ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» قانلىق باستۇرۇلغان بۇ ۋەھشى ھەرىكەت دەسلەپكى چاغلاردا ئاشۇنداق «ئۇلۇغ ھەرىكەت» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. ھەرىكەتنىڭ قورچاق رەئىسى مۇھەممەد نەجىب سۆرەتلىك ژورنالدا (ھەرىكەتتىن كېيىن نەشر قىلىنغان تۇنجى ساندا) ھەرىكەتنىڭ خەۋىرىنى بىلدىغان تۇنجى ئادەمنىڭ مىسىردىكى ئامېرىكا كونسۇلى بولۇپ، ھەرىكەتتىن ئالتە ئاي ئىلگىرىلا ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. قورچاق رەئىسنىڭ بىلدىغانلىرى پەقەت شۇنچىلىك ئەمما ھەقىقى ئەھۋالنى ئۇنىڭ ھەقىقى رەئىسى جامال ئابدۇناسىر بىلىدۇ.

⑳ 1954- يىلى 26- ئۆكتەبىر كەچ سائەت سەككىزدە مىسىر رادىئو ئىستانسىسى جامال ئابدۇناسىر ئىسكەندەرىيىدىكى ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىدا سۆز قىلىۋاتقان چاغدا، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئەزاسى «مۇھەممد ئابدۇلەتىف»نىڭ «زۇڭتۇڭ»غا قارىتىپ تاپانچىسىدىن ئوق ئېتىپ، ئۇنى جېنىدىن ئايرىغىلى تاس قالغانلىقىنى ئاڭلاتتى... ئاشۇ خەۋەر ئاڭلىتىلغان كۈندىن باشلاپ

جامال ئابدۇناسىر «قەست قىلىش ۋەقەسى»نى باھانە قىلىپ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئەزالىرىنى قاماققا ئالدى ۋە ئۇلارنى شىددەتلىك باستۇردى. سەئىد قۇتۇب 1954- يىلى 26- ئۆكتەبىردە قاماققا ئېلىنغاندىن كېيىن، تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا بۇ ۋەقەنى ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق «قېرىنداشلار»دىن ھېچكىمنىڭ جامال ئابدۇناسىرغا قەست قىلماقچى بولغانلىقى ئېنىقلاندى. 1955- يىلى ئاپرېلدا سوراقچى جامال رەبئى سەئىد قۇتۇبنى سوراق قىلىپ بۇ ۋەقەنى پىلانلىغۇچىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىش توغرۇلۇق ئۇنى قىستاپ كەتتى... سەئىد قۇتۇب غەزەپ بىلەن «تۈرمىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى قېرىنداشلارنى قانلىق باستۇرۇش سۇيىقەستىنى كىم پىلانلىغان بولسا، ئاشۇ ۋەقەنىمۇ شۇ پىلانلىغان»دەپ جاۋاپ بەردى... ئاپتۇر ئاشۇ «ۋەقە»نى «ئىسكەندەرىيە كومېدىيىسى» دەپ ئاتايدۇ. («تۇغۇلغاندىن شەھىدلىككىچە»ناملىق كىتاپ 355-بەت ئابدۇل پەتتاھ خالىدىن)

⑫ مەن ئوقۇرمەنگە مۇنداق بىر مىسالنى سۆزلەپ بېرەي بەلكىم بۇ مىسال ھەربىي تۈرمىدىكى خىلمۇ-خىل ئازاپلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىشى مۇمكىن. 1954- يولى نويابىردا يەنى ھادىسە باشلىنىپ بىر ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن مەن قاماققا ئېلىندىم شەھىد يۈسۈپ تەلئەت مەندىن 48 سائەت ئىلگىرى قامالغان ئىدى. ئۇلار ئۈچ ھەپتىدىن كۆپرەك ئاقتۇرۇپ، ئۇنىڭ تۇرار جايىنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ قاماققا

ئالغان ئىدى . ھەربىي تۈرمىدە ھەربىر مەھبۇسلار توپىنى «كۆتىۋېلىش» ئادىتى بار ئىدى . بىز زاڭلىق قىلىپ «كۆتىۋېلىش مۇراسىمى»دەپ ئاتايتتۇق . تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىدىن مەھبۇسلارنىڭ ئىسملىرىنى تىزىملايدىغان ئىشخانىغا بارغۇچە بولغان يولدا بىر توپ گۇندىپايلار قاتار تىزىلىپ تۇراتتى . ھەربىر مەھبۇس ھەربىر گۇندىپايلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنى كۆتىۋېلىش ئۇچۇن يا قامچا بىلەن ئۇراتتى ، ياكالتەك بىلەن سالاتتى . يا يۈزىگە قاتتىق بىر كاچات ئۇراتتى . ياكۆكرىكىگە بىر مۇشت ئۇراتتى . ياكى بەدىنىنىڭ قايسى بىر ئەزاسىغا بولمىسۇن ئاۋايلىماي ئاياقنىڭ تۆمۈر پاشنىسى بىلەن تېپەتتى . . . بۇ دۆلەت مۇسۇلمانلارغا قاراتقان ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرۇش پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تۈرمىگە يېڭىدىن كىرگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىدە قورقۇنچ پەيدا قىلىش ئۇچۇن مەقسەتلىك قىلىنىۋاتقان بىر ئىش ئىدى . مېنىڭ «كۆتىۋېلىش مۇراسىمى»دىن ئېرىشكەن «نەسىۋەم»ئاشۇ ۋاقىتتا تۈرمىگە مەن بىەن بىللە كىرگەن ھەربىرەيلەننىڭ نەسىۋىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى . بىراق مەن تۈرمىنىڭ ئىچكى دەرۋازىسىدىن سوراقچىلار ئىشخانىسىغا ئېلىپ مېڭىلغان شەھىد يۇسۇپ تەلئەتنى كۆرۈپ ، ئۆزۈمنى يوتۇنلەي ئۇنۇتتۇم . گۇندىپايلارنىڭ ماڭا قانداق قىلغانلىقىنى كېيىنچە قېرىنداشلار ماڭا ئەسلەتتى .

يۇسۇپ جىسمى كۈچلۈك ، قىياپىتى سۈرلۈك ، بەدەن قۇرۇلمىسى چىڭ ئادەم بولۇپ ، ئەقىدىسىنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە

ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشتىكى باتۇرلۇقى بىلەن قوشۇپ، بەدىنىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ھەممىگە تونۇلغان ئىدى. بىراق بىز باياتتىن ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئۇ دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، 48 سائەت ئۆتكەندىن كېيىنكى مەنزىرە مېنى ھەقىقەتەن چۆچىتىۋەتتى! . . . قان ۋە قىپقىزىل يۆت ئېقىپ چىقىۋاتقان يارا ئىككى پۇتىنىڭ ئۇستىدىن ئىككى قەدەمنىڭ ئاستىغىچە سوزۇلغان شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇزۇن ئىككى بىلىكى پۇتۇنلەي قان بىلەن بويالغان ئىدى. ئىككى گۈندىپاي ئۇنىڭ بىلىك بىللە بولۇپ، بىرسى ئالدىدىن سۆرىسە، يەنە بىرسى ئارقىدىن ئىتتىرەتتى. قان ئېقىپ تۇرىۋاتقان ئىككى پاچاقتا ھەر قەدەمدە قامچىلار يېغىپ تۇراتتى. بىرسى ئالدىدىن يەنە بىرسى كەينىدىن قامچا ئۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھەرقېتىمدا ئۇنىڭ مېڭىشى بەش سانتىمېتىردىن ئاشمايتتى. ئەگەر ئۇ بىر سانتىمېتىر بولسىمۇ ئارتۇقراق مېڭىشقا قادىر بولالىغان بولسا، تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئىشخانىغا بارغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇ ئۇزاق مۇساپا، ئۇ يۇزلىگەن قامچىلاردىن ئۆزىنى ساقلاپ قالغان بولاتتى. چۈنكى قامچا ئۇنىڭ ئازاپلىرىغا يېڭى ئازاپلارنى قوشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «كۈتىۋېلىش مۇراسىمى»دا شەخسەن مەن يولۇققان ئىشلارنى پۇتۇنلەي ئەستىن چىقىرىپ قويدۇم. مەن تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن بۇ جايدا يۈز بېرىدىغان خىلمۇ-خىل ئازاپلار ھەققىدە بەك كۆپ ئاڭلاپ كەتكەن ئىدىم. . . بىراق مەن ئاڭلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئازاپنىڭ ھەقىقى سۈرىتى بولۇپ، مېنىڭ

بېشىمغا كەلمەي تۇرۇپلا ، مەن ئۇنى ئاشۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ! . . .

[22] 1965- يىلى ئىككىنچى قېتىملىق قاماقتا ھەربىي تۈرمىدە مىنى سوراق قىلىش جەريانىدا (بۇ ئىشلار سوراق خاتىرىسىگە يېزىلغان ) سوراقچى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا تۆۋەندىكىدەك سوراقلار بولۇپ ئۆتتى .

سوراقچى ، سەن بىر توپ جامائەتنىڭ ئالدىدىلا ئىسكەندىرىيە ھادىسىسى كومېدىيە ئىدى دىدىڭ .

مەن : ياق ! مەن ئۇنداق دىمىدىم .

سوراقچى : ئەمىسە نىمە دىدىڭ ؟

مەن : ئىسكەندىرىيە ھادىسىسى مەيلى راست بولسۇن ياكى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولسۇن ، ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداشلار ئۇچۇن ئالدىدىن تەييارلانغان ئىدى . دىدىم .

سوراقچى : (بۇنى ئىنكار قىلىپ ) ئۇنىڭغا قارىتا قانداق پاكىتىڭ بار ؟

مەن : مېنىڭ ھەسەن سەييىد ئىسىملىك بىر دوستۇم بار ئىدى . ئۇ ھەربىي تۈرمىنىڭ باشلىقى ئەھمەد ئەنۋەر بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ساقچى باشلىقى ئىدى . جامال ئابدۇناسىر ئۇنىڭغا بەك ئىشىنەتتى . بىز 1952- يىللاردا تونۇشۇپ ، ئارىمىزدا كۈچلۈك دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ئىدۇق . 1954- يىلى ئىيۇل ئاخشاملىرىنىڭ بىرىدە مەن ئۇنى يوقلاپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا



www.uyghurkitap.com

باردىم . (ئۇ ئادۋوكات بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى ) ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى گۇندىپاي بار ئىكەن . ھەسەن سەييىد ئۇلارنىڭ ئىشىنى تېزلا پۈتتۈرۈپ ئۇلارنى يولغا سالغاندىن كېيىن ، «بۇ ياققا كەل ، مەن سىنى مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن ئىزدىمەكچى ئىدىم» دېدى . ئۇ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقىغاندىن كېيىن (سىرتتىن ئاچقىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە ) مەن سىنى تولىمۇ مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن ئىزدىمەكچى ئىدىم . . . بىز قايسى خىل شەكىلدە بولمىسۇن قېرىنداشلار بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى توختىتىشىمىز كېرەك دېدى

توقۇنۇش ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىپ بولغان تۇرسا ، ئۇ قانداق توختايدۇ ؟ دېدىم مەن .

-قېرىنداشلار شەرتنامىنى ئەتىدىلا توختاتسۇن ! (شۇ يىلى ھۆكۈمەت بىلەن ئەنگىلىيە ئوتتۇرىسىدا شەرتنامە تۈزۈلگەن بولۇپ ، قېرىنداشلار ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئېتىراز بىلدۈرگەن ئىدى . )

-قېرىنداشلار ئەمەلىيەتتە بۇ ھەقتىكى قارىشىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ بولغان تۇرسا ئەمدى قانداق قىلىدۇ ؟

- ئۇلار سىياسەتتىن چېكىنىپ چىقىپ ، ئۆزلىرىنى دىنى جامائەت دەپ ئېلان قىلسۇن !

- ئۇلار ئۆزلىرى قوغداش ئۈچۈن شۇنداق قىلامدۇ ؟ ئۇنداقتا ئۇلار ئۆزلىرى قۇرۇپ چىققان ھۇلنى ئۆزلىرىنى قومۇرۇپ

تاشلامدۇ؟ ئۇلار كەڭ دائىرىلىك ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ چىققان سىياسەت ئىسلامنىڭ بىر قىسمى ھېساپلىنىدۇ، ئەگەر ئۇلار بۈگۈن سىياسەتتىن چېكىنسە، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ مەركەزلىك پرىنسىپلىرىدىن نېمە قالىدۇ؟

- بۇ پەقەت ۋاقىتلىق ئەھۋال كىرزىس ئۆتۈپ كەتكىچە سەن ئۇلارغا قانداق ھادىسىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۇقمايسەن دېدى ھەسەن سەييد.

- ئۇلارغا نېمە ئىش يۈز بەرەر؟ دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشىنى تەلەپ قىلىپ ئۇ جاۋاپ بېرىشتىن كۆپ ئىككىلەندى. ئېيتقىنا ئۇلارغا زادى نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ دېدىم مەن سوئالىمنى تەكرارلاپ،

- مەن ئۇلارنىڭ قېتىدا ياشاۋاتقان ئادەم، نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىمەن يەنى ئۇلار رەھبەر ھەسەنول بەننانى ۋە جامائەت ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگە شەخسلەرنى بۇ دۇنيا دىن يوق قىلىۋەتكەن ھەمدە ئىبراھىم ئابدۇلھادىنىڭ يولىدا مېڭىلغان ياشلارنى تۇتۇپ قىينىغان ئەھۋال قايتا تەكرارلىنىدۇ... ئەنە شۇ چاغدا دەۋەت يوقالغان بولىدۇ! دېدى ھەسەن سەييد

- بۇنىڭلىق بىلەن دەۋەت يوقالمايدۇ. دېدىم مەن

- سەن ئازاپ دەۋەتنى پاكلايدۇ دېمەكچى بولىۋاتىسەن-دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. مەن بۇ گەپنى سەندىن كۆپ ئاڭلاپ كەتتىم. بىراق دەۋەت ھەرىكىتى يېڭىدىن قايتا

قۇرۇلغىچە يەنە يۈز يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ !

شۇنداقتىمۇ مەن نىمە ئىش قىلالايمەن ؟ !

سەن ئاكاڭ سەييىد قۇتۇب بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ئېيتقىن ، ئۇ قايسى خىل شەكىلدە بولمىسۇن ھۆكۈمەت بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان توقۇنۇشنى توختاتسۇن !

- بولىدۇ ، مەن شۇنداق قىلاي دەپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقتىم . بىراق مەن ئاكام بىلەن ئۇچراشمايلا تۇتقۇن قىلىنىش باشلىنىپ كەتتى .

مەن بۇلارنى سوراقچىغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم ئۇ قاتتىق گاڭگىراپ كەتكەنلىكتىن ئۇنى يوشۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . ئۇ دىگىلى گەپ تاپالماي يېرىم مىنۇتتەك تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، كىكەچلەپ مۇنداق دىدى .

سوراقچى :ھادىسە ئىيۇلدا يۈز بەردى ئەمەسمۇ ؟

مەن : ياق ! 26-ئۆكتەبىردە يۈز بەردى .

سوراقچى : شۇنداق ! قېرىنداشلار ئاشۇ چاغدا ئاللىقاچان جىنايەت ئۆتكۈزۈپ بولغان .

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن سوراقچى مېنى چاقىرتىپ «بىز ھەسەن سەييىدنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن سورىدۇق . سەن سوراقتا سۆزلىگەن ئەھۋاللارنى ئۇ ئىقرار قىلدى . »دىدى .

(32) ئاشۇ چاغدا ئەرەپ ئەللىرى ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلمايتتى ھەممە ئۇلارنى «يالغان ئىسرائىلىيە» دەپ ئاتايتتى ، چۈنكى بۇ جايدا

www.uyghurkitap.com

ئېنىق چىگرا بەلگىلەنمىگەن ئىدى.

(42) «secular» دىگەن سۆز ئادەتتە «ئەلمانى» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ بىر خاتا تەرجىمە، ئۇنىڭ توغرا تەرجىمىسى «لادىنى» (دىنسىزلىق ئېقىمى) بولىشى كېرەك! («هازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار» ناملىق كىتابنىڭ «ئەلمانىيلار» دىگەن بۆلۈمىگە قاراڭ!) چۈنكى كىشىلەر ئىسلامدا پۈتكۈل رىئاللىقى ۋە ھېس-تۇيغۇسى بىلەن دىنىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا دىنىنىڭ سىرتىدا بولىدۇ. ئەمما بىر قىسىم ھەرىكەت ۋە بىر قىسىم تۇيغۇلار دىنىنىڭ سىرتىدا بولىدىغان شۇنداق تۈرۈپ ئۇلار ئۇخشاشلا مۇسۇلمان ھېساپلىنىدىغان «ئەلمانىيلىق» پەلسەپىسى ئىسلامدا مەۋجۇت ئەمەس. بەلكى بۇ ئازغۇن چىركاۋدىكى ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ ياقىلغۇچىلىرى «پادشاھغا پادشاھنىڭ ھەققىنى اللەغا اللەنىڭ ھەققىنى بەرگىن» دىيىشىدۇ. بىراق اللە مۇنداق دەيدۇ. «ئى مۆئمىنلەر ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەمكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تاشلىۋەتمەڭلار، شەيتانىنىڭ يوللىرىغا ۋە (ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر.» (2:208)

(52) رەفائەت راپىئتە ھاۋى (1801-1879) ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد (11) نىڭ دەۋرىدە فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىگە ئەۋەتىلىپ 1826-يىلدىن 1831- يىلغىچە بەش يىل

تۈرغاندىن كېيىن پارىژدىن جەمئىيەتنى ئەلمانىيلىق ۋە ئەقلىچىلىك ئاساسىدا ئىنتېزاملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدىيىلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ئۇنىڭ بىلە بىرلىكتە ياۋرۇپاغا ئەۋەتىلگەنلەر ياۋرۇپادىن قايتقاندىن كېيىن ، يەنى 1930- يىلدىن باشلاپ دىنغا قارشى قوزغالغان ۋە 18-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ياۋرۇپا ئىدىيىسىنى كەڭرى تارقىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان ۋولتېر ، روسسو ۋە مونتېسكيونىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان .

㉖جامالىددىن ئافغانى (1838-1897) كەچۈرمىشلىرى ئاجايىپ ئادەم بولۇپ ، ئۇنىڭ ھاياتىدا چۈشىنىكسىز ئىشلار ھەقىقەتەن كۆپ ، ئۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىنى چالا قويماي دىگۈدەك ئايلىنىپ چىققان . شۇنداقلا ماسونىيە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ، ھازىرقى زاماندىكى يۇشۇرۇن جەمئىيەت نىزامىنى دىنسىرغا ئېلىپ كىرگەن ئەنگىلىيىلىك بىلىنت ئەپەندى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان . رەشىدى رىزا ئافغانى ئۈستىدە توختالغاندا : جامالىددىن ئافغانى «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» (يارانقۇچى بىلەن يارتىلغۇچىنىڭ بىرلىكى) نەزىرىيىسىگە مايىل ئىدى . ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە تەرەققى قىلىش ھەققىدىكى سۆزلىرى دارۋىننىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاپ كىتەتتى دەيدۇ **(دىنلار ۋە ھازىرقى** زاماندىكى ئېقىملار )ناملىق كىتاب 147-بەت .

㉗ مۇھەممەد ئەبدۇ (1849 - 1905) ئافغانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شاگىرتلىرىدىن بىرى . شۇنداقلا «بىرلىك ھالقىسى»

ژۇرنىلىنى چىقىرىشتىكى ھەمكارچىسى. ئۇ لورد كىروۋېر ۋە بىلىنت ئەپەندى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان. مۇھەممەت ئەبدۇنىڭ مەكتىپى - رەشىد رىزامۇشۇنىڭ ئىچىدە - ئىسلام قانۇنچىلىقىغا قايتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرغان. ئۇلار ئىسلام بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۇچۇن قۇرئان ۋە ھەدىستىن ھالقىپ كەتكەن شەرىئەتكە خىلاپ پەتىۋالارنى چىقارغان. شۇنداقلا ئۇ (مۇھەممەد ئەبدۇ) ھازىرقى زامان ئىلىم-پېنىنى ئەزھەرگە كىرگۈزۇپ، ئۇنى تەرەققىي تاپقۇزۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشقا چاقىرغان. («دىنلار ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئېقىملار» ناملىق كىتاب 147-بەت)

㉘ بۇ ئۇچىنچى پىلان ياكى جامال ئابدۇناسىرنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان «خىزمەت ھۆججىتى» بولۇپ، جامال ئابدۇناسىر ئۇنى ئىجرا قىلىش ئۇچۇن پۇتۇن كۈچىنى چىقاردى.

. . . ئاتا تۈركنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىسلامنى يوقىتىش ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايدىڭ! گېزىت گەپنىڭ مېغىزلىق يېرىنى كۆرسەتتى. بىرىنچى ئاتا تۈرك- مۇستاپا كامال - نىڭ ۋەزىپىسى ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسى ۋە ئەسكىرى كۈچىنىڭ مەركىزى بولغان ئىستانبولدىكى ئىسلامنى يوقىتىش بولسا؛ ئىككىنچى ئاتا تۈرك - جامال ئابدۇناسىر - نىڭ ۋەزىپىسى ئىسلام دۇنياسىنىڭ روھى ۋە مەدەنى نۇر مەركىزى بولغان قاھىرەدىكى ئىسلامنى يوقىتىش

بولدى. ئامېرىكىلىق يەھۇدى يازغۇچى «ۋالىت رۇستو» ئۆزىنىڭ «ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئىقتىسادى تەرەققىيات باسقۇچلىرى» ناملىق كىتابىدا كۆرسەتكەندەك، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشتا قوللىنىلغان ئۇسۇل ئولۇغ-تەتۇر قىلىۋېتىلدى. ھەمدە كىشىلەرنى كوممۇنىزمغا مەجبۇرلاپ، سوتسىيالىزمنى ئەمەلـــيلەشتۇرۇش ھادىسىسى كېلىپ چىقتى. جامال ئابدۇناسىر ئىسرائىلىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈش تەييارلىقىنى ئىشلەش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىۋاتقاندا ئىجرا قىلىش مەقسىتـــگە يېتەلمەيلا جەھەننەمگە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنـــى ۋايـــغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن «كاتتىباش» ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنى (جامال ئابدۇناسىر ئۆلگەندىن كېيىن سادات تەختكە چـــقتـــى ھەمدە ئەرەپ-ئىسلام ئەللىرى ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ ئىسرائىلىيىنـــى زىيارەت قىلىپ، 1979-يىلى ئىسرائىلىيە بىلەن كېلىشىم تۈزدى)

㉙ قانخورنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە چاپان يېپىپ، ئۇنـــڭغا ئادەتتىن تاشقىرى قەھرىمانلىق نىقاۋىنى كـــيدۈرۈشتە يەھۇدىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرىنـــڭ ھەممىسى بىردەك ھەمكارلاشتى.

㉚ سۈرىيىدە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» جامائىتىنىڭ 30 مىڭ ئەزاسى ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، سۈرىيە ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ 70 - يىللاردىكى رەئىسى ھاپىز ئەسەد تەرىپىدىن قانلىـــق باستۇرۇلغان. ئاپتور بۇ ۋەقەنـــى «ھامات

پاجىئەسى» ياكى «هامات قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتايدۇ. ھەممە «بازا» قۇرۇشتىن ئىلگىرى ھۆكۈمەتلەر بىلەن ئاشكارا تىركىشىشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا «پاجىئە» بىلەن ئاياقلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ «ۋەقە»نى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلدۇ.

ھاپىز ئەسەدنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى:

ھاپىز ئەسەد سۈرىيە ئەرەپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى. ئۇ 1930 ـ يىلى لازىقى رايونىنىڭ قەرداھەت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1955 ـ يىلى ھىمىسىدىكى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1963 ـ يىلى ھاۋا ئارمىيىسى مەخپىي بازىسىنىڭ قوماندانى، 1964 ـ يىلى ئۇچقۇچىلار ئەترىتىنىڭ گېنېرالى بولغان. 1965 ـ يىلى ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلەر مەجلىسىگە قوشۇلغان. 1966 ـ يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى 1970 ـ يىلى مىنىستىرلار مەجلىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1971 ـ يىلى خەلق سايلىمىدا جۇمھۇرىيەتنىڭ رەئىسى بولغان.

㉛ بۇ ياشلار ئامېرىكا ھاياتىنى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرۈۋاتقان تۇرۇپمۇ ئاشۇ جايدىكى ئەڭ زور ھەقىقەتتىن بىخەۋەر قالغانلىقى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك! بۇ ھەقىقەت شۇكى، قايسى بىر ئىدىيە دېموكراتىك تۈزۈملەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خەلقئارالىق يەھۇدىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىت كېلىدىكەن. ئۇنداقتا ئۇلار بۇ خىل ئىدىيەنىڭ ئەمەلىي رېئاللىققا ئايلىنىشىغا ھەرگىزمۇ پۇرسەت

بەرمەيدۇ.

㉜ بۈگۈن كۆرەشكە قاتنىشىش پۈتكۈل ئافغانىستانلىقلارغا ۋە ھەرقايسى ئىسلام جامائەتلىرىگە پەرىز. ئۇزاققا قالماي، پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتىگە پەرىز بولىدۇ. («كەلگۈسىگە نەزەر» دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ!)

㉝ بىر كۈنى ئەتىگەندە «ھەربىي تۈرمە» دە تۈرمە باشلىقى ۋە تۈرمىنىڭ ئەڭ چوڭ جاللىتى ھەمزە بىسيۇنى بىزنىڭ قېشىمىزغا كىردى. (كېيىنكى چاغلاردا اللە ئۇنى جازالاپ قاتناش ۋەقەسىدە جېنىنى ئالدى ھەمدە ئۇنىڭ تاپىسى (جەسىدى) پارچىلىنىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى). بىز شۇ چاغدا ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دە باشلىنىپ، كەچ سائەت 4:30 دە ئاخىرلىشىدىغان جازالاش «لاگىرى» دا ئىدۇق. تېز قەدەم بىلەن مېڭىش ۋە يۈگرەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىچىك جاللات چوڭ جاللاتنىڭ ئالدىدا گويا ئۆزىنىڭ بۇيرۇق ئىجرا قىلىشتىكى «ئالاھىدىلىكى» نى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى. ھەمزەبىسيۇنى ئاتقا مىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىزگە: «ھەي ئىتنىڭ بالىلىرى! بىز سىلەرگە شۇنچە ئىشلارنى قىلساقمۇ، يەنە سىلەر ھايات تۇرۇۋاتامسىلەر؟ بىز سىلەرگە بۈنىڭدىن كۆپرەك يەنە نېمە قىلىمىز؟ بىرقانچە يىللاردىن بۇيان بىز سىلەرگە قولىمىزدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىسىنى قىلدۇق»... دېدى. يەنى پاكىت بولسۇن ياكى بولمىسۇن بۇ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىلان ئىدى.

㉞ جامال ئابدۇناسىرنىڭ دەۋرىدە مۇنداق بىر يۇمۇر پەيدا بولغان. بىر كۈنى ئابدۇناسىر قەلىمىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۇنى تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قەلەم ئوغرىسىنى دەرھال تۇتۇپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. مىنىستىر تاپشۇرۇلغان «ۋەزىپە»نى ئورۇنداش ئۈچۈن ئالدىراپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن ناسىر ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىغا ئىزدەشنى توختىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. چۈنكى يوقالغان قەلەم تېپىلغان ئىكەن. مىنىستىر جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: «. . . بىراق، ئەپەندىم بىز بەش ئادەمنى تۇتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەلەمنى ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى»!

㉟ 1970 ـ يىلى جامال ئابدۇناسىر ئۆلگەندىن كېيىن ئەنۋەر سادات تەختكە چىقتى. ساداتنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى ئۈچۈن تەھدىت بولۇۋاتقان ناسىرچىلار ئېقىمى بىلەن باشقا سولقانات پارتىيىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، سادات ۋاقىتىنچە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»غا كەڭ قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. جامال ئابدۇناسىر قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلغان بەزى پائالىيەتلەرنى قايتىدىن يولغا قويۇپ، «قېرىنداشلار»نىڭ ژۇرنال تەسىس قىلىشقا ئىجازەت بەردى. بۇ ئارقىلىق سادات بىر تەرەپتىن كۆپ خىل قارشىلىقنى ئازايتىپ، ئۆزىنىڭ تەختتىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەشنى؛ يەنە بىر تەرەپتىن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» نىڭ باستۇرۇلمىغان ۋە بايقالمىغان يوشۇرۇن كۈچىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارغا قايتىدىن زەربە بېرىشنى

مەقسەت قىلغان ئىدى.

دەرۋەقە سادات ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، بىراقلا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ئىسرائىلىيىنى زىيارەت قىلدى. ھەمدە ئىسرائىلىيە بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئورنىتىپ، جامال ئابدۇناسىر ئورۇنداشقا ئۈلگۈرەلمىگەن «تىنچلىق كېلىشىمى» ئورنىتىش ۋەزىپىسىنى بىراقلا ئورۇندىدى. . . بۇ «كونا مالاي» نىڭ رولى ئاخىرلىشىپ، «يېڭى مالاي» نى تەختكە چىقىرىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى قارار قىلغان تاجاۋۇزچىلار (يەھۇدى - خرىستىئانلار) ساداتنى خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن سادات 1981 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» نىڭ قانۇنسىز تەشكىلات ئىكەنلىكىنى قايتىدىن ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ «سادا» ژۇرنىلىنى پېچەتلىدى ۋە ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ ئەزاسىنى ۋە ئىسلام كۈچلىرىنى قايتىدىن قاماققا ئالدى ۋە قانلىق باستۇردى. ئاشۇ قېتىمقى قانلىق باستۇرۇشتا شەھىد بولغانلارنىڭ ئىچىدە ئەمىنە قۇتۇب، (سەئىد قۇتۇبنىڭ سىڭلىسى) نىڭ ئېرى كامال سەنانىيىرىمۇ بار ئىدى. 1981 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سادات ھەربىي پاراتنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا ئىسلام كۈچلىرى تەرىپىدىن جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويۇلدى. ساداتنى ئۆلتۈرگۈچىلەر سوراقتا خاتىرجەم ھالدا «بىز پىرئەۋننى يوقاتتۇق» دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. . . بۇ «كونا مالاي» ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «يېڭى مالاي» - ھازىرقى مۇبارەك زۇڭتۇڭ

www.uyghurkitap.com

تەختكە چىقتى.

㊱ نىمەيلى سۇداننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى بولۇپ، ئۇ 1930 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇمدۇرمان ھەربىي ئىنىستىتوتىنى پۈتتۈرۈپ، كېيىن ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتىغا قاتناشقان ھەمدە بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى بولغان. كۆپ قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتنىشىپ كۆپ قېتىم قولغا ئېلىنغان. 1969 - يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە غەلىبە قىلىپ، ئىنقىلاپقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ رەئىسى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋە قوراللىق قىسىملارنىڭ باش قوماندانى بولغان. 1971 - يىلى سۇداننىڭ زۇڭتۇڭى بولۇپ، 1985 - يىلدىكى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئاغدۇرۇۋېتىلگەن. ئۇ سۈرىيە ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ھاپىز ئەسەد بىلەن تەڭتۇش ۋە زاماندىش. مىسىر زۇڭتۇڭى جامال ئابدۇناسىرنىڭ يولىغا ئەگەشكەن مىللەتچى.

بىزنىڭ نىمەيلى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ھازىرچە مۇشۇنچىلىك. ئاپتور بۇ ئورۇندا نىمەيلى بىلەن ساداتنى بىللە تىلغا ئالغاندا نېمىنى كۆزدە تۇتقان؟ ئاپتور تەكىتلەۋاتقان سۇدان تەجرىبىسى نىمەيلى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ - يوق؟ بۇ مەسىلىلەر ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. شۇڭا بۇ مەسىلىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىزدىنىشىگە ھاۋالە قىلىمىز.

㊲ ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالغان ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك

مەسىلىلەرنىڭ بىرى مۇسۇلمان بولمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىدۇر. يەر شارىدا ئاز سانلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار كۆپ سانلىق ئاھالىلەرنى ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن چەكلەشنى ئويلاپ باقمىدى. ئۇنداقتا ئاللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىش مۇشۇ دىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى تۇرۇپ، مۇسۇلمان بولمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى چەكلەشكە نېمە ھەققى بار؟! قايسى بىر سىياسى ياكى تارىخى ياكى پەلسەپىۋى «قائىدە» دە بۇنداق گەپ بار ئىكەن؟!...

㊳ سىكىس - پىكوت كېلىشىمى:

مىلادى 1281 - يىلى ئوسمان تۈرك باشچىلىقىدا قۇرۇلغان سۇلتانلىق تۈزۈمىدىكى ئوسمان خەلىپىلىكى تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ھالدا سىرتقا كېڭىيىپ، ھازىرقى ۋېنگىرىيە، گىرۇزىيە، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، ئالبانىيە، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى تاقىم ئاراللار، ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، پولشانىڭ بىر قىسمى، بېلىرۇسىيە، ئوكرائىنا، كوسوۋۇ، ئاۋستىرىيىنىڭ بىر قىسمى، سىپرۇس، سىربىيە، قاراتاغ، مولداۋىيە، قىرىم، ئىراننىڭ بىر قىسمى، سۇرىيە، ئىئوردانىيە، پەلەستىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى، يەمەن، ئومان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، بەھرەيىن، قاتار، كۇۋەيت، ئىراق، مىسىر، تۇنىس، ئالجىرىيە، لىۋىيە، ماراكەش، سۇدان قاتارلىق

دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە كېڭەيگەن زور ئىمپېرىيىگە ئايلانغان.

خەلىپىلىكنىڭ تەڭداشسىز كۈچى ئالدىدا بەش ئەسىردىن بۇيان باش كۆتۈرەلمىگەن ۋە مۇسۇلمانلارغا كۆز ئالايتىشقا پېتىنالمىغان غەرب مۇستەملىكچىلىرى خەلىپىلىكنى يوقىتىش ۋە ئىسلام زېمىنلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى پارچىلاپ، مۇستەملىكچىلىك غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەرەب ئەللىرىدە مىللەتچىلىك ئوتىنى ئۇلغايتىۋەتتى. ھەمدە ئەرەپلەرنى تۈركلەرگە قارشى مىللەتچىلىك ئىنقىلاۋى قىلىپ، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن چىكىنىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئەرەب دۆلىتى بولۇپ ياشاشقا ئۈندىدى. ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە باشچىلىقىدىكى خرىستىئان مۇستەملىكچىلىرى تۈركلەردىن چىققان خائىن مۇستاپا كامالنى خەلىپىلىككە قارشى مىللەتنى تۈركلەشتۈرۈش ئىنقىلاۋى قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيىلىدى ھەمدە بىر تەرەپتىن ئەرەپلەرنىڭ خەلىپىلىككە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىدا ئەرەپلەرنى قوللاپ ئۇلارغا ياردەم بەرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن مۇستاپا كامالنىڭ «بىرلىك ۋە تەرەققىيات» پارتىيىسىگە ياردەم بېرىپ ئۇنىڭ قانلىق قولى ئارقىلىق خەلىپىلىكنى يوقاتماقچى بولدى.

دەرۋەقە 1914 - يىلى 1- دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇرۇش غەرب مۇستەملىكچىلىرىنىڭ خەلىپىلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن قوزغىغان ئۇرۇشى ئىدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى



www.uyghurkitap.com

مەزگىلىدە ئەرەب مىللەتچىلىرى ئەنگلىيە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئۈمىد باغلىدى. ئەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىنگلىزلارمۇ ئەرەپلەرنىڭ ئاشۇ چاغدىكى داھىسى مەككە شەرىف ھۆسەيىن ئەلى (1856 ـ 1931) گە ئوسمان خەلىپىلىكىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، «مۇستەقىل» بىرلىككە كەلگەن «ئەرەب دۆلىتى» قۇرۇش ۋە ئۇنى پادىشاھ قىلىش توغرىسىدا ۋەدە بەردى. شەرىف ھۆسەيىن ئەلى 1916 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خەلىپىلىككە قارشى تۇرىدىغان «ئەرەب ئىنقىلاۋى قوزغىلىڭى» نى كۆتۈردى. ئەرەبلەر پۈتۈنلەي ئىنگلىزلار تەرەپتە تۇردى. 1917 ـ يىلى ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئەرەب دۆلەتلىرىنى بۆلۈشۈۋالىدىغان «سىكىس ـ پىكوت كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە: ئەنگلىيە مىسىر، سۇدان، ئىراق، ئىئوردانىيە، يەمەن ۋە فارس قولتۇقى رايونىنى؛ فرانسىيە، ئالجىرىيە، تۇنىس، ماراكەش، لىۋان ۋە سۇرىيىنى باشقۇرۇش بەلگىلەندى.

1918-يىلى 1-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. 1923 ـ يىلى مۇستاپا كامال تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئېلان قىلىپ، ئوسمان خەلىپىلىكىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى 35 تىن ئارتۇق دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىسلام بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، دۇنيادا 642 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ خەلىپىلىك غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قۇترىتىشى ۋە ئەمەلىي ياردىمى؛ ئەرەپلەرنىڭ سىرتقى تاجاۋۇززى ۋە ساتقىن مۇستاپا كامالىنىڭ ئىچكى ئاغدۇرمىچىلىقى بىلەن يەر يۈزىدىن غايىپ

بولدى.

مۇستاپا كامال كىچىك تۈركىيەنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ، باشقا دۆلەتلەرنى يەھۇدى-خىرىستىئانلارغا تاشلاپ بەردى. ئەرەبلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇش شېرىن خىيالى ئەمەلگە ئاشماقتا يوق، ئەكسىچە غەربىي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئېغىزىدىكى لوق گۆشكە ۋە سىڭىشلىق لوقمىغا ئايلىنىپ قالدى. ھىمايە قىلغۇچى خەلىپىلىكتىن ئايرىلغان بۇ خەلق غەربىينىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىپ ھەر تەرەپكە قۇمدەك چېچىلىپ كەتتى.

㊴ ھەممىگە مەلۇمكى يەھۇدىلار ئۆلارنىڭ (مالايلارنىڭ) خىزمەت قىلىش ھىسسىياتىغا قىزىقمايدۇ. چۈنكى ئۆلار قانچىلىك خىزمەت قىلسۇن بەرىبىر مالايىنىڭ قىزىقىدىغىنى ھامان ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتى بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىزكى، ئۆلار بىر قانچە قېتىم ئامېرىكا قوشما شتاتىنىڭ رەئىسىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ تەسەۋۋۇردىن ھالقىغىدەك دەرىجىدە ئۆلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئىدى.

㊵ ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئىچىدە ياشايدىغان ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىغان دوسلاشقان، ئۇيۇشقان بىر جامائەت بولمىسا، ئىسلام خىزمىتى نەتىجىلىك بولمايدۇ. بىراق بىز ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان رىئاللىقنى خاتىرلەۋاتىمىز.